بسم الله الرّحمن الرّحیم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٦

من سورة الكهف إلى سورة النور

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەيىن، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

6

كەھف سۈرىسىدىن نۇر سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئىشلەنگەن.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



ئالتىنچى توم | المجلد السادس

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م/1446هـ

ISBN:978–625–00–1246–8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بېشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.

# مۇندەرىجە

كەھف سۈرىسى ........ 009

15

«قۇرئان كەرىم» ھىدايەت مەنبەسىدۇر ........ 010
ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى ........ 014
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھى تەلىمات ........ 029
دۇنيا ھاياتىغا مەغرۇرلانغۇچىلارنىڭ مىسالى ........ 033
بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالى ........ 041
قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ........ 043
ئىلاھىي تەلىمات ........ 045
بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ........ 050

16-پارە

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر بىلەن بولغان قىسسىسى ........ 054
ئىككى زىيانىنىڭ يېنىكرەكىنى تارتىشنىڭ جائىزلىقى ........ 062
زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى ........ 065
كۇفرىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى ........ 072
ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ ئاقىۋىتى ........ 075
ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ بايانى ........ 077
مەريەم سۈرىسى ........ 080

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 080
يەھيا ئەلەيھىسسالام ........ 085
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇش قىسسىسى ........ 087

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھەق سۆز ........ 093
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بىلەن بولغان قىسسىسى ........ 098
بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى ........ 105
پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسىرى ........ 110
ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ........ 112
نازىل بولۇش سەۋەبى ........ 113
قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ........ 115
كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە ........ 120
ئۇلار ھەقىقىي مۇشرىكلاردۇر ........ 125
ئاللاھ تائالاغا بالا مەنسۇپ قىلىش تۆھمىتى ........ 129
سۈرىنىڭ تۈگەنچىسى ........ 131
تاھا سۈرىسى ........ 135
ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى ........ 136
مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا ........ 140
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھتىن تىلىگەنلىرى ........ 144
مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان بەزى سىرلىق ئىشلار ........ 148
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ........ 149
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلىشى ........ 153
مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى ........ 159
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىشى ۋە پىرئەۋننىڭ قوغلىشى ........ 167
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا چوقۇنۇشى ........ 170
«قۇرئان كەرىم» دىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى ........ 178
پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى ........ 184
ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەر ........ 190

## 17-پارە

ئەنبىيا سۈرىسى ........ 198

مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە 199
ئاگاھلاندۇرۇش 206
مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە مۇنازىرە 211
ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرى 217
مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا مەۋقەسى 221
ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغاننى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ 226
ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى 231
مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار 232
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىدىن بىر قىسسە 234
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 237
لۇت ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى 245
داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار 247
ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى 252
ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل ئەلەيھىسسالاملار 255
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام 257
ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە قىلغان ئىنئامى 261
پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق غايىسى 264
كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى 268
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت ئىكەنلىكى 275

## ھەج سۈرىسى 281

قىيامەتنىڭ دەھشىتى 281
تىرىلىش دەلىللىرى 285
ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى 291
ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلىدۇ 295
ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى 297
كاپىرلارنىڭ جازاسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى 300
كىشىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقان كاپىرلارنىڭ جازاسى 304
ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى 306
دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش ھەققىدە كۆرسەتمىلەر 312

ھەجدە قۇربانلىق قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى 318
ئاللاھ تائالا ياردەم قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان مۆئمىنلەر 321
ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش 330
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى 336
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا شەك يوق 338
ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرىمى ۋە ئومۇمىي رەھمىتى 345
ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىبادەتلىرى بولغان 352
كاپىرلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى 355
ئىسلام شەرىئىتىنىڭ خۇلاسىسى 361

## 18-پارە

مۆئمىنۇن سۈرىسى 366

ھەقىقىي مۆئمىنلەر كىملەر؟ 366
ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرى 373
ئاسمانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى روشەن دەلىللەر 377
يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش دەلىللىرى 378
ھايۋانلارنى يارىتىش دەلىللىرى 379
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن بىر ئىبرەت 381
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى 387
بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى 392
پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ 397
ياخشى ئىشقا ئالدىرايدىغان مۆئمىنلەر 402
كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى 406
مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىقى 412
ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى ياكى شېرىكى يوق 418
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي تەلىمات 420
قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى 423
نۇر سۈرىسى 433

بۇ سۈرىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئەسكەرتىش 433

زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى ..... 435
زىنا بىلەن ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭ جازاسى ..... 443
ئەرنىڭ ئايالىنى زىنا بىلەن قارىلىشى ..... 446
تۆھمەت قىسسىسى ..... 450
شەيتاننىڭ تەدرىجىي ئازدۇرۇشى ..... 460
قىسسىنىڭ تۈگەنچىسى ..... 467
رۇخسەت سوراشنىڭ ئەدەپلىرى ..... 471
ھىجاب ئايىتى ..... 475
ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى ..... 479
ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا
ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرى ..... 479
ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ..... 480
ئايالنىڭ دىنداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان
ئورگانلىرى ..... 480
مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى ..... 481
بويتاقلارنى ئۆيلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ..... 483
ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر ..... 489
ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار ..... 492
ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلار ..... 494
كائىناتنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقى ..... 497
ھەقىقەت ئويئوچۇق تۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرمەيدىغانلار بار ..... 500
ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى ..... 505
غەلىبە ۋە ئۇسۇنلۇكنىڭ شەرتلىرى ..... 508
ئۆي ئىچىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار ..... 512
ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلار ..... 516
جامائەتچىلىكنىڭ ئەدەپلىرى ..... 521
سۈرىنىڭ تۈگەنچىسى ..... 522

# كەھف سۈرىسى

كەھف سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 110 ئايەتلىك سۈرىدۇر. بەزى ئۆلىمالار بۇ سۈرىنىڭ كۆپ ئايەتلىرى مەككىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئاز قىسمى مەدىنىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. ئالدىنقىسى ئەللامە قۇرتۇبىينىڭ[1]، كېيىنكىسى ئەللامە بەيزاۋىينىڭ قارىشىدۇر[2].

بۇ سۈرىنىڭ 9-ئايىتىدىن 26-ئايىتىگىچە ئەسھابۇلكەھف (ئۆڭكۈردە پاناھلانغان ياشلار)نىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى «كەھف سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىرلارنىڭ بىسمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئەقىدىنى قوغداشنىڭ پرىنسىپلىرىنى بەزى مىساللارنى كەلتۈ-رۈش ئارقىلىق بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ دىللارغا بولغان چوڭقۇر تەسىرى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، بۇ سۈرىدە ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىسىنى بايان قىلىدۇ، بۇ بايانغا بەزى ۋەز-نەسىھەتلەرنى، ھېكمەتلىك بايانلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرىدۇ. ئاندىن دۇنيالىققا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ قالغانلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلاھىي تەلىماتلارنى، ئاگاھلاندۇ-رۇشلارنى كەلتۈرىدۇ. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىس-سالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ زۇلقەرنەيىن ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، سۈرىنى مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىلىرىنىڭ تۈگىمەيدى-غانلىقىنى ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەنمۇ بۇ كەلىمىلەرنىڭ كۈچىنى يوقاتمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن تاماملايدۇ.

---

[1] «تفسير القرطبي» 10-توم، 346-بەت.

[2] «تفسير البيضاوي» 3-توم، 272-بەت.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» ھىدايەت مەنبەسىدۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ عَلَىٰ عَبۡدِهِ ٱلۡكِتَٰبَ وَلَمۡ يَجۡعَل لَّهُۥ عِوَجَاۜ ١
قَيِّمٗا لِّيُنذِرَ بَأۡسٗا شَدِيدٗا مِّن لَّدُنۡهُ وَيُبَشِّرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلَّذِينَ
يَعۡمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمۡ أَجۡرًا حَسَنٗا ٢ مَّٰكِثِينَ فِيهِ أَبَدٗا ٣
وَيُنذِرَ ٱلَّذِينَ قَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗا ٤ مَّا لَهُم بِهِۦ مِنۡ عِلۡمٖ وَلَا
لِأٓبَآئِهِمۡۚ كَبُرَتۡ كَلِمَةٗ تَخۡرُجُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبٗا ٥
فَلَعَلَّكَ بَٰخِعٞ نَّفۡسَكَ عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِمۡ إِن لَّمۡ يُؤۡمِنُواْ بِهَٰذَا ٱلۡحَدِيثِ
أَسَفًا ٦ إِنَّا جَعَلۡنَا مَا عَلَى ٱلۡأَرۡضِ زِينَةٗ لَّهَا لِنَبۡلُوَهُمۡ أَيُّهُمۡ أَحۡسَنُ
عَمَلٗا ٧ وَإِنَّا لَجَٰعِلُونَ مَا عَلَيۡهَا صَعِيدٗا جُرُزًا ٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ4ـ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى، ئۇ (ئىنسانلارنى) ئۆز تەرىپىدىن كېلىدىغان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرگە (جەننەتتىن ئىبارەت) ئوبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش ۋە ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، بەندىسى (مۇھەممەد)گە ھەر-قانداق ئەيىبتىن خالىي، ئەڭ توغرا كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدى.

5ـ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ بوھتان توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ.

6ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزگە (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتمىسا، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن.

7ـ ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى

سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق.

8-يەنە بىز ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىپ، (يەر يۈزىنى) تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرىمىز.

### ◄ تەپسىرى

جىمى ھەمدۇسانا، بارلىق گۈزەل مەدھىيە ۋە ماختاشلار بىزگە ئاتا قىلىنغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى ۋە ئىنئاملىرىنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنى قانداق رەۋىشتە مەدھىيەلىشىمىز ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئۇلۇغلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن، بەندىلىرىگە ئۇلۇغ ئىسلام دىنىنى نازىل قىلىپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەرنى مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئۇبدان مۇكاپات بىلەن تارتۇقلايدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئىمان ئېيتمىغانلارنى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بالىسى بار دېگەنلەرنى، ئۇنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەنلەرنى دوزاخنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بەندىسى ۋە ھەق پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا لەۋزىدە، مەنىسىدە، بايانلىرىدا ۋە كۆرسەتمىلىرىدە ھېچقانداق ئەگرىلىك ياكى ئەيىب بولمىغان، تۇپتوغرا يولنىڭ يېتەكچىسى، مۇسھەفلەردە يېزىلغان، دىللاردا ساقلانغان ھالدا، ئەڭ ئىنچىكە يول بىلەن بىزلەرگىچە يېتىپ كەلگەن شانلىق «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر! ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىمەن ۋە ئۇنى ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيەلەيمەن ھەم ئۇلۇغلايمەن.

«قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆزى ساقلاپ كەلگەن يېگانە كىتابتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دەپ ۋەدە قىلغان: ﴿إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى چوقۇم بىز قوغدايمىز﴾[1]. «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق ئىختىلاپلاردىن ۋە زىتلىقلاردىن تامامەن خالىيدۇر. ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلۡقُرۡءَانَۚ وَلَوۡ كَانَ مِنۡ عِندِ غَيۡرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُواْ فِيهِ ٱخۡتِلَٰفٗا كَثِيرٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاھتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن

[1] ھىجر سۈرىسى 9-ئايەت.

نۇرغۇن زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى﴾[1]. چۈنكى، ئۇ ھەققانىيلىققا، ئادالەتكە ۋە راستچىللىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ھىدايەتكە ۋە ياخشىلىققا چاقىرىدىغان، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان، ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ نىشان ۋە غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋە ئۇ كىتابلاردىكى ھەقىقەتـلەرنى قوللايدىغان ئۇلۇغ كىتابتۇر!

«قۇرئان كەرىم» كاپىرلارنى، زالىملارنى، ئاسىي-گۇناھكارلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرىدا توغرا ۋە دۇرۇس ئىش قىلىدىغان مۆئمىنلەرگە مەڭگۈلۈك جەننەتتىن ئىبارەت ئۇبدان مۇكاپات بېرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇ جەننەتلەرنىڭ نېمەتلىرى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ﴿ئاگاھلاندۇرۇش﴾ دېگەن سۆز ﴿لِّيُنذِرَ﴾ ۋە ﴿وَيُنذِرَ﴾ دېگەن لەۋزلەر بىلەن ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇنداق قىلىش بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاۋۋالقىسى ئاللاھ تائالانى، «قۇرئان كەرىم»نى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا ۋە ھەق دىنغا قارشى چىققان بارلىق زالىملارغا قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش بولسا، كېيىنكىسى ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان يەھۇدىيلارغا، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بالىسى دەيدىغان خىرىستىيانلارغا، پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەيدىغان قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى ۋە قالاقلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەپ بىلجىرلايتتى. بۇ ئۇيپۇچۇق تۆھمەت ۋە يالغانچىلىق بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)!﴾ دەپ تەبىرلىگەن. چۈنكى، بۇ راستتىنلا چوڭ يالغانـچىلىق ۋە چوڭ بوھتان ئىدى.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزگە (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتمىسا، سەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېـتىدىغاندەك تۇرىسەن﴾ يەنى ئى پەيغەمبەر! سەن ئەرەبلەرنىڭ بۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمىگەنلىكىدىن ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن

[1] نىسا سۈرىسى: 82-ئايەت.

قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ ۋە بىئارام بولۇپ، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىسەن. تەپسىر كەششافتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ بۇ ئايەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەر ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان چاغدىكى ھالىنى خۇددى دوست - يارانلىرى تاشلاپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېتىپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا قاراپ ئۇلارنى سېغىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتقان ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشاتقان»[1].

﴿ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنى ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق﴾ يەنى ئاللاھ تائالا كىمنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ يامان ئىش قىلىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسان، تاغ، دەريا، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، قاتتىق جىسىملار قاتارلىق بارلىق مەۋجۇداتنى بۇ زېمىننىڭ زىننىتى قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ، ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى ۋە ئىنسانغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن قايسىسىنى قىلىش ئىختىيارىنى ھەم ئىمكانىيىتىنى بەردى. چۈنكى، بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئەمەلنىڭ ئورنىدۇر، ئاخىرەت بولسا مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئورنىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلىنغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىپ، زېمىننى ھاياتلىق يوق، ئۆسۈملۈكمۇ يوق، قاقاس بىر ۋادىغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، زېمىننى سۈسىزلىقتىن قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرۈپ ياپيېشىللىققا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئىنسانلارنىمۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن مەدھىيەگە ۋە ماختاشقا لايىق زاتتۇر. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى ۋە كاتتا ئاتا-ئېھسانلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە شۈكۈر قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان مەسىلىلەر شەك قوبۇل قىلماي-

[1] «تفسير الكشاف» 2-توم، 704-بەت.

ـدىغان دەرىجىدە چىن ھەقىقەتتۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ، ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەرنى مەنسۇپ قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

5. ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىنى زىننەتلەپ ئۇنىڭدا ئىنسانلارنى تۇرغۇزغانلىقىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى ئۇلارنى سىناش ۋە كىمنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر.

### ◄ ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى

﴿أَمْ حَسِبْتَ أَنَّ أَصْحَٰبَ ٱلْكَهْفِ وَٱلرَّقِيمِ كَانُوا۟ مِنْ ءَايَٰتِنَا عَجَبًا
٩ إِذْ أَوَى ٱلْفِتْيَةُ إِلَى ٱلْكَهْفِ فَقَالُوا۟ رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً
وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَدًا ١٠ فَضَرَبْنَا عَلَىٰٓ ءَاذَانِهِمْ فِى ٱلْكَهْفِ
سِنِينَ عَدَدًا ١١ ثُمَّ بَعَثْنَٰهُمْ لِنَعْلَمَ أَىُّ ٱلْحِزْبَيْنِ أَحْصَىٰ لِمَا لَبِثُوٓا۟
أَمَدًا ١٢ نَّحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُم بِٱلْحَقِّ ۚ إِنَّهُمْ فِتْيَةٌ ءَامَنُوا۟ بِرَبِّهِمْ
وَزِدْنَٰهُمْ هُدًى ١٣ وَرَبَطْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ إِذْ قَامُوا۟ فَقَالُوا۟ رَبُّنَا رَبُّ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَن نَّدْعُوَا۟ مِن دُونِهِۦٓ إِلَٰهًا ۖ لَّقَدْ قُلْنَآ إِذًا شَطَطًا
١٤ هَٰٓؤُلَآءِ قَوْمُنَا ٱتَّخَذُوا۟ مِن دُونِهِۦٓ ءَالِهَةً ۖ لَّوْلَا يَأْتُونَ عَلَيْهِم
بِسُلْطَٰنٍۭ بَيِّنٍ ۖ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا ١٥ وَإِذِ
ٱعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ فَأْوُۥٓا۟ إِلَى ٱلْكَهْفِ يَنشُرْ لَكُمْ
رَبُّكُم مِّن رَّحْمَتِهِۦ وَيُهَيِّئْ لَكُم مِّنْ أَمْرِكُم مِّرْفَقًا ١٦ ۞ وَتَرَى
ٱلشَّمْسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَٰوَرُ عَن كَهْفِهِمْ ذَاتَ ٱلْيَمِينِ وَإِذَا غَرَبَت
تَّقْرِضُهُمْ ذَاتَ ٱلشِّمَالِ وَهُمْ فِى فَجْوَةٍ مِّنْهُ ۚ ذَٰلِكَ مِنْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ ۗ
مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِ ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ وَلِيًّا مُّرْشِدًا ١٧

وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ وَنُقَلِّبُهُمْ ذَاتَ ٱلْيَمِينِ وَذَاتَ ٱلشِّمَالِ
وَكَلْبُهُم بَٰسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِٱلْوَصِيدِ لَوِ ٱطَّلَعْتَ عَلَيْهِمْ لَوَلَّيْتَ مِنْهُمْ
فِرَارًا وَلَمُلِئْتَ مِنْهُمْ رُعْبًا ﴿١٨﴾ وَكَذَٰلِكَ بَعَثْنَٰهُمْ لِيَتَسَآءَلُوا۟ بَيْنَهُمْ
قَالَ قَآئِلٌ مِّنْهُمْ كَمْ لَبِثْتُمْ قَالُوا۟ لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالُوا۟
رَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثْتُمْ فَٱبْعَثُوٓا۟ أَحَدَكُم بِوَرِقِكُمْ هَٰذِهِۦٓ إِلَى
ٱلْمَدِينَةِ فَلْيَنظُرْ أَيُّهَآ أَزْكَىٰ طَعَامًا فَلْيَأْتِكُم بِرِزْقٍ مِّنْهُ وَلْيَتَلَطَّفْ
وَلَا يُشْعِرَنَّ بِكُمْ أَحَدًا ﴿١٩﴾ إِنَّهُمْ إِن يَظْهَرُوا۟ عَلَيْكُمْ يَرْجُمُوكُمْ
أَوْ يُعِيدُوكُمْ فِى مِلَّتِهِمْ وَلَن تُفْلِحُوٓا۟ إِذًا أَبَدًا ﴿٢٠﴾ وَكَذَٰلِكَ أَعْثَرْنَا
عَلَيْهِمْ لِيَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ لَا رَيْبَ فِيهَآ إِذْ
يَتَنَٰزَعُونَ بَيْنَهُمْ أَمْرَهُمْ فَقَالُوا۟ ٱبْنُوا۟ عَلَيْهِم بُنْيَٰنًا رَّبُّهُمْ أَعْلَمُ
بِهِمْ قَالَ ٱلَّذِينَ غَلَبُوا۟ عَلَىٰٓ أَمْرِهِمْ لَنَتَّخِذَنَّ عَلَيْهِم مَّسْجِدًا ﴿٢١﴾
سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٌ رَّابِعُهُمْ كَلْبُهُمْ وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ
رَجْمًۢا بِٱلْغَيْبِ وَيَقُولُونَ سَبْعَةٌ وَثَامِنُهُمْ كَلْبُهُمْ قُل رَّبِّىٓ أَعْلَمُ
بِعِدَّتِهِم مَّا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا قَلِيلٌ فَلَا تُمَارِ فِيهِمْ إِلَّا مِرَآءً ظَٰهِرًا وَلَا
تَسْتَفْتِ فِيهِم مِّنْهُمْ أَحَدًا ﴿٢٢﴾ وَلَا تَقُولَنَّ لِشَا۟ىْءٍ إِنِّى فَاعِلٌ ذَٰلِكَ
غَدًا ﴿٢٣﴾ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَٱذْكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ وَقُلْ عَسَىٰٓ أَن
يَهْدِيَنِ رَبِّى لِأَقْرَبَ مِنْ هَٰذَا رَشَدًا ﴿٢٤﴾ وَلَبِثُوا۟ فِى كَهْفِهِمْ ثَلَٰثَ
مِا۟ئَةٍ سِنِينَ وَٱزْدَادُوا۟ تِسْعًا ﴿٢٥﴾ قُلِ ٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثُوا۟ لَهُۥ غَيْبُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَبْصِرْ بِهِۦ وَأَسْمِعْ مَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِىٍّ
وَلَا يُشْرِكُ فِى حُكْمِهِۦٓ أَحَدًا ﴿٢٦﴾

### تەرجىمىسى

9-(ئى پەيغەمبەر!) ياكى سەن راستتىنلا ئەسھابۇلكەھفنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختىنى بىزنىڭ (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالا-

مەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىقى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟

10 ـ ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت ئۆڭكۈرگە سىغىنىپ: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنى بۇ ئىشىمىزنى توغرا بىر چىقىش يولىغا مۇۋەپپەق قىلغىن» دېگەن ئىدى.

11 ـ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئۆڭكۈردە ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويدۇق.

12 ـ ئاندىن (ئەسھابۇل كەھف ئىچىدىكى) ئىككى گۇرۇھتىن (ئۆڭكۈردە) تۇرغان مۇددىتىنى قايسىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھېسابلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئويغاتتۇق.

13 ـ بىز ساڭا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن رەببىگە ئىمان ئېيتقان يىگىتلەر ئىدى، بىز ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى كۈچەيتكەن ئىدۇق.

14 ـ بىز ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەم قىلغان ئىدۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار(زالىم پادىشاھ ئالدىدا) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇر، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئىلاھ دېمەيمىز، ئەگەر بىز شۇنداق دېسەك، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان بىر سۆزنى قىلغان بولىمىز.

15 ـ بىزنىڭ بۇ قەۋمىمىز ئاللاھتىن باشقىلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلار نېمىشقا (ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىغا) ئېنىق بىر دەلىل كەلتۈرەلمەيدۇ؟ ئاللاھقا بوھتان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟».

16 ـ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى دېدىكى) «سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، ئۆڭكۈر-نى پاناھ جاي قىلىڭلاركى، رەببىڭلار سىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە سىلەرگە (قىيىن) ئىشىڭلاردىن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدۇ».

17 ـ (ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ يەردە بولساڭ ئىدىڭ) كۈن چىققان چاغدا، كۈننىڭ ئۇلار تۇرغان ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا، كۈننىڭ ئۆڭكۈرنىڭ سول تەرىپىگە (ئۇلارغا چۈشمەيلا) ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭ. ئۇلار بولسا (كۈننىڭ ئىسسىقىدىن بىئارام بولماستىن) ئۆڭكۈرنىڭ ئازادە بىر يېرىدە (ئۇخلىماقتا) ئىدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلسا، ئۇ ھەقىقي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ (قىلمىشى سەۋەبلىك) كىمنى ئازدۇرسا، سەن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدىغان بىرەر دوست تاپالمايسەن.

18-(ئەگەر ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان بولساڭ) ئۇلار ئۇيقۇدا تۇرسىمۇ، سەن ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايتتىڭ، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى ئۆڭكۈرنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، چوقۇم ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قاچقان بولاتتىڭ.

19-شۇنىڭدەك، (ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى «(بۇ ئۆڭكۈردە) قانچە ئۇزاق تۇردۇڭلار؟» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. (يەنە بەزىسى) دېدىكى، «قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى رەببىڭلار ئوبدان بىلىدۇ. سىلەر (ئىچىڭلاردىن) بىرىڭلارنى بۇ تەڭگىلىرىڭلار بىلەن شەھەرگە ئەۋەتىڭلار، ئۇ قاراپ بېقىپ، قايسى تاماق ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە بىرئاز ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرۇپ قويمىسۇن.

20-ئەگەر ئۇلار سىلەرنى سېزىپ قالسا، سىلەرنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. (ئەگەر ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرسەڭلار) ئۇ ھالدا سىلەر ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر».

21-شۇنىڭدەك يەنە ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى ۋە قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر (ئەسھابۇلكەھف ئۈچۈن نېمە قىلىش) توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا تالاش-تارتىش قىلىشقان ئىدى. بەزىلەر: «ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىر بىنا سېلىڭلار» دېدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. گېپى ئۆتىدىغانلار: «ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىغا چوقۇم بىر مەسجىد سالايلى» دېدى.

22-بەزىلەر: «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر. يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، (ئى پەيغەمبەر!) «ئۇلارنىڭ سانىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ، (رەببىمدىن باشقا) ئازغىنە كىشىلەرلا بىلىدۇ» دېگىن. شۇڭا سەن ئۇلار توغرۇلۇق (ئەھلى كىتاب بىلەن) پەقەت يۈزەكىلا مۇنازىرىلەشكىن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن (ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنى) سورىمىغىن.

23-سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن»

دېمەي،

24ـ«ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن، ئەگەر ئۇنتۇپ قالساڭ، (ئېسىڭگە كەلگەن هامان) رەببىڭنى ياد ئەتكىن ۋە: «رەببىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ (يەنى ئەسهابۇلكەهف قىسسىدىنمۇ) يېقىن (ۋە روشەن دەلىللەرنى بېرىش ئارقىلىق) توغرا يولغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن.

25ـئۇلار ئۆڭكۈرىدە ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى.

26ـئېيتقىنكى، «ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيىب (نى بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن ئۆتكۈر! ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا ئاللاھتىن باشقا هېچبىر مەدەتكار يوقتۇر، ئاللاھ ئۆز هاكىمىيىتىگە هېچكىمنى شېرىك قىلمايدۇ».

### ◄ تەپسىرى

پەيغەمبىرىمىز هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسلام دەۋىتى مەككىدە قانات يېيىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىگە يات تۇيۇلۇۋاتقان بۇ يېڭى دەۋەت ئالدىدا گاڭگىراپ قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ دەۋەتكە بىر تەرەپتىن جاھىلىي بىلەن قارشى چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ هەقىقىتى توغرۇلۇق ئىزدىنىشكە باشلىغان.

ئۆز ۋاقتىدا هازىرقى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەهىرى «يەسرىب» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن يەهۇدىي قەبىلىلىرى ياشايتتى. ئەللامە ۋاهىدىينىڭ بايان قىلىشىچە، مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىگە ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، يەهۇدىيلاردىن مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام توغرۇلۇق سوراشقان. مەككىلىك ۋەكىللەر يەهۇدىيلارغا: «بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىر ئادەم ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ ئۆزىگە ئاللاھتىن ۋەهيى كەلگەنلىكىنى ۋە شۇ ۋەهيىگە ئاساسەن كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. سىلەردە ئىلىم ئەهلىلىرى بار، هەمدە سىلەرگە پەيغەمبەرلەر كەلگەن. سىلەر پەيغەمبەرلىك هەققىدە بىز بىلمىگەنلەرنى بىلىسىلەر. سىلەر بىزدىن چىققان مۇهەممەد دېگەن ئادەم توغرۇلۇق نېمە دەيسىلەر؟» دەپ سوئال قويغان. بۇنى ئاڭلىغان يەهۇدىي ئۆلىمالىرى مەككىلىك ۋەكىللەرگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: ئۇ ئادەمدىن ئۈچ سوئالنى سوراپ بېقىڭلار، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسە، ئۇ پەيغەمبەردۇر. سىلەر

ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سوراڭلار:

– بۇرۇنقى زاماندا بىر قانچە ياش ئۆزىنىڭ ئىمانىنى قوغداش يولىدا بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

– كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قەدەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئادەم (زۇلقەرنەين) ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسەن؟

– روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرەلەمسەن؟

مەككىلىك ۋەكىللەر مەدىنىدىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەزكۇر ئۈچ سوئالنى سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «مەن ئەتە جاۋاب بېرەي» دېگەن ۋە «ئاللاھ خالىسا» دېمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون بەش كۈن كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا ۋەھيى كەلمىگەن. بۇ ئارىدا مەككىلىكلەر «مۇھەممەد بىزگە ئەتە جاۋاب بېرىمەن دېگەنتى، ئەمما ئون بەش كۈن بولدى جاۋاب بەرمىدى» دېگەن ئىغۋالارنى تارقىتىپ يۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەن. ئاندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا كەھف سۈرىسىنى يەتكۈزگەن ۋە مەككىلىكلەرنىڭ سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى بەرگەن[1].

ئەمما مەككىلىك مۇشرىكلار ئۆزلىرى سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تولۇق ئاڭلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى ۋە دۈشمەنلىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېگەن:

ئى پەيغەمبەر! سەن ئەسھابۇلكەھفنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختىنى بىزنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىمىزنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ھەيران قالارلىقى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ شەكسىزكى، بىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىمىزگە ۋە تەڭداشسىز ئىلمىمىزگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى شۇنداق ھەيران قالارلىق ۋە ھەممىسى شۇنداق ئاجايىپتۇر، ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتنى ياراتقانلىقىمىز تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىشتۇر.

---

[1] «التّفْسِيرُ البَسِيْط للواحدي» 13ـ توم 53ـ بەت.

زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ زېمىن ئۈچۈن زىننەت بولسۇن، ئىنسانلار ئۇلاردىن پايدىلانسۇن، دەپ يارىتىپ، ئاندىن يەنە ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز باياۋانغا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان زات ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسان! سەن ئاللاھ تائالانىڭ بەزى بەندىلىرىنى مەلۇم مۇددەت خۇددى ئۆلۈكلەردەك ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئويغىتىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىمىغىن، مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىمىغىن، چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەممىگە قادىردۇر. ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش بولۇپ، رەببىڭنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَمۡ حَسِبۡتَ أَنَّ أَصۡحَٰبَ ٱلۡكَهۡفِ وَٱلرَّقِيمِ كَانُواْ مِنۡ ءَايَٰتِنَا عَجَبًا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿وَٱلرَّقِيمِ﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلار «ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا»، «ئۆڭكۈر بار يېزىنىڭ نامى»، «ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى يېزىلغان كىتاب»، «ئۆڭكۈر جايلاشقان تاغنىڭ نامى» دېگەندەك نۇرغۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. «تەپسىرى مۇيەسسەر»دە «ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا»[1] دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە نەپەر ياش ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەق دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، بۇددىست كاپىرلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلىرىدىن يىراقلىشىپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان ئىدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن «ئەسھابۇلكەھف» يەنى (ئۆڭكۈردە پاناھلانغان ياشلار) دەپ ئاتالدى. ئەسھابۇلكەھف شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ ﴿ئى رەببىمىز! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزنى بۇ ئىشىمىزدا توغرا بىر چىقىش يولىغا مۇۋەپپەق قىلغىن﴾ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭىدۇ، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ، خۇسۇسەن بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقلۇقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىپ

[1] «التفسير الميسر» 294- بەت.

يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەيدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا ئەسھابۇلكەھفنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز مېھرى-شەپقىتىگە ئېرىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆڭكۈردە ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويغان، ئاندىن ئۇلارنى بۇ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغاتقان. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە قانچە يىل تۇرغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلىشىپ ئىككى پىرقىغە بۆلۈنگەن.

ئايەتتە، ئەسھابۇلكەھفنى ئۇزۇن يىللىق ئۇيقۇسىدىن پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە تۇرغان مۇددىتىنى قايسىسىنىڭ توغرا ھېسابلايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈنلا ئويغاتقانلىق بايان قىلىنغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈردە ئۇيقۇلۇق ھالىتىدە قانچە يىل تۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە ئۇيقۇلۇق ھالىتىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ۋە بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى.

بۇلار ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ تەپسىلاتى بېرىلىدۇ:

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك قىسسىسىنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. بىز ساڭا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئاشۇرۇۋەتمەستىن ۋە يوشۇرماستىن، راستچىللىق بىلەن ئەينەن بايان قىلىپ بېرىمىز. چۈنكى، رەببىڭدىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بولسۇن!؟

ئەسھابۇلكەھف ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتقان، ئىمانىنى مۇشرىكلىكنىڭ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ چاڭ-توزانلىرى بىلەن بۇلغىۋەتمەي، خالىس ۋە ساپ تۇتقان يىگىتلەر ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ۋە ئىمانىنى كۈچەيتكەن، شېرىك، نىفاق، كۇفرى قاتارلىق ھالاكەتلەرنىڭ ئۇلارغا يېقىنلاشماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم قىلغان. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى دادىل ئېلان قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ رەببىمىز ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ رەببىدۇر. بىز ئۇنى قويۇپ سىلەر چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلارغا ھەرگىز

چوقۇنمايمىز. ئەگەر بىز ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنساق ۋە ئۇنىڭ شېرىكى بار دېسەك، ئۇ چاغدا بىز ھەقىقەتتىن تامامەن يىراق بولغان ئىنتايىن خاتا بىر سۆزنى قىلغان بولىمىز، ئەقىلنىڭ ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىمىز، بىزنىڭ جاھالەت ۋە نادانلىقتا چۆمۈپ كەتكەن ئاشۇ ئەخمەق قەۋمىمىز ھېچقانداق دەلىل-پاكىتسىز ۋە ئاساسسىز ھالدا ئورغۇنلىغان ساختا ئىلاھلارنى ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالدى. ئەگەر ئۇلار بۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتا ھەقلىق بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئېتىقادىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرەر ئېنىق دەلىل كەلتۈرەلمەيدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز كەلتۈرەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلاردا كەلتۈرگۈدەك دەلىل-ئىسپات ياكى ھۆججەت يوقتە؟!

ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىش ياكى ئاللاھ تائالا ئېيتمىغان سۆزنى ئېيتتى دەپ ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ۋە قەبىھ ئادەم بارمۇ؟!

ئەسھابۇلكەھف ئىچىدىكى ياشلاردىن بىرى شۇنداق دېدى: ئەي يىگىتلەر! سىلەر ئېتىقاد ۋە ئىبادەتتە قەۋمىڭلاردىن ئايرىم يول تۇتۇپ، بىرلا ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان توغرا دىنغا ئەگەشكەن ئىكەنسىلەر، سىلەر قەۋمىڭلاردىن ئايرىلىڭلار ۋە ئۆڭكۈرگە سىغىنىڭلار، ئۇنى پاناھ جاي قىلىڭلار، يەنى قەۋمىڭلاردىن دىنىڭلار ئايرىلغاندەك، جىسمىڭلارمۇ ئايرىلسۇن. ئەگەر سىلەر ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي قىلساڭلار، رەببىڭلار سىلەرگە سانسىز رەھمىتىدىن ئىككىلا ئالەمدە كەڭ ئاتا قىلىدۇ، دىن ئىشىدا سىلەرنى ياخشى يولغا سالىدۇ ۋە بارلىق ئىشىڭلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىدۇ.

بۇ ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىدۇر. ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرنى پاناھ جاي قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى توغرۇلۇق ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن ئۇ يەردە بولغان بولساڭ، كۈن چىققان چاغدا، كۈننىڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئۆڭكۈرنىڭ سول تەرىپىدىن ئۇلارغا چۈشمەستىنلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، ئۇ چاغدا ئۇلار كۈننىڭ ئىسسىقىدىن بىئارام بولماستىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئازادە بىر يېرىدە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ رەببىڭنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغ ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەردىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەگەر ئۇلاردىن كۈننىڭ نۇرىنى شۇنداق يىراقلاشتۇرمىغان بولسا،

ئۇلار كۈننىڭ ئىسسىقىدا بىئاراملىق چەككەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالا كىمنى ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ خۇددى ئەسھابۇلكەھفتەك توغرا يولنى تاپىدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ تائالا كىمنى - ئۇنىڭ يامان ئەمەلى ۋە يامان نىيىتى تۈپەيلىدىن - ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئازغۇنلۇقتا قالدۇرىدىكەن، ئۇ قىيامەتنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلاردىن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھېچقانداق ياردەمچى ياكى مەدەتكار چىقمايدۇ، ئۇنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، ھېچكىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىق يولىغا باشلىيالمايدۇ.

ئەگەر سەن ھېلىقى ئەسھابۇلكەھف يىگىتلىرىنى كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ ئوڭ ۋە سولغا ئۆرۈلگەنلىكى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلاپ قالاتتىڭ. ئۇلارنىڭ ئىتى ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پۇتىنى سوزۇپ ياتاتتى. سەن ئۇلارنى شۇ ھالىتىدە كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئارقىڭغا بۇرۇلۇپ قېچىپ كەتكەن بولاتتىڭ. بىز ئۇلارنى ئۇزۇن يىللار ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن ئويغۇسىدىن ئويغاتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ چەكسىز قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆڭكۈردە ئۇيقۇلۇق ھالىتىدە قانچىلىك ئۇزاق تۇرغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ﴿(بۇ ئۆڭكۈردە) قانچە ئۇزاق تۇردۇڭلار؟﴾ دېدى. ئۇلاردىن بەزىلەر: ﴿بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق﴾ دېيىشتى. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئۆڭكۈرگە ئەتىگەن ۋاقتىدا كىرگەن ۋە ئۇيقۇدىن ئويغانغان ۋاقتى كەچ ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. شۇڭا ئۇلار بىر كۈن تۇردۇق، دېگەن. كۈننىڭ تېخى تولۇق پېتىپ بولمىغانلىقىغا قاراپ بەزىلىرى ﴿بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق﴾ دېگەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقىغا قاراپ، ﴿قانچىلىك تۇرغانلىقىڭلارنى رەببىڭلار ئوبدان بىلىدۇ﴾، ئەمما بىز بۇنى تارتىشىپ ئولتۇرماستىن، بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىشنى قىلىشقا ئالدىرايلى، ئارىمىزدىن بىرىڭلارنى يېنىمىزدا بار تەڭگە پۇل بىلەن بازارغا ئەۋەتەيلى، ئۇ بېرىپ بىزگە تاماق ئەكەلسۇن. تاماق ئېلىپ كېلىشكە بارىدىغان كىشى ئاۋۋال ياخشى قارىسۇن، كۆزەتسۇن، قايسى تاماق ئەڭ پاكىز ۋە مەززىلىك بولسا شۇنىڭدىن ئېلىپ كەلسۇن، بەك ئېھتىياتچان بولسۇنكى، سەزدۈرۈپ قويمىسۇن، بىزنى شەھەر ئىچىدە بىرەر كىشى بىلىپ قالمىسۇن. ئەگەر ئۇلار بىزنى بىلىپ قالسا، ئۇلار بىزنى چالما-كېسەك قىلىپ

ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئىلگىرىكى بۇددىست دىنىمىزغا قايتىشقا مەجبۇرلايدۇ. ناۋادا بىز ئۇلارنىڭ دىنىغا قايتىدىغان بولساق، ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيمىز، دېدى.

ئەسھابۇلكەھفنى ئۆڭكۈردە بىر قانچە يۈز يىل ئۇخلىتىپ قويۇپ يەنە ئويغاتقاندەك، ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى، كاپىرلار مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلارنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە قىسسىسىدىن خەۋەردار قىلدۇق. قىيامەتنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇ ۋەقەلىكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئويپىچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم قىلىش ۋە كاپىرلارنى مات قىلىپ يەرگە قارىتىش ئۈچۈن بۇ قىسسىنى بايان قىلغان.

ئەسھابۇلكەھف ئۈچ يۈز نەچچە يىللىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئاشۇ چاغلاردىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىدىغانلار ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ئەسھابۇلكەھفنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىسپات بىلەن بىلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇلار ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە نېمە ئىش قىلىپ قويۇش توغرۇلۇق ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلىشقان ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەسھابۇلكەھف ياتقان ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كاتتا بىر بىنا سېلىپ قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا يېقىنلىشىشىنى توسۇشنى تەكلىپ قىلسا، گېپى ئۆتىدىغان ئېتىبارلىق كىشىلەر ئۇ جايغا مەسجىد سېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسجىد سېلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەرنىڭ مۇئمىنلەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرمۇ بار. توغرىسى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئەللامە ئىبنى كەسىر ﴿إِذۡ يَتَنَٰزَعُونَ بَيۡنَهُمۡ أَمۡرَهُمۡۖ﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە، شۇ زاماندىكى كىشىلەر ئارىسىدا قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقى توغرىسىدا شەك-شۈبھىلەر بار ئىدى.

ئىكرىمە دەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تىرىلىش روھ بىلەنلا بولىدۇ، بەدەنلەر ئەسلىگە كەلمەيدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئەسھابۇلكەھفنى تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا تىرىلىشنىڭ روھ ۋە بەدەن بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن»[1]. ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى مۇنداق: ئەسھابۇلكەھف ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئارىسىدىن بىرىنى يېنىدىكى تەڭگە پۇل بىلەن شەھەرگە تاماق سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى تەڭگە پۇلنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ پۇلنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل بۇرۇنقى زامانغا ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاماق ئەكەلگىلى بارغان كىشىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئۆڭكۈرگە كېلىدۇ، ئۇلار ئۆڭكۈردىكى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئۈچ يۈز توققۇز يىلدىن كېيىن ئويغانغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەسھابۇلكەھفنى ئۈچ يۈز توققۇز يىلدىن كېيىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقاندەك، قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈپ روھى ۋە بەدىنى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿فَقَالُواْ ٱبۡنُواْ عَلَيۡهِم بُنۡيَٰنٗاۖ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «قىيامەت توغرۇلۇق تالاش-تارتىش قىلىشقانلارنىڭ ئارىسىدىن قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىسىنى قوغداپ قېلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئەسھابۇلكەھفنى كۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بۇددىست ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەسھابۇلكەھف ياتقان ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىكىگە يوغان تام سېلىپ ئۆڭكۈرنى بۇ تام بىلەن تاقىۋېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان». شۇڭا بۇ مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿بُنۡيَٰنٗاۖ﴾ دېگەن سۆزنى تام دەپ تەپسىر قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زامانداش بولغان بەزى ئىزدەنگۈچىلەر ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى ئۈچ بولۇپ، ئىتى بىلەن قوشقاندا تۆت ئىدى دېسە، بەزىسى، ئۇلارنىڭ سانى بەش بولۇپ، ئىتى بىلەن قوشقاندا ئالتە ئىدى دېيىشكەن. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇ ھەقتە مەلۇماتى يوق بولۇپ، پەقەت قارىسىغا شۇنداق دېيىشكەن. بەزىلەر ئەسھابۇلكەھفنى يەتتە بولۇپ، ئىتى بىلەن قوشقاندا سەككىز ئىدى دەيدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا

---

[1] «تفسير ابن كثير» 5- توم، 147- بەت.

دېگىنىكى، ﴿ئۇلارنىڭ سانىنى رەببىم ئوبدان بىلىدۇ، (رەببىمدىن باشقا) ئازغىنە كىشىلەرلا بىلىدۇ﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانىنى ئېنىق بىلىدۇ. يەنە ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ تولىسى پەقەت قارىسىغىلا سۆزلەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدۇ.

تەپسىر كەششافتا مۇنداق دېيىلگەن: «﴿سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٞ رَّابِعُهُمۡ كَلۡبُهُمۡ وَيَقُولُونَ خَمۡسَةٞ سَادِسُهُمۡ كَلۡبُهُمۡ رَجۡمَۢا بِٱلۡغَيۡبِۖ وَيَقُولُونَ سَبۡعَةٞ وَثَامِنُهُمۡ كَلۡبُهُمۡۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿ثَلَٰثَةٞ رَّابِعُهُمۡ﴾ ۋە ﴿خَمۡسَةٞ سَادِسُهُمۡ﴾ دېگەن بۆلەكلىرىدىكى سانلارنىڭ ئارىسىدا «و» ھەرپى كەلمىگەن، ئەمما ﴿سَبۡعَةٞ وَثَامِنُهُمۡ﴾ دېگەن بۆلىكىدە ئىككى ساننىڭ ئارىسىدا «و» ھەرپى كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، بۇ ئورۇندىكى «و» ھەرپى﴿سَبۡعَةٞ وَثَامِنُهُمۡ كَلۡبُهُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر﴾ دېگەنلەرنىڭ قارىسىغا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئاساسقا تايىنىپ گەپ قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر»[1]. يەنە ﴿بەزىلەر «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿بۇ پۈتۈنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ دېگەن قىسمىنى ﴿يەنە بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، ئالدىنقى سۆزلەرنى دېگەنلەرنىڭ دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا قارىسىغا دېگەنلىكىنى، كېيىنكى سۆزنى دېگۈچىلەرنىڭ سۆزى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە قارىسىغا ئېيتىلغان ئاساسسىز سۆز ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئاخىرقى بۇ سۆزنى دېگۈچىلەرنىڭ مۇئمىنلەر ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ﴿بۇ پۈتۈنلەي قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ دېگەن سۆزنىڭ ئارقىسىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن بۇلارنىڭ ئاساسسىز سۆز قىلىدىغانلار قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقى ۋە ھەق سۆزلىگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! شۇنىڭ بىلەن سەن ئاۋۋالقى ئىككى خىل سۆزنى قىلغانلارنىڭ (يەنى «ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ

[1] «تفسير الكشاف» 2-توم، 714-بەت.

ئىتتىدۇر» دېگەنلەر بىلەن «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتتىدۇر» دېگەنلەرنىڭ) نادانلار ۋە قارىسىغا ئېيتىدىغانلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇلار بىلەن ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە چوڭقۇر مۇنازىرىلەشمىگىن، پەقەت يۈزەكى مۇنازىرىلىشىپ قويغىن. ئەسھابۇلكەھفنىڭ سانى ۋە ئەھۋالى توغرۇلۇق نە يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرىدىن، نە خىرىستىيانلارنىڭ پوپلىرىدىن، نە باشقا بىرىدىن ھېچ نەرسە سورىمىغىن.

ئى پەيغەمبەر! سەن قىلماقچى بولغان قانداقلا بىر ئىشنى ئەتە چوقۇم قىلىمەن دېمىگىن، بەلكى «ئاللاھ خالىسا» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ سۆزلىگىن. ئەگەر «ئاللاھ خالىسا» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ئۇنى ئېسىڭگە ئالغان ھامان رەببىڭنى چىن دىلىڭدىن ياد ئەتكىن، تىلىڭ بىلەن ئۇنىڭغا زىكىر ئېيتقىن، ئۇنىڭغا يۈزلەنگىن ۋە رەببىمنىڭ مېنى ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىدىنمۇ يېقىن ۋە روشەن دەلىللەرنى بېرىش ئارقىلىق توغرا يولغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن دېگىن.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىگەنلىرىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق ۋە روشەن قىلىپ بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يولىنى يورۇتقان.

بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالساڭ، رەببىڭنى ئەسكە ئالغىنكى، ئۇ سېنى سەن ئۇنتۇپ قالغان ئىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ﴿«ئۇلارنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ» دېگىن﴾ چۈنكى، ھەقىقەت چوقۇم سېنىڭ خەۋەر بەرگىنىڭدەكدۇر، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدەك ئەمەس. چۈنكى، كائىناتتىكى جىمى غەيبلەرنى بىلىش رەببىڭگە خاستۇر، زادى رەببىڭدىن باشقا ھېچكىم غەيبنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۈكەممەل! چۈنكى، ئۇ جىمى مەخلۇقاتنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۈكەممەل! چۈنكى، ئۇ بەندىلىرىنىڭ كۆڭۈل قاتلىرىدىكىنى ۋە بارلىق مۇناجاتلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئىلاھلىق سۈپىتى بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئاڭلايدۇ. ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تولۇق بىلىدۇ. كائىناتنىڭ

ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا باشقۇرغۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا، پادىشاھلىقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلغان ئەمەس. چۈنكى، رەببىڭ ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى ھەققىدە سورىغانلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق مۇكەممەل، توغرا ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر.

**2.** ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى ئىماننى قوغداش يولىدا يۇرتىنى تاشلاپ چىققان بۇ مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ھىممىتىنى ۋە ئىخلاسىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەقىدىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**3.** ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ.

**4.** ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشنىڭ روھ ۋە بەدەن بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**5.** ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىسى ئىماننىڭ ھەرقانداق ئادەمدە بىر خىل بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كەم-زىيادە، كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**6.** ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا قارىتا يولسىزلىق قىلغۇچىلار بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر.

**7.** ئىماننى قوغداش يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلىشقا بولىدۇ.

**8.** ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن مەدەت تىلىگەن بەندىسىگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ.

**9.** ئاللاھ تائالا ھەقىقەت يولىدا جان پىدا قىلغانلارنىڭ مەدەتكارىدۇر.

**10.** ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە دەۋەتچىلەر پەقەت يول كۆرسىتەلەيدۇ، خالاس.

**11.** يېمەك-ئىچمەكنى هالالدىن يېيىش پەرزدۇر.

**12.** شېرىك ئەقىدىسى بىلەن ئۆلگەنلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

**13.** قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنى ئەقىل ۋە دىن بىردەك كۈچلەندۈرىدۇ.

**14.** يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرى ئىختىلاپلار ۋە زىتلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىسسىلىرى چىنلىقتا ۋە راستلىقتا يېگانىدۇر.

**15.** مۇسۇلمان ئادەم كېلەچەككە تەئەللۇق قانداقلا بىر ئىشقا بەل باغلىسا ياكى ۋەدە قىلسا، «ئىنشا ئاللاھ» دېيىشكە بۇيرۇلغان.

**16.** ئەسھابۇلكەھفنىڭ غاردا ئۇخلىغان ھالەتتە ياتقان مۇددىتى ئۈچ يۈز توققۇز يىلدۇر.

### ◄ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھى تەلىمات

﴿وَٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن كِتَابِ رَبِّكَۖ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَن
تَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلۡتَحَدٗا ٢٧ وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ
رَبَّهُم بِٱلۡغَدَوٰةِ وَٱلۡعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجۡهَهُۥۖ وَلَا تَعۡدُ عَيۡنَاكَ عَنۡهُمۡ
تُرِيدُ زِينَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا
وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا ٢٨ وَقُلِ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكُمۡۖ فَمَن شَآءَ
فَلۡيُؤۡمِن وَمَن شَآءَ فَلۡيَكۡفُرۡۚ إِنَّآ أَعۡتَدۡنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمۡ
سُرَادِقُهَاۚ وَإِن يَسۡتَغِيثُواْ يُغَاثُواْ بِمَآءٖ كَٱلۡمُهۡلِ يَشۡوِي ٱلۡوُجُوهَۚ بِئۡسَ
ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتۡ مُرۡتَفَقًا ٢٩ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ
إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجۡرَ مَنۡ أَحۡسَنَ عَمَلًا ٣٠ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمۡ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ يُحَلَّوۡنَ فِيهَا مِنۡ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٖ
وَيَلۡبَسُونَ ثِيَابًا خُضۡرٗا مِّن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى
ٱلۡأَرَآئِكِۚ نِعۡمَ ٱلثَّوَابُ وَحَسُنَتۡ مُرۡتَفَقٗا ٣١﴾

## تەرجىمىسى

27ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن رەببىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا قىلىنغان ۋەھيىنى ئوقۇغىن، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، (ئەگەر سەن ۋەھيىگە ئەمەل قىلمىساڭ)، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ھېچقانداق جاي تاپالمايسەن.

28ـسەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن كۆڭلۈڭنى ئارام تاپقۇزغىن، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇزىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، (ئاسىيلىقى سەۋەبلىك) بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمگە بويسۇنمىغىن.

29ـ(ئى پەيغەمبەر!) «ئېيتقىنكى، بۇ (دىن) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر. شۇڭا خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» بىز ھەقىقەتەن زالىملار ئۈچۈن تۈتۈن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى (دوزاخنى) تەييارلىدۇق، ئۇلار (ئۇسسۇزلۇقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ناھايىتى قىزىق سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان ئىچىملىك! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!

30ـئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (بىلسۇنكى، بىز ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىمىز)، قېتىرقىنىپ ئىش قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيمىز.

31ـئەنە شۇلارغا (قەسىرلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بار، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

## نازىل بولۇش سەۋەبى

بىر كۈنى ئۇيەينە ۋە ئەقرەئ ئىبنى ھابىس قاتارلىق مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن يېنىڭدىكى سەلمان، ئەبۇ زەر قاتارلىق كەمبەغەللەرنى مەجلىسىڭدىن قوغلىۋەتسەڭ، بىز ساڭا ئەگىشىمىز ۋە سۆزۈڭگە قۇلاق سالىمىز» دېگەندە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَٱتۡلُ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن كِتَابِ
رَبِّكَۖ لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَن تَجِدَ مِن دُونِهِۦ مُلۡتَحَدٗا ٢٧ وَٱصۡبِرۡ نَفۡسَكَ مَعَ

﴿ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِٱلْغَدَوٰةِ وَٱلْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُۥ ۖ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ
تُرِيدُ زِينَةَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَلَا تُطِعْ مَنْ أَغْفَلْنَا قَلْبَهُۥ عَن ذِكْرِنَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ
وَكَانَ أَمْرُهُۥ فُرُطًا ﴿٢٨﴾ وَقُلِ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَن شَآءَ فَلْيُؤْمِن وَمَن شَآءَ
فَلْيَكْفُرْ ۚ إِنَّآ أَعْتَدْنَا لِلظَّٰلِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا ۚ وَإِن يَسْتَغِيثُوا۟ يُغَاثُوا۟
بِمَآءٍ كَٱلْمُهْلِ يَشْوِى ٱلْوُجُوهَ ۚ بِئْسَ ٱلشَّرَابُ وَسَآءَتْ مُرْتَفَقًا﴾ دېگەن ئايەتلەرنى
نازىل قىلغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، مەزكۇر مۇشرىكلارنى سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان[1].

### ◀ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزگەرتىش ياكى باشقىسىنى تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىگە قەتئىي قۇلاق سالمىغىن. سەن بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن. چۈنكى، رەببىڭنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەگەر سەن «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلمىساڭ (ياكى ئۇنى ئوقۇمىساڭ)، ئەلۋەتتە رەببىڭنىڭ ئازابىغا قالىسەن. ئۇ چاغدا سېنى رەببىڭنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ، رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ھېچقانداق جاي تاپالمايسەن.

ئى پەيغەمبەر! سەن كاپىرلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، يېنىڭدا ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان يوقسۇل مۇسۇلمانلارنى ھەرگىز مەجلىسىڭدىن قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلار بىلەن كۆڭلۈڭنى ئارام تاپقۇزغىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەۋرچان بولۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغىن، كاپىرلارنىڭ تەلەپلىرىگە ھەرگىز قوشۇلمىغىن. چۈنكى، ئىلگىرىكى كاپىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق بىھۇدە تەلەپلەرنى قويغان ئىدى. ﴿قَالُوٓا۟ أَنُؤْمِنُ لَكَ وَٱتَّبَعَكَ ٱلْأَرْذَلُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى نۇھ!) ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، بىز ساڭا ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾ [2]. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ نەقەدەر مۇتەكەببىر ۋە مەغرۇر ئىكەنلىكىنى، شەيتاننىڭ ئۇلارنى قانداق ئالداپ قويغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئايەتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا تائەت-ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاشۇ يوقسۇل مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالاغا

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 306-بەت.

[2] شۇئەرا سۈرىسى: 111-ئايەت.

يۈزلەنگەن كىشىلەردۇر. سەن ئەرەبلەرنىڭ بايلىرى ۋە كاتتىباشلىرىنى سۆھبىتىڭگە داخىل قىلىمەن دەپ، ئۇ يوقسۇل مۆئمىنلەردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، كۆزلىرىڭنى ئۇلاردىن باشقىلارغا چۆرىمىگىن، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، سەن ئەرەبلەرنىڭ كاتتىباشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن، ئۇلارنى دەپ يېنىڭدىكى يوقسۇل مۆئمىنلەرنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىغىن. چۈنكى، دىلى كۇفرى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان بۇ كاتتىباشلار ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئازغۇنلاردۇر. ئۇلار توپتوغرا يولنى تاشلاپ، قىڭغىرلىقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرۈش بىلەن ئەقلىنىڭ ۋە دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئەخمەقلەردۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەندىن يوقسۇل مۇسۇلمانلارنى مەجلىسىڭدىن قوغلىۋېتىشىڭنى تەلەپ قىلغان مۇتەكەببىرلەرگە ئېيتقىنكى، مەن سىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ ئىسلام دىنى رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىندۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ بۇ دىنغا كىرىش ياكى كۇفرىلىقتا قېلىش ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدۇر. چۈنكى، دىندا زورلاش يوق. ئى پەيغەمبەر! بىز ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن نازۇنېمەتلىك جەننەتنى تەييارلىغاندەك، كاپىرلار ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى ۋە دەھشەتلىك ئوتنى تەييارلىدۇق. ئۇلار دوزاخ ئوتىدا قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئۇلار دوزاخنىڭ ھارارەتلىك ئازابىدىن ئۇسساپ كېتىپ سۇ تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇلارغا مىس ۋە قوغۇشۇن قاتارلىق مەدەنلەردىن ئېرىتىلگەن قاتتىق ھارارەتلىك قىزىق ئىچىملىك تەقدىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىچىملىك ئۇلارنىڭ يۈزىدىن باشلاپ بارچە ئەزالىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. دوزاخ دېگەن ئەنە شۇنداق يامان جاي!

ئەمما كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مەجلىسىدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان كىشىلەر ھەقىقىي مۆئمىن زاتلار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى ۋە مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ، ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق تۇرالغۇ بولغان مەڭگۈلۈك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئەڭ ئېسىل ۋە يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيگەن، ئالتۇندىن، ياقۇتتىن ياسالغان تولىمۇ چىرايلىق ۋە قىممەتلىك بىلەزۈكلەرنى تاقىغان ھالدا كەڭتاشا نېمەتلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا ئۆزىنى ھارامدىن ساقلىغان، دۇنيانىڭ

زىبۇزىننەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمىگەن كىشىلەردۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتلەردىكى كىيىملىرى قىلىن ۋە يۇپقا يىپەكتىن توقۇلغان، يېشىل رەڭلىك كىيىملەردۇر. ئۇلار خۇددى بۇ دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىدەك ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئېسىل تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ راھەتلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەر ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتلار نېمىدېگەن ئېسىل! نېمىدېگەن مۇكەممەل-ھە! جەننەت نېمىدېگەن ئېسىل ۋە گۈزەل جاي!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇكەممەل دەستۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلار پايدا تاپقاندەك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

**2.** ئاخىرەتلىكنى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى دەپ نابۇت قىلىۋېتىشكە تەييار تۇرغانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن يىراق تۇرۇپ، ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقتىن ئالدىنقى ئورۇندا قويىدىغان، ئىپپەتلىك ۋە سەۋرچان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

**3.** دىنغا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ھەقىقەتنى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىدايەتكە نېسىپ قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

**4.** كاپىرلار ئۈچۈن ھازىرلانغان دوزاخ ئازابى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە دەھشەتلىك بولۇپ، زەررىچىلىك ئىمانى بولغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ.

**5.** مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەتلەر مەڭگۈلۈك بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئەڭ ئالىي ئېھتىرام ۋە تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

### ◄ دۇنيا ھاياتىغا مەغرۇرلانغۇچىلارنىڭ مىسالى

﴿ وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلٗا رَّجُلَيۡنِ جَعَلۡنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيۡنِ مِنۡ
أَعۡنَٰبٖ وَحَفَفۡنَٰهُمَا بِنَخۡلٖ وَجَعَلۡنَا بَيۡنَهُمَا زَرۡعٗا ﴿٣٢﴾ كِلۡتَا ٱلۡجَنَّتَيۡنِ
ءَاتَتۡ أُكُلَهَا وَلَمۡ تَظۡلِم مِّنۡهُ شَيۡـٔٗاۚ وَفَجَّرۡنَا خِلَٰلَهُمَا نَهَرٗا ﴿٣٣﴾

وَكَانَ لَهُۥ ثَمَرٌ فَقَالَ لِصَٰحِبِهِۦ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ أَنَا۠ أَكْثَرُ مِنكَ مَالًا
وَأَعَزُّ نَفَرًا ﴿٣٤﴾ وَدَخَلَ جَنَّتَهُۥ وَهُوَ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِۦ قَالَ مَآ أَظُنُّ أَن
تَبِيدَ هَٰذِهِۦٓ أَبَدًا ﴿٣٥﴾ وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّى
لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِّنْهَا مُنقَلَبًا ﴿٣٦﴾ قَالَ لَهُۥ صَاحِبُهُۥ وَهُوَ يُحَاوِرُهُۥٓ
أَكَفَرْتَ بِٱلَّذِى خَلَقَكَ مِن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّىٰكَ رَجُلًا
﴿٣٧﴾ لَّٰكِنَّا۠ هُوَ ٱللَّهُ رَبِّى وَلَآ أُشْرِكُ بِرَبِّىٓ أَحَدًا ﴿٣٨﴾ وَلَوْلَآ إِذْ دَخَلْتَ
جَنَّتَكَ قُلْتَ مَا شَآءَ ٱللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ إِن تَرَنِ أَنَا۠ أَقَلَّ مِنكَ
مَالًا وَوَلَدًا ﴿٣٩﴾ فَعَسَىٰ رَبِّىٓ أَن يُؤْتِيَنِ خَيْرًا مِّن جَنَّتِكَ وَيُرْسِلَ
عَلَيْهَا حُسْبَانًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فَتُصْبِحَ صَعِيدًا زَلَقًا ﴿٤٠﴾ أَوْ يُصْبِحَ
مَآؤُهَا غَوْرًا فَلَن تَسْتَطِيعَ لَهُۥ طَلَبًا ﴿٤١﴾ وَأُحِيطَ بِثَمَرِهِۦ فَأَصْبَحَ
يُقَلِّبُ كَفَّيْهِ عَلَىٰ مَآ أَنفَقَ فِيهَا وَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَيَقُولُ
يَٰلَيْتَنِى لَمْ أُشْرِكْ بِرَبِّىٓ أَحَدًا ﴿٤٢﴾ وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ فِئَةٌ يَنصُرُونَهُۥ مِن
دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مُنتَصِرًا ﴿٤٣﴾ هُنَالِكَ ٱلْوَلَٰيَةُ لِلَّهِ ٱلْحَقِّ ۚ هُوَ خَيْرٌ
ثَوَابًا وَخَيْرٌ عُقْبًا ﴿٤٤﴾

### تەرجىمىسى

32ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارغا مۇنداق ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇلارنىڭ بىرىگە تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلىپ، ھەر ئىككى باغنىڭ ئەتراپىنى خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورىدۇق، ئوتتۇرىسىنى ئېكىنزارلىق قىلدۇق.

33ـھەر ئىككىلىسى كەم-كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق.

34ـباغ ئىگىسى مەھسۇلاتقا (يەنە كىرىملەرگىمۇ) ئىگە ئىدى، ئۇ بۇرادىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: «مەن پۇل-مالدا سەندىن باي، ئادەم سانىدىمۇ سەندىن ئۈستۈن تۇرىمەن» دېدى.

35ـئۇ بېغىغا كىرىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېيتتى: «بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ

دەپ ئويلايمەن.

**36**-قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق جاينى تاپالايمەن».

**37**-مۇئمىن بۇرادىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (ۋە ئۇنىڭغا ۋەز-نەسىھەت قىلغان) ھالدا مۇنداق دېدى: «سېنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىيدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى قانداق ئىنكار قىلىسەن؟

**38**-لېكىن (مەن دەيمەنكى) ئۇ مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر، رەببىمگە ھېچ-كىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن.

**39**-**41**-سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا، (ئۇنىڭدىن خۇشاللانساڭ): ‹ماشائاللاھ! لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولدى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى)› دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ، رەببىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلىشى، سېنىڭ بېغىڭغا بولسا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۈزلەندۈرۈشى بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن».

**42**-(دېگەندەك) ئۇنىڭ مېۋىلىرى (بېغى) پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى، تېلىنىڭ بېدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ باغقا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى ھەمدە ئۇ: «كاشكى رەببىمگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسامچۇ!» دەپ قالدى.

**43**-ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان ھېچبىر جامائە چىقمىدى، ئۆزىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلالمىدى.

**44**-ئەنە شۇنداق (دەھشەتلىك) چاغلاردا (مەدەتكار بولۇش) پەقەت بەرھەق ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ ياخشى قىلغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاپىر ئادەم بىلەن مۆئمىن ئادەم توغرۇلۇق كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بولۇپ، كاپىر ئادەم شۇنچە كۆپ نېمەتكە، شۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ

ئۇرنىغا تۇزكورلۇق قىلىدۇ، دۇنيا ھاياتىغا مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ئاخىرەت ھاياتىنى ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇرادىرى بولسا شۈنچىلىك قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتا تۇرۇپمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدۇ، بۇ دۇنيانى ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى ۋە ئىشلەش مەيدانى دەپ بىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ مىسال ئالدىنقى ﴿سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن كۆڭلۈڭنى ئارام تاپقۇزغىن﴾ دېگەن ئايەتكە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئىككى قېرىنداش ياكى ئىككى دوست ۋەياكى ئىككى شېرىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ بايلىقىغا مەغرۇرلىنىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن كاپىر ئادەم، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار، قانائەتلىك مۇئمىن ئادەم ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە بىر قىسسە سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

ھازىرقى زاماندا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بۇ مىسالدىكى كاپىر ئادەمگە ئوخشاش دۇنيالىققا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى كۇفرى سۆزنى سۆزلىمىسىمۇ، ئەمەلىي ئەھۋالى، ئەخلاقى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، مۇئامىلىسى ئاخىرەتكە ئىمانى يوق ئادەملەرنىڭ قىلىقىغا ئوخشاپ قالماقتا. ئەپسۇسكى، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئاخىرەتكە ئىمانى بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئاخىرەتكە ئىشەنگەن مۇئمىندەك ياشىمايدۇ. ئەقلىنى ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى بىلىدىغانلار ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئىچىدىكى كاپىرلارغا بۇ ئىككى ئادەمنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، بىز بۇ ئىككى ئادەمنىڭ كاپىر بولغان بىرىگە ئەتراپى خورما دەرەخلىرى بىلەن قورشالغان تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلغان ئىدۇق. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېكىنزارلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەيدىغان، توپلايدىغان بارلىق ئاشلىقلىرى ۋە مېۋىلىرى شۇ ئېكىنزارلىقتىن چىقاتتى.

بۇ ئىككى باغ ھوسۇلىنى كەم-كۈتىسىز بېرىپ تۇراتتى، ھەر ئىككى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېرىقلار ئاقاتتى، ئۇلار بۇ ئېرىقلارنىڭ سۈيى بىلەن باغلارنى سۇغىراتتى، بۇ ئېرىقلار باغلارغا ئالاھىدە بىر ھۆسن جامال

قوشقان ئىدىكى، ھەركىمنىڭ زوقى كېلەتتى. بۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ئىككى باغدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان بايلىقلىرى ۋە كىرىملىرى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ چوڭ بايلاردىن ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ مۇئمىن بۇرادىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۇل-مېلىنىڭ، خىزمەتچىلىرىنىڭ، بالىچاقىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، شان-شەۋكىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن ھالدا بېغىغا كىرىۋېتىپ، بۇنداق بىر مۆكەممەل باغنى ھەرگىز يوقالمايدۇ، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى، ئاخىرەتنىڭ بولۇشىغىمۇ شەك قىلىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئاخىرەت بولۇپ، ئۆزى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشىدىنمۇ ياخشىراق بىر تۇرمۇشقا، ھازىرقى ئەھۋالدىنمۇ ياخشىراق بىر ئاقىۋەتكە ۋە بۇ دۇنيادىكى بۇ گۈزەل بېغىدىنمۇ ياخشىراق بىر باغقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەغرۇرلاندى.

بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، بۇ كاپىر ئادەمنىڭ بۇرادىرى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇلارغا ئاتا-ئانىسىدىن كۆپ مال-دۇنيا مىراس قالغان. كاپىر قېرىنداش مال-دۇنياسىنى باغ ياساش، ئۆي سېلىش، قۇل ۋە خىزمەتچىلەرنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولسا، مۇئمىن قېرىنداش تېگىشلىك مال-دۇنياسىنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلغان. كاپىر قېرىنداش ئۆزىنىڭ مال-دۇنياغا ۋە ھەرقانداق دۇنيا مەنپەئەتىگە قاتتىق ھېرىسمەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئامەتلىرىگە مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بۇنداق كۇفرى سۆزنى قىلغان. زامانىمىزدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن بەزى كىشىلەردىنمۇ مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئۇلارنىڭ تولىسى «بىزگە بايلىق پەقەت بىزنىڭ ھەقلىق بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بېرىلگەن» دەپ ئويلايدۇ. ئەمما مال-دۇنيانىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى، مال-دۇنيانىڭ بىر تۈرلۈك سىناق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھېسابى ئەلۋەتتە سورىلىدىغانلىقىنى ئېسىگىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. مۇنداق مەغرۇرلار دۇنيانىڭ پۈتۈن بايلىقىنى توپلىغان تەقدىردىمۇ، بۇ بايلىقلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە چىۋىننىڭ بىر تال قانىتىغا تەڭ كەلمەيدىغان ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مال-دۇنيا ھەركىمنىڭ ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، كاپىرلار بىر يۇتۇم سۇغىمۇ ھەقلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلار نېمەت بەرگۈچىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇنىڭ نېمىتىگە ھەقلىق بولسۇن؟!

مۇئمىن قېرىنداش ئۇنىڭغا نېمە دېدى؟ ئۇ مۇنداق دېدى: ئەي تۇزكور ئىنسان! سەن سېنىڭ ئاۋۋالقى ئاتاڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن،

سېنى بولسا ئابمەنىيدىن ياراتقان، ئاندىن سېنى راۋرۇس ئىنسان قىلغان ئۇلۇغ رەببىڭ - ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلامسەن؟ قىيامەت ھەققىدە شۇنداق كۇفرى سۆزنى ئېيتامسەن؟ ئەمما بىلىپ قويغىنكى، مەن ھەرگىز سەن ئويلىغاندەك ئويلىمايمەن، قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، مەن شۇنى ئىقرار قىلىمەنكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ رەببىمدۇر، مەن رەببىمگە ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن. چۈنكى، ئۇ تەڭداشسىز ۋە يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. پادىشاھلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭغا خاستۇر، ھەممە خالايىق ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

ئەي قېرىندىشىم! بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا ﴿بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن﴾ دېگەنىڭ ئورنىغا ﴿ماشائاللاھ! لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدى، ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى﴾ دېسەڭچۇ!﴾، چۈنكى، سەن ئېيتقان بۇ سۆز دۇنيا ھاياتى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بىر ھاكاۋۇر ئادەمنىڭ سۆزىدۇر. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ھەممە ئىش ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ. زىرائەتتىن ھوسۇل بەرگۈچى دېھقان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادۇر. دېھقان پەقەت سەۋەب قىلىشنىلا بىلىدۇ، ئەمما ھوسۇلنى ئاللاھ تائالا بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئىنسانلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ رَأَى شَيْئًا فَأَعْجَبَهُ ، فَقَالَ: مَا شَاءَ اللّٰهُ، لَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ، لَمْ يَضُرَّهُ الْعَيْنُ» يەنى «بىراۋ (ئۆزىدە ياكى پۇل-مېلىدا ياكى بالىلىرىدا) خۇشاللىنارلىق بىر نەرسىنى كۆرگىنىدە: ﴿ماشائاللاھ لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ!﴾ دېسۇن، شۇنداق قىلسا، يامان كۆزدىن قالىدۇ»[1] . شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆزىدە ياكى باشقىلاردا خۇشاللىنارلىق قانداقلا بىر ئىشنى كۆرگىنىدە بۇ گۈزەل سۆزنى ئېيتىشقا بۇيرۇلغان. مىڭ ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ گۈزەل سۆزنى ئېيتىش ئومۇملاشمىغان. بۇ بىزنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئىسلامىي تەلىم-تەربىيەدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك. بىراۋ ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ ئوماق بالىسى بىر تاتلىق گەپ قىلىپ بەرسە ياكى چىرايلىق كىيىم كىيگەن بولسا، «بەك تاتلىق گەپ قىلدى»،

[1] «ابن السُّنِّي» 1- توم 171- بەت 207- ھەدىس.

«كىيىمى بەك يارىشىپتۇ» دەيدۇ-يۇ، «ماشائاللاھ!» دېمەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ بىزدىكى چوڭ نۇقسانلىقتۇر. چۈنكى، كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «العين حق ولو كان شيء سابق القدر لسبقته العين» يەنى «كۆزنىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر، ئەگەر تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش بولاتتى»[1] دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كۆزى يامان ئادەملەر كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەيدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا ئىش بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ساقلىسا ھېچكىم ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا يامان كۆزلەردىن ۋە يامان تىللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش، كۆز ۋە تىل تېگىشىدىن قورقىلىدىغانلىرىنى مۇمكىنقەدەر ئۇلاردىن يوشۇرۇش كېرەك. ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەينلەرگە [أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لامَّةٍ] يەنى ‹ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ، ھەربىر شەيتاندىن، ھەربىر زىيانلىق نەرسىدىن ۋە ھەربىر يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن› دەپ دەم سالاتتى»[2].

مۇئمىن قېرىنداش يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى، سەن مېنى مال-دۇنياسى ۋە بالىلىرى ئاز دەپ تۆۋەن كۆرگىنىڭ بىلەن، مەن شۇنداق ئىشىنىمەنكى، ئاللاھ تائالا ماڭا ئاخىرەتتە سېنىڭ بۇ دۇنيادىكى چىرايلىق بېغىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر باغنى بېرىدۇ، سەن مەغرۇرلانغان بۇ بېغىڭنى ئاللاھ تائالا بىرەر ئاپەت ئەۋەتىش بىلەن قويۇقۇرۇق قاقاس باياۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى ياكى ئۇنىڭ سۈيىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىپ، سەن قانچە قىلساڭمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قولۇڭدىن كەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

راست دېگەندەك، ئۇنىڭ مېۋىلىرى، بېغى ۋە بارلىق بايلىقلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، تاللىرىنىڭ بېدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ شۇنچە كۆپ كۈچ چىقىرىپ بارلىققا كەلتۈرگەن بېغىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەسرەت چېكىپ ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى ۋە بارماقلىرىنى چىشلىگىلى تۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھەسرەت- نادامىتىنى ئىپادىلەپ: كاشكى رەببىمگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 1719- بەت، 2188- ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري» 3371- ھەدىس.

بولسامچۇ، دەپ قالدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ياكى بېغىنى زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قالالمىدى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچقانداق مەدەتكار چىقمىدى. چۈنكى، كىشىلەرنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلاش ۋە تەبىئەتنىڭ ئاپەتلىرىدىن قوغداش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ھازىرقى تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسۇللار ئىنسانلارنى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قوغدىيالمايدۇ؟ ئىلىم-پەن نېمە ئۈچۈن تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ؟ ئامېرىكا شۇنچە تەرەققىي قىلغان دۆلەت تۇرۇپ «كاتىرىنا» بورىنىدىن قوغدىنىپ قالالمايدۇ؟ ياپونىيە ئاسىيانىڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان پەن-تېخنىكا دۆلىتى تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن «تسۇنامى» سۇ ئاپىتىدىن ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدۇ؟ چۈنكى، تەبىئەتكە ۋە تەبىئىي ئاپەتكە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ.

ئاخىرەتتە ياخشى-يامان، مۇئمىن-كاپىر، پادىشاھ-پۇقرا، باي-كەمبەغەل ھەركىم ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ياردەم ۋە نۇسرەت پەقەت ئۇنىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتقا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ھەقلىق بولغان مۇئمىنلەرگە ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇكەممەل مۇكاپات بەرگۈچى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەڭ ياخشى قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىردەك بىلىپ قالىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئوخشىتىش ۋە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق مەقسەت قىلىنغان مەنىلەرنى بايان قىلىش بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغىنىدەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر.

2. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىدىن شەكلەنگەن ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، ئىمان بىلەن شەك بىر قەلبتە جەم بولمايدۇ.

3. مەغرۇرلۇق بىلەن تەكەببۇرلۇق ئادەمنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ ھەقىقەتنى كۆرمەس ۋە بىلمەس قىلىپ قويىدۇ.

4. ئىنسان ئۆزىدە ياكى باشقىلاردا خۇشاللىنارلىق بىر نەرسە كۆرگىنىدە «ماشائاللاھ» دېيىشى ۋە «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ تەبرىكلىشى لازىم.

5. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغان بەندىسىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى بېرىدۇ.

6. ئاللاھ تائالا خار قىلغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمىغاندەك، ئاللاھ تائالا ئەزىز قىلغاننىمۇ ھېچكىم خار قىلالمايدۇ.

### ◄ بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالى

﴿وَٱضْرِبْ لَهُم مَّثَلَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ ٱلرِّيَٰحُ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ مُّقْتَدِرًا ﴿٤٥﴾ ٱلْمَالُ وَٱلْبَنُونَ زِينَةُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا ﴿٤٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

45ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئىنسانلارغا دۇنيا ھاياتى ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگىن: (دۇنيا ھاياتى) بىز ئاسماندىن نازىل قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، شۇ يامغۇر بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى (ئۆسۈپ) بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كۆكىرىدۇ، كېيىن ئۇ (قۇرۇپ تۆكۈلۈپ) بوران (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ يۈرىدىغان ئوت ـ چۆپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

46ـ پۇل ـ ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننەتىدۇر، مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتى رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر، (ساۋابىنى) ئۈمىد قىلىش جەھەتتىمۇ ئەڭ ياخشىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە دۇنيا ھاياتىنى شۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلىپ بەرگىنكى، كىشىلەر ئالدىنىپ كېتىۋاتقان بۇ پانىي دۇنيانىڭ ئەھۋالى خۇددى بىز بۇلۇتلاردىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر سۈيىگە ئوخشايدۇ، يامغۇر سۈيى بىلەن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر يېتىشىپ چىقىپ، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ، ياپيېشىل بولۇپ ناھايىتى چىرايلىق ئۆسكەندىن كېيىن، تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ، بۇ ئۆسۈملۈكلەر تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرۇلۇپ، غوللىرى سۇنۇپ، ياپراقلىرى ۋە مېۋىلىرى چېچىلىپ، ئۆزلىرى قۇرۇپ تۆگەشكەندەك، بۇ دۇنيا ھاياتىمۇ شۇنداق ۋاقىتلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ھامان بىر كۈنى تۈزۈپ كېتىدۇ. ﴿إِنَّمَا مَثَلُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ مِمَّا يَأْكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلْأَنْعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ

أَخَذَتِ ٱلْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَآ أَنَّهُمْ قَٰدِرُونَ عَلَيْهَآ أَتَىٰهَآ أَمْرُنَا لَيْلًا أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَٰهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِٱلْأَمْسِ﴾ يەنى ﴿دۇنيا هاياتى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، هايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، هەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول هوسۇل ئالىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا ئەمرىمىز (يەنى ئاپىتىمىز) يەتتى-دە، ئۇنى تۈنۈگۈن يوقتەكلا (يىلتىزىدىن) ئورۇپ تاشلانغان بىر هالەتكە كەلتۈرۈپ قويدۇق﴾ [1] . بۇ ئاللاه تائالاغا نىسبەتەن هەرگىز قىيىن ئەمەس، چۈنكى، ئاللاه تائالا هەممىگە قادىردۇر.

ئەمما دۇنيا هاياتىدا كىشىلەر قىزىقىدىغان، بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان ۋە هېرىس قىلىدىغان مال-دۇنيا، بالىچاقا قاتارلىقلار بولۇپ، مۇشۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ زىننىتىدۇر، بۇلار مۇشۇ دۇنيادىلا ئەسقاتىدىغان دۇنيا نېمەتلىرىدۇر، ئەمما ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر. شۇڭا ئەقىللىق ئىنسانلار بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدىنىپ قالماي، ئاخىرەتلىكىنى دۇنيالىقىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، هەم دۇنيالىقى هەم ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تۇرماستىن ئىشلەيدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدۇ، چۈنكى، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاللاه تائالانىڭ دەرگاهىدىكى مۇكاپاتى هەممىدىن ياخشىدۇر، جەننەتنى ئۈمىد قىلىش جەھەتتىمۇ ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى، ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەملا جەننەتنى ئۈمىد قىلالايدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ﴾ يەنى ﴿مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىلەر «سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ، وَلاَاِلَهَ اِلاَّ اللّٰهُ ، وَاللّٰهُ اَكْبَرُ» يەنى «ئاللاهقا تەسبىه ئېيتىمەن، هەمدۇسانا ئاللاهقا خاستۇر، ئاللاهتىن باشقا هېچقانداق ئىلاه يوقتۇر، ئاللاه هەممىدىن بۈيۈكتۇر» دېگەن تەسبىه، تەكبىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېسە، بەزىلەر«لاَاِلَهَ اِلاَّ اللّٰهُ ، سُبْحَانَ اللهِ ، وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ، وَاللّٰهُ اَكْبَرُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللّٰهِ» يەنى «ئاللاهتىن باشقا هېچقانداق ئىلاه يوقتۇر، ئاللاهقا تەسبىه ئېيتىمەن، هەمدۇسانا ئاللاهقا خاستۇر، ئاللاه هەممىدىن بۈيۈكتۇر، ئاللاهنىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن تەسبىه، تەكبىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. يەنە

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 24-ئايەت.

بەزىلەر بەش ۋاخ نامازنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق ساھابىلەر ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى بارلىق ياخشى ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

2. دۇنيالىق نەرسىلەر بىلەن كۆرەڭلەپ كەتكەنلەر ئاخىرەتتە چوقۇم زىيان تارتىدىغانلاردۇر.

3. مال-دۇنيا ۋە پەرزەنتلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ھەم سىناقتۇر. ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدۇر.

### ◄ قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن

﴿وَيَوْمَ نُسَيِّرُ ٱلْجِبَالَ وَتَرَى ٱلْأَرْضَ بَارِزَةً وَحَشَرْنَـٰهُمْ فَلَمْ نُغَادِرْ
مِنْهُمْ أَحَدًا ﴿٤٧﴾ وَعُرِضُوا۟ عَلَىٰ رَبِّكَ صَفًّا لَّقَدْ جِئْتُمُونَا كَمَا
خَلَقْنَـٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍۭ ۚ بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّن نَّجْعَلَ لَكُم مَّوْعِدًا ﴿٤٨﴾
وَوُضِعَ ٱلْكِتَـٰبُ فَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ
يَـٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَـٰذَا ٱلْكِتَـٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ
أَحْصَىٰهَا ۚ وَوَجَدُوا۟ مَا عَمِلُوا۟ حَاضِرًا ۗ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا ﴿٤٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47-(قىيامەت) كۈنىدە بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننىڭ تۈپتۈز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، بىز ئىنسانلارنى ھېساب مەيدانىغا يىغىمىز، ئۇلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويمايمىز.

48-ئۇلار سەپ-سەپ بولۇشۇپ رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالەتتە كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر (دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا) بىزنى سىلەر ئۈچۈن (مۇنداق بىر ئۇچرىشىش) ۋاقتىنى بېكىتمەيدۇ دەپ ئويلىغان

ئىدىڭلار» (دەيمىز).

49ـ كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ ـ كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمەلگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

قىيامەت كۈنىدە بىز تاغلارنى ئېتىلغان يۇڭدەك قىلىپ يوق قىلىۋېتىمىز. ئۇ كۈندە سەن زېمىننى ئادەمسىز، ئۆسۈملۈكسىز، تاغ ـ دەرياسىز، ئۆي ـ ئىمارەتسىز تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن ھالدا كۆرىسەن. ئۇ كۈندە يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۆلۈكلەر، مەدەنلەر، بايلىقلار ھەممىسى سىرتقا چىقىرىلىدۇ. ئىنسانلاردىن ھېچكىمنى قالدۇرۇپ قويماي، ھەممىسىنى ھېساب مەيدانىغا (مەھشەرگاھقا) توپلايمىز، ئۇلار باراۋەر سەپ بولۇپ رەببىڭنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىرىلىدۇ. شۇ چاغدا دۇنيادىكى ۋاقتىدا قىيامەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا: سىلەر مانا بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىز سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالەتتە كىيىم ـ كېچەكسىز، مال ـ مۈلۈكسىز ھالدا تەنها بولۇپ كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىڭلاردا، بىزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەتتىن ئىبارەت مۇنداق بىر ئۇچرىشىش ۋاقتىنى بېكىتمەيدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىڭلار، سىلەر مۇنداق بىر كۈننىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيتتىڭلار، ئەمدى مانا كۆرۈۋاتىسىلەر، بىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدىڭلار ۋە ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، دەيمىز. ﴿وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَادَىٰ كَمَا خَلَقْنَاكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَاكُمْ وَرَاءَ ظُهُورِكُمْ﴾ يەنى ﴿سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ، خۇددى بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىمىزدىكىدەك تەنها كەلدىڭلار، ئەمدى گەپلەرغۇ؟﴾[1].

قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەمەللىرى تەپسىلىي يېزىپ خاتىرىلەنگەن نامە ـ ئەمەل دەپتىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېچىلغان ۋە يېيىلغان ھالدا قويۇلىدۇ، دۇنيا ھاياتىدا گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە يامانلىقلارنى سادىر قىلغان گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدا

[1] ئەنئام سۈرىسى: 94ـ ئايەت.

يېزىلغانلاردىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ چاغدا ئۇلار نالە-پەرياد چاقىرىپ: ﴿ۋاي ئىستت! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ-كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟﴾ دەپ كېتىدۇ. ئۇلار قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىدە تەپسىلىي ۋە ئوچۇق يېزىلىپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، ئۇنتۇمىغىنىكى، رەببىڭ ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ. چۈنكى، مۇكاپات ۋە جازا ئىلاھىي پىرىنسىپقا ئاساسەن بېرىلىدۇ، ئۇ پىرىنسىپ ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئېلىشىنى، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى تولۇق تارتىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسان قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولغاندا، ئۈستىدە كىيىم -كېچەك يوق، خەتنە قىلىنمىغان ھالدا ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك يالىڭاچ ھازىر بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «تُحْشَرُونَ حُفَاةً عُرَاةً غُرْلًا» قَالَتْ عَائِشَةُ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، الرِّجَالُ وَالنِّسَاءُ يَنْظُرُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ؟ فَقَالَ: «الأَمْرُ أَشَدُّ مِنْ أَنْ يُهِمَّهُمْ ذَاكِ» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئىنسانلار قىيامەت كۈنىدە يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالدا توپلىنىدۇ (ھەشر قىلىنىدۇ)› دېدى، مەن: يارەسۇلۇللاھ! ئەر-ئايال بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرامدۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ئى ئائىشە! ئۇ كۈندىكى دەھشەت يۈزىسىدىن ھېچكىمنىڭ بىر-بىرىگە قارىغۇدەك ھالى قالمايدۇ› دېدى»[1] .

2. قىيامەت كۈنىدە ئىنساننىڭ نامە-ئەمەلى يېزىلغان دەپتەر ئۇنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ. ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى تولۇق بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھەممە ئادەم خەت ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئادالەت تولۇق مەنىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

### ◄ ئىلاھىي تەلىمات

﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُواْ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ

[1] «صحيح البخاري» 8- توم 109-بەت 6527-ھەدىس.

ٱلْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِۦٓ ۗ أَفَتَتَّخِذُونَهُۥ وَذُرِّيَّتَهُۥٓ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِى
وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّۢ ۚ بِئْسَ لِلظَّٰلِمِينَ بَدَلًا ﴿٥٠﴾ ۞ مَّآ أَشْهَدتُّهُمْ خَلْقَ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلَا خَلْقَ أَنفُسِهِمْ وَمَا كُنتُ مُتَّخِذَ ٱلْمُضِلِّينَ
عَضُدًا ﴿٥١﴾ وَيَوْمَ يَقُولُ نَادُوا۟ شُرَكَآءِىَ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُمْ فَدَعَوْهُمْ فَلَمْ
يَسْتَجِيبُوا۟ لَهُمْ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُم مَّوْبِقًا ﴿٥٢﴾ وَرَءَا ٱلْمُجْرِمُونَ ٱلنَّارَ
فَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُم مُّوَاقِعُوهَا وَلَمْ يَجِدُوا۟ عَنْهَا مَصْرِفًا ﴿٥٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**50**ـئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەببىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۇشمەندۇر. بۇ (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا ئىتائەت قىلىش) زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان ئالماشتۇرۇش!.

**51**ـمەن ئۇلارنى (يەنى ئىبلىس ۋە ئەۋلادلىرىنى) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىغىمۇ ھازىر قىلغىنىم يوق. مەن ئاشۇ ئازدۇرغۇچىلارنى ئەزەلدىن ياردەمچى قىلىپ تۇتقىنىممۇ يوق.

**52**ـشۇ كۈندە ئاللاھ (مۇشرىكلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەر ماڭا شېرىك قىلىۋالغان نەرسەڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار». ئۇلار چاقىرىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلىمىز.

**53**ـگۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چوقۇم كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سەجدىسى قىلغانلىق قىسسىسى «قۇرئان كەرىم»دە بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىنسانلارنىڭ شەيتانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا

كەلگەن كېلىشمەسلىكلەرنى، ئۇنىڭ جەننەتتىن قانداق چىقىرىلغانلىقىنى، شەيتانلارنىڭ باشلامچىسى ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قەسەمياد قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقى يوقتۇر، شەيتانلارنىڭ قورالى ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە يامان ئىشقا قىزىقتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىغا كۈچى يەتمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇغاندا، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا-نىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغان. چۈنكى، پەرىشتىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىق دېگەن نەرسە ئەسلا يوق، ئۇلار نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى دەرھال ئورۇندايدۇ. پەقەت ئىبلىس ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان، ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە لايىق بولۇپ، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈلۈك قوغلانغان. ئىبلىس جىنلاردىن بولۇپ، ئۇ ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئىبلىس ئۆزىنى ئادەمدىن ئەۋزەل سانىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ: «مەن ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلغانلىقىم ۋە ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن مەن ئادەمدىن ئەۋزەل. مەن ئۇنىڭدىن ئەۋزەل تۇرسام، قانداقمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىمەن؟» دېگەن.

بۇ ئايەت ئىبلىسنىڭ جىنلاردىن كېلىپ چىققانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بەزى ئايەتلەر ئىبلىسنىڭ پەرىشتىلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبلىس پەرىشتىلەردىن ئەمەس. چۈنكى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى﴾ دېگەن ئايەت ئىبلىسنىڭ پەرىشلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى ۋە جىنلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلە بار: بىرى ئىبلىسنىڭ يارىتىلىش ماددىسى پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىش ماددىسى بىلەن بىر ئەمەس. چۈنكى، ئىبلىس ئوتتىن، پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان. يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغاندا،

ئىبلىس ئۇلار بىللە ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق﴾ دېگەن سۆزىدە ئىبلىسنى تىلغا ئالمىغان. ئەمدى ﴿ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى﴾ دېگەن ئايەتتە ئىبلىسنىڭ ئىسمىنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدا كەلگەنلىكى ئازنى كۆپكە كىرگۈزۈۋېتىش ئۇسۇلى بويىچە كەلگەن بايانلاردۇر.

راستتىنلا ئاللاھ تائالا بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەيتانلارنى ئۆزلىرىگە دوست ۋە يارەدەمچى قىلىۋالغانلىقى ۋە ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يارەدەمچىلىرى بولغان بۇ لەنىتى شەيتانلارغا ئەگەشكەنلىكىدىن ئەجەبلەنگەن ۋە كۆپلىگەن ئايەتلەردە ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟﴾ دېگەن مەنىدە ئىنسانلارغا كايىغان.

نۇرغۇن ئىنسانلار شەيتاننىڭ ئازدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەم ئەۋلادىنى ئازدۇرۇشتىن باشقا دەردى ۋە غەرىزى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشتىن قورقمايدۇ، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ تۇرۇپ، بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شەكسىزكى، مۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا بويسۇنغان، ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ئىتائەت قىلىنىشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئادا قىلمىغانلار بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بويىچە، ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردۇر.

ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ يارەدەمچىلىرى بولغان شەيتانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى ھەققىدىكى ھەقىقەتلەردىن ھېچقانداق نەرسىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىغا ھازىر قىلمىغان، ئۇلارغا نە ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ، نە ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن تۇرسا، ئۇلار نېمىنى بىلسۇن؟! ئاللاھ تائالا شەيتانلارنى، ئازغۇنلارنى ۋە باشقا ھېچكىمنى ئۆزىگە يارەدەمچى قىلغانمۇ ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچقانداق يارەدەمچىگە موھتاج ئەمەس.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە شۇنى ئەسلەتكىنكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا كايىپ: ﴿سىلەر ماڭا شېرىك قىلىۋالغان نەرسەڭلارنى چاقىرىپ بېقىڭلار﴾ دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن،

ئۆزلىرى چوقۇنغان ئاتالمىش مەبۇدلىرىنى چاقىرىپ باقىدۇ-يۇ، ئۇلاردىن ھېچبىر زۇۋان چىقمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار چاقىرىۋاتقان نەرسىلەر ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ زىيان-زەخمەتتىن قۇتقۇزالمايدىغان بۇتلار تۇرسا، بۇ نەرسىلەر قانداقمۇ ئۇلارنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىسۇن؟ قانداقمۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرەلىسۇن؟!

«مۇپەسسىرلەر ﴿وَجَعَلْنَا بَيْنَهُم مَّوْبِقًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايەتتىكى ﴿مَّوْبِقًا﴾ دېگەن سۆزگە «ھالاكەتلىك جاي» دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتكە: «قىيامەت كۈنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇلار چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئارىسىدا ئۇلار ئۆتەلمەيدىغان ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلىمىز» دەپ تەپسىر قىلغان. ھەسەن قاتارلىق مۇپەسسىرلەر ﴿مَّوْبِقًا﴾ دېگەن سۆزگە «ئاداۋەت» دەپ مەنە ئېيتقان بولۇپ، ئايەتنى: «مۇشرىكلار بىلەن ئۇلار چوقۇنغان مەبۇدلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىمىز» دەپ تەپسىر قىلغان»[1].

گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرەر - كۆرمەستىنلا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇم چۈشىدىغانلىقىنى جەزم قىلىدۇ-دە، قاتتىق قورقۇشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇلار قورقسۇن ياكى قورقمىسۇن، دوزاخقا كىرىش ئۇلارغا بەلگىلىنىپ بولغان ئىشتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىرەر قۇتقۇزغۇچى ياكى شاپائەتچى تاپالمايدۇ، دوزاختىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قالىدىغان جاينىمۇ تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئوت ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بولغان شەيتانلارنىڭ ئادەم ئەۋلادىغا بولغان دۈشمەنلىكى، ئاداۋىتى ۋە يامانلىقى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

2. ئەقىل-ئىدراك ۋە بىلىم-سەۋىيەگە ئىگە بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان يېگانە ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان شەيتانلارغا ئەگىشىپ كېتىشى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىقتۇر.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق بولغان ھېچبىر

[1] «تفسير الطبير» 17- توم، 299- بەت.

ئىلاھ يوقتۇر.

4. ساختا ئىلاھلار ۋە بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان ئاتالمىش ئەۋلىيالار قىيامەت كۈنىدە ھېچكىمگە ئەسقاتمايدۇ.

### ◄ بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فِي هَٰذَا الْقُرْآنِ لِلنَّاسِ مِن كُلِّ مَثَلٍ ۚ وَكَانَ الْإِنسَانُ
أَكْثَرَ شَيْءٍ جَدَلًا ﴿٥٤﴾ وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَن يُؤْمِنُوا إِذْ جَاءَهُمُ
الْهُدَىٰ وَيَسْتَغْفِرُوا رَبَّهُمْ إِلَّا أَن تَأْتِيَهُمْ سُنَّةُ الْأَوَّلِينَ أَوْ يَأْتِيَهُمُ
الْعَذَابُ قُبُلًا ﴿٥٥﴾ وَمَا نُرْسِلُ الْمُرْسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ ۚ
وَيُجَادِلُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِالْبَاطِلِ لِيُدْحِضُوا بِهِ الْحَقَّ ۖ وَاتَّخَذُوا
آيَاتِي وَمَا أُنذِرُوا هُزُوًا ﴿٥٦﴾ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ
فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِيَ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ ۚ إِنَّا جَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً
أَن يَفْقَهُوهُ وَفِي آذَانِهِمْ وَقْرًا ۖ وَإِن تَدْعُهُمْ إِلَى الْهُدَىٰ فَلَن يَهْتَدُوا
إِذًا أَبَدًا ﴿٥٧﴾ وَرَبُّكَ الْغَفُورُ ذُو الرَّحْمَةِ ۖ لَوْ يُؤَاخِذُهُم بِمَا كَسَبُوا
لَعَجَّلَ لَهُمُ الْعَذَابَ ۚ بَل لَّهُم مَّوْعِدٌ لَّن يَجِدُوا مِن دُونِهِ مَوْئِلًا ﴿٥٨﴾
وَتِلْكَ الْقُرَىٰ أَهْلَكْنَاهُمْ لَمَّا ظَلَمُوا وَجَعَلْنَا لِمَهْلِكِهِم مَّوْعِدًا ﴿٥٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

54ـ شەكسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. ئىنسان ئەڭ كۆپ جېدەللىشىدىغان مەخلۇقتۇر.

55ـ ئىنسانلارغا ھىدايەت كەلگەن چاغدا، ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن ۋە رەببىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن توسۇپ قالغان نەرسە پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئۆز باشلىرىغا كېلىشىنى ياكى ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئازابنى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى كۈتكەنلىكى ئىدى.

56ـ بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. كاپىرلار باتىل سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى يوققا

چىقىرىش ئۈچۈن، (پەيغەمبەرلەر بىلەن) مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارنى مەسخىرە (تېمىسى) قىلىۋالغان.

57-رەببىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند-نەسىھەت قىلىنغان تۇرۇپمۇ ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شەكسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى قىلدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە چاقىرساڭمۇ، ئۇ ھالدا ئۇلار ھەرگىزمۇ ھىدايەت تاپالمايدۇ.

58-رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم-شەپقەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك (دەرھال) جازالايدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇلارغا بەلگىلەنگەن بىر ۋاقىت بار، (ئۇ ۋاقىتتا) ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن باشقا پاناھ جاي تاپالمايدۇ.

59-شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (ھەقنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغان چاغدا، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىگەن ئىدۇق.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلار ئۈچۈن ھىدايەت مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەقىدە ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىشلار ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بايانلىرىنى دىللارنى يۇمشىتىدىغان، كۆڭۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، ئەقىلنى ئاچىدىغان، ۋىجداننى ئويغىتىدىغان، تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان ناھايىتى ئېسىل ئۇسلۇبلار بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئىنسان ئەڭ كۆپ بەس-مۇنازىرە قىلىشىدىغان مەخلۇق بولغانلىقتىن، ھەقىقەت شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ئوچۇق كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن شەكلىنىپ يۈز ئۆرۈيدۇ.

مەككىلىكلەرگە ھىدايەتنىڭ مەنبەسى، توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى ۋە روشەن نۇر بولغان «قۇرئان كەرىم» كەلگەن چاغدا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ

بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتىن ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن توسۇپ قويغان نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بۇرۇنقى ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەرگە ئوخشاش ھالاكەتلەرنىڭ كېلىشىنى ياكى تۇيۇقسىز كېلىدىغان ئازابنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشنى كۈتكەنلىكى ئىدى.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارنىڭ كاپىر بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ياكى ئۇلارنى كۇفرىغا تەشەببۇس قىلىدىغان بىرەر ئايەت يوق، پەقەت ئىنسان بەس-مۇنازىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھەقىقەت بىلەن شۇنداق ئويىنىشىدۇ، قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتلەر ئۈستىدىمۇ قالايمىقان تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۇلارنى ھالاك قىلىدىغان ئازاب كەلمىگۈچە ياكى قىيامەت بولۇپ ئاخىرەتنىڭ ئازابى ئۇلارنى قورشىمىغۇچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە گۇناھلىرىغىمۇ تەۋبە قىلمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. يەنى ئايەت ئۇلارنىڭ قەتئىي ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىز ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلىرىمىزنى پەقەت ئىمان ئېيتقانلارغا ساۋاب ۋە ئاخىرەتتىكى ئېسىل جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتىمىز. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر. كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ بىھۇدە سۆزلىرى بىلەن ھەقىقەتنى يەڭمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە شۇنچە چوڭ مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە مۆجىزە تەلەپ قىلىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەر توغرۇلۇق: ﴿مَا هَـٰذَآ إِلَّا بَشَرٌ مِّثۡلُكُمۡ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيۡكُمۡ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَـٰٓئِكَةً﴾ يەنى ﴿بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى﴾[1] دەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، پەيغەمبەرنىڭ ئاخىرەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ مەسخىرە قىلدى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى زىكىر قىلىنغاندا ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئۈچۈن باتىل يوللار

[1] مۇئمىنۇن سۈرىسى: 24-ئايەت.

بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويمايدىغان، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتمايدىغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم يوقتۇر. كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىشى، ھاكاۋۇرلۇقى، باتىل ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى، ھوقۇق ۋە مەنسەپنى دەپ ھەقىقەتكە قارشى چىقىشى، پانىي دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئاخىرەتلىكتىن ئەۋزەل كۆرۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئورنىغان قارا چېكىتلەرنىڭ ئورنىدىدۇر.

ئۇلارنىڭ مۇشۇ گۇناھ-مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشتىن توسۇپ قالىدىغان قېلىن پەردىلەرنى تارتىۋەتتۇق، قۇلاقلىرىنى بولسا ھەقىقەتنى ئاڭلىمايدىغان ئېغىر قىلىپ قويدۇق. ئۇلار بۇ ھالەتتە ھەرگىزمۇ ھىدايەت تاپالمايدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن قولۇڭدىن كەلگەن بارچە چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سالغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىيالمايسەن. چۈنكى، ھىدايەت قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس.

رەببىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، مۆئمىنلەرگە تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىك زاتتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققانلىقى، ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلغانلىقى، ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ جازاسىنى دەرھال بېرىشنى خالىغان بولسا ئىدى، ئازاب ئۇلارنى دەرھال قورشىۋالغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغىنى باشقىچە بولۇپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا جازالاش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت بەلگىلىگەن. مەسىلەن: بەدرى غازىتىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانغا ئوخشاش. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، دوزاختۇر. كاپىرلارنى جازالايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۇلار جازادىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن باشقا ھېچقانداق پاناھگاھ تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقا مەدەتكار يوقتۇر.

بۇ شەھەرلەر ئاد، سەمۇد قەۋملىرى، مەديەن ئاھالىسى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ ھەق دىنغا قارشى چىققان، پەيغەمبەرلەرگە ئەزىيەت بەرگەن ۋە زۇلۇمدا ھەددىدىن ئاشقان چاغدا، بىز ئۇلارنى ھالاك

قىلدۇق. ئۇلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىگەن ئىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ جازايىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى ۋە ھەممىسى بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

ئەي مۇشرىكلار! دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىگە كۆرەڭلەپ كەتمەڭلار، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ كېچىككەنلىكىگە ئالدىنىپ قالماڭلار. سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرمۇ، ئۆزلىرىگە ئازاب كەلگەندە سىلەردەك غەپلەتتە ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا سەۋەب كۆرسىتىش يولىنى تاقىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا «بىلمىگەنتۇق» ياكى «ئاڭلىمىغانتۇق» دەپ، يالغاندىن ئۆزرە ئېيتىپ جاۋابكارلىقتىن باش تارتالمايدۇ.

2. ئىنسان تەبىئىتىدە ئۆزىنى قوغداش ۋە ئۆزىنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن جېدەللىشىش خاراكتېرى بار بولۇپ، ھەقلىق بولمىغان ئىشلاردىمۇ ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى دىنغا زورلاش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى ئۇلارغا ئەينەن يەتكۈزۈشتۇر.

5. «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ گۇناھى ئېغىر بولۇپ، بۇ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر.

6. زۇلۇمدىن، ھەقىقەتكە قارشى چىقىشتىن ۋە كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن قول ئۈزمىگەن ئىنساننى ئىماندىن مەھرۇم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەددىدىن ئاشقان زالىمنى ھىدايەتكە ۋە تەۋبە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلمايدۇ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا تېخىمۇ گۇناھقا پاتۇرۇپ، ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدۇ.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر بىلەن بولغان قىسسىسى

﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِفَتَىٰهُ لَآ أَبْرَحُ حَتَّىٰٓ أَبْلُغَ مَجْمَعَ ٱلْبَحْرَيْنِ أَوْ أَمْضِيَ حُقُبًا ﴿٦٠﴾ فَلَمَّا بَلَغَا مَجْمَعَ بَيْنِهِمَا نَسِيَا حُوتَهُمَا

فَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ سَرَبًا ﴿٦١﴾ فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ لِفَتَىٰهُ
ءَاتِنَا غَدَآءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَٰذَا نَصَبًا ﴿٦٢﴾ قَالَ أَرَءَيْتَ
إِذْ أَوَيْنَآ إِلَى ٱلصَّخْرَةِ فَإِنِّى نَسِيتُ ٱلْحُوتَ وَمَآ أَنسَىٰنِيهُ إِلَّا
ٱلشَّيْطَٰنُ أَنْ أَذْكُرَهُۥ ۚ وَٱتَّخَذَ سَبِيلَهُۥ فِى ٱلْبَحْرِ عَجَبًا ﴿٦٣﴾ قَالَ
ذَٰلِكَ مَا كُنَّا نَبْغِ ۚ فَٱرْتَدَّا عَلَىٰٓ ءَاثَارِهِمَا قَصَصًا ﴿٦٤﴾ فَوَجَدَا عَبْدًا
مِّنْ عِبَادِنَآ ءَاتَيْنَٰهُ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَعَلَّمْنَٰهُ مِن لَّدُنَّا عِلْمًا
﴿٦٥﴾ قَالَ لَهُۥ مُوسَىٰ هَلْ أَتَّبِعُكَ عَلَىٰٓ أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمْتَ رُشْدًا
﴿٦٦﴾ قَالَ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِىَ صَبْرًا ﴿٦٧﴾ وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَىٰ
مَا لَمْ تُحِطْ بِهِۦ خُبْرًا ﴿٦٨﴾ قَالَ سَتَجِدُنِىٓ إِن شَآءَ ٱللَّهُ صَابِرًا
وَلَآ أَعْصِى لَكَ أَمْرًا ﴿٦٩﴾ قَالَ فَإِنِ ٱتَّبَعْتَنِى فَلَا تَسْـَٔلْنِى عَن
شَىْءٍ حَتَّىٰٓ أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْرًا ﴿٧٠﴾ فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَا رَكِبَا فِى
ٱلسَّفِينَةِ خَرَقَهَا ۖ قَالَ أَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا
إِمْرًا ﴿٧١﴾ قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنَّكَ لَن تَسْتَطِيعَ مَعِىَ صَبْرًا ﴿٧٢﴾ قَالَ لَا
تُؤَاخِذْنِى بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِى مِنْ أَمْرِى عُسْرًا ﴿٧٣﴾ فَٱنطَلَقَا
حَتَّىٰٓ إِذَا لَقِيَا غُلَٰمًا فَقَتَلَهُۥ قَالَ أَقَتَلْتَ نَفْسًا زَكِيَّةًۢ بِغَيْرِ
نَفْسٍ لَّقَدْ جِئْتَ شَيْـًٔا نُّكْرًا ﴿٧٤﴾ ۞ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكَ إِنَّكَ لَن
تَسْتَطِيعَ مَعِىَ صَبْرًا ﴿٧٥﴾ قَالَ إِن سَأَلْتُكَ عَن شَىْءٍۭ بَعْدَهَا فَلَا
تُصَٰحِبْنِى ۖ قَدْ بَلَغْتَ مِن لَّدُنِّى عُذْرًا ﴿٧٦﴾ فَٱنطَلَقَا حَتَّىٰٓ إِذَآ أَتَيَآ
أَهْلَ قَرْيَةٍ ٱسْتَطْعَمَآ أَهْلَهَا فَأَبَوْا۟ أَن يُضَيِّفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا
جِدَارًا يُرِيدُ أَن يَنقَضَّ فَأَقَامَهُۥ ۖ قَالَ لَوْ شِئْتَ لَتَّخَذْتَ عَلَيْهِ
أَجْرًا ﴿٧٧﴾ قَالَ هَٰذَا فِرَاقُ بَيْنِى وَبَيْنِكَ ۚ سَأُنَبِّئُكَ بِتَأْوِيلِ مَا لَمْ
تَسْتَطِع عَّلَيْهِ صَبْرًا ﴿٧٨﴾

16

## تەرجىمىسى

60ـ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش ھەمراھىغا: «ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارمىغۇچە ياكى بەك ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتمىگۈچە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىمەن» دېگەن ئىدى.

61ـ ئۇلار ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يېتىپ بارغاندا، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالدى، بېلىق دېڭىزغا (تونېلغا ئوخشاش) يول ئېچىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى.

62ـ ئۇلار ئۇ جايدىن ئۆتۈپ بولغاندا مۇسا ياش ھەمراھىغا: «ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق» دېدى.

63ـ ھەمراھى: «بىز قورام تاشنىڭ يېنىدا ئارام ئالغان ۋاقتىمىز ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن شۇ جايدا بېلىقنى بولغان ئەھۋالنى ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى ساڭا ئېيتىشىمنى پەقەتلا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. بېلىق شۇ چاغدا ھەيران قالارلىق ھالدا دەرياغا يول ئېلىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى» دېدى.

64ـ مۇسا: «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى» دېدى ـ دە، ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە قايتتى.

65ـ ئاندىن ئۇ ئىككىسى (شۇ چوڭ تاشنىڭ يېنىدا) بەندىلىرىمىزدىن بىزنىڭ ئالاھىدە مەرھەمەتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە دەرگاھىمىزدىن (غەيبىي) ئىلىم بىلدۈرگەن بىر بەندە (خىزىر)نى ئۇچراتتى.

66ـ مۇسا ئۇنىڭغا: «ساڭا بىلدۈرۈلگەن ئىلىملەردىن ماڭا توغرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىمنى ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگەشسەم بولامدۇ؟» دېدى.

67ـ ئۇ ئېيتتى: «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن.

68ـ سەن(ھەقىقەتنى) ئۇقمىغان ئىشقا قانداقمۇ سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟».

69ـ مۇسا ئېيتتى: «ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋرچان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن».

70ـ ئۇ ئېيتتى: «ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ساڭا سۆز ئاچمىغۇچە مەندىن ھېچ نەرسە ھەققىدە سوئال سورىما».

71ـ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە مېڭىپ كېلىپ بىر كېمىگە

چىقتى، ئۇ (خىزىر) كېمىنى تېشىۋەتتى، مۇسا (ئۇنىڭغا): «كېمىدىكىلەرنى غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىنى تېشىۋەتتىڭمۇ؟ سەن راستتىنلا غەلىتە ئىش قىلدىڭ» دېدى.

72ـ ئۇ: «مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟» دېدى.

73ـ مۇسا ئېيتتى: «ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن سەن مېنى ئەيىبلىمە، ئىشىمدا مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويما».

74ـ ئۇ ئىككىسى يەنە بىرلىكتە ماڭدى، ئۇلار بىر بالىنى ئۇچراتتى، ئۇ (خىزىر) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا: «سەن بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن راستتىنلا چوڭ بىر (گۇناھ) ئىشنى قىلدىڭ».

75ـ ئۇ ئېيتتى: «ساڭا مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟»

76ـ مۇسا ئېيتتى: «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، سەن مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن. سەن مەندىن (زېرىكىپ) ئۆزرە ئېيتىدىغان يەرگە يەتتىڭ».

77ـ ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىۋىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇ (خىزىر) ئۇنى رۇسلاپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن سەن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ».

78ـ ئۇ ئېيتتى: «بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىدۇر. مەن ساڭا سەن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي.

### تەپسىرى

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەسھابۇلكەھف توغرۇلۇق سورىماقچى بولغاندا، قۇرەيش كاپىرلىرىغا: «ئەگەر مۇھەممەد بىزنىڭ سورىغان سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرەلىسە، ئۇنى پەيغەمبەر دەپ بىلىڭلار، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنى يالغانچى دەپ بىلىڭلار» دېگەن ئىدى.

بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىرنىڭ قىسسىسىنىڭ بايان قىلىنىشىدىكى سەۋەب، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ بارلىق ئىشلارنى تولۇق بىلىشى شەرت ئەمەسلىكىنى، بەزىدە ئەڭ كاتتا ئالىمنىڭمۇ

بىلمىگەن مەسىلىلىرىنى ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئالىمدىن سوراپ بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قىسسە ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەر كەلگەن. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى، توساتتىن بىرى ئۇنىڭدىن «ئەڭ ئالىم كىشى كىم؟» دەپ سوراپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سوئالىغا: «ئەڭ ئالىم كىشى مەن» دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا كايىدى ۋە «ئىككى دېڭىز ئۇچراشقان جايدا، سەندىنمۇ ئالىم بىر بەندەم بار» دەپ ۋەھيى قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىپ: «ئى رەببىم! مەن ئۇنى قانداق تاپىمەن؟» دەپ سورىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا «بىر بېلىقنى پىشۇرۇپ ئۇنى سېۋەتكە سېلىپ، ئېلىپ ماڭىسەن، ئاندىن ئۇ بېلىقنى يوقىتىپ قويىسەن، بېلىقنى نەدە يوقىتىپ قويغان بولساڭ، ھېلىقى ئالىم بەندەمنى شۇ يەردە ئۇچرىتىسەن» دەپ تەلىم بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ تەلىمات بويىچە، بىر بېلىقنى پىشۇرۇپ، ئۇنى سېۋەتكە سېلىپ ياش خادىمى يۇشەئ ئىبنى نۇن دېگەن يىگىتنى بىرگە ئېلىپ يولغا چىقتى. يول بويى ئۇلار قاتتىق چارچاپ كېتىپ بىر چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالدى. بۇ ئەسنادا ھېلىقى پىشۇرۇلغان بېلىق مۆجىزىلىك بىر شەكىلدە تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دېڭىزغا كىرىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، يۇشەئ ئۇنىڭغا بېلىقنىڭ دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالدى، ئۇلار شۇ كۈنى يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ناشتىلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يۇشەئ بېلىقنى ئېسىگە ئېلىپ، ﴿بىز چوڭ تاشنىڭ ئاستىدا ئارام ئالغان ۋاقتىمىز ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن شۇ جايدا بېلىققا بولغان ئەھۋالنى ساڭا ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى ساڭا ئېيتىشىمنى پەقەتلا شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. بېلىق شۇ چاغدا ھەيران قالارلىق ھالدا دەرياغا يول ئېلىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى﴾ دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇشەئنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا: ﴿بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى﴾ دېدى ۋە ئىككىسى دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ، كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە قايتىپ بېرىپ، بېلىقنى ئۇنتۇپ قالغان چوڭ تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە خىزىرنى

ئۇچراتتى ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ بىلدۈرگەنلىرىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى»[1].

﴿ئىككى دېڭىزنىڭ قوشۇلىدىغان جايى﴾ دېگەن ئايەتنى بەزى مۇپەسسىرلەر قارا دېڭىز بىلەن ئاق دېڭىزنىڭ ئۇچرىشىدىغان جايى دېسە، بەزى مۇپەسسىرلەر ئىيوردانىيە دېڭىزى بىلەن قەلزۇم دېڭىزىنىڭ ئۇچراشقان جايى دەيدۇ. يەنە باشقا قاراشتىكىلەرمۇ بار.

خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرۇپ، «ئەگەر سەن ماڭا ئەگىشىپ ماڭساڭ، كۆرۈنۈشتە سېنىڭ شەرىئىتىڭگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان سىرلىق ئىشلارنى كۆرىسەن، ئۇ چاغدا سەن ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي سوئال سورىغىلى تۇرىسەن، شۇڭا سەن مەن بىلەن يۈرۈشكە سەۋر-تاقەت قىلالمايسەن» دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرگە: ﴿ئاللاھ خالىسا مېنىڭ سەۋرچان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن﴾ دەيدۇ. خىزىر يەنە ئۇنىڭغا: ﴿ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ساڭا دەپ بەرمىگۈچە مەندىن ھېچ نەرسىنى سوئال سورىما﴾ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئىككىسى دېڭىزنى بويلاپ مېڭىۋاتاتتى، ئالدىدىن بىر كېمە ئۆتتى، ئۇلار كېمىگە چىقىۋېلىشنى سورىۋىدى، كېمىدىكىلەر ئۇلارنى كېمىگە ئېلىۋالدى. ئۇلار كېمىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خىزىر كېمىنىڭ تاختىلىرىدىن بىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تاشلىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ ئادەملەر بىزنى ھەق تەلەپ قىلماستىن، كېمىسىگە ئېلىۋالغان تۇرسا، ئەمدى سەن كېلىپ، ئۇلارنى سۇدا غەرق بولۇپ كەتسۇن دەپ كېمىسىنى تېشىۋاتامسەن؟ سەن راستىتىنلا غەلىتە بىر ئىش قىلدىڭ، دەيدۇ.

خىزىر ئۇنىڭغا: ﴿مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟﴾ دەپ كايىيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرگە: ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئۆتكۈزۈپ سالغان بۇ خاتالىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمە، مېنى سەن بىلەن يۈرۈشتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويما، دەيدۇ.

ئاندىن ئۇلار كېمىدىن چۈشۈپ يولدا كېتىۋاتاتتى، خىزىر ئۇ جايدا

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 154-بەت، 3401-ھەدىس.

ئويناۋاتقان باللار ئىچىدىن بىر بالىنى تۇتۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. مۇسا ئەلەيهىسسالام بۇ ئىشقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: ﴿سەن بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن راستتىنلا چوڭ بىر (گۇناھ) ئىشنى قىلدىڭ﴾ دەيدۇ. خىزىر ئۇنىڭغا: ﴿ساڭا مەن بىللە بولۇشقا ھەرگىز سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟﴾ دەيدۇ. مۇسا ئەلەيهىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: «ئەگەر مەن بۇنىڭدىن كېيىن سەندىن يەنە سوئال سورىسام، شۇ چاغدا سەن ماڭا ھەمراھ بولۇشتىن ۋاز كەچكىن. ئۇ چاغدا سېنىڭ مەن بىلەن ھەمراھ بولۇشتىن ۋازكېچىشىڭ تامامەن ئورۇنلۇق بولىدۇ. چۈنكى، مەن ساڭا سوئال سورىماسلىق ھەققىدە ئىككى قېتىم ۋەدە بېرىپ بولۇپ، سۆزۈمدە تۇرالمىدىم» دەيدۇ. بۇ مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ قاتتىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئىدى.

ئۇلار يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر شەھەرگە كېلىپ، شەھەر ئاھالىسىدىن ئۆزلىرىنى مېهمان قىلىپ تاماق بېرىشىنى سورايدۇ، ئەمما شەھەر ئاھالىسى بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ ئۇلارنى مېهمان قىلغىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ ئەسنادا ئۇلار يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغان بىر كونا تامنى كۆرۈپ قېلىپ، خىزىر ئۇنى قولى بىلەن سىيپاپ رۇسلاپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيهىسسالام خىزىرنىڭ ئىشنى بىهۇدە جاپا تارتقانلىق دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ تائاملىنىشىمىزغا يېتەرلىك مىقداردا ھەق تەلەپ قىلغان بولاتتىڭ» دەيدۇ.

خىزىر ئۇنىڭغا ئېيتتىكى، سېنىڭ مەن قىلغان ئىشلارغا بولغان نارازىلىقىڭ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ھەمراھلىقىنىڭ ۋە سۆھبەتداشلىقنىڭ تۈگەنچىسىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىمىزدۇر، ئەمدى مەن ساڭا سەن قايىل بولمىغان يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىلىمى بىلەن مەغرۇرلىنىش ئىنسانغا ياراشمايدىغان قىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆزىدىن «ئەڭ ئالىم كىشى كىم؟» دەپ سورالغان سوئالغا، «مەن» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ياقتۇرمىغان. شۇڭا ئۇنى خىزىر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ قېيىن سەپەرگە بۇيرۇغان.

2. خاتالىقتىن كېيىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە توغرا قىلىشقا تىرىشىش مۇسۇلمانغا خاس خىسلەتتۇر.

3. مۆجىزىلەر پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر.

4. ئىنسان قانچىلىك كۆپ ۋە تولۇق بىلىدىم دېسىمۇ يەنىلا ئۆگىنىشكە ۋە بىلىشكە موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىنسان بىلىپ بولالمايدىغان ئىشلارمۇ كۆپتۇر.

5. تەپسىرى تەبەرىيدە مۇنداق بىر قىسسە بايان قىلىنغان «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن سورايدۇ:

-ئى رەببىم! ساڭا ئەڭ يېقىملىق بەندەڭ قايسى؟

-مېنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان، ھېچ ئۇنتۇمايدىغان بەندەم ماڭا ئەڭ يېقىملىقتۇر.

-ئەڭ ئادالەتلىك بەندەڭ قايسى؟

-ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلمەيدىغان بەندەم ئەڭ ئادالەتلىك بەندەمدۇر.

-ئەڭ ئالىم بەندەڭ قايسى؟

-بىلمىگەنلىرىنى باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە تىرىشىدىغان، بىرەر توغرا سۆز بولسىمۇ بىلىۋالسام دەيدىغان بەندەم ئەڭ ئالىم بەندەمدۇر»[1].

6. ياخشىلىقنى قوللاپ، يامانلىققا قارشى تۇرۇش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدۇر.

7. كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش كەڭ قورساقلىقنىڭ ئالا-مىتىدۇر.

8. قىساس ئېلىش ھەركىمنىڭ ھەققى بولغىنىدەك، قاتىلنى كەچۈ-رۈۋېتىشمۇ ئۆزىنىڭ ھەققىدۇر.

9. بەرگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانلىق خىسلەت بولغاندىن باشقا مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

---

[1] «تفسير الطبري» 18-توم، 63-بەت.

**10.** مېھماندوستلۇق ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

## ◄ ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تارتىشنىڭ جائىزلىقى

﴿أَمَّا ٱلسَّفِينَةُ فَكَانَتۡ لِمَسَٰكِينَ يَعۡمَلُونَ فِي ٱلۡبَحۡرِ فَأَرَدتُّ أَنۡ
أَعِيبَهَا وَكَانَ وَرَآءَهُم مَّلِكٞ يَأۡخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصۡبٗا ۝٧٩ وَأَمَّا
ٱلۡغُلَٰمُ فَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤۡمِنَيۡنِ فَخَشِينَآ أَن يُرۡهِقَهُمَا طُغۡيَٰنٗا وَكُفۡرٗا ۝٨٠
فَأَرَدۡنَآ أَن يُبۡدِلَهُمَا رَبُّهُمَا خَيۡرٗا مِّنۡهُ زَكَوٰةٗ وَأَقۡرَبَ رُحۡمٗا ۝٨١ وَأَمَّا
ٱلۡجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَٰمَيۡنِ يَتِيمَيۡنِ فِي ٱلۡمَدِينَةِ وَكَانَ تَحۡتَهُۥ كَنزٞ لَّهُمَا
وَكَانَ أَبُوهُمَا صَٰلِحٗا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَن يَبۡلُغَآ أَشُدَّهُمَا وَيَسۡتَخۡرِجَا
كَنزَهُمَا رَحۡمَةٗ مِّن رَّبِّكَۚ وَمَا فَعَلۡتُهُۥ عَنۡ أَمۡرِيۚ ذَٰلِكَ تَأۡوِيلُ مَا لَمۡ
تَسۡطِع عَّلَيۡهِ صَبۡرٗا ۝٨٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

79ـكېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىرقانچە كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبلىك قىلىپ قويماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق (ساق) كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى.

80ـھېلىقى بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى مۆئمىن ئىدى. ئۇنىڭ (چوڭ بولغاندا) ئازغۇنلۇق بىلەن كۇفرىلىقنى ئاتا-ئانىسىغا تېڭىشىدىن ئەنسىرىدۇق.

81ـشۇنىڭ ئۈچۈن بىز رەببىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىدىنمۇ پاك ۋە بەك كۆيۈمچان پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى مەقسەت قىلدۇق.

82ـتامغا كەلسەك، ئۇ تام شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ بولۇپ، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى. رەببىڭ (ئۇلارغا) رەھىم قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇ ئىشلارنى مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلمىدىم، سەن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇدۇر».

### تەپسىرى

يۇقىرىقىلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز ئالدىدا خىزىردىن سادىر بولغان ئۈچ مەسىلىنىڭ تەپسىرى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىردىن سادىر بولغان بۇ ئىشلارغا سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بۇ ئىشلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىدىن ئىدى. چۈنكى، سەۋەبسىزلا بىر كېمىنى تېشىۋېتىش، بىگۇناھ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەقىل ۋە شەرىئەت قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلار ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرنىڭ يىقىلاي دەپ قالغان بىر كونا تامنى رۇسلاپ قويغانلىقىنىمۇ قوبۇل قىلالمىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى زاھىرىغا (كۆرۈنگەنگە)ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە ھېكمىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. «شەرىئەت زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىدۇ» دېگەن سۆز بۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ تۇرغان ئادەمنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئىمان ئېيتتى دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا: «أَقَتَلْتَهُ بَعْدَ مَا قَالَ لَآ إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ؟» يەنى «ئۇ كىشى ‹لَآ إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ› دەپ تۇرسىمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟»[1] دەپ قاتتىق كايىغان.

خىزىرنىڭ كېمىنى تېشىۋېتىشى، نارەسىدە بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ۋە ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بىر تامنى بىكارغا جاپا تارتىپ رۇسلاپ قويۇشى قاتارلىق ئىشلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كاللىسىدىن قەتئىي ئۆتمىگەن ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە نىسبەتەن توغرا كۆرۈلمىگەن ئىدى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرنىڭ بۇ ئىشلىرىغا تۇرماستىن نارازىلىق بىلدۈرگەن.

ئەمما خىزىر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئىش قىلغان زات بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ئىدى. مۇشۇ ئۈچ ئىشتا ئاللاھ تائالا خىزىرغا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام «يەر يۈزىدە مەندىن بەك ئالىم ئادەم يوق» دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇنى خىزىر ئارقىلىق سىنىغان ۋە ئۇنىڭغا يەر يۈزىدە ئۇ بىلمىگەن ئىشلارنى بىلىدىغان كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

---

[1] «صحيح مسلم» 1- توم، 97- بەت، 159-ھەدىس.

بەزى ئۆلىمالار خىزىرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن سانىغان بولسىمۇ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئۇنى پەيغەمبەر ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىسى دەپ قارايدۇ.

خىزىر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ سىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ دەيدۇكى، سېنىڭ قاتتىق نارازىلىقىڭنى قوزغىغان ئىشلىرىمنىڭ بىرىنچىسى كېمىنى تېشىۋەتكەنلىكىمگە كەلسەك، بۇ كېمە كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ كېمىسى ئىدى. ئۇلار بۇ كېمە بىلەن دېڭىزدا تىجارەت قىلىش ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن كۈننى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بىر زالىم پادىشاھى بار بولۇپ، ئىشقا يارايدىغان ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالاتتى. مەن بۇ كېمىنى شۇ زالىم پادىشاھنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئازراق ئەيىبلىك قىلىپ قويدۇم. مەن بۇنداق قىلىش بىلەن يامان ئىش قىلغىنىم يوق. پەقەت شۇ كەمبەغەللەر ئۈچۈن كېمىدىن ئايرىلىپ قېلىش ياكى كېمىنى ئەيىبلىك قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تاللىدىم. كېمە ئەيىبلىك بولۇپ قالسىمۇ بۇ كەمبەغەللەرنىڭ قولىدا قالغىنى پادىشاھنىڭ تارتىۋالغىنىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى.

ئەمدى مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى بالىغا كەلسەك، سەن ماڭا بىگۇناھ بىر بالىنى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ دەپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۈڭ. بۇ توغرىدا سېنىڭ بۇ نارازىلىقىڭ ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇ بالىنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىنى ماڭا بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ بولسا يامان ئادەم بولۇپ يېتىشىدىغانلىقى، جەمئىيەت ئەزالىرىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان، ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىدىغان، ئۇلارنىمۇ گۇناھ ئىشلارغا زورلايدىغان ۋە خاتىرجەم قىلمايدىغان بەتبەخت بالا بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسىنى ئاسراش يۈزىسىدىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇئمىن، ياخشى ئادەملەر ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ بولۇپ ئاتا-ئانىسىغا كۇفرىلىقنى، گۇناھ-مەسىيەتنى تېڭىشى يامان بولاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا تەقۋادار، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن، بۇ بەتبەخت بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

ئەمدى مەن بىكارغا جاپا تارتىپ رۇسلاپ قويغان تامغا كەلسەك، ئۇ تامنىڭ ئاستىدا شۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ خەزىنىسى كۆمۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى. ئاتا-ئانىنىڭ ياخشىلىقى ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە پايدىلىقتۇر. رەببىڭ بۇ

ئىككى يېتىم بالىنىڭ خەزىنىسىنى ئۇلار چوڭ بولغۇچىلىك شۇ تامنىڭ ئاستىدا ساقلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، بۇ تامنى رۇسلاپ قويۇشۇمنى ئەمر قىلدى. چۈنكى، ئەگەر بۇ ئەسكى تامنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاستى ئېچىلىپ قالاتتى ۋە ئۇلارنىڭ خەزىنىسى باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى يېتىم بالىغا قىلغان رەھىم-شەپقىتى ئىدى. چۈنكى، رەببىڭ بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى مەن ئۆز خاھىشىم ۋە ئۆز ئىجتىھادىم بىلەن قىلغىنىم يوق. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن شۇنداق قىلدىم. ئى مۇسا! سەن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان ئىشلارنىڭ ئىزاھاتى ئەنە شۇدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن بولۇپ، بەزى ئىشلار كۆرۈنۈشتە زىيانلىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا پايدىلىق بولۇپ چىققاندەك، يەنە بەزى ئىشلار كۆرۈنۈشتە پايدىلىقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا بەزى كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ساۋابىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆپلىگەن سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەر ئىمانىنىڭ كۈچىگە قاراپ سىنىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە تەقۋادارلار ئۇچرىغان سىناقلارنىڭ ئادەتتىكى مۆئمىنلەر ئۇچرىغان سىناقلاردىن قاتتىق ۋە چوڭ بولغانلىقى بۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

3. خىزىر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، قىسسىدىكى ئىشلارنى ئۆز خاھىشى بىلەن قىلغان ئەمەس.

### ◄ زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى

﴿وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَن ذِي ٱلۡقَرۡنَيۡنِۖ قُلۡ سَأَتۡلُواْ عَلَيۡكُم مِّنۡهُ ذِكۡرًا ٨٣
إِنَّا مَكَّنَّا لَهُۥ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَءَاتَيۡنَٰهُ مِن كُلِّ شَيۡءٖ سَبَبٗا ٨٤ فَأَتۡبَعَ
سَبَبًا ٨٥ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَغۡرِبَ ٱلشَّمۡسِ وَجَدَهَا تَغۡرُبُ فِي عَيۡنٍ

حَمِئَةٍ وَوَجَدَ عِندَهَا قَوْمًاۗ قُلْنَا يَٰذَا ٱلْقَرْنَيْنِ إِمَّآ أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّآ
أَن تَتَّخِذَ فِيهِمْ حُسْنًا ﴿٨٦﴾ قَالَ أَمَّا مَن ظَلَمَ فَسَوْفَ نُعَذِّبُهُۥ ثُمَّ يُرَدُّ
إِلَىٰ رَبِّهِۦ فَيُعَذِّبُهُۥ عَذَابًا نُّكْرًا ﴿٨٧﴾ وَأَمَّا مَنْ ءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا
فَلَهُۥ جَزَآءً ٱلْحُسْنَىٰۖ وَسَنَقُولُ لَهُۥ مِنْ أَمْرِنَا يُسْرًا ﴿٨٨﴾ ثُمَّ أَتْبَعَ سَبَبًا
﴿٨٩﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ مَطْلِعَ ٱلشَّمْسِ وَجَدَهَا تَطْلُعُ عَلَىٰ قَوْمٍ لَّمْ نَجْعَل
لَّهُم مِّن دُونِهَا سِتْرًا ﴿٩٠﴾ كَذَٰلِكَۖ وَقَدْ أَحَطْنَا بِمَا لَدَيْهِ خُبْرًا ﴿٩١﴾ ثُمَّ
أَتْبَعَ سَبَبًا ﴿٩٢﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ بَيْنَ ٱلسَّدَّيْنِ وَجَدَ مِن دُونِهِمَا قَوْمًا
لَّا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ قَوْلًا ﴿٩٣﴾ قَالُوا۟ يَٰذَا ٱلْقَرْنَيْنِ إِنَّ يَأْجُوجَ
وَمَأْجُوجَ مُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ فَهَلْ نَجْعَلُ لَكَ خَرْجًا عَلَىٰٓ أَن تَجْعَلَ
بَيْنَنَا وَبَيْنَهُمْ سَدًّا ﴿٩٤﴾ قَالَ مَا مَكَّنِّى فِيهِ رَبِّى خَيْرٌ فَأَعِينُونِى
بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا ﴿٩٥﴾ ءَاتُونِى زُبَرَ ٱلْحَدِيدِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا
سَاوَىٰ بَيْنَ ٱلصَّدَفَيْنِ قَالَ ٱنفُخُوا۟ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَعَلَهُۥ نَارًا قَالَ ءَاتُونِىٓ
أُفْرِغْ عَلَيْهِ قِطْرًا ﴿٩٦﴾ فَمَا ٱسْطَٰعُوٓا۟ أَن يَظْهَرُوهُ وَمَا ٱسْتَطَٰعُوا۟ لَهُۥ
نَقْبًا ﴿٩٧﴾ قَالَ هَٰذَا رَحْمَةٌ مِّن رَّبِّىۖ فَإِذَا جَآءَ وَعْدُ رَبِّى جَعَلَهُۥ دَكَّآءَۖ
وَكَانَ وَعْدُ رَبِّى حَقًّا ﴿٩٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

83ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن زۇلقەرنەين توغرۇلۇق سورىشىدۇ. «مەن سىلەرگە ئۇنىڭغا ئائىت قىسسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بېرەي» دېگىن.

84ـبىز ئۇنىڭغا زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا ئۇتۇقلۇق يول ھازىرلاپ بەردۇق.

85ـزۇلقەرنەين (ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) بىر يولغا ماڭدى.

86ـنىھايەت، ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، كۈننى قارا لايلىق

بۇلاقتا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى[1] . بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇ بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. بىز: «ئى زۇلقەرنەين! سەن ئۇلارنى جازالىغىن ياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن» دېدۇق.

87ـزۇلقەرنەين ئېيتتى: «كىمكى (كۇفرىلىقتىن يانماي ئۆزىگە) زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، رەببى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ.

88ـئەمما كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بار، ئۇنى ئوڭاي ئىشقا بۇيرۇيمىز».

89ـئاندىن زۇلقەرنەين (ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن يەنە) بىر يولغا ماڭدى.

90ـنىھايەت، ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، بىز كۈننىڭ (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

91ـ(ئەھۋال بۇ يەردىمۇ) شۇنداق بولدى (يەنى زۇلقەرنەين كۈنچىقىش تەرەپتىكى كىشىلەرگىمۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى). بىز ئۇنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىدۇق.

92ـئاندىن ئۇ (يەنە) بىر يولغا ماڭدى.

93ـنىھايەت، زۇلقەرنەين ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەردە ئوڭايلىقچە گەپ چۈشەنمەيدىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتتى.

94ـئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئىش ھەققى بەلگىلىسەك بولامدۇ؟» دېدى.

95ـزۇلقەرنەين ئېيتتى: «رەببىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرى (سىلەرنىڭ بەرمەكچى بولغان نەرسەڭلاردىن) ياخشىدۇر، ماڭا كۈچۈڭلار بىلەن ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي.

96ـسىلەر ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار». ئىككى تاغنىڭ ئارىسى(تۆمۈر پارچىلىرى بىلەن توشۇپ) تەكشى بولغاندا، زۇلقەرنەين: «كۆرەكلەر بىلەن پۈۋلەڭلار» دېدى. تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا،

[1] ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىسىمۇ، كىشىگە كۈن خۇددى دېڭىزغا ياكى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇ: «ماڭا ئېرىتىلگەن مىسنى كەلتۈرۈڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكەي» دېدى.

97ـ ئۇلارنىڭ (يەنى يەجۈج بىلەن مەجۈجنىڭ) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقالمىدى، ئۇنى تېشىشكىمۇ كۈچى يەتمىدى.

98ـ زۇلقەرنەين: «بۇ (توسما) رەببىمدىن بىر نېمەتتۇر رەببىم ۋەدە قىلغان ۋاقىت كەلگەندە، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر»دېدى.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئۈچ سوئالنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسھابۇلكەھف توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا بۇ سۈرىنىڭ 9ـ 26ـ ئايەتلىرىدە جاۋاب بېرىلگەن. روھ توغرىسىدىكى سوئالىغا ئىسرا سۈرىسىنىڭ 85ـ ئايىتىدە جاۋاب بېرىلگەن[1] . ئۇلارنىڭ زۇلقەرنەين توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن.

ئۆلىمالار زۇلقەرنەيننىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسكەندەر ماكېدونىي دېگەن. چۈنكى، ئىسكەندەر ماكېدونىينىڭ كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جايلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان زۇلقەرنەين ئىسكەندەر ماكېدونىي ئەمەس، چۈنكى، ئىسكەردەر ماكېدونىي يۇنانلىق كاپىر پادىشاھتۇر، ئەمما زۇلقەرنەين بولسا ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن ياخشى بەندىسىدۇر، دەپ قارايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى ھەققىدە سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا زۇلقەرنەيننىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، بىز زۇلقەرنەينگە زېمىندا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە يېتەرلىك ئىقتىدار ئاتا قىلدۇق،

---

[1] ﴿وَيَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلرُّوحِۖ قُلِ ٱلرُّوحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّي وَمَآ أُوتِيتُم مِّنَ ٱلْعِلْمِ إِلَّا قَلِيلًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ. دېگىنكى، «روھ (نىڭ ماھىيىتىنى بىلىش) رەببىمنىڭ ئىشىدۇر، سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن»﴾ (ئىسرا سۈرىسى: 85ـ ئايەت).

كۆزلىگەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بارلىق چارىلىرىنى، سەۋەبلىرىنى ۋە يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق، ئۇنىڭغا ئۇ بىلمەكچى بولغان ھەر نەرسىنىڭ ئىلمىنى ئۆگەتتۇق. ئۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش يولىدا سەۋەبلەرنى قولدىن بەرمىدى. زۇلقەرنەيىن بىر كۈنى كۈنپېتىش تەرەپكە بېرىشنى خالىۋىدى، ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن بىر يولغا ماڭدى ۋە يېتىپ بېرىشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى قىلدى، ئاخىر ئۇ جايغا يېتىپ باردى. ئۇ كۈنچىقىش تەرەپكە بېرىشنى خالىۋىدى، يەنە ئاللاھ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن بىر يولغا ماڭدى، سەۋەب قىلدى، تىرىشتى، شۇنداق قىلىپ كۈنچىقىش تامانغىمۇ يېتىپ باردى.

﴿كۈنپېتىش﴾ تىن مەقسەت يەر يۈزىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ، زۇلقەرنەيىن شۇ جايغا يېتىپ بارغاندا قۇياشنى قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، يەنى ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈندى.

ئەللامە رازى مۇنداق دېگەن: «زېمىننىڭ شار شەكىللىك ئىكەنلىكى ۋە ئاسماننىڭ ئۇنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر. شەكسىزكى، قۇياش ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىدۇ. ﴿بۇلاقنىڭ يېنىدا ئۇ بىر قەۋمنى ئۇچراتتى﴾ دېگەن ئايەتمۇ ئىشارەت قىلىدۇكى، ئۇ قەۋمنىڭ قۇياشنىڭ يېنىدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇياش زېمىندىن نەچچە ھەسسە چوڭ. شۇنداق چوڭ بىر قۇياشنىڭ بىر بۇلاققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟ شۇڭا دەيمىزكى، ﴿قۇياشنى قارا لايلىق بۇلاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق: زۇلقەرنەيىن شۇ جايغا بارغاندا، ئۇ شەھەرنىڭ مەنزىللىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئۆي-ئىمارەت كۆرۈنمەيتتى، شۇ چاغدا ئۇ قۇياشنىڭ پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى خۇددى قارا لايلىق بۇلاقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاتقاندەك ھېس قىلغان. بۇ خۇددى دېڭىزدا يۈرگەن ئادەمگە قۇياشنىڭ ناھايىتى يىراق بىر جايدا پېتىۋاتقانلىقى خۇددى دېڭىزغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر»[1].

زۇلقەرنەيىن يەنە ئۇ جايدا كۇفرىلىقتا ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە پېتىپ كەتكەن بىر بۇزغۇنچى قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ بۇز-

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 21-توم، 496-بەت.

غۇنچىلىق تېرىيدىغان ئازغۇن قەۋم ئىدى. زۇلقەرنەيىن بۇ قەۋمنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئاللاھ تائالاغا ئىستىخارە قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئىشارەت سورىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى يا ئۇلارنى كۇفرىلىقى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋېتىش ياكى ئۇلارغا ھەقىقەتكە قايتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ، ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا بۇيرىدى. زۇلقەرنەيىن ئىككىنچىسىنى تاللىدى ۋە ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا شۇنداق جاكارلىدىكى: ﴿كىمكى (كۇفرىلىقتىن يانماي) ئۆزىگە زۇلۇم قىلسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، رەببى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. ئەمما كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بار، ئۇنى ئوڭاي ئىشقا بۇيرۇيمىز﴾. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، زۇلقەرنەيىن بۇ قەۋمنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت تۇرغان. بۇ جەرياندا باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى جازالىغان، ئاجىزلارغا ياردەم قىلغان ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان.

ئاندىن زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپكە زەپەر قۇچقان ھالدا يۈرۈپ كەتتى، ئۇ كۈنچىقىشنىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ جايدا كۈننىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان نەرسىلەر ئاتا قىلىنمىغان، ئەتراپىدا ئۆي-ئىمارەت ياكى تاغ ۋەياكى دەل-دەرەخ بولمىغان بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار سەھرادا ياشايدىغان بىر قەۋم بولۇشى ئېھتىمال.

زۇلقەرنەيىن يەنە شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر شەھەرگە كېلىپ قالدى. بۇ شەھەرنى بەزى مۇپەسسىرلەر ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمېنىيە دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ شەھەردە ئۆز تىلىدىن باشقا ھېچقانداق تىلنى چۈشەنمەيدىغان بىر قەۋم بار بولۇپ، ئۇلار سىبىرىيە تەرەپتىن يەجۇج بىلەن مەجۇج قەۋملىرىنىڭ قورشاۋىدا ياشايتتى. يەجۇج بىلەن مەجۇج بولسا بۇزغۇنچى، زالىم ۋە قالاق بىر قەۋم ئىدى.

بۇ قەۋمنىڭ ئادەملىرى زۇلقەرنەيىننىڭ زور كۈچىنى ۋە ئەسكەر سانىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۈمىدىنى باغلاپ: «ئەي زۇلقەرنەيىن! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەمىشە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، بەكمۇ ۋەھشىي ۋە قالاق بىر قەۋمدۇر. ئۇلارنىڭ بىزگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كېلەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا بىر توسما سېلىپ بەرگەن بولساڭ، بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن بىز ساڭا مال-دۇنيالىرىمىزدىن يىغىپ بەرسەك» دېدى. زۇلقەرنەيىن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ياقتۇرىدىغان، ئاللاھ

تائالا تەرىپىدىن كۆچ-قۇۋۋەت، مال-دۇنيا ئاتا قىلىنغان، پۇل-مالنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان، ياخشى ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ﴿رەببىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرى (سىلەرنىڭ بەرمەكچى بولغان نەرسەڭلاردىن) ياخشىدۇر﴾ دەپ ئۇلار تەييارلىغان مال-دۇنيالارنى، سوۋغا-سالاملارنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئاندىن ئۇلاردىن بۇ ئىشقا كۈچى بىلەن ياردەم قىلىشىنى سورىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار زۇلقەرنەيىنگە تۆمۈر، مىس، ياغاچ، يېقىلغۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ كەلتۈردى. ئاندىن ئوتنى يېقىپ تۆمۈر ۋە مىسلارنى ئېرىتىپ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىغا قۇيدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قەلئەدەك چوڭ بىر تام ھاسىل بولدى.

يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنىڭ قاتتىق مۇستەھكەملىكىدىن ئۇنى تېشىپ ئۆتۈشكىمۇ كۈچى يەتمەي قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ھېلىقى قەۋمنى يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قوغداپ قالدى.

زۇلقەرنەيىن بۇ مۇستەھكەم تامنىڭ پۈتۈپ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغان ھالدا: بۇ (توسما) رەببىمدىن بىر نېمەتتۇر رەببىم ۋەدە قىلغان ۋاقىت كەلگەندە، ئۇ ئۇنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ، رەببىمنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر ﴾ دېدى. ئەگەر بۇ ئايەتنىڭ ﴿رەببىمنىڭ ۋەدىسى ﴾ دېگەن قىسمىدىن يەجۇج بىلەن مەجۇجنىڭ چىقىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇلار چىقىپ بولغان ۋە تاممۇ تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ تامنىڭ ھازىر تېپىلمىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ زۇلقەرنەيىن ھەققىدە سورىغان سوئالىغا ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى بىلەن جاۋاب بەرگەنلىكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

2. بۇ دۇنيا سەۋەب دۇنياسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىرەردىن سەۋەبكە باغلىق قىلغان. ھەر ئىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىش دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر.

3. زۇلقەرنەيىن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەشھۇر تۆت پادىشاھنىڭ بىرى دېيىلىدۇ. بۇ تۆت پادىشاھنىڭ ئىككىسى مۇئمىنلەردىن، ئىككىسى كاپىرلاردىن بولۇپ، مۇئمىنلەردىن بولغانلىرى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلەن زۇلقەرنەيىندۇر. كاپىرلاردىن بولغانلىرى نەمرۇد بىلەن بۇختۇنەسسەردۇر[1].

## ◄ كۇفرىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتى

﴿ وَتَرَكْنَا بَعْضَهُمْ يَوْمَئِذٍ يَمُوجُ فِي بَعْضٍ ۖ وَنُفِخَ فِي الصُّورِ
فَجَمَعْنَاهُمْ جَمْعًا ﴿٩٩﴾ وَعَرَضْنَا جَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ لِلْكَافِرِينَ عَرْضًا ﴿١٠٠﴾
الَّذِينَ كَانَتْ أَعْيُنُهُمْ فِي غِطَاءٍ عَنْ ذِكْرِي وَكَانُوا لَا يَسْتَطِيعُونَ
سَمْعًا ﴿١٠١﴾ أَفَحَسِبَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَنْ يَتَّخِذُوا عِبَادِي مِنْ دُونِي
أَوْلِيَاءَ ۚ إِنَّا أَعْتَدْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَافِرِينَ نُزُلًا ﴿١٠٢﴾ قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ
بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا ﴿١٠٣﴾ الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ
يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعًا ﴿١٠٤﴾ أُولَٰئِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِ
رَبِّهِمْ وَلِقَائِهِ فَحَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا
﴿١٠٥﴾ ذَٰلِكَ جَزَاؤُهُمْ جَهَنَّمُ بِمَا كَفَرُوا وَاتَّخَذُوا آيَاتِي وَرُسُلِي
هُزُوًا ﴿١٠٦﴾ ﴾

## ◄ تەرجىمىسى

99ـ ئۇ كۈندە ئىنسانلارنى (دولقۇنلاردەك) بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ھالدا تەرك ئېتىمىز، سۇر چېلىنىدۇ، (ئاندىن) ئۇلارنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز.

100ـ101ـ ئۇ كۈندە (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) كۆزلىرى مېنى يادىغا سالىدىغان دەلىللەرنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن، (ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى) ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان ئاشۇ كاپىرلارغا جەھەننەمنى ئاشكارا كۆرسىتىمىز.

[1] نەمرۇد — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغان زالىم پادىشاھتۇر. بۇختۇنەسسەر — يەھۇدىيلارنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن ۋە يەھۇدىي ئالىملىرىنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتكەن، يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان زالىم پادىشاھتۇر.

102ـكاپىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشنى توغرا دەپ ئويلامدۇ؟ شەكسىزكى، بىز كاپىرلار ئۈچۈن جەھەننەمنى چۈشىدىغان جاي قىلىپ تەييارلىدۇق.

103ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (قىلغان) ئەمەللىرىدە ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟

104ـئۇلار دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.

105ـئەنە شۇلار رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر». قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز.

106ـكاپىر بولغانلىقى، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر.

### تەپسىرى

بىز ۋەدە قىلغان قىيامەت كۈنى كەلگەندە، تاغلارنى كۆكۈم تالقان قىلىپ، يەر يۈزىنى تۈپتۈز قىلىپ ھەممىنى يوق قىلىۋېتىمىز ۋە بەندىلىرىمىزنى قىيامەت كۈنىدىكى قىستاڭچىلىقتا بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرىۋېتىمىز، ئۇلار خۇددى دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ قىيامەت قايىم بولغاندا بولىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ھەتتا سۇر چالغان پەرىشتە ئىسرافىلمۇ ئۆلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام تىرىلىپ، ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا، ھەممە خالايىق تىرىلىپ ئورنىدىن قوپىدۇ، قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە قانداق ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ. ﴿ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ كۈندە دۇنيادىكى ۋاقتىدا قۇلاقلىرى ئاللاھ تائالانى يادىغا سالىدىغان«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ قالغان، كۆزلىرى كائىنات دەلىللىرىنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى، پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان ئاشۇ كاپىرلارغا جەھەننەم ئاشكارا كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ئۇلارغا جەھەننەمنى ئۆچۈق

ئاشكارا كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ. بۇ كۆرسىتىش دوزاخ ئەھلى بولغان كاپىرلارنى دوزاخقا تاشلاشتىن بۇرۇن مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلاش، قاتتىق قايغۇغا ۋە غەم-ئەندىشىگە سېلىش ئۈچۈندۇر.

﴿ئۇ كۈندە (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) كۆزلىرى مېنى يادىغا سالىدىغان دەلىللەرنى كۆرۈشتىن پەردىلەنگەن﴾ دېگەن ئايەتتىكى «دەلىللەر» «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئىپادىلىگەندەك، كائىنات دەلىللىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان دەلىللەردۇر.

ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا دىلى كور بولغانلىقتىن، ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرىنى كۆرمەيتتى، ھەق سۆزنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئۇنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمايتتى. ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾ [1]، ﴿وَقَالُواْ قُلُوبُنَا فِيٓ أَكِنَّةٖ مِّمَّا تَدۡعُونَآ إِلَيۡهِ وَفِيٓ ءَاذَانِنَا وَقۡرٞ وَمِنۢ بَيۡنِنَا وَبَيۡنِكَ حِجَابٞ فَٱعۡمَلۡ إِنَّنَا عَٰمِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر پەردە بار. شۇڭا سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى» دەيدۇ﴾ [2].

ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، مېنى قويۇپ مېنىڭ بەندىلىرىمدىن بەزىسىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشنى توغرا دەپ قارامدۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ شۇنداق ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىۋېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىشامدۇ؟ ئۇلار مۇنداق قىلىش بىلەن چوڭ زىيان تارتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا جەھەننەمنى كاپىرلارنىڭ چۈشىدىغان ۋە مەڭگۈ تۇرىدىغان جايى قىلىپ تەييارلىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئىنسانلارغا ئېيتقىنكى، سىلەرگە دۇنيادا ياخشى ئەمەل دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىپ زىيان تارتىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىمىز دەپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان يوللار بىلەن ئىش كۆرگەنلەردۇر. مەسىلەن: ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىپ چوقۇنغان ياكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىدئەت ئەمەللەرنى ئۇنىڭغا كىرگۈزگەن ۋەياكى «قۇرئان كەرىم» بىلەن

[1] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 5-ئايەت.

ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغانغا ئوخشاش.

ئۇلار رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ۋاقتىدا ياخشى ئەمەل دەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەن كاپىرلاردۇر. ﴿وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلار قىلغان ھەربىر ئەمەلگە يۈزلىنىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز﴾ [1]. مۇنداقلارنىڭ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھېچبىر قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەل دەپ قىلغانلىرى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن ئەمەللەرنى تارتىدىغان تارازىنىمۇ تۇرغۇزمايمىز. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا لايىق ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ھەق دىنىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. دىنىنى كۆزگە ئىلمىغانلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق ئېغىر بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز دەپ، مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى پەرىشتە بولسۇن، مەيلى ئاتالمىش ئەۋلىيا بولسۇن، قانداقلا بىر مەخلۇقنى ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىچىغا، ۋاستىگە ھاجەت يوقتۇر.

2. ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىپ كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلماستىن، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىبادەت سىستېمىلىرىنى ۋە قائىدە-تەرتىپلەرنى چىقىرىۋالغۇچىلار ئازغۇنلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىبادەت دەپ قىلغانلىرى بىكاردۇر. خرىستىيانلار، يەھۇدىيلار، خاۋارىجلار، رافىزىلەر ۋە بەزى شىئەلەر بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ئىبادەتلەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر.

### ◄ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ كَانَتۡ لَهُمۡ جَنَّٰتُ ٱلۡفِرۡدَوۡسِ

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 23-ئايەت

نُزُلًا ﴿١٠٧﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا لَا يَبۡغُونَ عَنۡهَا حِوَلًا ﴿١٠٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

107ـشەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ.

108ـئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە مەڭگۈ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ياخشى ئۆگىنىپ، توغرا چۈشىنىپ، چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەلپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ھاياتىنى ياخشىلىق بىلەن گۈللەندۈرگەن، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارغان كىشىلەر جەننەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكى بولغان فىردەۋس جەننەتلىرىدە ناھايىتى ئالىي ئىززەت-ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

ئۇلار فىردەۋس جەننەتلىرىدە ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن نېمەتلىنىپ مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ جەننەتلەردىن باشقا جايغا يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، بۇ فىردەۋس جەننەتلىرىدە بارچە نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ جەننەتلەردىن باشقا بىر جەننەتكە يۆتكىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. شۇنداقلا بۇ جەننەتلەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىگە ئاتا قىلىدىغان چوڭ پەزل-مەرھەمىتىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى فىردەۋس جەننىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ فِي الجَنَّةِ مِائَةَ دَرَجَةٍ ، أَعَدَّهَا اللَّهُ لِلْمُجَاهِدِينَ فِي سَبِيلِهِ ، كُلُّ دَرَجَتَيْنِ مَا بَيْنَهُمَا كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالأَرْضِ ، فَإِذَا سَأَلْتُمُ اللَّهَ فَسَلُوهُ الفِرْدَوْسَ ، فَإِنَّهُ أَوْسَطُ الجَنَّةِ ، وَأَعْلَى الجَنَّةِ ، وَفَوْقَهُ عَرْشُ الرَّحْمَنِ ، وَمِنْهُ تَفَجَّرُ أَنْهَارُ الجَنَّةِ» يەنى «جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان بىلەن زېمىندەكتۇر. ئاللاھ ئۇنى ھەق يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلىدى، سىلەر ئاللاھتىن

جەننەتنى تىلىمەكچى بولساڭلار، فىردەۋس جەننىتىنى تىلەڭلار. چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئالىي جەننەتتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاللاھنىڭ ئەرشى ئورۇنلاشقان، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى فىردەۋستىن كېلىدۇ»[1].

2. فىردەۋس جەننىتىگە كىرگەنلەر بارلىق ئارمىنىغا يەتكەن بولىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلمىنىڭ بايانى

﴿قُل لَّوۡ كَانَ ٱلۡبَحۡرُ مِدَادٗا لِّكَلِمَٰتِ رَبِّي لَنَفِدَ ٱلۡبَحۡرُ قَبۡلَ أَن تَنفَدَ
كَلِمَٰتُ رَبِّي وَلَوۡ جِئۡنَا بِمِثۡلِهِۦ مَدَدٗا ١٠٩ قُلۡ إِنَّمَآ أَنَا۠ بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ
يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ
فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ١١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

109ـ ئېيتقىنكى، «رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى».

110ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. (شۇ ئېنىقكى) ماڭا: ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە ئىبادەت قىلىشتا (ئۇنىڭغا) ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن».

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئېيتقىنكى، رەببىمنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، بارلىق دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ سۈيى سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا، دېڭىز، ئوكيانلارنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى، رەببىمنىڭ سۆز-

[1] «صحيح البخاري» 9ـ توم 125ـ بەت 7423 ـ ھەدىس.

لىرىنىڭ ھېسابى ياكى تۈگەيدىغان چېكى يوق. ﴿وَلَوْ أَنَّمَا فِي ٱلْأَرْضِ مِن شَجَرَةٍ أَقْلَٰمٌ وَٱلْبَحْرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعْدِهِۦ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ كَلِمَٰتُ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشۇلۇپ (سىياھ بولغا) تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ ﴿ئاللاھنىڭ سۆزلىرى﴾ دېگەن قىسمىنى «ئاللاھنىڭ نەسىھەتلىرى»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «ئاللاھنىڭ سۆزلەشتىن ئىبارەت ئەزەلىي سۈپىتى»[3] دەپ تەپسىر قىلغان. مۇجاھىد «ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتى»[4] دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىسى ﴿ئاللاھنىڭ سۆزلىرى﴾ دېگەن ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿بول!﴾ دېگەن ئەمرى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياراتماقچى بولغان ھەربىر نەرسىنى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ھەربىر ئىشنى ﴿بول!﴾ دېگەن ئەمرى بىلەنلا بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەمىشە يارىتىپ، پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر. ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا ۋە ھەر لەھزىدە نەچچە مىڭلىغان جانلىقلار دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ «بول!» دېگەن ئەمرى بىلەن يارىتىش ۋە پەيدا قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشىنىڭ ۋە پەيدا قىلىشىنىڭ چېكى بولمىغاندەك، ئۇنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىنىڭمۇ چېكى يوقتۇر. ﴿ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەلۋەتتە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسانمەن. مەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتىم، بىرەر شەخستىن تەلىم ئالمىدىم ياكى بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇمىدىم. رەببىم ماڭا ئۆز تەرىپىدىن ئىلىم-مەرىپەت ئاتا قىلدى، رەببىم تەرىپىدىن ماڭا «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر» دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ. سىلەر ئاقىۋىتىڭلارغا قاراڭلار! كىمكى رەببىنىڭ ھۇزۇرىغا ياخشى ئەمەللەر بىلەن بېرىشنى ۋە جەننەتنى ئۈمىد قىلىدىكەن، رەببىنى چىن دىلىدىن سۆ-

[1] لۇقمان سۈرىسى: 27-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 10- توم، 435- بەت.

[3] ئالدىنقى مەنبەدىن.

[4] «تفسير البغوي» 5- توم، 213- بەت.

يىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان ئىكەن، قىيامەت كۈنى رەببىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىنىغا مۇۋاپىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلسۇن! رەببىگە ھېچ نەرسىنى ۋە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈگەيدىغان چەك-چېگراسى بولمىغاندەك، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭمۇ چەك-چېگراسى يوقتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ خۇددى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىلغان پەيغەمبەردۇر.

# مەريەم سۈرىسى

مەريەم سۈرىسى فاتىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە نازىل بولغان، 98 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. سۈرىدە قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى، مۇشرىكلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بەزى مۇنازىرىلەر بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ دوستلۇقىغا نائىل بولغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغان بىر قىسىم ئىنئاملارنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىش، كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەيدىغان خاتا قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە ھەزرىتى مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغۇش جەريانىدىكى ئالاھىدە ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ سۈرە «مەريەم سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

## ◄ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿كٓهيعٓصٓ ١ ذِكۡرُ رَحۡمَتِ رَبِّكَ عَبۡدَهُۥ زَكَرِيَّآ ٢ إِذۡ نَادَىٰ رَبَّهُۥ
نِدَآءً خَفِيًّا ٣ قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ ٱلۡعَظۡمُ مِنِّي وَٱشۡتَعَلَ ٱلرَّأۡسُ شَيۡبًا
وَلَمۡ أَكُنۢ بِدُعَآئِكَ رَبِّ شَقِيًّا ٤ وَإِنِّي خِفۡتُ ٱلۡمَوَٰلِيَ مِن وَرَآءِي
وَكَانَتِ ٱمۡرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا ٥ يَرِثُنِي وَيَرِثُ
مِنۡ ءَالِ يَعۡقُوبَۖ وَٱجۡعَلۡهُ رَبِّ رَضِيًّا ٦ يَٰزَكَرِيَّآ إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَٰمٍ

ٱسْمُهُۥ يَحْيَىٰ لَمْ نَجْعَل لَّهُۥ مِن قَبْلُ سَمِيًّا ﴿٧﴾ قَالَ رَبِّ أَنَّىٰ يَكُونُ
لِى غُلَٰمٌ وَكَانَتِ ٱمْرَأَتِى عَاقِرًا وَقَدْ بَلَغْتُ مِنَ ٱلْكِبَرِ عِتِيًّا ﴿٨﴾ قَالَ
كَذَٰلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَىَّ هَيِّنٌ وَقَدْ خَلَقْتُكَ مِن قَبْلُ وَلَمْ تَكُ
شَيْـًٔا ﴿٩﴾ قَالَ رَبِّ ٱجْعَل لِّىٓ ءَايَةً ۚ قَالَ ءَايَتُكَ أَلَّا تُكَلِّمَ ٱلنَّاسَ
ثَلَٰثَ لَيَالٍ سَوِيًّا ﴿١٠﴾ فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوْمِهِۦ مِنَ ٱلْمِحْرَابِ فَأَوْحَىٰٓ إِلَيْهِمْ
أَن سَبِّحُوا۟ بُكْرَةً وَعَشِيًّا ﴿١١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ كاف، ھا، يا، ئەين، ساد (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ بۇ رەببىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىيياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر.

3ـ4ـ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە پەس ئاۋازدا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى رەببىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن قالدىم، چېچىم ئاقاردى. ئى رەببىم! مەن ساڭا دۇئا قىلىپ نائۈمىد قالغىنىم يوق.

5ـ6ـ مەندىن كېيىن تۇغقانلىرىمنىڭ ئورنۇمنى باسالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر، شۇڭا سەن ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن ماڭا ۋارىس بولىدىغان، يەئقۇب ئەۋلادىغىمۇ ۋارىس بولىدىغان بىر (ياخشى) پەرزەنت ئاتا قىلغىن. ئى رەببىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان بىرى قىلغىن».

7ـ(ئاللاھ ئېيتتى) «ئى زەكەرىييا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىغان ئىدۇق».

8ـ زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەنمۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولىدۇ؟».

9ـ پەرىشتە ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سەنمۇ بۇرۇن يوق ئىدىڭ، سېنى مەن ياراتتىم».

**10ـ زەكەرىييا ئېيتتى: «ئى رەببىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىرەر بەلگە بەرسەڭ». ئاللاھ ئېيتتى: «ساڭا بېرىلىدىغان بەلگە (شۈكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز كىشىلەرگە گەپ قىلالمايسەن».**

**11ـ زەكەرىييا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا: «ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى.**

### تەپسىرى

بۇ سۈرە «كاف، ھا، يا، ئەين، ساد» دېگەن بەش ھەرپ بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىرلىرىدىن سانىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمىتىنى بايان قىلىنغان بولۇپ، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَانَ زَكَرِيَّاءُ نَجَّارًا» يەنى «زەكەرىييا ياغاچچى ئىدى»[1] دېگەن. ئايەتتىكى ﴿رَحْمَتِ رَبِّكَ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى ياشىنىپ قالغان، ئايالى تۇغماس تۇرسىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتتى ئىدى.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ئى رەببىم! مېنىڭ تېنىم ئاجىز-لىشىپ سۆڭەكلىرىم بوشىشىپ كەتتى، كۈچ-قۇۋۋىتىمدىن قالدىم، چېچىم بولسا ئاقىرىپ كەتتى. مەن ساڭا دۇئا قىلىپ ھېچقاچان نائۈمىد قالمىدىم. چۈنكى، قانداقلا بىر ۋاقىتتا ساڭا دۇئا قىلىپ ھاجىتىمنى تىلىسەم، سەن مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، تىلەكلىرىمنى بېرىپ كەلدىڭ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى تىلەشتە، ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنىڭ بىچارە بەندە ئىكەنلىكىنى، چارىسىزلىكىنى، تېنىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرى ئۆزىگە قىلغان پەزل-كەرەملىرىنى بايان قىلغان. مانا بۇ ھەرقانداق بىر دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، دۇئانى كەمتەرلىك بىلەن قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئىزھار

[1] «صحيح مسلم» 4ـ توم، 1847ـ بەت، 2379ـ ھەدىس.

قىلىش دۇئانىڭ ئەدەپلىرىدىن سانىلىدۇ.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام يەنە دۇئاسىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى، مەن مېنىڭ ۋارىسلىرىم بولغان تاغىلىرىمنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ دىنني جەھەتتە ماڭا ۋارىسلىق قىلالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇڭا سەندىن بىر پەرزەنتىم بولۇشىنى، ئۆز پۈشتۈمدىن بىر پەرزەنتىم بولۇشىنى، بۇ دىنىنى قوغداش ۋە ئەھكاملىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشىدا ئۇنىڭ ماڭا ۋارىسلىق قىلىشىنى تىلىدىم. ئېنىقكى، زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام مال-دۇنياسىدىن ئەنسىرەپ ئەمەس، دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆز پۈشتىدىن بىر ۋارىسى بولۇشىنى تىلىگەن.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى تۇغماس ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار، رەببىنى رازى قىلىدىغان بىر پەرزەنت بېرىشىنى، بۇ پەرزەنتنىڭ ئۇنىڭ دەۋەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يەئقۇب ئائىلىسىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنى، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تىلىگەن.

نىھايەت، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ئۇنىڭغا: ئەي زەكەرىييا! ساڭا بىز يەھيا ئىسىملىك بىر پەرزەنتنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىمىز، دېيىلگەن. ﴿هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُۥۖ قَالَ رَبِّ هَبۡ لِي مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةًۖ إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾ فَنَادَتۡهُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَهُوَ قَآئِمٞ يُصَلِّي فِي ٱلۡمِحۡرَابِ أَنَّ ٱللَّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحۡيَىٰ مُصَدِّقَۢا بِكَلِمَةٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَسَيِّدٗا وَحَصُورٗا وَنَبِيّٗا مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ﴾ يەنى ﴿شۇ ۋاقىتتا زەكەرىييا رەببىگە دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! سەن ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن» دېدى.-ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇپ تۇرۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ساڭا ئاللاھنىڭ («بول!» دېگەن) كەلىمىسى (ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىيسانىڭ پەيغەمبەرلىكى)نى ئىسپاتلىغۇچى، پېشۋا، ناھايىتى پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى﴾[1].

ئىلگىرى ھېچكىمگە يەھيا دەپ ئىسىم قويۇلۇپ باقمىغان بولۇپ، يەھيا دېگەن ئىسىم زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسىغا تۇنجى قېتىم قويۇلۇۋاتقان ئىدى. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام دۇئاسى ئىجابەت بولغان

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 38-39-ئايەتلەر.

ۋاقىتتا قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئايالى تۇغماس، ئۆزى ياشىنىپ قالغان بۇ ھالەتتە، ئۆلىرىنىڭ قانداق بالىسى بولىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، بۇ ئىشنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى سورايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ھەيرانلىقتىن سورالغان سوئال ئىدى. ئۇ دەيدۇ: ﴿ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولىدۇ؟﴾.

ئاللاھ تائالا پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ھەيرانلىقىغا جاۋاب بېرىپ: ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىغا ئوخشاش، ئۇلارغا مۇشۇ ھالىتىدىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈشتە: ﴿ئۇ ماڭا ئاساندۇر﴾ دېيىش ئارقىلىق بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان بىر ئىش يوقلۇقىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-ئانىنىڭ ۋاستىسىز ياراتقان زاتنىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ئىككىسىگە-ئۆزى ياشىنىپ قالغان، ئايالى تۇغماس بولغان مۇشۇ ھالىتىدىمۇ-پەرزەنت ئاتا قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايالىنىڭ ھامىلدارلىقىغا بىرەر بەلگە بېرىشىنى تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭغا تىلى ساق تۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۈچ كېچە-كۈندۈز گەپ قىلالماسلىقىنى ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى قىلىپ بېرىدۇ.

زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام نامازگاھىدىن چىقىپ، قەۋمىگە ئىشارەت قىلىپ ئۇلارنى ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا كۆپ ھەمدۇسانا ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئەتىگەنلىك بىلەن ئاخشاملىق ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى دەم ئېلىپ كۆڭلى سۈزۈكلەشكەن، تىرىكچىلىك ئىشلىرىدىن خالىي بولغان، ئەتراپىنى سۈكۈنات قاپلىغان لەھزىلەر بولۇپ، بۇ لەھزىلەردە قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار تېخىمۇ ئىچتىن، تېخىمۇ سەمىمىي بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇئانى مەخپىي قىلىش ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى سەۋەبلەرنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىسا سەۋەبلەرنى توختىتىپ قويىدۇ.

3. پەيغەمبەرلەر ئىلىم-ھېكمەت ۋە گۈزەل ئەخلاقنى مىراس قالدۇرىدۇ.

4. سوئال سوراش بىلىشنىڭ يولى بولۇپ، سورىغۇچىلار ھېچ ۋاقىت ئەيىبلەنمەيدۇ.

5. كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىدۇ.

## ◄ يەھيا ئەلەيھىسسالام

﴿يَٰيَحۡيَىٰ خُذِ ٱلۡكِتَٰبَ بِقُوَّةٖۖ وَءَاتَيۡنَٰهُ ٱلۡحُكۡمَ صَبِيّٗا ١٢ وَحَنَانٗا
مِّن لَّدُنَّا وَزَكَوٰةٗۖ وَكَانَ تَقِيّٗا ١٣ وَبَرَّۢا بِوَٰلِدَيۡهِ وَلَمۡ يَكُن جَبَّارًا
عَصِيّٗا ١٤ وَسَلَٰمٌ عَلَيۡهِ يَوۡمَ وُلِدَ وَيَوۡمَ يَمُوتُ وَيَوۡمَ يُبۡعَثُ حَيّٗا ١٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

12-(يەھيا تۇغۇلۇپ سۆزنى چۈشىنىدىغان ياشقا كەلگەندە) «ئى يەھيا! كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) چىڭ ئېسىلغىن» (دېدۇق). ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدۇق.

13-بىز يەنە ئۇنىڭغا دەرگاھىمىزدىن مېھرىبانلىق ۋە پاكلىق ئاتا قىلدۇق، ئۇ تەقۋادار ئىدى،

14-ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ مۇتەكەببىر ۋە ئاسىيلىق قىلغۇچى ئەمەس ئىدى.

15-ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە ئامانلىققا ئېرىشىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ياشىنىپ قالغان زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامغا تۇغماس ئايالىدىن بىر پەرزەنت ئاتا قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

يەھيا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا خۇش خەۋەر بەرگەن بويىچە ساق-سالامەت دۇنياغا كەلدى، ئۇ چوڭ بولۇپ سۆزنى چۈشىنىدىغان ياشقا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ: ﴿ئى يەھيا!

كىتاب (يەنى تەۋرات)نى چىڭ تۇتقىن ﴾ دەپ بۇيرىدى. يەھيا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن «تەۋرات»قا چىڭ ئېسىلدى، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى، پائالىيەتچانلىقىنى ۋە چىن ئىرا-دىسىنى ئىسپاتلىدى.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز يەھياغا ئۇنىڭ كىچىك يېشىدىلا «تەۋرات»نى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ئەقىل-پاراسەت، پەيغەمبەرلەرگە خاس ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان مېھرىبانلىقنى، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە بارچە يامانلىقلاردىن يىراق تۇرىدىغان پاكلىقنى ئاتا قىلدۇق. ئۇ كىچىكىدىنلا تەقۋادار زات ئىدى، ھەرقانداق بىر گۇناھ-مەئسىيەتتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن يىراق تۇراتتى، ئۇ ھەمىشە ئاتا-ئانىسىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ئاسرايدىغان بولۇپ، ھېچ ۋاقىت ئۇلارنى قاقشىتىدىغان بەختسىزلەردىن ياكى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدىغان گۇناھكارلاردىن بولمىدى. ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە، ۋاپات بولىدىغان كۈنىدە ۋە قىيامەت كۈنى تىرىلىپ قەبرىسىدىن چىقىدىغان كۈنىدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئامانلىققا، سالامەتلىككە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى تۇغۇلۇش، ۋاپات بولۇش ۋە ئاخىرەتتە تىرىلىش قاتارلىق ئۈچ ۋاقىت ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ھالقىلىق ۋاقىتلار بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا ئىنسان ئاللاھ تائالا ئاتا قىلىدىغان ئامانلىققا، رەھىم-شەپقەتكە ئىنتايىن موھتاج بولىدۇ.

ئى مۇسۇلمان ياشلار! زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن چىققان بۇ ياش پەيغەمبەر يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆ-گىنىڭلار، ئۇنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئۈلگە قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، پاكلىقى، ئاتا-ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى، ئىنسانلارغا بولغان كەمتەرلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۈلگە ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۈلگىلىك مۆئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

### ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇش قىسسىسى

﴿وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مَرۡيَمَ إِذِ ٱنتَبَذَتۡ مِنۡ أَهۡلِهَا مَكَانٗا شَرۡقِيّٗا
(١٦) فَٱتَّخَذَتۡ مِن دُونِهِمۡ حِجَابٗا فَأَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ
لَهَا بَشَرٗا سَوِيّٗا (١٧) قَالَتۡ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِٱلرَّحۡمَٰنِ مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيّٗا
(١٨) قَالَ إِنَّمَآ أَنَا۠ رَسُولُ رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَٰمٗا زَكِيّٗا (١٩) قَالَتۡ
أَنَّىٰ يَكُونُ لِي غُلَٰمٞ وَلَمۡ يَمۡسَسۡنِي بَشَرٞ وَلَمۡ أَكُ بَغِيّٗا (٢٠) قَالَ
كَذَٰلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٞۖ وَلِنَجۡعَلَهُۥٓ ءَايَةٗ لِّلنَّاسِ وَرَحۡمَةٗ
مِّنَّاۚ وَكَانَ أَمۡرٗا مَّقۡضِيّٗا (٢١) ۞ فَحَمَلَتۡهُ فَٱنتَبَذَتۡ بِهِۦ مَكَانٗا قَصِيّٗا
(٢٢) فَأَجَآءَهَا ٱلۡمَخَاضُ إِلَىٰ جِذۡعِ ٱلنَّخۡلَةِ قَالَتۡ يَٰلَيۡتَنِي مِتُّ قَبۡلَ
هَٰذَا وَكُنتُ نَسۡيٗا مَّنسِيّٗا (٢٣) فَنَادَىٰهَا مِن تَحۡتِهَآ أَلَّا تَحۡزَنِي قَدۡ جَعَلَ
رَبُّكِ تَحۡتَكِ سَرِيّٗا (٢٤) وَهُزِّيٓ إِلَيۡكِ بِجِذۡعِ ٱلنَّخۡلَةِ تُسَٰقِطۡ عَلَيۡكِ
رُطَبٗا جَنِيّٗا (٢٥) فَكُلِي وَٱشۡرَبِي وَقَرِّي عَيۡنٗاۖ فَإِمَّا تَرَيِنَّ مِنَ ٱلۡبَشَرِ
أَحَدٗا فَقُولِيٓ إِنِّي نَذَرۡتُ لِلرَّحۡمَٰنِ صَوۡمٗا فَلَنۡ أُكَلِّمَ ٱلۡيَوۡمَ إِنسِيّٗا (٢٦)
فَأَتَتۡ بِهِۦ قَوۡمَهَا تَحۡمِلُهُۥۖ قَالُواْ يَٰمَرۡيَمُ لَقَدۡ جِئۡتِ شَيۡـٔٗا فَرِيّٗا (٢٧)
يَٰٓأُخۡتَ هَٰرُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ ٱمۡرَأَ سَوۡءٖ وَمَا كَانَتۡ أُمُّكِ بَغِيّٗا (٢٨)
فَأَشَارَتۡ إِلَيۡهِۖ قَالُواْ كَيۡفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِي ٱلۡمَهۡدِ صَبِيّٗا (٢٩) قَالَ
إِنِّي عَبۡدُ ٱللَّهِ ءَاتَىٰنِيَ ٱلۡكِتَٰبَ وَجَعَلَنِي نَبِيّٗا (٣٠) وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا
أَيۡنَ مَا كُنتُ وَأَوۡصَٰنِي بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا دُمۡتُ حَيّٗا (٣١) وَبَرَّۢا
بِوَٰلِدَتِي وَلَمۡ يَجۡعَلۡنِي جَبَّارٗا شَقِيّٗا (٣٢) وَٱلسَّلَٰمُ عَلَيَّ يَوۡمَ وُلِدتُّ وَيَوۡمَ
أَمُوتُ وَيَوۡمَ أُبۡعَثُ حَيّٗا (٣٣)﴾

## تەرجىمىسى

16ـ(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى مەريەم (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا مەريەم ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا كەتكەن ئىدى.

17ـمەريەم ئۇلار (يەنى ئۆزى بىلەن ئائىلىسى ۋە باشقىلار) ئارىسىدا پەردە تۇتۇۋەتتى (يەنى كۆرۈنمەيدىغان بولدى)، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىز (جىبرىل)نى ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى.

18ـمەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن رەھمان ئاللاھقا سىغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)».

19ـجىبرىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن رەببىڭنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن».

20ـمەريەم ئېيتتى: «ماڭا ھېچبىر ئادەم يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن ئىپپىتىمنى ساقلاپ كەلگەن تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟!».

21ـجىبرىل ئېيتتى: «ئۇغۇ شۇنداق، (ئەمما) رەببىڭ ئېيتتىكى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلىمىز، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر».

22ـئاندىن مەريەم ھامىلىدار بولۇپ، چەت بىر جايغا كەتتى.

23ـتولغاقنىڭ قاتتىقلىقى مەريەمنى بىر خورما دەرىخىگە (يۆلىنىۋېلىشقا) مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسەمچۇ! تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسامچۇ!».

24ـجىبرىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، رەببىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئاقىدىغان) بىر ئېرىق پەيدا قىلدى.

25ـخورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ.

26ـ(بۇ خورمىدىن) يېگىن، (بۇ سۇدىن) ئىچكىن ۋە (بوۋىقىڭدىن) شاتلانغىن، ئەگەر سەن بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ: ‹مەن ھەقىقەتەن سۆز قىلمايمەن دەپ رەھمان ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن ئىدىم، شۇڭا بۈگۈن ھېچكىمگە گەپ قىلمايمەن› دېگىن».

27ـنىھايەت، مەريەم بوۋاقنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىشنى قىلىپ قويدۇڭ.

28-ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ ناچار ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان ئايال ئەمەس ئىدى».

29-مەريەم (گەپ قىلماي، بۇنىڭدىن سوراڭلار دېگەندەك) بوۋاقنى كۆرسىتىپ قويىدى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق گەپ قىلىمىز؟» دېدى

30-بوۋاق ئېيتتى: «شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ئاللاھ ماڭا كىتاب (ئىنجىل)نى بېرىدۇ ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ.

31-قەيەردىلا بولسام، ئاللاھ مېنى مۇبارەك قىلدى، ھاياتلا بولسام، ناماز ئوقۇشۇمنى، زاكات بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

32-مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر ۋە ئاسىي قىلمىدى.

33-مەن تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە ۋە مەن تىرىلدىغان كۈندە ماڭا ئامانلىق بولىدۇ».

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ساڭا نازىل قىلىنغان شانلىق كىتاب - «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىگە ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگىن.

ھەزرىتى مەريەم تەقۋالىقى، گۈزەل ئەخلاقى، ئىپپىتى ۋە ئىبسىللىكى بىلەن تونۇلغان ئائىلىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان، ناھايىتى تەربىيەلىك ۋە ئىپپەتلىك يېتىشكەن بىر قىز ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىمان ۋە ئەخلاق تەربىيەسىدە ياخشى يېتىلىپ، مەلۇم ياشقا كەلگەندە، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، پەلەستىننىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر جايغا بېرىپ خىلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولغان.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ، ھەزرىتى مەريەمنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ھەزرىتى مەريەم ئۇنى كۆرۈپ بىرەر يامان غەرەز بىلەن كەلگەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن دەپ ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىدۇ ۋە ﴿مەن ھەقىقەتەن رەھمان ئاللاھقا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ (ماڭا چېقىلمىغىن)﴾ دەيدۇ. بۇ ئايەت ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىپپىتىگە ۋە تەقۋالىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى، جىبرىل ھەزرىتى مەريەمگە ناھايىتى كېلىشكەن بىر ياش يىگىت شەكلىدە كۆرۈنگەن ئىدى. بۇ بىر تەرەپتىن ھەزرىتى مەريەم ئۈچۈن سىناق ئىدى.

ئاندىن جىبرىل ھەزرىتى مەريەمگە ئۆزىنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بوۋاق ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. ھەزرىتى مەريەم بۇ خەۋەرگە ھەيران قېلىپ، بۇ قانداق گەپ؟ مەن ياتلىق بولمىغان تۇرسام ياكى بۇزۇقچىلىق قىلمىغان تۇرسام؟ قانداقمۇ مېنىڭ بالام بولىدۇ؟ دەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ ھەيرانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى قانداق تەرىقىدە بالىسى بولىدىغانلىقى، كېلەچەكتە ياتلىق بولۇپمۇ ياكى بىرەر مۆجىزىلىك يول بىلەنمۇ؟ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالغانلىقىدىن ئىدى. جىبرىل ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ئەمەلىيەت خۇددى ھەزرىتى مەريەم ئېيتقاندەك ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بولسۇن دەپ، ھەزرىتى مەريەم گەرچە ئەر جىنسىغا يېقىنلاشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن تولىمۇ ئوڭاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشتە شۇنداق مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىش ئەزەلدە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بولغان.

ھەزرىتى مەريەم جىبرىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا روھنى پۈۋلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى مەريەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولۇپ قالىدۇ.

ھەزرىتى مەريەم ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئايرىلىپ يىراق بىر جايغا كېتىپ قالىدۇ. ئۇ جايدا ئۇنى تولغاق تۇتقاندا تولغاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالىدۇ. شۇ ھالەتتە ناھايىتى پەرىشان بولىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى يامان ئىش قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىشى ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەتلەرنى ياغدۇرۇشىدىن قورقۇپ، كاشكى بۇ ئىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ، كاشكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلەردىن

بولۇپ كەتسەمچۇ، دەپ غەم-ئەندىشە قىلىدۇ.

شۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىل ھەزرىتى مەريەم تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلىپ، مەريەمنىڭ غەمكىن بولماسلىقىنى، رەببىنىڭ ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر ئېرىق ئېقتىپ بەرگەنلىكىنى، يەنە خورما دەرىخىنى ئېرغىتسا خورما چۈشىدىغانلىقىنى، خورمىدىن يەپ، ئېرىقنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ، بوۋىقى بىلەن خۇشاللىنىشىنى ئېيتىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ھەزرىتى مەريەم تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىن نىدا قىلغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان. بەزىلەر نىدا قىلغۇچىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەزرىتى مەريەمنىڭ قورسىقىدىكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام زۇۋانغا كېلىپ، ئۇ ئانىسىغا نىدا قىلغان، دەيدۇ.

يەنە بەزىلەر نىدا قىلغۇچىنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «توغرا، ھەزرىتى مەريەمگە نىدا قىلىنغان چاغدا، جىبرىل ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدى، ئەمما ئۇ مەريەمنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەزرىتى مەريەمگە نىدا قىلغان كىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر»[1]. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ھەزرىتى مەريەمگە نىدا قىلغان كىشى جىبرىلمۇ ياكى ئىيسامۇ؟ دېگەن ئىككى خىل قاراشنىڭ كۈچلۈكرەكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر، دېگەن قاراشتۇر»[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ھەزرىتى مەريەم تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىن نىدا كېلىشى، قۇرۇپ كەتكەن خورما دەرىخىدىن ھۆل خورمىنىڭ چۈشۈشى، مەريەم تۇرغان قاقاسلىق يەرنىڭ ئاستىدىن ئېرىق ھاسىل بولۇپ سۇ ئېقىشى قاتارلىق ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەربىرى مۆجىزىدۇر.

نىدا قىلغۇچى ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەپ جەزم قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ كېيىن بۆشۈكتە سۆزلىشىدىن ئاۋۋال ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى يەنە بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

ھەزرىتى مەريەمگە غەمكىن بولماسلىقى، خورما دەرىخىنى ئېرغىتىپ

---

[1] «تفسير الشعراوي» 15-توم، 9066-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 18-توم، 174-بەت.

ئۇنىڭ خورمىسىدىن يەپ، ئاستىدىن ئاققان ئېرىقنىڭ سۇيىدىن ئىچىپ، خۇشال-خۇرام ئۆزىنى كۈتۈشى، كۆڭلىنى خۇش تۇتۇشى ھەققىدە نىدا قىلىنغانلىقى ھەزرىتى مەريەمنى ئاللاھ تائالانىڭ قىيىنچىلىقتا يالغۇز تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن قوغدىغاندەك، كىشىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىنمۇ قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ تائالا يەنە ھەزرىتى مەريەمنى بوۋاق تۇغرۇلۇق سورىغان كىشىلەرگە قەتئىي گەپ قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

نىھايەت، ھەزرىتى مەريەم ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى تۇغدۇ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مەريەمنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئائىلە ناھايىتى تەقۋادار، ئار-نومۇسنى قوغدايدىغان بىر ئائىلە ئىدى.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ قەۋمى بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەي مەريەم! سەن ئاجايىپ غەلىتە بىر ئىش قىلىپ قويدۇڭ. بۇ بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ھەرگىز توغرا كەلمەيدىغان بەكمۇ قەبىھ بىر ئىشتۇر. ئەي مەريەم! سېنىڭ داداڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ ياخشى، تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئاناڭمۇ بۇزۇق ئايال ئەمەس ئىدى. ساڭا بۇ يامانلىق نەدىن كەلدى؟ دەپ كايىشقا باشلايدۇ.

مەريەم ھېچنەرسە دېمەي جىم تۇرۇۋالىدۇ ۋە گەپ سورىساڭلار بۇنىڭدىن سوراڭلار دېگەندەك قىلىپ، قولىدىكى بوۋاقنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا تېخىمۇ ھەيران قېلىپ، بىز قانداقلارچە بۇ بۆشۈكتىكى بىر بوۋاققا گەپ قىلىمىز؟ دېيىشكەندە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ﴿شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ئاللاھ ماڭا كىتاب (ئىنجىل)نى بېرىدۇ ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلىدۇ﴾ دەپ سۆزلەشكە باشلايدۇ.

ھەزرىتى مەريەم بوۋاققا ئىشارەت قىلغىنىدا، قەۋمى ئۇنى بىر خىل مەسخىرە قىلغانلىق دەپ چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ مەريەمگە بولغان غەزىپى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق سۆزلەپ ئانىسىنى ئاقلىغاندىن كېيىن ئۇلار پەسكويغا چۈشكەن ۋە جىم بولۇپ قالغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم پاكلىقتا ۋە ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاشتا دۇنيا ئاياللىرىغا ئۈلگىدۇر.

2. پەرىشتىلەر ھەر خىل قىياپەتكە كىرەلەيدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى قىلىدىغان پاك بەندىلەردۇر.

3. قورقىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ پاناھ تىلەش ياخشى ئىشتۇر.

4. تەقۋالىق كىشىنى باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن ۋە يامان ئىش قىلىشتىن توسىدىغان قالقاندۇر.

5. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقى ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەردىن بىرىدۇر.

6. ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولۇشى مۆجىزە بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىشتۇر.

7. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە سۆزلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۆجىزىسىدۇر.

8. ياخشى ئىشقا بەل باغلاپ نەزىر قىلىش (يەنى ۋەدە قىلىش) ئىسلامدا يول قويۇلغان ئەمەللەردىن سانىلىدۇ.

9. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

10. ئاتا-ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىش پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدا پەرزدۇر.

11. مۇتەكەببىرلەرنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## ◄ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھەق سۆز

﴿ذَٰلِكَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ ٱلْحَقِّ ٱلَّذِى فِيهِ يَمْتَرُونَ ﴿٣٤﴾ مَا
كَانَ لِلَّهِ أَن يَتَّخِذَ مِن وَلَدٍ سُبْحَٰنَهُۥٓ إِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ
لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿٣٥﴾ وَإِنَّ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ هَٰذَا صِرَٰطٌ
مُّسْتَقِيمٌ ﴿٣٦﴾ فَٱخْتَلَفَ ٱلْأَحْزَابُ مِنۢ بَيْنِهِمْ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ كَفَرُوا۟
مِن مَّشْهَدِ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٣٧﴾ أَسْمِعْ بِهِمْ وَأَبْصِرْ يَوْمَ يَأْتُونَنَا لَٰكِنِ

ٱلظَّٰلِمُونَ ٱلۡيَوۡمَ فِي ضَلَٰلٖ مُّبِينٖ ﴿٣٨﴾ وَأَنذِرۡهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡحَسۡرَةِ إِذۡ قُضِيَ
ٱلۡأَمۡرُ وَهُمۡ فِي غَفۡلَةٖ وَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٣٩﴾ إِنَّا نَحۡنُ نَرِثُ ٱلۡأَرۡضَ
وَمَنۡ عَلَيۡهَا وَإِلَيۡنَا يُرۡجَعُونَ ﴿٤٠﴾

### تەرجىمىسى

34-ئەنە شۇ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇلار شەك قىلىۋاتقان مەسىلە توغرىسىدىكى ھەق سۆز (مۇشۇدۇر).

35-ئاللاھنىڭ بالىسى بولۇشى (ئۇنىڭ شەنىگە) لايىق ئەمەس، ئۇ (مۇنداق بولۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «بول!» دەيدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بولىدۇ.

36-(ئىيسا قەۋمىگە مۇنداق دېدى:) «ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر».

37-شۇنداق تۇرۇقلۇق (يەھۇدىي ۋە خرىستىيان) پىرقىلەر ئۆز ئارىسىدا (ئىيسا توغرۇلۇق) ئىختىلاپ قىلىشتى، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممە ھازىر قىلىنىدىغان بۈيۈك (قىيامەت) كۈنىدىكى ھالىغا ۋاي!

38-ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا كەلگەن كۈندە، (ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى) نېمىدېگەن سەزگۈر! (كۆزلىرى) نېمىدېگەن ئۆتكۈر! لېكىن زالىملار بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ.

39-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنى ھەسرەت كۈنىدىن[1] ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، ئۇلار (قىيامەتكە) ئىشەنمەيدۇ.

40-زېمىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا پەقەت بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ.

### تەپسىرى

يۇقىرىقى ئايەتلەردە سۈپەتلىرى ۋە سۆزلىرى بايان قىلىنغان بوۋاق

[1] ھەسرەت كۈنى-قىيامەت كۈنى دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ كاپىرلار ھەسرەت چېكىدىغان كۈندۇر.

ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «بول!» دېگەن كەلىمىسىدىن يارىتىلغان زاتتۇر. ﴿إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ﴾ يەنى ﴿مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، ئاللاھنىڭ مەريەمگە چۈشۈرگەن كەلىمىسىدۇر[1]، ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) بىر روھتۇر﴾[2]. بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭدا قەتئىي شەك يوق. ﴿إِنَّ مَثَلَ عِيسَىٰ عِندَ ٱللَّهِ كَمَثَلِ ءَادَمَۖ خَلَقَهُۥ مِن تُرَابٖ ثُمَّ قَالَ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ٥٩ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ (ئاتىسىز) يارىتىلغانلىقى ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ ئادەمنىمۇ (ئاتىسىز ھالدا) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «بول!» دېدى-دە، ئۇ دەرھال بولدى. بۇ ھەقىقەت (يەنى توغرا خەۋەر) رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەندۇر. شۇڭا سەن شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن﴾[3].

مانا بۇ ھەق سۆز، ئادالەتلىك ھۆكۈم ۋە راست قىسسە بولۇپ، بۇ توغرىدا شەك قىلىشقا ئورۇن يوق. چۈنكى، بۇ ھەزرىتى مەريەمنى يەھۇدىيلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلايدىغان، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى خىرىستىيانلارنىڭ توقۇلمىلىرىدىن پاكلايدىغان ھەق سۆزدۇر. خىرىستىيانلارنىڭ توقۇلمىلىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن چىقىرىپ ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىشقا مەركەزلەشكەندۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى»، «ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار ھەققىدە ﴿وَبِكُفۡرِهِمۡ وَقَوۡلِهِمۡ عَلَىٰ مَرۡيَمَ بُهۡتَٰنًا عَظِيمٗا﴾ يەنى ﴿يەنە ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلارنى جازالىدۇق)﴾[4] دېگەن ئايەت، خىرىستىيانلار ھەققىدە: ﴿يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئى ئەھلى كىتاب (يەنى خىرىستىيانلار) ! دىنىڭلار توغرىسىدا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق

---

[1] يەنى ئاللاھنىڭ «بول!» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر.

[2] نىسا سۈرىسى: 171-ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 59-60-ئايەتلەر.

[4] نىسا سۈرىسى: 156-ئايەت.

گەپىنىلا قىلىڭلار. مەسىھ ـ مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتلەر كەلگەن.

«ئىنجىل»لاردا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق چاغلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى توغرۇلۇقمۇ توختالمىغان. بۇ «ئىنجىل»لاردا ھەزرىتى مەريەمنىڭ خورما دەرىخىگە يۆلىنىۋالغانلىقى، بۇ قۇرۇق دەرەختىن ھۆل خورما چۈشكەنلىكى، مەريەمنىڭ تۇرغان يېرىدىن سۇ ئاققانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەريەمنىڭ ھېچكىمگە گەپ قىلمىغانلىقى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۆشۈكتە سۆزلىگەنلىكى قاتارلىق ئىشلار توغرۇلۇقمۇ ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. بەلكى بۇ «ئىنجىل»لارنىڭ ئاپتورلىرى بۇ ئىشلارنى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما «قۇرئان كەرىم» بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە بۇ كىتابلاردا قېپقالغان ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان كىتابتۇر.

«ئىنجىل»لاردا بۇ تۇرلۇك مۇھىم ماۋزۇلارنىڭ بايان قىلىنمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى قوغدىغاندەك قوغدىيالمىغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا گۇۋاھ بولۇپ: ﴿وَنَسُواْ حَظّٗا مِّمَّا ذُكِّرُواْ بِهِۦ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾ [2] دېگەن. چۈنكى، خىرىستىيانلار «ئىنجىل»لارنى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە ئەسلى «ئىنجىل»غا مۇناسىپ كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى توقۇپ چىققان.

خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىسىزلىقىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەنلىكىنى دەلىل قىلىپ، «ئىيسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا ۋە ئانىنىڭ ۋاسىتىسىز ياراتقانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ، سەۋەبلەرنى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سەۋەبسىزمۇ يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر

[1] نىسا سۈرىسى: 171 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى: 13 ـ ئايەت.

ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئاندىن تۇغۇلمىغان، بالىغا ۋە ھېچقانداق بىر شېرىككە ھاجىتى بولمىغان، ھەممىدىن بىھاجەت بىر ياراتقۇچىنىڭ قانداقمۇ ئىنسانلاردىن بالىسى بولسۇن؟ ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشىمىسا قانداقمۇ ئۇنىڭ بالىسى بولسۇن؟

ئىيسا ئەلەيھىسسالام شەيتانغا لەنەت قىلىپ: «ئەي شەيتان يوقال! سەن يېگانە ئىلاھنىڭ بولغان رەبكە سەجدە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەسمىدىڭ»[1] دېگەن. «قۇرئان كەرىم» ئۇز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْۚ﴾ يەنى ﴿مېنىڭ رەببىم، سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ [2] دېگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ئۆز ئارىسىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەردۇر، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھـ ـنىڭ ئوغلى» ۋە «ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

يەھۇدىيلار بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى زىنا قىلغان دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقان ناھەق سۆزلىرى سەۋەبلىك قىيامەت كۈنى چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى، قىيامەت كۈنى دوزاخ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئاڭلايدىغان ۋە كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار دۇنيادا ھەقىقەتنى ئاڭلىمايدىغان ۋە كۆرمەيدىغان مەخلۇقلار ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان بولۇشىنىڭ ھېچ نېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. ئۇ كۈندىكى ھەسرەت-نادامەت ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. ﴿حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ٱرْجِعُونِ ٩٩ لَعَلِّيٓ أَعْمَلُ صَٰلِحًا فِيمَا تَرَكْتُۚ كَلَّآۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَاۖ وَمِن وَرَآئِهِم بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلارنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەن (مال-دۇنيا)لىرىم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن» دەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ

[1] «ئىنجىل» مەتتا، 10-تېكىست.

[2] مائىدە سۈرىسى: 117-ئايەت.

ئۇنىڭ قورۇق گېپىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ﴿[1] .

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارنى بارلىق كاپىرلار ھەسرەت-نادامەتكە تولىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئىبارەت ھەسرەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ھەقىقەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىشقا دېگەنلىرى پايدىسىزدۇر. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئەمما بۇ كاپىرلار ھازىر چوڭقۇر غەپلەتتە تۇرماقتا ۋە قىيامەتنى ئىنكار قىلماقتا. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، يەر يۈزىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىگە رەببىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلار رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان ۋە ئۇنى ئەڭ لايىقىدا سۈپەتلەيدىغانلار مۇسۇلمانلاردۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ تونۇيدۇ، يەھۇدىيلار ئۇنى ھاقارەتلەيدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خىرىستىيانلار بولسا ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدۇ-يۇ، ئۇنىڭ تەۋسىيەلىرىگە خىلاپلىق قىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

3. خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى سۆزلىرى بىر خىل ئەمەس.

4. دۇنيا ھاياتىغا ئالدىنىپ ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى، ھەقىقىي ھايات ئاخىرەت ھاياتىدۇر.

## ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى بىلەن بولغان قىسسىسى

﴿وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِبۡرَٰهِيمَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيًّا ﴿٤١﴾ إِذۡ قَالَ

[1] مۆئمىنۇن سۈرىسى: 99-100-ئايەتلەر.

لِأَبِيهِ يَٰٓأَبَتِ لِمَ تَعۡبُدُ مَا لَا يَسۡمَعُ وَلَا يُبۡصِرُ وَلَا يُغۡنِي عَنكَ
شَيۡـٔٗا ﴿٤٢﴾ يَٰٓأَبَتِ إِنِّي قَدۡ جَآءَنِي مِنَ ٱلۡعِلۡمِ مَا لَمۡ يَأۡتِكَ فَٱتَّبِعۡنِيٓ
أَهۡدِكَ صِرَٰطٗا سَوِيّٗا ﴿٤٣﴾ يَٰٓأَبَتِ لَا تَعۡبُدِ ٱلشَّيۡطَٰنَۖ إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ
كَانَ لِلرَّحۡمَٰنِ عَصِيّٗا ﴿٤٤﴾ يَٰٓأَبَتِ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يَمَسَّكَ عَذَابٞ مِّنَ
ٱلرَّحۡمَٰنِ فَتَكُونَ لِلشَّيۡطَٰنِ وَلِيّٗا ﴿٤٥﴾ قَالَ أَرَاغِبٌ أَنتَ عَنۡ ءَالِهَتِي
يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُۖ لَئِن لَّمۡ تَنتَهِ لَأَرۡجُمَنَّكَۖ وَٱهۡجُرۡنِي مَلِيّٗا ﴿٤٦﴾ قَالَ سَلَٰمٌ
عَلَيۡكَۖ سَأَسۡتَغۡفِرُ لَكَ رَبِّيٓۖ إِنَّهُۥ كَانَ بِي حَفِيّٗا ﴿٤٧﴾ وَأَعۡتَزِلُكُمۡ وَمَا
تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَأَدۡعُواْ رَبِّي عَسَىٰٓ أَلَّآ أَكُونَ بِدُعَآءِ رَبِّي
شَقِيّٗا ﴿٤٨﴾ فَلَمَّا ٱعۡتَزَلَهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَهَبۡنَا لَهُۥٓ
إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَۖ وَكُلّٗا جَعَلۡنَا نَبِيّٗا ﴿٤٩﴾ وَوَهَبۡنَا لَهُم مِّن رَّحۡمَتِنَا
وَجَعَلۡنَا لَهُمۡ لِسَانَ صِدۡقٍ عَلِيّٗا ﴿٥٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**41**-(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىبراھىم (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.

**42**-ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! سەن نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟

**43**-ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر كەلدى، سەن ماڭا ئەگەشكىن، مەن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن.

**44**-ئى ئاتا! سەن شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان رەھمان ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى.

**45**-ئى ئاتا! سېنىڭ رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن».

**46**-ئاتىسى ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈ-مەكچىمۇسەن؟ قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن (بۇنىڭدىن) يانمىساڭ، سېنى

چوقۇم چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، سەن ئۇزاققىچە كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما».

47-ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، مەن رەببىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر.

48-مەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق تۇرىمەن، (سەن ئۈچۈن) رەببىمگە دۇئا قىلىش بىلەن بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرىمەن».

49-ئىبراھىم ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلە-رىدىن يىراقلاشقان چاغدا، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق.

50-ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزدىن ئىنئام قىلدۇق ۋە ئۇلارغا يۈكسەك شان-شەرەپ ئاتا قىلدۇق.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىلگىرىكى ئايەتلەردە، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خرىستىيانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېيىشتىن ئىبارەت بۇزۇق ئەقىدىسىگە رەددىيە بېرىلگەن بولسا، بۇ ئايەتلەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت شېرىك ئەقىدىسىگە رەددىيە بېرىلگەن.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ شانلىق كىتاب - «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەر بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگىن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇز ۋاقتىدا دادىسى ئازەرگە ئېيتتىكى، ئەي ئاتا! نېمە ئۈچۈن سەن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟

كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

بۇتپەرەس ئاتىسى ئازەرگە ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن مەنتىقلىق گەپ قىلغان. ئۇ ئاتىسىدىن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ھېچكىمگە ئەسقاتمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ سىرىنى سورىغان. پەيغەمبەرلەردەك ۋە پەرىشتىلەردەك ئۇلۇغ زاتلارغا چوقۇنۇش ئەقىلسىزلىك بولغان يەردە، جانسىز نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىق ۋە ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش ۋە ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئۇلۇغلىنىشقا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەس. ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، تاشتىن، ياغاچتىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنۇشقا بولامدۇ؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىكى، ئەي ئاتا! ماڭا ساڭا بېرىلمىگەن ئىلىملەر بېرىلدى، شۇڭا سەن ماڭا ئەگەشكىن، چۈنكى، مەن سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى قالاق ياكى نادان دەپ ئەيىبلىمەستىن، ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا توغرا بولغاننى كۆرسىتىشكە تىرىشقان، ئۇ ھەرگىز ئۆزىنى بىلەرمەن قىلىپ كۆرسىتىشنى خالىمىغان. پەقەت ئۆزىگە ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەنلىكىنى ئىزاھلىغان. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانلاردىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنى ياقتۇرمايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە دادىسىغا ئىنتايىن يۇمشاقلىق بىلەن: «ئەي ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن. چۈنكى، شەيتان ئاللاھ تائالاغا كۆپ ئاسىيلىق قىلغان مەخلۇقتۇر، ئۇ ئىنسانلارغا دۈشمەندۇر» دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئازەر بۇتقا چوقۇنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ شەيتانغا چوقۇنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ساغلام ئەقىلنىڭ ياكى ساپ خاراكتېرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ ئازدۇرغۇچى نەيرەڭلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ﴿سەن شەيتانغا چوقۇنمىغىن﴾ دېگەن. چۈنكى، بۇ ئەمەلىيەتتە شەيتانغا بويسۇنغانلىق، ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىغا يول قويغانلىق ئىدى. شەيتان ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن يامانلىقتىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ، گۇناھ-مەئسىيەتتىن باشقىسىنى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن باش تارتىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكار مەخلۇقتۇر. شۇنداق بىر ئاسىي مەخلۇققا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئازدۇرۇپ

كېتىشكە يول قويۇشقا بولامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەم شۇنداق قىلامدۇ؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنى يامان ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتتىكى، ئەي ئاتا! سېنىڭ بۇ ئازغۇنلۇقۇڭ سەۋەبلىك ساڭا رەھمان ئاللاھتىن بىرەر ئازاب كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ چاغدا سەن دوزاخقا مەھكۇم بولۇپ قېلىپ، شەيتان بىلەن تەقدىرداش بولۇپ قالىسەن.

ئەمما كۆڭلى قارا، يۈرىكى قاتتىق ئاتا ئوغلىغا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ ئۇ ئوغلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تولىمۇ قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ، سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟ قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن بۇ پەيلىڭدىن يانمايدىغان بولساڭ، سېنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. بولدى، سەن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، مەندىن ئۇزاققىچە يىراق تۇرغىن، دەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئازەر ئوغلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكسىز كۆيۈمچانلىقنى، كامالىي مېھرىبانلىقنى ئىپادىلىگەن يۇمشاق ۋە سىلىق سۆزلىرىگە ئەڭ قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەرگەن، ھەتتا ئۇنى «ئوغلۇم» دەپمۇ ئاتىمىغان. چۈنكى، ئازەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ساختا ئىلاھلىرى ھەممىدىن قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىلاھلىرىنى دەپ ئوغلىدىن ۋاز كېچىشى ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قاتتىق سۆزلىگەن ۋە ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالغان ئاتىسىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى سۆزى ھەقىقىي مۇئمىنگە خاس ئىپسىل سالام بىلەن ئاخىرلاشقان. ئۇ ئاللاھ تائالادىن ئاتىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەشكە ۋە ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا ۋەدە قىلىپ چىرايلىق قايتىپ كەتكەن. مانا بۇ ﴿وَإِذَا سَمِعُواْ ٱللَّغۡوَ أَعۡرَضُواْ عَنۡهُ وَقَالُواْ لَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ أَعۡمَٰلُكُمۡ سَلَٰمٌ عَلَيۡكُمۡ لَا نَبۡتَغِي ٱلۡجَٰهِلِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن (دوستلۇق) ئىزدىمەيمىز» دەيدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتتىكى مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىپ، تاش يۈرەك دادىسىدىن ئايرىلىپ، مېھرىبان ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە سىغىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئىلتىپات قىلغۇچى، تولىمۇ شەپقەتلىك

[1] قەسەس سۈرىسى: 55-ئايەت.

ۋە ناھايىتى مېھرىبان يۆلەكچى ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئاتىسى ئازەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەن. ﴿وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ﴾ يەنى ﴿ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى﴾ [1] ﴿رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ يَوۡمَ يَقُومُ ٱلۡحِسَابُ﴾ يەنى ﴿ئى رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾ [2] .

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، مۇسۇلمانلارمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغان. ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كاپىرلارغا مەغپىرەت تىلەشتىن مەنئى قىلىنغان. ﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ١١٣ وَمَا كَانَ ٱسۡتِغۡفَارُ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوۡعِدَةٖ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوّٞ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنۡهُۚ إِنَّ إِبۡرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٞ﴾ يەنى ﴿(كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولدى. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلغۇچى، دىلى يۇمشاق، ئەپۇچان ئىدى﴾[3]، ﴿قَدۡ كَانَتۡ لَكُمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذۡ قَالُواْ لِقَوۡمِهِمۡ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرۡنَا بِكُمۡ وَبَدَا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةُ وَٱلۡبَغۡضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥٓ إِلَّا قَوۡلَ إِبۡرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ وَمَآ أَمۡلِكُ لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن شَيۡءٖۖ رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ يەنى ﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلاردا سىلەر ئۈچۈن

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 86-ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 41-ئايەت.

[3] تەۋبە سۈرىسى: 113-114-ئايەتلەر.

ھەقىقەتەن گۈزەل ئۈلگە بار. ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرىڭلاردىن يىراقمىز، بىز سىلەرنى (ۋە چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار-نى) ئىنكار قىلدۇق. تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھتىن كېلىدىغان (ئازابتىن) ھېچ نەرسىنى سەندىن توسۇپ قالالمايمەن» دېگەن سۆزى ئۈلگە قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار مۇنداق دۇئا قىلدى) «ئى رەببىمىز! ساڭىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭىلا يۈزلەندۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[1] .

ھايات بولغان كاپىرلارغا ھىدايەت تىلەپ دۇئا قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۆلگەن كاپىرلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، كاپىر پېتى ئۆلگەن بىرسىنى «مەرھۇم پالانى» دېيىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىر پېتى ئۆلگەنلىكتىن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلاردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نېمىتىنى تولۇقلاپ بەردى، ئۇنىڭغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ئاتا قىلدى ۋە بۇ ئىككىسىنى پەيغەمبەرلەردىن قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياخشى بىر ھايات ۋە ئۆچمەس شان-شەرەپ ئاتا قىلدى. كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر بۇ ئىككىسىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بولۇپ، بارچە سىماۋى دىن ئەھلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلاتتى. يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئەرەبلەرنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرگە ئوخشاش بۇتپەرەس ئەمەسلىكى، بەلكى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، توغرا يولدىكى يولباشچى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

[1] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 4-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ۋە «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە بايان قىلىنغان «ئۇلۇل ئەزىم» (ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەردىن بىرىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇش شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى شەيتانغا چوقۇنغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئازدۇرۇش رولىنى ئوينىغۇچى شەيتاندۇر.

3. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن پەقەتلا ياخشى ۋە چىرايلىق سۆزلەر چىقىدۇ. ھاقارەت، تىللاش ۋە كۇفرى سۆزلەر ئىمانسىزلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان سۆزلەردۇر.

4. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا ھىجرەت قىلغانلىقى يەر يۈزىدە ئەمەلگە ئاشقان تۇنجى قېتىملىق ھىجرەت بولۇپ سانىلىدۇ.

5. ياخشىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى يىللار، ھەتتا ئەسىرلەر بويىچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا ماختىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر، ھەقىقەت يولىدا جان پىدا قىلغانلار، مۇجتەھىد ئالىملار ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار بۇنىڭ مىسالى.

### بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسى

﴿وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ مُوسَىٰٓۚ إِنَّهُۥ كَانَ مُخۡلَصٗا وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا
٥١ وَنَٰدَيۡنَٰهُ مِن جَانِبِ ٱلطُّورِ ٱلۡأَيۡمَنِ وَقَرَّبۡنَٰهُ نَجِيّٗا ٥٢ وَوَهَبۡنَا
لَهُۥ مِن رَّحۡمَتِنَآ أَخَاهُ هَٰرُونَ نَبِيّٗا ٥٣ وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ
إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا ٥٤ وَكَانَ يَأۡمُرُ أَهۡلَهُۥ
بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِۦ مَرۡضِيّٗا ٥٥ وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ
إِدۡرِيسَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صِدِّيقٗا نَّبِيّٗا ٥٦ وَرَفَعۡنَٰهُ مَكَانًا عَلِيًّا ٥٧ أُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِن ذُرِّيَّةِ ءَادَمَ وَمِمَّنۡ حَمَلۡنَا
مَعَ نُوحٖ وَمِن ذُرِّيَّةِ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡرَٰٓءِيلَ وَمِمَّنۡ هَدَيۡنَا وَٱجۡتَبَيۡنَآۚ إِذَا

تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُ ٱلرَّحْمَٰنِ خَرُّوا۟ سُجَّدًا وَبُكِيًّا ۩ ﴿٥٨﴾

## ◄ تەرجىمىسى

51-(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى مۇسا (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، شەكسىزكى، ئۇ تاللانغان زات ئىدى، ھەم رەسۇل ھەم نەبى (پەيغەمبەر)[1] ئىدى.

52-ئۇنىڭغا بىز تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نىدا قىلدۇق، ئۇنى مۇڭداشقۇچى قىلىپ (ئۆزىمىزگە) يېقىنلاشتۇردۇق.

53-بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ قېرىندىشى ھارۇننى (پەيغەمبەر قىلىپ) بەردۇق.

54-(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىسمائىل (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، رەسۇل ھەم نەبى ئىدى.

55-ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ئۇ رەببىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن زات ئىدى.

56-(ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە) قۇرئاندىكى ئىدرىس (قىسسىسى)نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.

57-ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈردۇق.

58-ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەمنىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە چىقارغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەئقۇب) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز ھىدايەت قىلغان، (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا رەھمان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ دەرھال سەجدىگە يىقىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ ئاخىرقى

[1] رەسۇل- ۋەھيى قىلىنغان، كىتاب نازىل قىلىنغان ۋە مۇستەقىل شەرىئەت بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى، نەبى- ۋەھيىلا قىلىنغان ۋە ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىدىغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئىككىسىنىڭ پەرقى يوق دەپ قارايدۇ.

ساماۋى كىتاب – «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۇلارغا ئۇنىڭ قىسسىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگىن. مۇسا ئەلەيھىسسالام رەسۇل ۋە نەبى پەيغەمبەر بولۇشقا تاللانغان، ئاللاھ تائالا ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن، ئىخلاسمەن پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئىبادەتلىرىدە رىياكارلىقتىن يىراق، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن پاك زات ئىدى.

مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّهُۥ كَانَ مُخۡلَصٗا وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مُخۡلَصٗا﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى بۇ سۆزنى «اخلاص» (ئىخلاس) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا «ئىخلاسمەن» دەپ مەنە ئېيتقان بولسا، يەنە بەزىسى بۇ سۆزدىكى «لام»نىڭ فەتھە (زەبەر) ئوقۇلغانلىقى ئېتىبارى بىلەن، ئۇنىڭغا «تاللانغان» دەپ مەنە ئېيتقان. چۈنكى، بۇ سۆز «مُخْلِصْ» دەپ لامنى كەسرە (زىر) قىلىپ ئوقۇغاندا ئىخلاسمەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «مُخْلَصْ» دەپ لامنى فەتھە ئوقۇغاندا «تاللانغان»، «پاكلانغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ﴿مُخۡلَصٗا﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ۋە گۇناھتىن پاك قىلغان دېگەنلىك بولىدۇ.

بىر كۈنى ئاللاھ تائالا تۇر تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نىدا قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مۇناجات قىلىشقا چاقىردى ۋە ھۇزۇرىغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇنىڭغا رەھمىتىنى تاماملاپ، ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدى. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاللاھ تائالادىن تىلىگەن ئىدى. ﴿وَٱجۡعَل لِّي وَزِيرٗا مِّنۡ أَهۡلِي ٢٩ هَٰرُونَ أَخِي﴾ يەنى ﴿ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن﴾[1]، ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّيٓ أَخَافُ أَن يُكَذِّبُونِ ١٢ وَيَضِيقُ صَدۡرِي وَلَا يَنطَلِقُ لِسَانِي فَأَرۡسِلۡ إِلَىٰ هَٰرُونَ﴾ يەنى ﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشىدىن قورقىمەن. (ئۇلار مېنى ئىنكار قىلسا) مېنىڭ يۈرىكىم سىقىلىدۇ، (ئۇنىڭ ئۈستىگە) مېنىڭ تىلىم راۋان ئەمەس، شۇڭا (ماڭا ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن) ھارۇنغىمۇ پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلغىن﴾[2]، ﴿قَالَ قَدۡ أُوتِيتَ سُؤۡلَكَ

[1] تاھا سۈرىسى: 29-30-ئايەتلەر.
[2] شۇئەرا سۈرىسى: 12-13-ئايەتلەر.

﴿يَٰمُوسَىٰ﴾ يەنى ﴿ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغانلىرىڭ ساڭا بېرىلدى﴾ [1] .

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە يەنە ساڭا نازىل قىلىنغان شانلىق كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگىن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل پەيغەمبەر ئىدى. گەرچە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى راستچىللىق بولسىمۇ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىكى راستچىللىق ئالاھىدە بىر سۈپەت ئىدى. چۈنكى، ھەربىر پەيغەمبەر بىرەر ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسىمۇ پەرقلىقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ شۇنداق. «قۇرئان كەرىم» پەرىشتىلەرنىڭ: ﴿وَمَامِنَّآ إِلَّا لَهُۥ مَقَامٌ مَّعْلُومٌ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار﴾[2] دېگەن سۆزىنى بايان قىلغان. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە ئۈممىتىنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈشكە ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە يەنە بۇ ئۇلۇغ كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگىن. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام راستچىللىقتا ئالاھىدە تونۇلغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. رەببىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن يۇقىرى ئورۇنغا ۋە ئالىي مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرگەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! بۇ سۈرىدە ساڭا بىز قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن، ئەۋۋىلى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئاخىرى ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدا ئاخىرلاشقان ئون پەيغەمبەر ئاللاھ تائالا ئالاھىدە تاللاپ ئىنئام قىلغان زاتلار ئىدى. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ھەممىسى بىز ياخشىلىققا ھىدايەت قىلغانلاردىن ۋە پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت كاتتا نېمەتكە نائىل بولغانلاردىن ئىدى. ئۇلار راستتىنلا ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئەڭ ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋە تاللانغان بەندىلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئەنە شۇنداق تاللايدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى

---

[1] تاھا سۈرىسى: 36ـ ئايەت.
[2] سافات سۈرىسى: 164ـ ئايەت.

تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا ئۇلار دىللىرى سۇنغان، كۆزلىرى ياش تۆككەن هالدا يەرگە يىقىلىپ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن بېزەلگەن، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە چىن قەلبىدىن باغلانغانلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ **14** يېرىدە سەجدە ئايىتى بولۇپ، سەجدە ئايىتىنى ئوقۇغان ياكى باشقىسىنىڭ ئوقۇغىنىنى ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ئاڭلاپ قالغان كىشىلەرنىڭمۇ سەجدە قىلىشى ھەنەفىي مەزھىپىدە ۋاجىپ، باشقا مەزھەپلەردە سۈننەتتۇر. سەجدە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالسا گۇناھ بولمايدۇ، تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قازاسى كەلمەيدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئەمەل-ئىبادەتلەرنى كۆچكە ئىگە قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىخلاستۇر. چۈنكى، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل-ئىبادەت بىكاردۇر.

**2.** ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەردىن بەزىسىگە پەردە ئارقىسىدا سۆز قىلغان، بەزىسىگە پەرىشتە جىبرىل ئارقىلىق سۆز قىلغان.

**3.** مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ كۆپ ئىنئامىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

**4.** كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق رەسۇل نەبى بولالايدۇ. ئەمما ھەرقانداق نەبى رەسۇل بولالمايدۇ. چۈنكى، رەسۇل-ئۆزىنىڭ مۇستەقىل شەرىئىتى بولغان پەيغەمبەرنى، ئەمما نەبى ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشكە ئەمر قىلىنغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، رەسۇل – ۋەھيى قىلىنغان ۋە كىشىلەرگە دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن پەيغەمبەر-لەرنى، ئەمما نەبى – ۋەھيى كەلگەن بولسىمۇ ئۆزىلا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋە دىننى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلمىغان پەيغەمبەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەڭ مۇناسىپ سۆز شۇكى، پەيغەمبەرلەر رەسۇل دەپ ئاتالغاندەك، ئەينى ۋاقىتتا نەبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ[1].

**5.** ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىلىرى ناماز بىلەن زاكاتتۇر.

---

[1] «الموقع الرسمي لسماحة الإمام ابن باز» سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى بازنىڭ پەتۋاسىدىن.

6. گەپ-سۆزدە ۋە ئىش-ھەرىكەتتە راستچىل بولۇش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر.

7. ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلغاندا ياش تۆكۈش ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

### ◀ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەسرى

﴿فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٌ أَضَاعُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّبَعُواْ ٱلشَّهَوَٰتِۖ
فَسَوۡفَ يَلۡقَوۡنَ غَيًّا ٥٩ إِلَّا مَن تَابَ وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ شَيۡـٔٗا ٦٠ جَنَّٰتِ عَدۡنٍ ٱلَّتِي
وَعَدَ ٱلرَّحۡمَٰنُ عِبَادَهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ إِنَّهُۥ كَانَ وَعۡدُهُۥ مَأۡتِيّٗا ٦١ لَّا
يَسۡمَعُونَ فِيهَا لَغۡوًا إِلَّا سَلَٰمٗاۖ وَلَهُمۡ رِزۡقُهُمۡ فِيهَا بُكۡرَةٗ وَعَشِيّٗا ٦٢
تِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِي نُورِثُ مِنۡ عِبَادِنَا مَن كَانَ تَقِيّٗا ٦٣﴾

### ◀ تەرجىمىسى

59-ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق بىر ئەۋلادلار كەلدىكى، ئۇلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

60-تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

61- (ئۇ جەننەتلەر) رەھمان ئاللاھ بەندىلىرىگە غايىبانە ۋەدە قىلغان (ئۇلارمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن) دائىملىق تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردۇر. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

62-ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، بەلكى سالامنى (ھۇزۇر ۋە ئامان- ئېسەنلىك بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى) ئاڭلايدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئەتىگەن-ئاخشامدا (كۆڭلى تارتقان) رىزىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ.

63-بەندىلىرىمىز ئىچىدىكى تەقۋادارلارغا بىز مىراس قىلىپ بېرىدىغان جەننەت ئەنە شۇدۇر.

### تەپسىرى

يۇقىرىقى پەزىلەتلىك پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كەلگەن ئەۋلادلار ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدى، چۈنكى، ئۇلار دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان نامازنى زايە قىلىۋەتتى، يەنى نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە ۋە ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا تولۇق ئادا قىلمىدى، ئۆز نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىنى ۋە يولسىز تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، ھەق يولدىن ئېزىپ كەتتى، ھاراق ئىچىش، زىنا-پاھىشە قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، يالغان گەپ قىلىش قاتارلىق ھارام ئىشلارنى ئىككىلەنمەي قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاخىرەتتە بۇ ئازغۇنلۇقىنىڭ، سادىر قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلىرىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. ئەمما گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىغان ۋە ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلغان، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ نازىل قىلغان دىنىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان، بۇ ئىماننىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر ئەلۋەتتە ئالدىنقىلاردىن مۇستەسنادۇر. ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرى سايىسىدا، ھېچبىر ناھەقچىلىككە ئۇچرىماستىن، قىلچە ئۇۋال قىلىنماستىن، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، كىرگەندىمۇ رەھمان ئاللاھ ياخشى بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان ۋە ئۇلارمۇ بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىدا كۆرمەي تۇرۇپ چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ. شەكسىزكى، مەيلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى جەننەتلەرگە كىرگۈزۈش ھەققىدىكى ۋەدىسى بولسۇن، مەيلى قانداقلا بىر ۋەدىسى بولسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە زاتتۇر.

قانداقلا بىر ئادەم گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئىماننى يېڭىلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يول ئالىدىكەن ۋە ھاياتىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم جەننەت بولىدۇ. ﴿جَنَّـٰتِ عَدۡنٍ﴾ يەنى ﴿مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر﴾ دېگەن ئايەت جەننەتنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، جەننەتكە ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن، ئىماندا راستچىل بولغان ۋە تەلەپكە لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار كىرىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەرقانداق ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە قىلغان كىشىلەر چوقۇم ئۇنىڭغا كىرىدۇ. جەننەت ئەھلى جەننەتلەردە كۆڭلى بىئارام بولىدىغان ياكى دىلىنى

رەنجىتىدىغان گەپلەرنى قەتئىي ئاڭلىمايدۇ، پەقەت كۆڭلى خۇش بولىدىغان، دىللىرىغا ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلايدىغان سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ. ئۇلار ھەمىشە پەرىشتىلەردىن ﴿ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن!﴾ دېگەندەك گۈزەل تىلەكلەرنىلا ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا دېيدىغان سۆزلىرىمۇ بىر-بىرىگە سالامەتلىك، ئامانلىق ۋە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. جەننەت ئەھلىگە كۆڭلى ئىشتىھا قىلغان ۋە ئۆزلىرى بۇرۇن كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ باقمىغان، ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغان ئېسىل رىزىقلار كەلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە دېيدۇكى، ئاشۇ جەننەتلەر بىزنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىمىز ئۈچۈن ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمىز بولۇپ، خۇددى بىراۋ مال-دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىغا مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن يىغىپ ساقلىغىنىغا ئوخشاش بىزمۇ مۇئمىن بەندىلىرىمىز ئۈچۈن بۇ جەننەتلەرنى ساقلاپ قويىمىز ۋە ئۇلارنى بۇ جەننەتلەرگە ۋارىس قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن، بۇ نېمەتلەرگە تېگىشلىك بولغان كىشىلەردۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامازنى تەرك ئېتىش ۋە نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىش كۆپلىگەن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق كەمچىلىكىدۇر.

2. ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار ئۈچۈن تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر.

3. تەقۋادارلار كىرىدىغان جەننەتلەردە ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئېسىل نازۇنېمەتلەر بار.

4. جەننەتنىڭ ۋارىسلىرى چوقۇم تەقۋادار مۇئمىنلەر بولغىنىدەك، دوزاخنىڭ ۋارىسلىرىمۇ گۇناھكار زالىملاردۇر.

### ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە

﴿وَمَا وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلَّا بِأَمْرِ رَبِّكَ لَهُۥ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وَمَا
بَيْنَ ذَٰلِكَ وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا ﴿٦٤﴾ رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا
بَيْنَهُمَا فَٱعْبُدْهُ وَٱصْطَبِرْ لِعِبَٰدَتِهِۦ هَلْ تَعْلَمُ لَهُۥ سَمِيًّا ﴿٦٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

64ـ(جىبرىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى:) بىز رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەنلا چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە شۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، رەببىڭ (ھېچـقانداق نەرسىنى) ئۇنتۇيدىغان ئەمەس.

65ـئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىنىنىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىدامىلىق بولغىن. سەن ئۇنىڭ شېرىكى بار دەپ قارامسەن؟!

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ۋاھىدى ﴿وَمَا وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلَّا بِأَمْرِ رَبِّكَ ۖ لَهُۥ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وَمَا بَيْنَ ذَٰلِكَ ۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە بىر قانچە رىۋايەتنى بايان قىلغان. بىرىنچىسى، ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ‹ئى جىبرىل! بىزنى كۆپرەك زىيارەت قىلىپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟› دېگەندە، بۇ ئايەت نازىل بولغان». ئىككىنچىسى، ئىكرىمە، زەھھاك، قەتادە، مۇقاتىل، كەلبىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇزۇن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابۇلكەھف، روھ، زۇلقەرنەين ھەققىدە سورالغىنىدا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمىگەنلىكتىن، بۇ توغرىدا ۋەھيى كېلىپ قېلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغان. بىر رىۋايەتتە قىرىق كۈن ۋەھيى توختاپ قالغان دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە ئون بەش كۈن ۋەھيى توختاپ قالغان دېيىلىدۇ.

ۋەھيى كېچىكىپ قالغانلىق سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق بىئارام بولىدۇ. پەرىشتە جىبرىل قايتا ۋەھيى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بەك كېچىكىپ كەتتىڭغۇ، كۆڭلۈمگە ھەرخىل ئويلار كەلدى ۋە سېنى بەك سېغىندىم» دەيدۇ. جىبرىل «مەنمۇ سېنى سېغىندىم. بىراق ئاللاھ مېنى بۇيرۇمىسا كېلەلمەيمەنـدە!» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى ۋە زۇھا سۈرىسىنى نازىل قىلىدۇ[1].

[1] «أسباب النزول للواحدي» 157 ـ بەت، «تفسير الكشاف» 3 ـ توم 28 ـ بەت.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ دەيدۇكى، بىز پەقەت رەببىڭنىڭ ئەمرى بىلەنلا چۈشىمىز ۋە سېنىڭ يېنىڭغا كېلەلەيمىز، بىزنىڭ كېلىدىغان مۇئەييەن ۋاقتىمىز يوق، رەببىڭ قاچان بۇيرۇسا شۇ ۋاقىتتىلا كېلىمىز. بۇ رەببىڭنىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بولىدىغان ئىش. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئىككى يېنىمىزدىكى ھەممە تەرەپلەر ۋە جايلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ياكى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلەلمەيمىز. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانى بىلەنلا ئىش كۆرىمىز. ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى بىرەر ئىشتىن غەپلەتتە قېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى بىلەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۆزىمىزچە بىرەر ئىش قىلالايمىز؟

ئاندىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: رەببىڭنى بۇ مۇكەممەل سۈپەتلىرى ۋە يۈكسەك مەرتىۋىسى بويىچە تونۇغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغىن، ئۇ بۇيرۇغان پەرزلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلغىن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىن، رەببىڭگە ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن.

﴿سەن ئۇنىڭ شېرىكى بار دەپ قارامسەن؟﴾ يەنى رەببىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرەر ئىلاھ بار دەپ ئويلامسەن؟ ياكى ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىنىڭ «ئاللاھ» ياكى «رەھمان» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ۋەياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرىنى بىلەمسەن؟ ئېنىقكى، سەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايسەن. مۇنداق بولۇشتىن ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۈستۈن ۋە پاكتۇر. ئاللاھ تائالا شۇنداق تەڭداشسىز ۋە يېگانە ئىلاھ بولغان ئىكەن، ئۇ يېگانە مەبۇد دېمەكتۇر. شۇڭا ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ، باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى چەكسىزدۇر، ئۇ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىماندىن قالسا ئالدىنقى مەجبۇرىيەتتۇر.

3. ئاللاھ تائالا زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش- ھەرىكەتلىرىدە تەڭداشسىز زاتتۇر.

### ◄ قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿وَيَقُولُ ٱلْإِنسَٰنُ أَءِذَا مَا مِتُّ لَسَوْفَ أُخْرَجُ حَيًّا ﴿٦٦﴾ أَوَلَا يَذْكُرُ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن قَبْلُ وَلَمْ يَكُ شَيْـًٔا ﴿٦٧﴾ فَوَرَبِّكَ لَنَحْشُرَنَّهُمْ وَٱلشَّيَٰطِينَ ثُمَّ لَنُحْضِرَنَّهُمْ حَوْلَ جَهَنَّمَ جِثِيًّا ﴿٦٨﴾ ثُمَّ لَنَنزِعَنَّ مِن كُلِّ شِيعَةٍ أَيُّهُمْ أَشَدُّ عَلَى ٱلرَّحْمَٰنِ عِتِيًّا ﴿٦٩﴾ ثُمَّ لَنَحْنُ أَعْلَمُ بِٱلَّذِينَ هُمْ أَوْلَىٰ بِهَا صِلِيًّا ﴿٧٠﴾ وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا ۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ﴿٧١﴾ ثُمَّ نُنَجِّى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوا۟ وَّنَذَرُ ٱلظَّٰلِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا ﴿٧٢﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

66-(كاپىر) ئىنسان: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟» دەيدۇ.

67-ئۇ ئىنسان بىزنىڭ ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقمامدۇ؟

68-رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە شەيتانلار بىلەن قوشۇپ (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلاندۇرۇپ قويىمىز.

69-ئاندىن ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئىچىدىن رەھمان ئاللاھقا ئەڭ ئاسيي بولغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىمىز.

70-بىز دوزاخقا كىرىشكە ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز.

71-ئاراڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان[1] بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ رەببىڭنىڭ

[1] يەنى ھەممە كىشى دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىگە بارىدۇ، دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، جەننەتكە لايىق بولغانلار سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر.

72-ئاندىن تەقۋادارلارنى قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى بولسا جەھەننەمدە تىز-لىنىپ ئولتۇرغان پېتى قويىمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىر ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن، ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ ۋە ﴿مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟﴾، يەنى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەم قانداقمۇ تىرىلىپ ئەسلىگە كېلىدۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ سەپسەتىسىدۇر. چۈنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن باشقا بىر ھايات بار دېگەن سۆزگە ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار: ﴿إِنۡ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا وَمَا نَحۡنُ بِمَبۡعُوثِينَ﴾ يەنى ﴿ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، بىز (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلمەيمىز﴾ [1] دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، كاپىرلار ئۆزىنى يوقتىن بار قىلغىنىمىزنى ئويلاپ باقماي مۇشۇنداق كۇفرى سۆزنى قىلسا بولامدۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى يوق ئىدى، بىز ئۇلارنى يوقتىن ياراتتۇق ۋە ئىنسان قىلدۇق ئەمەسمۇ؟! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ باقمامدۇ؟ بۇ كاپىرلار ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە ئەجەبلىنىۋاتامدۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ «ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن تىرىلىسىلەر» دېگەن سۆزىمىزگە ھەيران قېلىۋاتامدۇ؟ ئەسلى ھەيران قېلىشقا ۋە ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش دەل ئاللاھ تائالانىڭ جىمى مەخلۇقاتنى، جۈملىدىن ئىنساننى يوقتىن بار قىلغانلىقىدۇر. مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلىش ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە نىسبەتەن ئەلۋەتتە چوڭ ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن تەنلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساپ-ساغلام قىلىش دېگەنلىكتۇر، ئەمما يارىتىش يوقتىن پەيدا قىلىشتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئاسان؟ جاۋاب: ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەر ئىككىسى ئاساندۇر. شۇنداقتىمۇ بارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يوقنى بار قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئوڭايدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 29-ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بىز چوقۇم ئۇلارنى ئۆزلىرى دۇنيادا ئەگەشكەن شەيتانلىرى بىلەن قوشۇپ تىرىلدۈرىمىز ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ھېساب مەيدانىغا ھازىر قىلىمىز.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرۈپ، قەبرىلىرىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنى ئازدۇرغان شەيتانلار بىلەن قوشۇپ ھېساب مەيدانىغا يىغىدىغانلىقى ھەقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارنى شەيتانلار بىلەن قوشۇپ توپلىشى كاپىرلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنى تونۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئازدۇرغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈندۇر. ﴿وَقَالَ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَمَّا قُضِيَ ٱلۡأَمۡرُ إِنَّ ٱللَّهَ وَعَدَكُمۡ وَعۡدَ ٱلۡحَقِّ وَوَعَدتُّكُمۡ فَأَخۡلَفۡتُكُمۡۖ وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيۡكُم مِّن سُلۡطَٰنٍ إِلَّآ أَن دَعَوۡتُكُمۡ فَٱسۡتَجَبۡتُمۡ لِيۖ فَلَا تَلُومُونِي وَلُومُوٓاْ أَنفُسَكُمۖ مَّآ أَنَا۠ بِمُصۡرِخِكُمۡ وَمَآ أَنتُم بِمُصۡرِخِيَّ إِنِّي كَفَرۡتُ بِمَآ أَشۡرَكۡتُمُونِ مِن قَبۡلُۗ إِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ﴾ يەنى ﴿(ھېساب ئېلىش ئىشى ئاخىرلىشىپ) ئىش پۈتكەندە، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ھەق ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ئۇنىڭغا ۋاپا قىلدى)، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئەمما مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. زادى مېنىڭ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى (كۇفرىلىققا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر دەۋىتىمنى قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، (بۈگۈن) مەن سىلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىڭلار ئەمەس، سىلەرمۇ مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم ئەمەس. مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، (كۇفرىلىقنى تاللاپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان) زالىملارغا قاتتىق ئازاب بار» دەيدۇ﴾ [1].

ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ چۆرىسىدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى قويىمىز. چۈنكى، قاتتىق قورقۇنچتىن ئۇلاردا ئۆرە تۇرغۇدەك ماجال قالمايدۇ. ﴿وَتَرَىٰ كُلَّ أُمَّةٖ جَاثِيَةٗۚ﴾ يەنى ﴿(ئۇ كۈندە) ھەربىر ئۇممەتنى تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن﴾ [2].

ئاندىن ھەربىر گۇرۇھتىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ئاسىي بولغانلىرىنى تاللاپ چىقىپ، بۇ ئاسىيلارنى بىر يەرگە توپلايمىز، ئاندىن تەرتىپ بويىچە

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 22-ئايەت.

[2] جاسىيە سۈرىسى: 28-ئايەت.

ئۇلارنى ئەڭ گۇناھكارلىرىدىن باشلاپ دوزاخقا بىر-بىرلەپ تاشلايمىز. بىز ئۇلاردىن كىملەرنىڭ دوزاخقا بەكرەك ھەقلىق بولغانلىرىنى ۋە ئالدى بىلەن كىرىشى كېرەك بولغانلىرىنى ئوبدان بىلىمىز.

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ يولباشچىلىرىنى ئەلۋەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالايدۇ. ﴿ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ زِدۡنَٰهُمۡ عَذَابٗا فَوۡقَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يُفۡسِدُونَ﴾ يەنى ﴿(ھەق دىنىنى) ئىنكار قىلغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنى ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ جازالايمىز﴾ [1]، ﴿وَلَيَحۡمِلُنَّ أَثۡقَالَهُمۡ وَأَثۡقَالٗا مَّعَ أَثۡقَالِهِمۡۖ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا گۇناھلارنىمۇ ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ﴾ [2] .

﴿ئاراڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ رەببىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر﴾، يەنى سىلەردىن دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەيدىغان ھېچكىم قالمايدۇ، ھەممىڭلار ئۆتىسىلەر، بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلىنىپ بولغان ھۆكۈمدۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَإِن مِّنكُمۡ إِلَّا وَارِدُهَاۚ كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتۡمٗا مَّقۡضِيّٗا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا دوزاخقا كىرەمدۇ؟ ياكى كىرمەستىن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ ۋەياكى ئۇلار دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھەر خىل تالاش-تارتىشلار بولغان. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿وَارِدُهَاۚ﴾ دېگەن سۆزنى بەزى مۇپەسسىرلەر «دوزاخقا كىرىش» دەپ تەپسىر قىلغان، بەزىلىرى ئۇنى«دوزاختىن ئۆتۈش» يەنى دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش، دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىلەر ئۇنى«كۆرۈپ ئۆتۈش» يەنى كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتىش، دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئايەتكە قىلغان تەپسىرلىرىمۇ ھەر خىل بولغان.

﴿وَارِدُهَاۚ﴾ دېگەن سۆزنى «دوزاخقا كىرىش» دەپ تەپسىر قىلغان مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن ئىنسانىيەت دوزاخقا كىرىدۇ، بىراق

[1] نەھل سۈرىسى: 88-ئايەت

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 13-ئايەت

مۆئمىنلەر ئۇچۇن دوزاخ سالقىن ۋە ئارامبەخش بولۇپ بېرىدۇ، كاپىرلار بولسا دوزاختا كۆيۈپ ئازابلىنىدۇ. لېكىن ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتۡ لَهُم مِّنَّا ٱلۡحُسۡنَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ عَنۡهَا مُبۡعَدُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە ئېرىشىشلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەت بۇ قاراشنى ئېتىبارسىز قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، مۆئمىنلەر دوزاختىن چوقۇم يىراق قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار دوزاخقا كىرمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى دوزاخنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈشتىن مەقسەت جەننەت ئەھلى بولغان مۆئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا ۋە گۇناھكارلارغا تەييارلانغان ئازابلارنى ۋە ئۆزلىرىگە ھازىرلانغان جەننەتنى كۆرۈپ خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ھاسىل قىلىشى ئۈچۈندۇر.

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ھەممە ئادەم دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. كاپىرلار ۋە ئاسىي-گۇناھكارلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي، دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما جەننەتكە كىرىشكە ئېرىشىشلىك بولغان مۆئمىنلەر پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا، بەزىلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر ئاستا ئۆتىدۇ، يەنە بەزىلەر بەكمۇ ئاستا ۋە جاپا بىلەن ئۆتىدۇ. ئىشقىلىپ ھەممىسى سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ مەسىلىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا قاراش شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى دوزاخنىڭ ئۈستىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن كاپىرلار دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، مۆئمىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشىنىش پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن بارلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادى بولۇپ، قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمىگۈچىلەر ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن ئىنسانلاردۇر.

2. بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازدۇرغانلار دوزاخقا ئالدى بىلەن كىرىدۇ،

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 101-ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 18-توم، 234-بەت.

ئاندىن ئازغانلار كىرىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە ھەممە ئادەم دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پىلسىرات كۆۋرۈكىگە بارىدۇ. دوزاخقا تېگىشلىك بولغانلار دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، جەننەتكە مۇيەسسەر بولغانلار سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

﴿وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟
أَىُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا وَأَحْسَنُ نَدِيًّا (٧٣) وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم
مِّن قَرْنٍ هُمْ أَحْسَنُ أَثَٰثًا وَرِءْيًا (٧٤) قُلْ مَن كَانَ فِى ٱلضَّلَٰلَةِ
فَلْيَمْدُدْ لَهُ ٱلرَّحْمَٰنُ مَدًّا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا رَأَوْا۟ مَا يُوعَدُونَ إِمَّا ٱلْعَذَابَ
وَإِمَّا ٱلسَّاعَةَ فَسَيَعْلَمُونَ مَنْ هُوَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضْعَفُ جُندًا (٧٥)
وَيَزِيدُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱهْتَدَوْا۟ هُدًى ۗ وَٱلْبَٰقِيَٰتُ ٱلصَّٰلِحَٰتُ خَيْرٌ عِندَ
رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ مَّرَدًّا (٧٦) أَفَرَءَيْتَ ٱلَّذِى كَفَرَ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالَ
لَأُوتَيَنَّ مَالًا وَوَلَدًا (٧٧) أَطَّلَعَ ٱلْغَيْبَ أَمِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحْمَٰنِ عَهْدًا
(٧٨) كَلَّا ۚ سَنَكْتُبُ مَا يَقُولُ وَنَمُدُّ لَهُۥ مِنَ ٱلْعَذَابِ مَدًّا (٧٩) وَنَرِثُهُۥ
مَا يَقُولُ وَيَأْتِينَا فَرْدًا (٨٠)﴾

### ◄ تەرجىمىسى

73ـ ئۇلارغا بىزنىڭ (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق (دەلىللىرى بولغان) ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇ كاپىرلار ئىمان ئېيتقانلارغا: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى.

74ـ بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى (ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدۇق. ئۇ ئۈممەتلەر مەيلى مال-مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن، ياكى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، بۇلاردىن ئارتۇق ئىدى.

75ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «كىمكى ئازغۇنلۇقتا بولىدىكەن، (ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ پېتىشى ئۈچۈن) رەھمان ئاللاھ ئۇنىڭغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇلار ئازاب ياكى قىيامەتتىن ئىبارەت ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان نەرسىلەرنى

كۆرگەندە، ئاندىن كىمنىڭ ئورنىنىڭ يامان، كىمنىڭ لەشكىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ».

76_ئاللاھ توغرا يولدا يۈرگەنلەرنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ. مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر مۇكاپات جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر.

77_بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە «ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال_مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ» دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟

78_ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى رەھمان ئاللاھنىڭ (بۇ ھەقتىكى) ۋەدىسىگە ئېرىشكەنمۇ؟

79_ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى (توگىمەيدىغان قىلىپ) ئۇزارتىمىز.

80_ئۇنىڭ دېگەن نەرسىلىرىنى (يەنى مال_دۇنيا ۋە ئەۋلادلىرىنى) بىز ئىگىلەيمىز، ئۇ ئالدىمىزغا تەنها كېلىدۇ.

### تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلار ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ۋە رەزىللىكلىرىدىن بىر قىسمىدۇر. ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن باشقا ھېچقانداق بىر ھاياتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كاپىرلارغا قاچانكى، بىزنىڭ ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى بولغان روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ: بىز بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى پىرقىنىڭ قايسىسى بۇ دۇنيادا مەرتىۋە ۋە ئورۇن جەھەتتىن ئەڭ ياخشى، سورۇن ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن ئەڭ گۈزەل؟ دېدى. يەنى مۇشرىكلار ئۆزىچە كۆرەڭلەپ: «بىز مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا مەرتىۋىلىكمىز، تەرەپدارلىرىمىز كۆپتۇر» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار قايسىمىزنىڭ مەرتىۋىسى يۇقىرى ۋە تەرەپدارلىرى كۆپ؟ بىزنىڭمۇ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ؟ دېگەن ئىدى.

چۈنكى، كاپىرلارنىڭ ھايات پەلسەپىسى دۇنيا ھاياتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيالىقتىن باشقىسىنى ئويلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بارلىق ھىممىتىنى ۋە ئارزۇ_تىلىكىنى مۇشۇ دۇنيادا ھاياتى ئۈچۈنلا بېغىشلايدۇ. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشرىكلار، خۇسۇسەن، ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆزلىرىنى بايلىقتا ۋە باياشاتلىق تۇرمۇشتا، مۆئمىنلەرنى

بولسا جاپا-مۇشەققەتتە ۋە يوقسۇللۇقتا كۆرەتتى. ئۇلار دۇنيانىڭ بۇ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ دىنى ھەق، بىزنىڭ دىنىمىز باتىل بولىدىغان بولسا، ئىش ئەكسىچە بولغان بولمامتى؟ يەنى ئۇلار مەنسەپ، بايلىق ۋە باياشاتلىق تۇرمۇش جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن بولمامتى؟ دەيدۇ. كاپىرلار مۇنداق دېيىش ئارقىلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تەۋرىتىش، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. مۇنداق ئەھۋالدا، بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كاپىرلارنىڭ بۇ پىتنىسىگە ئالدىنىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىدىن شەكلىنىپ قالىدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇنداق سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئەي كاپىرلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن كۆپلىرى بايلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سان جەھەتتە سىلەردىن ئەلۋەتتە ئارتۇق ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بايلىقى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە سان جەھەتتىكى كۆپلۈكى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى كۇفرىلىقى ۋە زالىملىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋەتتۇق.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، زالالەت پاتقاقلىرىغا چۆمگەن ۋە مەنىۋى كورلۇقتا چېكىگە يەتكەن ئەخمەق ئادەملەرلا ﴿ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟﴾ دېگەن بىھۇدە سۆزنى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق زالىملارنىڭ ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ پېتىشى، ئاندىن جازاسىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەغرۇرلىقى ۋە ئاسىيلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دەھشەتلىك ئازابلىرىغا ھەقلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە: ﴿إِنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ لِيَزْدَادُوٓاْ إِثْمًاۚ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا پەقەت گۇناھلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈنلا مۆھلەت بېرىمىز. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار﴾[1]، ﴿وَنَذَرُهُمْ فِي طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى ئۆز ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ھالىتىدە قويۇۋېتىمىز﴾ [2] . بۇ كاپىرلارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر.

خۇلاسە كالام، ئاللاھ تائالا ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ ھاكاۋۇرلۇقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەت ۋە خورلۇق بىلەن

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 178-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 110-ئايەت.

جازالىنىش ياكى ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن جازالىنىشتىن ئىبارەت ئىككى جازانىڭ بىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. ئۇلار ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، كىمنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ يامان ۋە كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە ئاجىزلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك پەس ئورۇندا ۋە ئېتىبارسىز مەخلۇقاتلار ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇئمىنلەردىن ھەرگىز-مۇ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرىدۇ.

كاپىر ئادەمنىڭ ئەھۋالى بۇ ئايەتتە تېخىمۇ روشەن تەسۋىرلەپ بېرىلگەن: ﴿وَلَمۡ تَكُن لَّهُۥ فِئَةٞ يَنصُرُونَهُۥ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَمَا كَانَ مُنتَصِرًا﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا ئاللاھتىن باشقا ياردەم قىلىدىغان ھېچبىر جامائە چىقمىدى، ئۆزىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلالمىدى﴾ [1].

ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىپ ھىدايەت تاپقانلارنى ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. قىيامەتكىچە مەڭگۈ قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر مۇكاپات جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ گۈزەلدۇر. چۈنكى، ئەسقاتىدىغىنى مۇشۇدۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن «قۇرئان كەرىم» بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ئاز-تولا مال-دۇنياسى ۋە بالىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىپ كۆرەڭلىگەن مەغرۇرلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەجەبلىنىش بىلەن بايان قىلغان.

بۇ قىسسىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: «خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەبباب تۆمۈرچى ئىدى. ئۇنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىل دېگەن ئادەمدە ئېلىشى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قەرزىنى سورىغىلى ئاسنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئاس ئۇنىڭغا، ‹سەن مۇھەممەدنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچمىسەڭ قەرزىڭنى تۆلىمەيمەن› دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خەبباب ‹مەن دىنىمدىن ھەرگىز قايتمايمەن، چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەقتۇر. سەنمۇ ئۆلىسەن، ئاندىن چوقۇم تىرىلىپ قوپىسەن› دەيدۇ. ئاس ئۇنىڭ سۆزىنى مەسخىرە قىلىپ: ‹مەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدىمەن؟ ئۇنداقتا، سېنىڭ قەرزىڭنى مەن ئۆلۈپ تىرىلگەن چاغدا بېرەي› دەيدۇ. شۇ چاغدا ﴿أَفَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي كَفَرَ بِـَٔايَٰتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ

[1] كەھف سۈرىسى: 43-ئايەت.

﴿مَالًا وَوَلَدًا﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدۇ»[1]. بۇ خۇددى كەھف سۈرىسىدە بايان قىلىنغان مۇنۇ كاپىر ئادەمنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿وَمَآ أَظُنُّ ٱلسَّاعَةَ قَآئِمَةً وَلَئِن رُّدِدتُّ إِلَىٰ رَبِّى لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِّنْهَا مُنقَلَبًا﴾ يەنى ﴿قىيامەتنىمۇ بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ناۋادا (قىيامەت بولۇپ) مەن رەببىمنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم بۇ باغدىنمۇ ياخشىراق جاينى تاپالايمەن﴾ [2] .

ئى پەيغەمبەر! بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ئىنكار قىلغان، قىيامەتنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمىگەن ۋە «ناۋادا مۇھەممەد ئېيتقاندەك قىيامەت بولۇپ مەن تىرىلىپ قالسام، ئەلۋەتتە ماڭا ئۇ يەردىمۇ مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلاد بېرىلىدۇ» دېگەن ئەخمەق، ھاكاۋۇر ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ غەيبنى بىلەمدۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقتە بىرەر ئەھدىسىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ غەيبنىمۇ بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە مۇنداق بىر ئىنئام قىلىدىغانلىقى ۋە كۆپ مال-دۇنيا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئەھدىسىمۇ يوق. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق خاتىرىلەپ قويىمىز، مۇشۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى توختىمايدىغان شەكىلدە ئۇزارتىمىز، كۈچەيتىمىز ۋە كۆپەيتىمىز. ئۇنىڭ پەخىرلەنگەن ۋە كۆرەڭلىگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىز ئىگىلەيمىز، يەنى ئۇنىڭ مال-مۈلۈكى ۋە پەخىرلەنگەن پەرزەنتلىرى بىزگە قالىدۇ. ئۇ بولسا بىزنىڭ ئالدىمىزغا ھەممىنى بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ قويغان ھالدا-تەنھا كېلىدۇ. ﴿وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَٰكُمْ وَرَآءَ ظُهُورِكُمْ﴾ يەنى ﴿(ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ): «سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا بىز سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ، خۇددى بىز سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ۋاقتىتكىدەك تەنھا كەپسىلەرغۇ؟﴾[3] .

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمانسىزلارنىڭ قىممەتلىك بىلىدىغان نەرسىلىرى ماددىي كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن مال-دۇنيادۇر. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ قىممەت بىلىدىغان نەرسىسى ئىماندۇر. ئىماننىڭ كۈچى ھەممىنى يېڭىپ چۈشىدۇ. گۈزەل

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 2153- بەت، 2795 -ھەدىس.
[2] كەھف سۈرىسى: 36-ئايەت.
[3] ئەنئام سۈرىسى: 94-ئايەت.

ئاقىۋەت پەقەت ئىماننىڭ نەتىجىسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالا زالىملارنى دەرھال جازالىماستىن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشتە ئۇلارنى كۆمۈلۈپ كەتكەن گۇناھىغا تېخىمۇ پاتۇرۇپ، تۈيۈقسىز ھالدا ئىبرەتلىك جازالاشنى مەقسەت قىلىدۇ. پىرئەۋن، ئەبۇ جەھىل قاتارلىقلارنىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى توغرا رەۋىشتە ئاڭلىغان ۋە ياخشى چۈشەنگەن مۆئمىنىنىڭ ئىمانى چوقۇم كۈچلىنىدۇ.

4. دۇنيالىق ئامەتلىرى بىلەن كۆرەڭلەش ۋە يوقسۇللارنى كۆزگە ئىلماسلىق پەقەت ئىمانسىزلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

### ◄ ئۇلار ھەقىقىي مۇشرىكلاردۇر

﴿وَٱتَّخَذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ ءَالِهَةً لِّيَكُونُواْ لَهُمۡ عِزًّا ﴿٨١﴾ كَلَّاۚ
سَيَكۡفُرُونَ بِعِبَادَتِهِمۡ وَيَكُونُونَ عَلَيۡهِمۡ ضِدًّا ﴿٨٢﴾ أَلَمۡ تَرَ أَنَّآ
أَرۡسَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ تَؤُزُّهُمۡ أَزًّا ﴿٨٣﴾ فَلَا تَعۡجَلۡ عَلَيۡهِمۡۖ
إِنَّمَا نَعُدُّ لَهُمۡ عَدًّا ﴿٨٤﴾ يَوۡمَ نَحۡشُرُ ٱلۡمُتَّقِينَ إِلَى ٱلرَّحۡمَٰنِ وَفۡدًا ﴿٨٥﴾
وَنَسُوقُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ إِلَىٰ جَهَنَّمَ وِرۡدًا ﴿٨٦﴾ لَّا يَمۡلِكُونَ ٱلشَّفَٰعَةَ إِلَّا
مَنِ ٱتَّخَذَ عِندَ ٱلرَّحۡمَٰنِ عَهۡدًا ﴿٨٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

81ـ ئۇلار ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشىمىز دېگەن خام خىيال بىلەن ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى.

82ـ ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (چوقۇنغان ساختا ئىلاھلار ئۇلارغا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە) ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ.

83ـ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى (ئاسىيلىققا) قىزىقتۇرىدىغان شەيتانلارنى ئەۋەتكەنلىكىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟

84ـ سەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىگىن، بىز (ئۇلارنىڭ كۈنلىرىنى) بىر-بىرلەپساناپ تۇرىمىز.

85-بىز (قىيامەت) كۈندە تەقۋادارلارنى رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىز-زەت- ئىكرام بىلەن يىغىمىز.

86-گۇناھكارلارنى بولسا (سۇغا) تەشنا بولغان ھالىتىدە جەھەننەمگە ھەيدەيمىز.

87-رەھمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (شاپائەت قىلىش) ئەھدىسىگە ئېرىش-كەنلەردىن باشقىلارنىڭ قولىدىن شاپائەت قىلىش كەلمەيدۇ.

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچىسى ۋە بىردىنبىر ئىلاھى بولغان ئاللاھ تائالانى قويۇپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىلاھ قىلىۋالدى ۋە ئۇلارغا چوقۇندى. شەك-شۈبھىسىزكى، رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، رەببىگە ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالغان ۋە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇ ساختا ئىلاھلىرىنى قىيامەت كۈنى بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ خام خىيال قىلغان بۇ ئازغۇن مۇشرىكلار ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ كېلىۋاتقان ئەخمەقلەردۇر. چۈنكى، ئىش ھەرگىز ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس، بۇ مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان ساختا ئىلاھلار يا بۇ دۇنيادا ياكى قىيامەت كۈندە ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ھەتتا بۇ ساختا ئىلاھلار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىپ: ﴿مَا كَانُوٓاْ إِيَّانَا يَعْبُدُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەسلىدە بىزگە چوقۇنمايتتى (ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا چوقۇناتتى)﴾ [1] دەيدۇ. ﴿وَإِذَا رَءَا ٱلَّذِينَ أَشْرَكُواْ شُرَكَآءَهُمْ قَالُواْ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ شُرَكَآؤُنَا ٱلَّذِينَ كُنَّا نَدْعُواْ مِن دُونِكَۖ فَأَلْقَوْاْ إِلَيْهِمُ ٱلْقَوْلَ إِنَّكُمْ لَكَٰذِبُونَ﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلىرىنى كۆرگەن چاغدا: «ئى رەببىمىز! بۇلار بولسا بىزنىڭ سېنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىمىزدۇر» دەيدۇ، بۇتلار ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: «شەكسىزكى، سىلەر ھەقىقەتەن يالغانچىسىلەر» دەيدۇ﴾ [2] يەنى سىلەر بىزنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىپ بىزگە چوقۇنغان چېغىڭلاردا، سىلەرنى بىز ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغان ۋە ئۆزىمىزگە چوقۇنۇشقا لايىق دەپمۇ ئويلىمىغان ئىدۇق. سىلەر بۇنى بىزدىن ئەمەس، ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار.

مۇشرىكلار قىيامەت كۈنى ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ

---

[1] قەسەس سۈرىسى: 63-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 86-ئايەت.

مۇشرىكلىك گۇناھىنى بۇ دۇنيادىكى ساختا مەبۇدلىرىغا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ، ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى زۇۋانغا كېلىپ، ئۇلىرىنىڭ بۇ مۇشرىكلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇلارنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار گېپىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ﴿وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ ﴿٢٣﴾﴾ يەنى ﴿رەببىمىز ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق﴾ [1] دەيدۇ. ئۇلار بەربىر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. دوزاختا چوقۇنغۇچىلار بىلەن چوقۇنۇلغۇچىلار بىر-بىرىگە ئەنە شۇنداق دۈشمەن بولۇشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمە. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى ئاسىيلىقتا، گۇناھ-مەئسىيەتكە قىزىقتۇرىدىغان ۋە باتىلنى ھەقىقەت، يامانلىقنى ياخشىلىق قىلىپ كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا كۈشكۈرتىدىغان شەيتانلارنى ئەۋەتكىنىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟ بۇ كاپىرلارنى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك شەيتانلىرى بىلەن بىللە ئازابلايمىز. ﴿وَٱسْتَفْزِزْ مَنِ ٱسْتَطَعْتَ مِنْهُم بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِم بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِى ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَوْلَٰدِ وَعِدْهُمْ ۚ وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۈشكۈرتەلەيدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن كۈشكۈرتكىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن - شەيتانىنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان ۋەدىسى پەقەتلا ئالدامچىلىقتۇر﴾ [2]، ﴿إِنَّ عِبَادِى لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَٰنٌ إِلَّا مَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلْغَاوِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدە سېنىڭ ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىقىڭ يوق، پەقەت ساڭا ئەگەشكەن ئازغۇنلاردىنلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ [3] .

ئى پەيغەمبەر! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ئۇلارنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئالدىراپ كەتمە. بىز ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىدىغان ۋاقىتنى ۋە ھالاك بولىدىغان كۈنلىرىنى بىر-بىرلەپ ساناپ تۇرىمىز، بەلكى ئۇ بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە سائەت بولۇشى مۇمكىن. كۆرۈنگەن چوقۇم كەلمەي قالمايدۇ.

[1] ئەنئام سۈرىسى: 23-ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى: 64-ئايەت.
[3] ھىجر سۈرىسى: 42-ئايەت.

ئى پەيغەمبەر! بىز تەقۋادارلارنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت-ئىكراملار بىلەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا توپلايدىغان، كاپىرلارنى، گۇناھكارلارنى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان ھالىتىدە دوزاخقا ھەيدەيدىغان قىيامەت كۈنىنى ئەسكە ئالغىنكى، بۇ كۈندە تەقۋادارلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرى سۈپىتىدە بارچە ئىززەت-ئىكرام ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن جەننەتتە كۈتۈۋېلىنىدۇ ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. ئەمما كاپىرلار ۋە جىمى گۇناھكارلار خۇددى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن چارۋا ماللار ھەيدەپ مېڭىلغاندەك دوزاخقا ھەيدىلىدۇ.

قىيامەت كۈندە ئاللاھ تائالا رۇخسەت بەرگەنلەردىن باشقا ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئەمما مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرەتتە بىزگە شاپائەتچى بولىدۇ دەپ خام خىيال قىلىپ چوقۇنغان ساختا ئىلاھلىرى ئۇلارغا شاپائەت قىلىش ياكى مەدەت بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەر ھېچكىمگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈشكە كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار قانداقمۇ باشقىلارغا ياردەم قىلالىسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ مەبۇدلىرى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئادا - جۇدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق چوقۇنغۇچىلارنىڭ دوزاخ ئازابىدىن باشقا مەنىۋى جەھەتتىنمۇ كۆپرەك ئازاب چېكىشىگە سەۋەب بولۇشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ.

2. كاپىرلارنى كۇفرىلىقتا، زالىملارنى زۇلۇمغا ۋە ئاسىيلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ئىتتىرىدىغان ئاساسلىق كۈچ شەيتان بىلەن نەپسىنىڭ كۈچى بولۇپ، نۇرغۇن گۇناھلارغا نەپسىنىڭ شەھۋەتكە، ھارام مال-دۇنياغا ۋە ساختا ئابرۇيغا بولغان ھېرىسمەنلىك سەۋەب بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ ئازابىنى كېچىكتۈرۈشتە ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپرەك گۇناھقا پاتۇرۇپ، ئاندىن بىراقلا ئىبرەتلىك ھالدا جازالاشنى ياكى ئاخىرەتتە تۈگىمەس ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن جازالاشنى خالايدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەتنىڭ ئازابى ئالدىدا ھېچ نەرسە ھېسابلانمايدۇ.

4. تەقۋادارلار ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر. ئەمما گۇناھكارلار، زالىملار ھەر جايدا لەنەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالاغا بالا مەنسۇپ قىلىش تۆھمىتى

﴿وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَلَدٗا ﴿٨٨﴾ لَّقَدۡ جِئۡتُمۡ شَيۡـًٔا إِدّٗا ﴿٨٩﴾ تَكَادُ
ٱلسَّمَٰوَٰتُ يَتَفَطَّرۡنَ مِنۡهُ وَتَنشَقُّ ٱلۡأَرۡضُ وَتَخِرُّ ٱلۡجِبَالُ هَدًّا ﴿٩٠﴾ أَن
دَعَوۡاْ لِلرَّحۡمَٰنِ وَلَدٗا ﴿٩١﴾ وَمَا يَنۢبَغِي لِلرَّحۡمَٰنِ أَن يَتَّخِذَ وَلَدًا ﴿٩٢﴾ إِن
كُلُّ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ إِلَّآ ءَاتِي ٱلرَّحۡمَٰنِ عَبۡدٗا ﴿٩٣﴾ لَّقَدۡ
أَحۡصَىٰهُمۡ وَعَدَّهُمۡ عَدّٗا ﴿٩٤﴾ وَكُلُّهُمۡ ءَاتِيهِ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فَرۡدًا ﴿٩٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

88ـ ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلار): «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى.

89ـ سىلەر شەك-شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار.

90ـ بۇ سۆزنىڭ (قەبىھلىكىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ، يەر يېرىلىپ، تاغلار پارتلاپ كەتكىلى تاس قالدى.

91ـ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار «رەھمان (ئاللاھ)نىڭ بالىسى» بار دەپ بىلجىرلىدى.

92ـ باللىق بولۇش رەھمان ئاللاھقا لايىق ئەمەستۇر.

93ـ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا رەھمان ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بەندە بولۇپ (بويسۇنۇپ) كەلمەيدىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر.

94ـ شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى (ئىلمى بىلەن) قورشىدى ۋە سانىنى تولۇق ئىگىلىدى.

95ـ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

«ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەپ بىلجىرلاش مۇشرىكلارنىڭ ئۈچىنچى چوڭ تۆھمىتى بولۇپ، ئۇلار بۇ تۆھمەتنى قىلىش بىلەن ئاسمانلار يېرىلىپ، زېمىن تەۋرەپ، تاغلار پارتلاپ كەتكۇدەك خەتەرلىك ۋە قەبىھ سۆزنى قىلغان بولدى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دېيىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن ئايەتتۇر. چۈنكى، ھەممىنى ئۆزى

يېگانە يارىتقان ۋە مەخلۇقاتقا قىلچە ئوخشىمايدىغان تەڭداشسىز يارىتقۇچىنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان سۆزلەرنى قىلىش ھەقىقەتەن ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ باللىق بولۇشى ئۇنىڭ ئىلاھلىقىغا ياراشمايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، يارىتقۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتى مەخلۇقاتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىر ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن: «قَالَ اللَّهُ: كَذَّبَنِي ابْنُ آدَمَ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ ذَلِكَ ، وَشَتَمَنِي وَلَمْ يَكُنْ لَهُ ذَلِكَ ، فَأَمَّا تَكْذِيبُهُ إِيَّايَ فَقَوْلُهُ: لَنْ يُعِيدَنِي ، كَمَا بَدَأَنِي ، وَلَيْسَ أَوَّلُ الخَلْقِ بِأَهْوَنَ عَلَيَّ مِنْ إِعَادَتِهِ ، وَأَمَّا شَتْمُهُ إِيَّايَ فَقَوْلُهُ: اتَّخَذَ اللَّهُ وَلَدًا وَأَنَا الأَحَدُ الصَّمَدُ ، لَمْ أَلِدْ وَلَمْ أُولَدْ ، وَلَمْ يَكُنْ لِي كُفُئًا أَحَدٌ» يەنى «ئاللاھ مۇنداق دېدى: ‹ئادەم بالىسى مېنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇ مېنى تىللىدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلغانلىقى «مېنى تىرىلدۈرمەيدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. ماڭا نىسبەتەن يوقتىن يارىتىش بىلەن بارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ مېنى تىللىغانلىقى «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېگەن سۆزىدۇر. مەن ئاتا-ئانىغا ياكى بالىغا موھتاج بولمىغان، مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدىغان، ھېچبىر تەڭدىشىم بولمىغان، يېگانە ئىلاھمەن›»[1].

يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغىنىدەك، مۇشرىك ئەرەبلەر پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەۋالاتتى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر ياردەمچىگە ياكى بىرەر شېرىككە موھتاج ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ يەككە -يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى چىن قەلبىدىن ئىقرار قىلىدۇ.

ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي بويسۇنىدىغان تۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ قانداقمۇ مەخلۇقاتلاردىن شېرىكى ياكى بالىسى بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالا ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنى ۋە ئۇلارنىڭ سانىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت

[1] «صحيح البخاري» 6ـ توم، 180ـ بەت، 4974 ـھەدىس.

كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. بۇ ماۋزۇنى ئىخلاس سۈرىسى بىلەن تۈگىتىش ئەڭ مۇناسىپتۇر. قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ﴿١﴾ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴿٢﴾ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ﴿٤﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ .

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كەچۈرۈلمەس يالغانچىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇش ۋە ئۇنى لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتۇر.

2. ئاللاھ تائالا ھەربىر مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىدىن ئېنىق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا تەنھا بارىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئالەملەرنى يوقتىن ياراتقان زاتتۇر، ئۇ مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدۇ، ئۇ نە بالىغا، نە ياردەمچىگە ھاجەت ئەمەس.

### ◄ سۈرىنىڭ تۈگەنچىسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ ٱلرَّحْمَٰنُ وُدًّا
﴿٩٦﴾ فَإِنَّمَا يَسَّرْنَٰهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلْمُتَّقِينَ وَتُنذِرَ بِهِۦ قَوْمًا لُّدًّا
﴿٩٧﴾ وَكَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّن قَرْنٍ هَلْ تُحِسُّ مِنْهُم مِّنْ أَحَدٍ أَوْ
تَسْمَعُ لَهُمْ رِكْزًۢا ﴿٩٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

96-شەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن، رەھمان ئاللاھ (دىللاردا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ.

97-(ئى پەيغەمبەر!) سېنىڭ تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە جېدەلخور قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز بۇ قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

98-بىز ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىدۇق. سەن ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلارغا ئائىت بىرەر پەس ئاۋازنى بولسىمۇ ئاڭلىيالامسەن؟

## ◄ تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلار كاپىرلارنىڭ يامان ئەمەللىرىدىن بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ئەمەللەر ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى ۋە نېمەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿رەھمان ئاللاھ (دىللاردا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ إِذَا أَحَبَّ عَبْدًا دَعَا جِبْرِيلَ فَقَالَ: إِنِّي أُحِبُّ فُلَانًا فَأَحِبَّهُ، قَالَ: فَيُحِبُّهُ جِبْرِيلُ، ثُمَّ يُنَادِي فِي السَّمَاءِ فَيَقُولُ: إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ فُلَانًا فَأَحِبُّوهُ، فَيُحِبُّهُ أَهْلُ السَّمَاءِ، قَالَ ثُمَّ يُوضَعُ لَهُ الْقَبُولُ فِي الْأَرْضِ، وَإِذَا أَبْغَضَ عَبْدًا دَعَا جِبْرِيلَ فَيَقُولُ: إِنِّي أُبْغِضُ فُلَانًا فَأَبْغِضْهُ، قَالَ فَيُبْغِضُهُ جِبْرِيلُ، ثُمَّ يُنَادِي فِي أَهْلِ السَّمَاءِ إِنَّ اللَّهَ يُبْغِضُ فُلَانًا فَأَبْغِضُوهُ، قَالَ: فَيُبْغِضُونَهُ، ثُمَّ تُوضَعُ لَهُ الْبَغْضَاءُ فِي الْأَرْضِ» يەنى «ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ جىبرىلنى چاقىرىپ، ‹مەن پالانى بەندەمنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن› دەيدۇ-دە، جىبرىل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن جىبرىل ئاسمان ئەھلىگە: ‹ئاللاھ پالانىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار› دەپ نىدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسمان ئەھلى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى يەر يۈزىدە سۆيۈلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى يامان كۆرسە، ئۇ جىبرىلنى چاقىرىپ، ‹مەن پالانىنى يامان كۆردۈم، سەنمۇ ئۇنى يامان كۆرگىن› دەيدۇ-دە، جىبرىل ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىل ئاسمان ئەھلىگە: ‹ئاللاھ پالانىنى يامان كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى يامان كۆرۈڭلار› دەپ نىدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى يامان كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى يەر يۈزىدە يامان

كۆرىلىدىغان بولىدۇ»[1] .

ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئاتا قىلىدىغان بۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت مۆئمىنلەر بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ دىللىرىدا بولىدۇ. بۇ ھەممىلا كىشىنىڭ دىلىغا كىرىدىغان مۇھەببەت ئەمەس. چۈنكى، كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار مۆئمىنلەرنى يامان كۆرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ مۆئمىنلەرگە ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلانغان مۇكاپاتلار ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىشىڭ ۋە ئىمان ئېيتمىغان ۋە كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان جېدەلخور قەۋمنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بۇ «قۇرئان كەرىم» نى سېنىڭ تىلىڭ بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ، ھەر تەرەپتىن ئوڭايلاشتۇرۇپ بەردۇق.

ئۇ پايانسىز دېڭىزغا ئوخشاش مول ئىلىم-ھېكمەتكە تولغان بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە سەۋىيەسىگە يارىشا بەھرە ئالالايدۇ. ﴿وَلَقَدۡ يَسَّرۡنَا ٱلۡقُرۡءَانَ لِلذِّكۡرِ فَهَلۡ مِن مُّدَّكِرٖ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن بىز بۇ قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، (ئۇنىڭدىن) ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ؟﴾ [2] يەنى بىز «قۇرئان كەرىم»نى سېنىڭ تىلىڭ بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىپ، ئۇنى ئوقۇش، يادلاش ۋە مەنىسى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوڭاي قىلىپ بەردۇق.

ئى پەيغەمبەر! بىلگىنكى، كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىش ۋە دىنغا دۈشمەن بولغۇچىلار بىلەن ئېلىشىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. سەن ھەددىدىن ئاشقان ئەڭ جېدەلخور ۋە تەرسا قەۋم بىلەن مۇجادىلە قىلىۋاتىسەن. سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارمۇ شۇنداق، بەلكى ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ قىيىن توسقۇنلۇقلارغا ۋە زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن. جەننەتنىڭ يولى تىكەنلىك يول بولۇپ، جەننەتكە پەقەت جاپالىق يولدا يۈرۈشكە بەرداشلىق بەرگەنلەر ئېرىشىدۇ.

كاپىرلاردىكى ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتكە پەرۋا قىلمىغىن، سەندىن ئىلگىرى رەببىڭ نۇرغۇنلىغان كۈچلۈك قەۋملەرنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ھالاك قىلغۇەتكەن ئىدى. ئۇلار ھازىرقى كاپىرلاردىن ئالاھىدە كۈچلۈك ۋە سان جەھەتتە كۆپ ئىدى. شۇنداق چوڭ قەۋملەر ئالەمدىن ئۇن-تىنسىز

[1] «صحيح مسلم» 4- توم، 2030- بەت، 2637-ھەدىس.
[2] قەمەر سۈرىسى: 22-ئايەت.

يوقۇلۇپ كەتتىكى، ئۇلار پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ھازىر ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ پۈتۈنلەي يوقالغان. قېنى سەن ھازىر ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن بىرەر مەۋجۇتلۇق ئالامىتىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلارغا ئائىت بىرەر پەس ئاۋازنى بولسىمۇ ئاڭلىيالامسەن؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا سۆيگەن كىشىنى ھەممە كىشى سۆيىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇش، يادلاش ۋە مەنىسىنى چۈشىنىش ناھايىتى ئاسان كىتابتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا پاتۇرۇش ئارقىلىق تۇيۇقسىز جازالاش پىرىنسىپى ئەزەلدىن ئۆزگەرگىنى يوق.

# تاھا سۈرىسى

تاھا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 135 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى سۈرىنىڭ بېشىدىكى ﴿طه﴾ (تا، ھا) دېگەن ئىككى ھەرپتىن ئېلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقستى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىننى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۈچلەندۈرۈش ۋە چىدامچان بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىنسانلارغا ئۆز پېتى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەلچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى چوقۇم ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇ سۈرىدە يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەرنىڭ قىسسىسى، قىيامەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان.

تاھا سۈرىسى ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولغان سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئىسلام دەۋىتى يېڭى بىر باسقۇچقا ئۆتكەن.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿طه ۝١ مَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡقُرۡءَانَ لِتَشۡقَىٰٓ ۝٢ إِلَّا تَذۡكِرَةٗ لِّمَن
يَخۡشَىٰ ۝٣ تَنزِيلٗا مِّمَّنۡ خَلَقَ ٱلۡأَرۡضَ وَٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلۡعُلَى ۝٤ ٱلرَّحۡمَٰنُ
عَلَى ٱلۡعَرۡشِ ٱسۡتَوَىٰ ۝٥ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ وَمَا

بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ ٱلثَّرَىٰ ۝٦ وَإِن تَجْهَرْ بِٱلْقَوْلِ فَإِنَّهُۥ يَعْلَمُ ٱلسِّرَّ
وَأَخْفَى ۝٧ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ لَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ ۝٨

**تەرجىمىسى**

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ تا، ھا (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى).

2ـ3ـ قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق.

4ـ بۇ (قۇرئان) زېمىننى ۋە ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.

5ـ رەھمان ئاللاھ ئەرشكە ئۈرلىدى.

6ـ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر.

7ـ سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭمۇ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن بەرىبىردۇر)، چۈنكى، ئاللاھ (ھەرقانداق) سىرنى ۋە ئۇنىڭدىن بەك مەخپىي ئىشلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

8ـ ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار.

### ◄ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇش قىسسىسى

ئىبنى ئىسھاقنىڭ «سىيرەت» ناملىق ئەسىرىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسلامنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىپ يولدا نەئىم ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. نەئىم ئۆمەردىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۆمەر «مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىمەن، چۈنكى، ئۇ

ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا قارشى چىقتى، قۇرەيشنىڭ بىرلىكىنى بۇزدى، بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نەئىم ئۇنىڭغا: «ئەي ئۆمەر! سەن ئۆزۈڭنى ئالداۋاتىسەن، سەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرسەڭ ئۇنىڭ قەبىلىسى بولغان ئابدۇماناقلار سېنى تىرىك قويۇۋېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئالدى بىلەن سەن ئائىلەڭدىكىلەرنى بىر تەرەپ قىلمامسەن؟» دەيدۇ. ئۆمەر جىددىيلىك بىلەن «ئائىلەمگە نېمە بوپتۇ؟» دەيدۇ. نەئىم ئۇنىڭغا: «سىڭلىڭ فاتىمە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئىككىسى مۇسۇلمان بولۇپ، مۇھەممەدكە ئەگىشىپ كەتتى. سەن ئالدى بىلەن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىل» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئاچچىقىدا بوغۇلغۇدەك بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە سىڭلىسى بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ۋە خەبباب ئىبنى ئەرەت ئۈچەيلەننىڭ تاھا سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا تارقىلىپ، خەبباب شۇ ئۆيدىكى بىر جايغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ، فاتىمە قۇرئان ئايىتى يېزىلغان پۈتۈكنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇۋالىدۇ.

ئەمما ئۆمەر ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن خەببابنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى. ئۆمەر ئۆيگە كىرگەن هامان ئۇلاردىن «سىلەر ئوقۇۋاتقان ئاشۇ سۆزلەر زادى نېمە؟» دەپ سورايدۇ. فاتىمە ئۆمەردىن «سەن بىر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۆمەر «ھەئە، مەن ئاڭلىدىم، سىلەر ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرىپسىلەر» دەيدۇ ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا سىڭلىسى فاتىمە ئېرىنى قوغداش ئۈچۈن ئارىغا كىرگىنىدە، ئۆمەر ئۇنى ئۇرۇپ بېشىنى قانىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر-ئايال ئىككىسى قەتئىيلىك بىلەن «توغرا، بىز مۇسۇلمان بولدۇق، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتتۇق، ئەمدى بىزگە قولۇڭدىن كەلگەننى قىل!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇلارغا قىلغان قوپال مۇئامىلىسىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە سىڭلىسىغا: «مەن ئۆيگە كىرىۋېتىپ ئاڭلاپ قالغان سۆزلەرنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، مۇھەممەدنىڭ دەۋەت قىلغىنى نېمە ئىكەن بىر قاراپ باقاي» دەيدۇ. سىڭلىسى بىز سېنىڭ ئۇنى يىرتىپ تاشلىشىڭدىن قورقىمىز دېگەندە، ئۆمەر ئۇنى كۆرۈپ بولۇپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئىلاھلىرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. سىڭلىسى ئۇنىڭغا: «ئاكا سەن مۇشرىك ئادەمسەن. مۇشرىكلار پاك ئەمەس. بۇ قۇرئاننى پاك بولمىغان ئادەم تۇتسا بولمايدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر يۇيۇنۇپ كەلگەندىن كېيىن، سىڭلىسىدىن تاھا سۈرىسىنىڭ بېشى يېزىلغان پۈتۈكنى ئېلىپ ئوقۇپ چىقىپ، «بۇ نېمىدېگەن ياخشى سۆزلەر» دەيدۇ. بۇ

سۆزنى ئاڭلىغان خەبباب يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ: ئەي ئۆمەر! مەن ئاللاھتىن سېنى پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئادەملەر قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمەن. چۈنكى، مەن تۈنۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹ئى ئاللاھ! ئەبۇلھەكەم بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن ئىسلامنى كۈچلەندۈرگەيسەن› دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدىم» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر خەببابقا «ئەي خەبباب! مېنى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغىن، مەن ئىمان ئېيتىمەن» دەيدۇ. خەبباب ئۆمەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردۇ، ئۇ شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ[1].

ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىسلام تارىخىدىكى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دادىل جاكارلايدىغان ۋە كەئبىگە بېرىپ ئازادە ئىبادەت قىلالايدىغان بولغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز «قۇرئان كەرىم»نى ساڭا سېنى جاپا تارتسۇن ياكى بەختسىز بولۇپ قالسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشىغا بەكمۇ ھېرىسمەن بولۇپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، بۇ يولدا بېشىغا كەلمىگەنلەر قالمىغان ئىدى. ھەتتا بەزى كاپىرلار ئۇنىڭغا «قۇرئان ساڭا پەقەت سېنى بەختسىز قىلىش ئۈچۈنلا چۈشىدۇ، چۈنكى، سەن ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر دىننى تەرغىب قىلىۋاتىسەن» دەيتتى. ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا: «ئى مۇھەممەد! سەن راستتىنلا بەختسىز ئادەمسەن، چۈنكى، سەن ئاتا- بوۋاڭنىڭ دىنىنى تەرك ئەتتىڭ»[2] دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ، قىيامدا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى، ئۇ ئاللاھ تائالادىن قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى تىلەپ كۆپ دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تاھا سۈرىسىنى نازىل قىلىپ دېدىكى: ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا قۇرئاننى

[1] «سيرة ابن إسحاق» 181-184-بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 11- توم، 88- بەت.

سىنىڭ جاپا تارتىشىڭ، قەۋمىڭنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ ياكى تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىمەن دەپ ئۆزۈڭنى قىيىنىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزۈش ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلىشتۇر. ئۇلارنى ئىمانغا زورلاشقا بۇيرۇلغان ئەمەسسەن. ئۇنتۇمىغىنكى، بۇ قۇرئان رەببىدىن قورققىدىغان، قەلب كۆزى ئوچۇق ئادەملەرنى ھىدايەتكە يېتەكلىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلىنغان كىتابتۇر.

بۇ يەردىن مەلۇمكى، بەزى ئادەملەرنىڭ كۆڭلى قارا، دىلى بۇزۇق بولۇشى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ۋەز-نەسىھەت ئالماسلىقى ئۇلاردا ئاللاھتىن قورقۇش، ھېساب كۈنىنى ئەسكە ئېلىش، ئەقلىنى ئىشلىتىش، ۋىجدانىنى ئىشقا سېلىش قاتارلىق خىسلەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقلۇقىدىن بولىدۇ. مۇنداق قەلبى تاشتەك بولۇپ كەتكەنلەر ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، خۇددى ئۆلۈكلەر ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغانغا، كۆرمىگەنگە ۋە ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمىغانغا ئوخشاش، مۇنداقلارمۇ ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ، ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ، توغرىنى ھېس قىلالمايدۇ. دېمەك، زىرائەت تېرىشقا يارامىلىق مۇنبەت يەر يامغۇر سۈيىنى سىڭدۇرۇپ ئۇنىڭدىن ياپ يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىققاندەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ دىللىرىدا ئىمان نۇرىنى يورۇتىدۇ ۋە بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

ئەمدى «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلغان زاتقا كەلسەك، ئۇ زېمىننى ۋە ئاسمانلارنى ئۆرنەكسىز ياراتقان، ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلىرى بىلەن كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارنى نېمەتلەندۈرۈپ ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرىدىغان، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى، ئۆز زاتىدا ياكى سۈپەتلىرىدە ۋەياكى ئىش- ھەرىكەتلىرىدە مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدىغان، تەڭداشسىز زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا كائىناتنىڭ ئىگىسى، پۈتكۈل زېمىن، ئۇنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىكى ھەر نەرسە، ئاسمانلار، يۇلتۇزلار، پىلانېتالار ھەممىسى ئۇنىڭ مۈلۈكى بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە ئىدارە قىلىدۇ، خالىغاننى يوق قىلىدۇ، خالىغاننى بار قىلىدۇ. ئۇ ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغان زات بولۇپ، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا سىر ئەمەس، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا سۆزلىگەنلىرى بىلەن يوشۇرۇن پىچىرلاشقانلىرىنى، ھەتتا كۆڭلىگە كەلتۈرگەنلىرىنىمۇ ئېنىق بىلىپ

تۇرىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئېسىل ئىسىملار ئۇنىڭ ئىسىملىرىدۇر، بۇ ئىسىملار ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىلاھلىقتا يېگانە، چەكسىز قۇدرەتلىك ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن لايىق بىر زات تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، تاشتىن، ياغاچتىن ياسالغان بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغان ئىنسانلارنى ئەقلى بار دېگىلى بولامدۇ؟ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇتلارنى يۇقىرىقى مۇكەممەل سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىش توغرىمۇ؟

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ دىلى ھەقىقەتكە ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئىمان ئېيتتى، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوغدىغۇچىلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئەركىن ئىبادەت قىلالايدىغان ۋە كىشىلەرنى دىنغا ئاشكارا دەۋەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈردى.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەردە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەر قىيىنچىلىقتىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

2. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا سۆز قىلغان. ۋەھيى گاھىدا ئاللاھ تائالانىڭ پەردە ئارقىسىدىن بىۋاستە سۆز قىلىشى بىلەن، گاھىدا پەرىشتە ئەۋەتىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشكە ئۆرلىگەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر.

4. ئاللاھ تائالا جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسىدۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇقەددەس ۋادىدا

﴿وَهَلۡ أَتَىٰكَ حَدِيثُ مُوسَىٰٓ ٩ إِذۡ رَءَا نَارٗا فَقَالَ لِأَهۡلِهِ ٱمۡكُثُوٓاْ
إِنِّيٓ ءَانَسۡتُ نَارٗا لَّعَلِّيٓ ءَاتِيكُم مِّنۡهَا بِقَبَسٍ أَوۡ أَجِدُ عَلَى ٱلنَّارِ

هُدًى ﴿١٠﴾ فَلَمَّآ أَتَىٰهَا نُودِيَ يَٰمُوسَىٰٓ ﴿١١﴾ إِنِّيٓ أَنَا۠ رَبُّكَ فَٱخۡلَعۡ
نَعۡلَيۡكَ إِنَّكَ بِٱلۡوَادِ ٱلۡمُقَدَّسِ طُوٗى ﴿١٢﴾ وَأَنَا ٱخۡتَرۡتُكَ فَٱسۡتَمِعۡ لِمَا
يُوحَىٰٓ ﴿١٣﴾ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدۡنِي وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ
لِذِكۡرِيٓ ﴿١٤﴾ إِنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٌ أَكَادُ أُخۡفِيهَا لِتُجۡزَىٰ كُلُّ نَفۡسِۭ
بِمَا تَسۡعَىٰ ﴿١٥﴾ فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنۡهَا مَن لَّا يُؤۡمِنُ بِهَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ
فَتَرۡدَىٰ ﴿١٦﴾

## تەرجىمىسى

**9-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسانىڭ قىسسىسى كەلدىمۇ؟**

**10-ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە: «سىلەر (بۇ يەردە) تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدىم، مەن بېرىپ (ئۇنىڭدىن) بىر تال چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېگەن ئىدى.**

**11-12-مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، نىدا قىلىندى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن، كەشىڭنى سالغىن. چۈنكى، سەن (ھازىر) مۇقەددەس تۇۋا [1] ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن.**

**13-مەن سېنى تاللىدىم، ئەمدى سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن.**

**14-مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن.**

**15-ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ياكى جازالىنىشى ئۈچۈن، مەن ۋاقتىنى قاتتىق مەخپىي تۇتقان قىيامەت چوقۇم بولىدۇ.**

**16-قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن) توسۇپ قويمىسۇن، ئۇ چاغدا، ئۆزۈڭ ھالاك بولۇپ كېتىسەن.**

---

[1] تۇۋا-جاي ئىسمى بولۇپ، مىسىرنىڭ سىينا رايونىدىكى تۇر تېغىنىڭ يېنىدىكى بىر ۋادىنىڭ نامىدۇر. ئايەتتىكى «تۇۋا» سۆزىگە ئىككى قېتىم مۇقەددەس قىلىنغان جاي دەپ مەنە ئېيتقانلارمۇ بار. چۈنكى، بۇ جاينىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە ۋەھيي قىلىنغان جاي ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

### تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن بولغان قىسسىسى «قۇرئان كەرىم»دە بىر قانچە ئورۇندا بايان قىلىنغان مۇھىم قىسسىلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنىڭ كۆپ بايان قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى مۇشۇ دېيىشكە بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتلەردىكى قىسسىسى ئۆزىدىن ئالدىدىكى ﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ لَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار﴾ [1] دېگەن ئايەت بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن. چۈنكى، بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت تەكىتلەنگەن بولسا، بۇ قىسسىدىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿إِنَّنِىٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعْبُدْنِى﴾ يەنى ﴿مەن ھەقىقەتەن ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن﴾ دېيىش ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلىگەن. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر خىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ ئاساسى تەۋھىد بولۇپ، تەۋھىد ساماۋى دىن ئەقىدىسىنىڭ يادروسىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۈرىدىكى قىسسىسى ﴿مەن ھەقىقەت ئاللاھمەن، مەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. شۇڭا سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن﴾ دېگەن ئايەت بىلەن باشلىنىپ، ﴿إِنَّمَآ إِلَـٰهُكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر﴾ [2] دېگەن ئايەت بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەديەن شەھىرىدىكى ئىشىنى تۈگىتىپ مۇقەددەس ۋادىغا كەلگەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن مىسىر پادىشاھى پىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى، كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتقانلىقىنى بىلگەن پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشىنى سېھىرگەرلىك دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى سېھىردە يېڭىش ئۈچۈن مىسىرنىڭ ئەڭ داڭلىق سېھىرگەرلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقى،

---

[1] تاھا سۈرىسى: 8-ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى: 98-ئايەت.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىشى، پىرئەۋننىڭ ئۇلارنى قوغلىشى، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تۇرىسىناغا كېتىپ قالـ-ـغانلىقىدىن پايدىلىنىپ موزايغا چوقۇنغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

مۇسا ئەلەيهىسسالام شۇئەيب ئەلەيهىسسالام بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىنى ۋە قويلىرىنى ئېلىپ تۇرىسىنا تېغىنىڭ غەربىگە كەلگىنىدە ئايالى يەڭگىيدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقى ئۇلارنى ئىسسىنىشقا موھتاج قىلىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە يولىدىن ئاداشقان ئىدى. ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوت ئىزدەپ يۈرگىنىدە، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتنى كۆرۈپ قېلىپ، ئايالىغا: «سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ قالدىم، بەلكى ئۇنىڭدىن ئوت ياندۇرارمىز ياكى شۇنىڭ يورۇقىدا يولىمىزنى كۆرۈۋالارمىز» دەپ كېتىپ قالىدۇ.

مۇسا ئەلەيهىسسالام ئوتنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئوتنىڭ يېشىل دەرەختىن يېنىۋاتقان ئىنتايىن سۈزۈك ھالىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن﴾ دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. دېمەك، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆرگىنى ئوت ئەمەس، بەلكى نۇر ئىدى.

ئەي مۇسا! دېگەن نىدا كەلگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيهىسسالام قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چاقىرغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ﴿مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن﴾ دەيدۇ، يەنى سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلىپ ياراتقان، چىرايلىق سۈرەتكە كىرگۈزگەن، ساغلام يېتىشتۈرگەن، دۈشمەنلىرىڭدىن سېنى قوغدىغان ۋە ھازىرغىچە سېنى ئۆز ئىنايىتى بىلەن پەرۋىش قىلىپ كەلگەن رەببىڭ مەن بولىمەن. كەشىڭنى سالغىن. چۈنكى، سەن مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا تۇرۇۋاتىسەن. ئەي مۇسا! مەن سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدىم، مېنىڭ دىنىمنى، سۆزلىرىمنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشۈڭ ئۈچۈن سېنى ئالاھىدە تاللاپ چىقاردىم. سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى كىشىلەرگە يەتكۈزگىن، تەلىماتلىرىم بويىچە ئىش كۆرگىن ۋە پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.

مەن سېنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رەببى بولغان ئاللاھمەنكى، مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سەن ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن، بىلگىنكى، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە جازاسىنى

كۆرۈشى ئۈچۈن قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى مەخپىي تۇتىمەن، ھېچكىمگە بىلدۈرمەيمەن، ئۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ۋە ھەربىر ئىنساننىڭ ئەجىلى قاچان توشىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى ۋە ھېكمىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. بەلكى ئىنساننىڭ دۇنيالىق ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلىشى ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ تىنىمسىز تەييارلىق كۆرۈشى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن) توسۇپ قويمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتتە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىدىغان ھەرقانداق بىر دەۋەتچىنىڭ يولىنى توسىدىغان، قارشى چىقىدىغان ۋە زىيانكەشلىك قىلىدىغانلارنىڭ ھەر زامان مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەق دىنىنى توسالمايدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دىنىنى چوقۇم قوغدايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرىش ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغانلىقى ئۇنىڭ كالام (يەنى سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇغانىنى ئۇلۇغلاش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي بۇرچىدۇر.

4. ناماز ئوقۇشتىن مەقسەت ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتۇر.

5. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنىڭ كىشىلەرگە بىلدۈرۈلمىگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغان ئىشتۇر.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھتىن تىلىگەنلىرى

﴿وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَٰمُوسَىٰ ١٧ قَالَ هِيَ عَصَايَ أَتَوَكَّؤُاْ عَلَيْهَا
وَأَهُشُّ بِهَا عَلَىٰ غَنَمِي وَلِيَ فِيهَا مَـَٔارِبُ أُخْرَىٰ ١٨ قَالَ أَلْقِهَا

يَٰمُوسَىٰ ﴿١٩﴾ فَأَلۡقَىٰهَا فَإِذَا هِيَ حَيَّةٞ تَسۡعَىٰ ﴿٢٠﴾ قَالَ خُذۡهَا وَلَا تَخَفۡۖ
سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا ٱلۡأُولَىٰ ﴿٢١﴾ وَٱضۡمُمۡ يَدَكَ إِلَىٰ جَنَاحِكَ تَخۡرُجۡ
بَيۡضَآءَ مِنۡ غَيۡرِ سُوٓءٍ ءَايَةً أُخۡرَىٰ ﴿٢٢﴾ لِنُرِيَكَ مِنۡ ءَايَٰتِنَا ٱلۡكُبۡرَى
﴿٢٣﴾ ٱذۡهَبۡ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٢٤﴾ قَالَ رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي ﴿٢٥﴾
وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي ﴿٢٦﴾ وَٱحۡلُلۡ عُقۡدَةٗ مِّن لِّسَانِي ﴿٢٧﴾ يَفۡقَهُواْ قَوۡلِي ﴿٢٨﴾
وَٱجۡعَل لِّي وَزِيرٗا مِّنۡ أَهۡلِي ﴿٢٩﴾ هَٰرُونَ أَخِي ﴿٣٠﴾ ٱشۡدُدۡ بِهِۦٓ أَزۡرِي
﴿٣١﴾ وَأَشۡرِكۡهُ فِيٓ أَمۡرِي ﴿٣٢﴾ كَيۡ نُسَبِّحَكَ كَثِيرٗا ﴿٣٣﴾ وَنَذۡكُرَكَ كَثِيرًا
﴿٣٤﴾ إِنَّكَ كُنتَ بِنَا بَصِيرٗا ﴿٣٥﴾

### تەرجىمىسى

17ـ ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟».

18ـ مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ هاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنى باشقا ئېھتىياجلىرىمغىمۇ ئىشلىتىمەن».

19ـ ئاللاھ: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى.

20ـ مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ شۇ هامان تېز مىڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى.

21ـ ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنى ئال! قورقمىغىن! بىز ئۇنى دەسلەپكى هالىتىگە قايتۇرىمىز.

22ـ قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ بىرەر ئەيىب-نۇقسان بولغانلىقىدىن ئەمەس، يەنە بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ چىقىدۇ.

23ـ (بۇنداق قىلىش) ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزنىڭ بەزىسىنى كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈندۇر.

24ـ پىرئەۋننىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى».

25ـ مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىم! مېنىڭ كۆڭلى-كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن،

26ـ مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن،

27ـ تىلىمدىن ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن،

28ـ ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن.
29ـ30ـ ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن.
31ـ ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن.
32ـ مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن.
33ـ بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز،
34ـ ساڭا كۆپ زىكىر ئېيتقايمىز.
35ـ شەكسىزكى، سەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن».

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئەلۋەتتە ساڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى يېتىپ كەلدى. ئۇز ۋاقتىدا رەببى ئۇنىڭغا مۇقەددەس تۇۋا ۋادىسىدا نىدا قىلىپ: «مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ رەببىڭمەن» دېگەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن ﴿ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟﴾ دەپ سورىغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام سوئالغا جاۋاب بېرىپ، قولىدىكىنىڭ ھاسا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا تايىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىغا غازاڭ قېقىپ بېرىدىغانلىقىنى، يەنە ئۇنى باشقا ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ يەردىكى سوئالغا «قولۇمدىكى ھاسا» دەپلا جاۋاب بېرىش كۇپايە قىلىدىغان يەردە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىنىڭ پايدىلىرىنى سۆزلەپ سۆزىنى ئۇزىتىپ جاۋاب بېرىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلىشىشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتتىن ۋە بۇ ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن كۆپرەك ھۇزۇرلىنىشنى خالىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە تاشلىشىنى ئەمر قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى يەرگە تاشلىشى بىلەنلا ئۇ ھاسا يوغان بىر يىلانغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ ۋە ئارقىغا قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قورقماسلىقنى ۋە قاچماسلىقنى ئەمر قىلىدۇ، شۇنداقلا ھاسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ يىلاننىڭ ئۇستىگە قولىنى قويۇشى بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى ھاسىغا ئايلىنىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەنە بىر مۆجىزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى قوينىغا سېلىشىنى ۋە قولىنىڭ ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى

قويىنىغا سېلىپ قايتا چىقىرىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى راستتىنلا ئاپئاق نۇرلۇق بولۇپ چىقىدۇ، ئاندىن قولىنى يەنە قويىنىغا قايتا سالغىنىدا قولى ئەسلىگە قايتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېيدۇكى، قولۇڭنىڭ ئاپئاق نۇرلۇق بولۇشى ۋە ھاساڭنىڭ يىلانغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى رەببىڭدىن ساڭا بېرىلگەن چوڭ مۆجىزىدۇر. بۇنىڭ بىلەن رەببىڭنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئىشلارنى قانداق ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بىلىسەن. بىزنىڭ ساڭا بۇ ئىككى مۆجىزىنى كۆرسەتكەنلىكىمىز ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزنىڭ بەزىسىنى كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى ئىككى چوڭ مۆجىزىنى كۆرسەتكەن ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى شۇنداق ئىسپاتلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پىرئەۋننىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان زالىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىش يولىغا كىرىپلا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى تىلەيدۇ: ئى رەببىم! مېنىڭ دەۋەت يولىدا سەۋرچان، ئېغىر بېسىق بولۇشۇمنى، بۇ يولدا بېشىمغا كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشىم ئۈچۈن كۆڭۈل-كۆكسۈمنىڭ كەڭ بولۇشىنى تىلەيمەن، سېنىڭ بۇيرۇغانلىرىڭنى تولۇق ئورۇندىشىم ئۈچۈن مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشىنىشى ئۈچۈن تىلىمدىن ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالادىن قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىمۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئۆزىگە قوشۇپ بېرىشىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشىنى ۋە ئۇنى دەۋەت ئىشلىرىدا ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ بېرىشىنى تىلىگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىۋاستە خىتاب قىلىشىغا نائىل بولغان پەيغەمبەردۇر.

2. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز مۆجىزىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى ئۇنىڭ ھاسىسىنىڭ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى ۋە قولىنىڭ ئاپئاق

بولۇپ يېنىشىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرنى شۇ زامانغا مۇناسىپ مۆجىزە بىلەن ئەۋەتكەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ چوڭ يىلانغا ئايلىنىشى ۋە قولىنىڭ چىراغدەك يېنىشى سېھىرگەرلىك ئۇچىغا چىققان شۇ زامانلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان مۆجىزىلەر ئىدى.

4. ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

5. پىرئەۋن ھەقىقەتكە باش ئەگمىگەنلىك سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلارغا مىسالدۇر.

6. دەۋەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، دەۋەتچىنىڭ سۆزى ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى شەرتتۇر.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان بەزى سىرلىق ئىشلار

﴿قَالَ قَدْ أُوتِيتَ سُؤْلَكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٣٦﴾ وَلَقَدْ مَنَنَّا عَلَيْكَ مَرَّةً أُخْرَىٰٓ
﴿٣٧﴾ إِذْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰٓ أُمِّكَ مَا يُوحَىٰٓ ﴿٣٨﴾ أَنِ ٱقْذِفِيهِ فِى ٱلتَّابُوتِ
فَٱقْذِفِيهِ فِى ٱلْيَمِّ فَلْيُلْقِهِ ٱلْيَمُّ بِٱلسَّاحِلِ يَأْخُذْهُ عَدُوٌّ لِّى وَعَدُوٌّ لَّهُۥ ۚ
وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِّنِّى وَلِتُصْنَعَ عَلَىٰ عَيْنِىٓ ﴿٣٩﴾ إِذْ تَمْشِىٓ أُخْتُكَ
فَتَقُولُ هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ مَن يَكْفُلُهُۥ ۖ فَرَجَعْنَٰكَ إِلَىٰٓ أُمِّكَ كَىْ تَقَرَّ
عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ ۚ وَقَتَلْتَ نَفْسًا فَنَجَّيْنَٰكَ مِنَ ٱلْغَمِّ وَفَتَنَّٰكَ فُتُونًا ۚ
فَلَبِثْتَ سِنِينَ فِىٓ أَهْلِ مَدْيَنَ ثُمَّ جِئْتَ عَلَىٰ قَدَرٍ يَٰمُوسَىٰ ﴿٤٠﴾
وَٱصْطَنَعْتُكَ لِنَفْسِى ﴿٤١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

36-ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغانلىرىڭ ھەقىقەتەن ساڭا بېرىلدى.

37-بىز ھەقىقەتەن (بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ) ساڭا بىر قېتىم ئىنئام قىلغان

ئىدۇق.

**38**ـ**39**ـئۆز ۋاقتىدا بىز ئاناڭغا: ‹مۇسانى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بەرگىن، شۇنىڭ بىلەن دەريا ئۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويسۇن، ئۇنى مېنىڭمۇ دۈشمىنىم، ئۇنىڭمۇ دۈشمىنى (بولغان پىرئەۋن) ئېلىۋالسۇن!› دەپ، ئىلھام قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى (شۇنداق) ئىلھام قىلغان ئىدۇق. (ئى مۇسا! سېنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشۈڭ)، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يېتىشتۈرۈلۈشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم.

**40**ـئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ (پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: ‹سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟› دېگەن ئىدى. بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇرغان ئىدىڭ. كېيىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (مەديەندىن تۇرىسناغا) كەلدىڭ.

**41**ـمەن سېنى ئۆزۈم ئۈچۈن يېتىشتۈرۈپ چىقتىم.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا زالىم پىرئەۋننىڭ زۇلمىنى قاتتىق چەككەن بولۇپ، پەرئەۋن دائىرىلىرى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈپ تۇراتتى، قىز بوۋاقلارنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن تىرىك قوياتتى، ئۇلار يەنە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھەر خىل ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى سالاتتى. مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئىمران دېگەن ئادەمنىڭ ئايالى يوكابىد بىر ئوغۇل بوۋاق تۇغىدۇ. بۇ دەل مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىدى. يوكابىد بوۋىقىنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۈچ ئايغىچە يوشۇرۇن تۇتىدۇ. بۇ ئارىدا پىرئەۋن دائىرىلىرىنىڭ ئاختۇرۇش ئىشلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. بوۋىقىنى پىرئەۋن دائىرىلىرىنىڭ تېپىۋېلىشىدىن قورققان يوكابىد ئاللاھ تائالا تەرەپتىن كەلگەن ئىلھامغا ئاساسەن، بىر ساندۇق ياساپ بوۋىقىنى بۇ ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ قىزى مەريەمنى ساندۇقنىڭ سۇدا ئېقىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى سۇدىن كىمنىڭ سۈزۈپ ئېلىۋالىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇكابىدقا ئىلھام قىلىپ، بوۋىقىنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە بوۋاقنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەندىشە قىلماسلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. يۇكابىدنىڭ قىزى مەريەم ساندۇقنىڭ ئېقىشىنى كۆزىتىپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ ساندۇقنىڭ پىرئەۋننىڭ سارىيىغا كىرىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز خاتىرجەم بولىدۇ.

ساندۇقتىكى بوۋاقنى پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ خوجايىنىغا خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئارىدا پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە بۇ بوۋاقنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئاسىيەنىڭ مېھرىنى بۇ بوۋاققا چۈشۈرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن ئائىلىسى بۇ بوۋاقنى بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنى ئېمىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ ۋە ئېمىتكىنىگە مەلۇم مىقداردا ھەق ئالىدۇ. چۈنكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئانىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئايالنى ئەمگىلى ئۇنىمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. قەسەس سۈرىسىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايانلار بار. ئەمما بۇ سۈرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئىخچام بايان قىلىنغان.

### ◄ تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن تىلىنىڭ راۋان بولۇشىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

ئەي مۇسا! بىز ساڭا ئىككىنچى قېتىم يەنە چوڭ ئىلتىپات قىلدۇق. چۈنكى، بىز سېنىڭ ئاناڭغا ئىلھام قىلدۇق. سېنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا قويۇۋېتىش، ئاندىن سېنىڭ ئاناڭغا سالامەت قايتىدىغانلىقىڭ ۋە پەيغەمبەرلەردىن بولىدىغانلىقىڭ قاتارلىقلارنى ئۇنىڭغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇق.

ساندۇق پىرئەۋن ئايالى ئاسىيە بىلەن تاماشا قىلىۋاتقان دەريا بويىغا كېلىپ توختىدى. پىرئەۋن ساندۇقنى كۆرۈپ ئۇنى ئېچىشقا بۇيرىدى. پىرئەۋننىڭ ئادەملىرى ساندۇقنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىن

چىققان سەبى بالىغا پىرئەۋن بىلەن ئايالىنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىككىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى راستىنلا قاتتىق ياخشى كۆرۈپ قالدى ۋە بالا قىلىۋالماقچى بولدى. مانا بۇ ﴿(ئى مۇسا! سېنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشۈڭ)، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەربىيەلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئۆز تەرىپىمدىن مېھرى ئىسسىقلىق ئاتا قىلدىم﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى جىمى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى بۇيرىدى، خۇسۇسەن، ئاللاھ تائالانىڭمۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان پىرئەۋننىڭ قەلبىگە، ئۇنىڭ مۆئمىن ئايالى ئاسىيەنىڭ قەلبىگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى سالدى.

ئەي مۇسا! سېنى ياخشى تەربىيەلىشىمىز ۋە ئوبدان ھىمايە قىلىشىمىز ئۈچۈن سېنى ئاناڭغا ئېمىتىشكە بەردۇق. ئۆز ۋاقتىدا ھەمشىرەڭ سېنىڭ سۈت ئانىلىرىدىن ھېچبىرىنى ئەممىگەنلىكىڭنى كۆرۈپ، پىرئەۋن ئائىلىسىگە بالا ئېمىتكۈچى بىر ئايالنى تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئاناڭنى كۆرسىتىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سېنى ئاناڭ ئۆزى ئېمىتىشكە باشلىدى. مانا بۇ ﴿بىز سېنىڭ ئاناڭنى خۇش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا توشماستىنلا مىسىرلىقلارنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا سېلىۋاتقان زۇلۇم-سىتەملىرى تۈپەيلى ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مىسىرلىقنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان ئادەم مىسىرلىققا قارشى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېتىلغىنىچە بېرىپ مىسىرلىقنى بىر مۇشت بىلەنلا يىقىتىپ تاشلايدۇ. مىسىرلىق ئادەم شۇ يەردىلا جان ئۈزىدۇ. پىرئەۋن بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلگەن مىسىرلىقنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق پەرمان چىقىرىدۇ. پىرئەۋن جامائەسىدىن بولغان بىر مۆئمىن ئادەم بۇ خەۋەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا مىسىر زېمىنىدىن قېچىپ كېتىدۇ ۋە مەديەن دېگەن جايغا بېرىپ توختايدۇ، ئۇ جايدا ئون يىل تۇرۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ﴿سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ

قويغان ئىدىڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق﴿ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى ئۆز ۋاقتىدا سەن بىر ئادەمنى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدىڭ. ئەمما بۇ ئىشقا پۇشايمان قىلدىڭ ۋە سەۋەنلىكىڭ ئۈچۈن بىزگە تەۋبە قىلدىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىز سېنى تەۋبەڭ يۈزىسىدىن ئاخىرەتنىڭ غەم-قايغۇسىدىن، مەدىيەنگە قېچىشىڭ ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشتىن ساقلىنىپ قالدىڭ. ﴿سېنى تۈرلۈك سىناقلار بىلەن سىنىدۇق﴾ يەنى سېنى شۇنداق سىنىدۇقكى، بۇ سىناقلار سايىسىدا سەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە لاياقەتلىك بولدۇڭ. مەدىيەندە ئون يىل تۇردۇڭ. ئاندىن رەببىڭنىڭ تەقدىرى بىلەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا مىسىردىكى تۇرىسىناغا كەلدىڭ. مەن سېنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشكە تاللاپ ۋە ئالاھىدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم، دىنىنى يەتكۈزۈش ئىشىغا سېنى بەلگىلىدىم. ئەمدى سەن ۋە ئاكاڭ ھارۇن ئىككىڭلار بۇ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار، سىلەر ئاجىز كەلمەڭلار، چۈنكى، مەن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللىمەن، سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، سىلەرگە مەدەت بېرىمەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسا ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇلۇل ئەزىم (ئەزىمەتلىك) پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالاھىدە مۇھەببىتىگە ۋە بىۋاستە سۆزلىشىشىگە سازاۋەر بولغان پەيغەمبەردۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ پىرئەۋننىڭ دۈشمىنى ۋە ئۇنىڭ تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايدىغان ئادەم مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يەنە پىرئەۋننىڭ سارىيىدا يېتىشتۈرۈپ چىقىشى ئۇنىڭ تاللانغان بەندىلىرىنى قانداق ھىمايە قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ تولىمۇ ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆر-سىتىدۇ.

3. ھەرقانداق چوڭ نېمەت چوڭ بەدەللەرنى تۆلەش بىلەن قولغا كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ مەدىيەندە ئون يىل رىيازەت چېكىشى ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تاۋلىنىشى ئۇنى پەيغەمبەرلىككە لايىق قىلغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋننى ئىمانغا دەۋەت قىلىشى

﴿ٱذْهَبْ أَنتَ وَأَخُوكَ بِـَٔايَـٰتِى وَلَا تَنِيَا فِى ذِكْرِى ﴿٤٢﴾ ٱذْهَبَآ إِلَىٰ
فِرْعَوْنَ إِنَّهُۥ طَغَىٰ ﴿٤٣﴾ فَقُولَا لَهُۥ قَوْلًا لَّيِّنًا لَّعَلَّهُۥ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَىٰ
﴿٤٤﴾ قَالَا رَبَّنَآ إِنَّنَا نَخَافُ أَن يَفْرُطَ عَلَيْنَآ أَوْ أَن يَطْغَىٰ ﴿٤٥﴾ قَالَ لَا
تَخَافَآ ۖ إِنَّنِى مَعَكُمَآ أَسْمَعُ وَأَرَىٰ ﴿٤٦﴾ فَأْتِيَاهُ فَقُولَآ إِنَّا رَسُولَا رَبِّكَ
فَأَرْسِلْ مَعَنَا بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَا تُعَذِّبْهُمْ ۖ قَدْ جِئْنَـٰكَ بِـَٔايَةٍ مِّن رَّبِّكَ ۖ
وَٱلسَّلَـٰمُ عَلَىٰ مَنِ ٱتَّبَعَ ٱلْهُدَىٰٓ ﴿٤٧﴾ إِنَّا قَدْ أُوحِىَ إِلَيْنَآ أَنَّ ٱلْعَذَابَ عَلَىٰ
مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّىٰ ﴿٤٨﴾ قَالَ فَمَن رَّبُّكُمَا يَـٰمُوسَىٰ ﴿٤٩﴾ قَالَ رَبُّنَا ٱلَّذِىٓ
أَعْطَىٰ كُلَّ شَىْءٍ خَلْقَهُۥ ثُمَّ هَدَىٰ ﴿٥٠﴾ قَالَ فَمَا بَالُ ٱلْقُرُونِ ٱلْأُولَىٰ
﴿٥١﴾ قَالَ عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى فِى كِتَـٰبٍ ۖ لَّا يَضِلُّ رَبِّى وَلَا يَنسَى ﴿٥٢﴾
ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ مَهْدًا وَسَلَكَ لَكُمْ فِيهَا سُبُلًا وَأَنزَلَ
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّن نَّبَاتٍ شَتَّىٰ ﴿٥٣﴾ كُلُوا۟
وَٱرْعَوْا۟ أَنْعَـٰمَكُمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَـَٔايَـٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلنُّهَىٰ ﴿٥٤﴾ ۞ مِنْهَا
خَلَقْنَـٰكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَىٰ ﴿٥٥﴾
وَلَقَدْ أَرَيْنَـٰهُ ءَايَـٰتِنَا كُلَّهَا فَكَذَّبَ وَأَبَىٰ ﴿٥٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

42ـ(ئى مۇسا!) سەن ۋە قېرىندىشىڭ (ھارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، مېنى ياد ئېتىشتە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار.

43ـ سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

44ـ ئۇنىڭغا سىلىق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ئەقلىنى تېپىشى ياكى (زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقىشى مۇمكىن.

45ـ ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن (بىز پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن) ئۇنىڭ بىزگە ئالدىراپ قول سېلىشىدىن ياكى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى.

46ـ ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

47ـ سىلەر پىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ، ‹بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن رەببىڭ-نىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئەمدى، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز بىلەن قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. بىز ساڭا راستتىنلا رەببىڭدىن مۆجىزە ئېلىپ كەلدۇق، ئامانلىق ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

48ـ بىزگە شەكسىز ۋەھيى قىلىندىكى، ئازاب (ھەقىقەتنى) يالغان دېگەن ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمگە بولىدۇ› دەڭلار».

49ـ پىرئەۋن: «ئى مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟» دېدى.

50ـ مۇسا ئېيتتى: «بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ھەربىر مەخلۇقنى ھاياتلىق يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر».

51ـ پىرئەۋن: «ئۇنداقتا، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ھالى قانداق بولغان؟» دېدى.

52ـ مۇسا ئېيتتى: «ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات رەببىمنىڭ دەرگاھىدىكى كىتاب (لەۋھۇلمەھفۇز)تا خاتىرىلەنگەندۇر. رەببىم خاتالاشمايدۇ ۋە ئۇنتۇمايدۇ.

53ـ ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەرگەن، سىلەر ئۈچۈن يوللارنى ئېچىپ بەرگەن، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. ئۇنىڭ بىلەن (رەڭدە، شەكىلدە، پۇراقتا ۋە تەمدە) بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردۇق».

54ـ سىلەر (ئۇلاردىن) يەڭلار ۋە چارۋىلىرىڭلارنى بېقىڭلار. شەكسىزكى، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

55ـ بىز سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرىمىز، (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) سىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن چىقىرىمىز.

56ـ شەكسىزكى، بىز (پىرئەۋنگە) مۆجىزىلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتكەن ئىدۇق. ئۇ (يەنىلا) ئىنكار قىلدى ۋە (ئىمان ئېيتىشقا) ئۇنىمىدى.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، ئەي مۇسا! سەن ۋە ئاكاڭ ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىڭلار مېنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىمنى ئېلىپ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ يېنىغا بېرىڭلار. چۈنكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى رەببىڭلارغا شېرىك كەلتۈرۈشتە ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى قىيناشتا راستتىنلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. سىلەر ئىككىڭلار پىرئەۋننىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋە يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، چۈنكى، ئۇ بەكمۇ مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇر ئىنساندۇر. بەلكى سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلار سايىسىدا، ئۇ ئەقلىنى تېپىۋېلىشى، ۋەز-نەسىھەتلىرىڭلارنى قوبۇل قىلىشى ياكى قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشى مۇمكىن. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ دەيدۇكى، ئى رەببىمىز! بىز ئۇنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى ياكى بىزنى ئالدىراپ قاتتىق جازالاپ قويۇ-شىدىن قورقۇۋاتىمىز.

زالىمنىڭ زۇلمىدىن قورقۇش ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورقۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئىنسان ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر زامان سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇلغان.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەيدۇكى، سىلەر ھەرگىز قورقماڭلار! چۈنكى، مەن سىلەر بىلەن بىللە، مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋندىن قورقماسلىققا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ھىمايىسى، ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغان ئىكەن، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلارنى بىلىپ تۇراتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارنى پىرئەۋنگە ئالدى بىلەن ﴿بىز ئىككىمىز رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز﴾ يەنى بىز سېنى يوقتىن بار قىلغان رەببىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇ بىزنى ساڭا ئەۋەتتى، دېيىشكە، ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قىيناشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىللە كېتىشىگە رۇخسەت قىلغىن، دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، پىرئەۋن تەۋەلىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنى قۇل قىلىپ ئىشلىتەتتى ۋە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلاتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنگە مۆجىزە كۆرسىتىشكە ئەمر قىلىدۇ. ئۇلار پىرئەۋنگە دەيدۇكى: ئەي پىرئەۋن! بىز

ساڭا بىزنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق. بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پىرئەۋن ئۇلارغا «قېنى ئۇ مۆجىزەڭلارنى كۆرسەتمەمسىلەر؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقىرىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى خۇددى قۇياشتەك نۇر چاچقان ھالدا ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندۇ. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ.

﴿ئامانلىق ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە مەنسۇپتۇر﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگىلا مەنسۇپتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پىرئەۋن ئۆزىنى يەر يۈزىنىڭ ئىلاھى دەپ ئاتىۋالغان زالىم پادىشاھ ئىدى. ئۇنى مىسىرلىقلار ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ﴿بىز ئىككىمىز رەببىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز﴾ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پىرئەۋن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىلاھىڭلارمەن» دەيدۇ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى خارلاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلايدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ باتىل ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: ﴿بىزگە شەك-شۈبھىسىز ۋەھيى قىلىندىكى، قاتتىق ئازاب (ھەقىقەتنى) ئىنكار قىلغان ۋە (ئىماندىن) باش تارتقانلارغا بولىدۇ﴾ دەيدۇ. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنىڭغا: ﴿ئەي مۇسا! سىلەرنىڭ رەببىڭلار كىم؟﴾ دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە جاۋاب بېرىپ: ﴿بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ھەربىر مەخلۇقنى ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر﴾ يەنى بىزنىڭ رەببىمىز ھەر نەرسىنى يوقتىن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىللەرنى كىرگۈزگەن، خۇسۇسىيەتلەرنى بەلگىلىگەن، ئاندىن ھەربىر مەخلۇققا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى يوللىرىنى ئۆگەتكەن زاتتۇر، دەيدۇ.

پىرئەۋن ئۇلاردىن سورايدۇ: ئۇنداقتا، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر سىلەر دەۋاتقان ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى بىلمەستىن ئالەمدىن ئۆتكەنلەردۇر، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى، ئۇلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يېنىدىكى لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن كىتابتا ھەممىسى ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولىدۇ، ئۇنى رەببىمدىن باشقا ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ. ئاندىن ئۇلار يەنە سۆزىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

رەببىمىز ئاللاھ تائالا ھەرگىز خاتالاشمايدۇ، ئۇنتۇپمۇ قالمايدۇ. ئۇ يەر يۈزىنى سىلەر ئۈچۈن ئولتۇراقلىشىدىغان جاي قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭدا سىلەرگە تۈرلۈك يوللارنى ئېچىپ بەرگەن، يەرنى سىلەرگە خۇددى يۇمشاق كۆرپىگە ئوخشاش قىلىپ بەرگەن، بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن زاتتۇر. مانا بىز بۇ سۇنىڭ سايىسىدا زېمىندىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىۋاتىمىز.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرىدىن ۋە زىرائەتلىرىدىن پايدىلىنىڭلار، ئۇلاردىن يەڭلار، ئىچىڭلار، چارۋا ماللىرىڭلارنى ئوتلىتىڭلار، سىلەرگە ئاتا قىلىنغان ياخشىلىقلاردىن كەڭتاشا نېمەتلىنىڭلار. شەكسىزكى، بۇلاردا رەببىڭلارنىڭ قۇدرىتىگە ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار.

بىز سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتتۇق، ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، سىلەرنى يەنە شۇ تۇپراققا قايتۇرىمىز، قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا قىلغان-ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن سىلەرنى يەنە شۇ تۇپراقتىن قايتا چىقىرىمىز.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە پىرئەۋننىڭ ئىمان ئېيتماسلىق ئۈچۈن كەلتۈرگەن بارلىق باھانىلىرىنى ۋە پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالغان. چۈنكى، بۇ ئايەتلەر پىرئەۋنگە ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ۋە نەدىن كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغان ۋە كېيىن يەنە تۇپراققا قايتىدىغان ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتلىق ئالەمدىكى سەلتەنىتىگە، مال-دۇنياسىغا ئىشىنىپ كېتىشىنىڭ پۇشايمانغا سەۋەب بولىدىغان ھالاكەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا مال-دۇنيا ۋە بالىلار ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئايەتلەر ناھايىتى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەقلى جايىدا بولغانلار ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. پىرئەۋنگە ئەنە

شۇنداق ئايەتلىرىمىزنى كەلتۈردۇق، مۆجىزىلىرىمىزنىڭ ھەممە تۈرىنى كۆرسەتتۇق. ئەمما ئۇ بۇ مۆجىزىلەرنى، ئايەتلەرنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، چوڭچىلىق قىلىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. ﴿وَجَحَدُواْ بِهَا وَٱسْتَيْقَنَتْهَآ أَنفُسُهُمْ ظُلْمًا وَعُلُوًّا﴾ يەنى ﴿ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرگە دىلىدا شەكسىز ئىشەنگەن تۇرۇپ، ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلدى﴾ [1]، ﴿قَالَ لَقَدْ عَلِمْتَ مَآ أَنزَلَ هَٰٓؤُلَآءِ إِلَّا رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ بَصَآئِرَ وَإِنِّي لَأَظُنُّكَ يَٰفِرْعَوْنُ مَثْبُورًا﴾ يەنى ﴿(مۇسا پىرئەۋنگە): «بۇ مۆجىزىلەرنى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببى (بولغان ئاللاھ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن ئەلۋەتتە، ئوبدان بىلىسەن، ئى پىرئەۋن! مەنمۇ سېنى چوقۇم ھالاك بولىدۇ، دەپ قارايمەن» دېدى﴾ [2] .

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زىكىر تىل بىلەنلا ئەمەس، تىل، دىل ۋە ئەمەل بىلەن قىلىنىدۇ. ئەمەل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان زىكىر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىش بىلەن بولىدۇ.

2. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتا ھېكمەتلىك ۋە ئەڭ توغرا ئۇسۇلنى قوللىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە ۋە ئەۋلىيالىرىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيا بەندىلىرى ئىخلاسى ۋە ساداقەتمەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ دوستىغا ئايلانغان كىشىلەردۇر.

4. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختسىزلىكلىرىدىن ئەمىن بولۇش پەقەت ھىدايەت تاپقانلارنىڭلا نېسىۋىسىدۇر.

5. ئاللاھ تائالا ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش دېگەندەك كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

6. كائىناتتىكى ھەربىر نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە ۋە چەكسىز ئىلمىگە ھەم قۇدرىتىگە دالالەت قىلىپ تۇرماقتا.

---

[1] نەمل سۈرىسى: 14_ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 102_ئايەت.

7. ئىسلام دىنى ئەقىلنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا زور ئەھمىيەت بەرگەن.

8. ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمىغانلارغا مىڭلارچە دەلىل كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا قايىل بولمايدۇ. پىرئەۋن، ئەبۇ جەھل قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

## ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى

قَالَ أَجِئۡتَنَا لِتُخۡرِجَنَا مِنۡ أَرۡضِنَا بِسِحۡرِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿٥٧﴾ فَلَنَأۡتِيَنَّكَ
بِسِحۡرٖ مِّثۡلِهِۦ فَٱجۡعَلۡ بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكَ مَوۡعِدٗا لَّا نُخۡلِفُهُۥ نَحۡنُ وَلَآ
أَنتَ مَكَانٗا سُوٗى ﴿٥٨﴾ قَالَ مَوۡعِدُكُمۡ يَوۡمُ ٱلزِّينَةِ وَأَن يُحۡشَرَ ٱلنَّاسُ
ضُحٗى ﴿٥٩﴾ فَتَوَلَّىٰ فِرۡعَوۡنُ فَجَمَعَ كَيۡدَهُۥ ثُمَّ أَتَىٰ ﴿٦٠﴾ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰ
وَيۡلَكُمۡ لَا تَفۡتَرُواْ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا فَيُسۡحِتَكُم بِعَذَابٖۖ وَقَدۡ خَابَ
مَنِ ٱفۡتَرَىٰ ﴿٦١﴾ فَتَنَٰزَعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّجۡوَىٰ ﴿٦٢﴾ قَالُوٓاْ
إِنۡ هَٰذَٰنِ لَسَٰحِرَٰنِ يُرِيدَانِ أَن يُخۡرِجَاكُم مِّنۡ أَرۡضِكُم بِسِحۡرِهِمَا
وَيَذۡهَبَا بِطَرِيقَتِكُمُ ٱلۡمُثۡلَىٰ ﴿٦٣﴾ فَأَجۡمِعُواْ كَيۡدَكُمۡ ثُمَّ ٱئۡتُواْ صَفّٗاۚ
وَقَدۡ أَفۡلَحَ ٱلۡيَوۡمَ مَنِ ٱسۡتَعۡلَىٰ ﴿٦٤﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن
نَّكُونَ أَوَّلَ مَنۡ أَلۡقَىٰ ﴿٦٥﴾ قَالَ بَلۡ أَلۡقُواْۖ فَإِذَا حِبَالُهُمۡ وَعِصِيُّهُمۡ يُخَيَّلُ
إِلَيۡهِ مِن سِحۡرِهِمۡ أَنَّهَا تَسۡعَىٰ ﴿٦٦﴾ فَأَوۡجَسَ فِي نَفۡسِهِۦ خِيفَةٗ مُّوسَىٰ
﴿٦٧﴾ قُلۡنَا لَا تَخَفۡ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡأَعۡلَىٰ ﴿٦٨﴾ وَأَلۡقِ مَا فِي يَمِينِكَ تَلۡقَفۡ
مَا صَنَعُوٓاْۖ إِنَّمَا صَنَعُواْ كَيۡدُ سَٰحِرٖۖ وَلَا يُفۡلِحُ ٱلسَّاحِرُ حَيۡثُ أَتَىٰ
﴿٦٩﴾ فَأُلۡقِيَ ٱلسَّحَرَةُ سُجَّدٗا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ هَٰرُونَ وَمُوسَىٰ ﴿٧٠﴾ قَالَ
ءَامَنتُمۡ لَهُۥ قَبۡلَ أَنۡ ءَاذَنَ لَكُمۡۖ إِنَّهُۥ لَكَبِيرُكُمُ ٱلَّذِي عَلَّمَكُمُ
ٱلسِّحۡرَۖ فَلَأُقَطِّعَنَّ أَيۡدِيَكُمۡ وَأَرۡجُلَكُم مِّنۡ خِلَٰفٖ وَلَأُصَلِّبَنَّكُمۡ
فِي جُذُوعِ ٱلنَّخۡلِ وَلَتَعۡلَمُنَّ أَيُّنَآ أَشَدُّ عَذَابٗا وَأَبۡقَىٰ ﴿٧١﴾ قَالُواْ لَن

نُّؤۡثِرَكَ عَلَىٰ مَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَٱلَّذِي فَطَرَنَاۖ فَٱقۡضِ مَآ أَنتَ
قَاضٍۖ إِنَّمَا تَقۡضِي هَٰذِهِ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَآ ﴿٧٢﴾ إِنَّآ ءَامَنَّا بِرَبِّنَا لِيَغۡفِرَ
لَنَا خَطَٰيَٰنَا وَمَآ أَكۡرَهۡتَنَا عَلَيۡهِ مِنَ ٱلسِّحۡرِۗ وَٱللَّهُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ
﴿٧٣﴾ إِنَّهُۥ مَن يَأۡتِ رَبَّهُۥ مُجۡرِمٗا فَإِنَّ لَهُۥ جَهَنَّمَ لَا يَمُوتُ فِيهَا وَلَا
يَحۡيَىٰ ﴿٧٤﴾ وَمَن يَأۡتِهِۦ مُؤۡمِنٗا قَدۡ عَمِلَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَأُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ
ٱلدَّرَجَٰتُ ٱلۡعُلَىٰ ﴿٧٥﴾ جَنَّٰتُ عَدۡنٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ
فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ مَن تَزَكَّىٰ ﴿٧٦﴾

## تەرجىمىسى

57-پىرئەۋن ئېيتتى: «ھەي مۇسا! سەن سېھىرىڭگە تايىنىپ بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

58-(بىلىپ قويغىنكى)، بىزمۇ ساڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇنا-سىپ جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى».

59-مۇسا ئېيتتى: «سىلەر بىلەن كېلىشكەن ۋاقتىمىز بايرام كۈنى بولسۇن، كىشىلەر چاشگاھ ۋاقتىدا يىغىلسۇن».

60-پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ، ھىيلىسىنى (يەنى سېھىرگەرلىرىنى) توپلىدى، ئاندىن (ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى.

61-مۇسا ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ».

62-ئۇلار (مۇسا ۋە ھارۇنغا قوللىنىلىدىغان) تەدبىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشتى ۋە يوشۇرۇن مەسلىھەتلەشتى.

63-ئۇلار ئېيتتى: «بۇ ئىككىسى راستتىنلا سېھىرگەر بولۇپ، سېھىر بىلەن سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتمەكچى ۋە سىلەرنىڭ ئەڭ توغرا دىنىڭلارنى يوقاتماقچى.

64-سىلەر ھىيلەڭلارنى (بارلىق سېھىرلىرىڭلارنى) توپلاڭلار، ئاندىن سەپ

تارتىپ كېلىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ».

65ـ ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! ھاسائڭنى سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟».

66ـ مۇسا: «ياق، سىلەر ئالدىدا تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىۋىدى) شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا تېز مېڭىۋاتقان (يىلانلار)دەك تۇيۇلدى.

67ـ (بۇنىڭدىن) مۇسا بىردىنلا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى.

68ـ بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن! شەكسىزكى، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن.

69ـ ئوڭ قولۇڭدىكىنى (ھاسىنى) تاشلىغىنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلە-ـسىدۇر. سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ».

70ـ (مۇسانىڭ ھاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى يۇتۇپ كەتتى) شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر دەرھال سەجدىگە باش قويۇپ: «ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشتى.

71ـ پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ شەكسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىر ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن. ئەمدى چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ-سول قىلىپ كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن. سىلەر (مەن بىلەن مۇسانىڭ رەببىدىن) قايسىمىزنىڭ ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىلەر».

72ـ ئۇلار ئېيتتى: «بىز سېنى بىزگە كەلگەن ئوپئوچۇق مۆجىزىلەردىن ۋە بىزنى ياراتقان ئاللاھتىن ھەرگىز ئارتۇق كۆرمەيمىز (ئاللاھنى تاشلاپ سېنى تاللىمايمىز). سەن (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) قانداق ھۆكۈم قىلغۇڭ كەلسە، شۇنداق ھۆكۈم قىلغۇەر! سەن پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىلا ھۆكۈم قىلالايسەن.

73ـ بىز ھەقىقەتەن خاتالىقلىرىمىزنى ۋە سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا سېھىر كۆرسەتكەنلىك گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ رەببىمىزگە شەكسىز ئىمان ئېيتتۇق، ئاللاھ (مۇكاپاتى) ئەڭ ياخشى، (جازاسى) دائىمىي بولغان زاتتۇر».

74ـ كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا گۇناھكار ھالدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ جايى

جەھەننەم بولىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يا ئۆلمەيدۇ، ياكى (ئوبدان) ياشىمايدۇ.

75 ـ كىمكى رەببىنىڭ ئالدىغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بىر مۆئمىن ھا-لىتىدە بارسا، ئەنە شۇلارغا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەر بار.

76 ـ (ئۇ دەرىجىلەر) دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر بولۇپ، (قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ) ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ جايلاردا مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە شۇ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەمنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

### تەپسىرى

پىرئەۋنگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق ۋە يارىتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىغا دالالەت قىلىدىغان تۈرلۈك ئالامەتلەرنى ۋە روشەن دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈردۇق. لېكىن پىرئەۋن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈدى. ئۇ ﴿ھەي مۇسا ! سەن سېھىرىڭگە تايىنىپ بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟﴾ دەپ ئۇنى ئىنكار قىلدى.

ئايەتتىن مەلۇمكى، پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلگەن، ئاخىرقى غەلىبە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلگەن. بىراق ئۇ پادىشاھلىقىنى، سەلتەنىتىنى دەپ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەن. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى سېھىر دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى سېھىر دېگەن پىرئەۋن ئۇنىڭغا سېھىر بىلەن قارشى تۇرماقچى بولىدۇ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن سېھىرگەرلەر بىلەن مەيدانغا چۈشۈش ۋاقتىنى بېكىتىشىنى ۋە ھەممە ھازىر بولالايدىغان ئوتتۇرىدىكى بىر جاينى تاللاشنى ئېيتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىرلىقلارنىڭ نىل دەرياسىنى خاتىرىلەش كۈنى مۇنا-سىۋىتى بىلەن ھەر يىلى ئېلىپ بارىدىغان چوڭ بايرام كۈنىنى تەيىنلەشنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، مۇنداق چوڭ بايرام كۈنى سېھىرگەرلەرنى مات قىلىش ۋە خەلقى ئالەمگە ھەق دىنىنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسا-لام بىلەن پىرئەۋن بايرام كۈنىدە مۇنازىرىلىشىشكە كېلىشكەندىن كېيىن، پىرئەۋن مىسىر تەۋەسىدىكى بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى

توپلاشقا ئەمر قىلىدۇ. سېھىرگەرلەرمۇ نۆۋەتتىكى سېھىر كۆرسىتىشتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ چۈشۈپ پىرئەۋننىڭ يېقىنلىرىغا ئايلىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق كۆپ بايلىققا ئېرىشىش مەستا-نىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن مەيدانغا كىرىدۇ. ﴿فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالُواْ لِفِرْعَوْنَ أَئِنَّ لَنَا لَأَجْرًا إِن كُنَّا نَحْنُ ٱلْغَٰلِبِينَ ﴿٤١﴾ قَالَ نَعَمْ وَإِنَّكُمْ إِذًا لَّمِنَ ٱلْمُقَرَّبِينَ﴾ يەنى ﴿سېھىرگەرلەر پىرئەۋننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار پىرئەۋنگە: «ئەگەر غەلىبە قىلساق بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى. پىرئەۋن: «ھەئە، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴾ [1]. شۇنداق قىلىپ، پىرئەۋن سېھىرگەرلەرگە- ئەگەر ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ چۈشسە - كۆپ ئىنئاملارنى قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن قىلىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىدۇ.

سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم زىيان تارتىدۇ﴾ دەيدۇ. يەنى ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرساڭلار، چوقۇم ھالاك بولىسىلەر، ئەگەر سىلەر شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرنى قاتتىق جازالايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم ھالاك بولماي قالمىغان.

سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ئارىسىدا پىچىرلىشىشقا باشلايدۇ، بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار: «ئەگەر مۇسا بىزنى يېڭىۋالسا، بىز چوقۇم ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سېھىرگەر ئەمەسلىكىنى جەزم قىلىشقان. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، ئۇلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى «ئۇلار سېھىرگەرلەر ئىكەن، سېھىر ئارقىلىق سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىش، سىلەرنى توغرا دىنىڭلاردىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن» دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. ئاندىن ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ئومۇمىي قارار چىقىرىپ، نۆۋەتتىكى سېھىر كۆرسىتىشكە

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 41ـ42ـئايەت.

ياخشى تەييارلىق قىلىش ۋە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى ماھارەت كۆرسىتىشتە ئۇتتۇپ چىققان تەرەپ مەڭگۈلۈك شان-شەرەپكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

سېھىر كۆرسىتىش باشلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ مەيدانغا چۈشۈشتىن ئاۋۋال سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيهىسسالامدىن قايسى تەرەپ سېھىرنى بۇرۇن كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ. مۇسا ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر سېھىرلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. سېھىرگەرلەر تاشلىغان سېھىر ئارغامچىلىرى ۋە ھاسىلىرى مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆزىگە خۇددى راستتىنلا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى تاشلىغان سېھىر ئارغامچىلىرى بىلەن ھاسىلىرىنىڭ ئاستىغا سىماپ قويغان بولۇپ، كۈننىڭ ئىسسىقىدا بۇ سىماپ ئېرىپ، ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىپ، مۇسا ئەلەيهىسسالامنى مات قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاشقان، سېھىرگەرلەر تاشلىغان ئارغامچىلار راستتىنلا يىلانغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭمۇ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشۈشكە باشلايدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا ياردەم قىلمىسا، مەن قانداق قىلارمەن دېگەن ئەندىشە ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا بۇنداق مۇخلىس ۋە ئىمانى كۈچلۈك بەندىسىنى ھەرگىز دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمايدۇ - دە، ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ: «قورقمىغىن! شەكسىزكى، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسە»﴾ دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن قولىدىكى ھاسىسىنى تاشلايدۇ. ھاسا شۇ ھامان چوڭ بىر يىلانغا ئايلىنىدۇ. يىلان بولغاندىمۇ سېھىرگەرلەرنىڭ يىلانلىرىغا ئوخشاش بولماستىن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا سېھىرگەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەم تارتىپ يۇتۇپ كېتىدۇ.

نىهايەت، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، باتىل مەغلۇپ بولىدۇ. پىرئەۋن ۋە مەيداندىكى ئومۇم خەلق قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە قېتىپ قالىدۇ. سېھىرگەرلەر بۇ ئىشنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان مۆجىزە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىدۇ ۋە دەرھال سەجدىگە بېرىپ: ﴿ھارۇن

بىلەن مۇسانىڭ رەببىگە ئىمان ئېيتتۇق﴾ دەپ ئۆزلىرىنىڭ باتىلدىن يۈز ئۆرۈپ ھەقىقەتكە ئەگەشكەنلىكىنى، پىرئەۋن ۋەدە قىلغان دۇنيالىق مۇكاپاتلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان دائىمىي مۇكاپاتىنى تاللىغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا پىرئەۋن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ھەممە ئادەم ۋە جىمى سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپلانغان بۇ چوڭ سورۇندا، ئىش تامامەن ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىققان ئىدى. بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە سېھىرگەرلەر ھەممىسى بىرلىشىپ مۇسا ئەلەيھىس-سالام تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. پىرئەۋنىنىڭ كۆتكەنلىرى بولسا ئاللىقاچان سۇغا چىلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن سېھىرگەرلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئۇلارغا دەيدۇ: مۇسا ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ئۇنىڭ سېھىرى سىلەرنىڭ سېھىرلىرىڭلارنى يېڭىپ كەتتى، ئەسلىدە سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن ئۇستازىڭلارمۇ مۇسا ئىكەن، دەيدۇ. لېكىن مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھىر ئۆگەنگەن ياكى بىرەر سېھىرگەر بىلەن ھەمسۆھبەتمۇ بولمىغان ئىدى. پىرئەۋن قاتتىق غەزەپكە بوغۇلۇپ، سېھىرگەرلەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ، مەن سىلەرگە رۇخسەت قىلىشتىن بۇرۇن مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلارمۇ؟ مەن سىلەرنى بۇ قىلمىشىڭلار سەۋەبلىك جازالاش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىڭلارنى ئوڭ-سول قىلىپ ئالماشتۇرۇپ كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى خورما دەرىخىگە ئېسىپ جازالايمەن، ھەي سېھىرگەرلەر! شۇ ۋاقىتتا مەن سىلەرگە مۇسانىڭ رەببى بىلەن مەن ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ ئازابى قاتتىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ.

مىسىرنىڭ پىرئەۋنى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك پادىشاھ بولۇپ، ئۆزىنى ئىلاھ دەۋالغان، ئىنسانلارنى قۇل ئورنىدا كۆرگەن بىر زالىم ئىدى. ئەمما سېھىرگەرلەرنىڭ ئىمانى پىرئەۋنىنىڭ كۈچىدىن، ئىنتىقامىدىن ۋە تەھدىتلىرىدىن ئەلۋەتتە كۈچلۈك بولغان. شۇڭا ئۇلار پىرئەۋنىنىڭ تەھدىتلىرى ئالدىدا تىز پۈكمەي ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى دادىل جاكارلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي پىرئەۋن! بىز سېنى رەببىمىز ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھىدايەتتىن ھەرگىز ئۈستۈن كۆرمەيمىز، سېنى دەپ بىزگە كەلگەن ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن ۋاز كەچمەيمىز، شۇڭا بىز ئەلۋەتتە ئاللاھ

تائالانىڭ دىنىنى تاللىدۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق. سەن قولۇڭدىن كەلگەننى قىل. سەن پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا ھۆكۈم قىلالايسەن، سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. سەن جازالىساڭمۇ پەقەت بىزنىڭ تېنىمىزنىلا جازالىيالايسەن، ئەمما قەلبىمىزگە ۋە ئىمانىمىزغا ئىگە بولالمايسەن. بىز رەببىمىزگە ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئېتىراپ قىلدۇق. رەببىمىزدىن بىزنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمىز، سېنىڭ زورلىشىڭ بىلەن سېھىر كۆرسەتكەن گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمىز. ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان مۇكاپاتى سېنىڭ ۋەدە قىلغانلىرىڭدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، ئۇنىڭ جازاسىمۇ زالىملار ئۈچۈن تۈگىمەس جازادۇر».

كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنى دوزاخ بولىدۇ. دوزاختا ئۆلۈممۇ، نورمال ھاياتمۇ يوق، پەقەت ئازاب-ئوقۇبەتلىك ھاياتلا بار، دوزاخ ئەھلى دوزاختا يا ئۆلمەيدۇ ياكى تىرىكتەك ياشىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ، كىمكى ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئۆلىدىكەن، مۇنداق كىشىلەر جەننەتلەردىكى ئەڭ ئېسىل دەرىجىلەرگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلار قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان، ئالىي جەننەتلەرگە كىرىپ، ئۇ جايلاردا مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ. مانا بۇ كۇفرىدىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، ئىمان بىلەن ياشىغانلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى راستتۇر. سېھىر ئۆگىنىش ئارقىلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان كەسىپ بولۇپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەر شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

2. ھەقىقەت كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

3. ئەڭ قەبىھ يالغانچىلىق ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلەشتۇر.

4. سېھىرگەرلىك بىر خىل كۆزبويامچىلىق بولۇپ، سېھىرگەرلەر باتىلنى ھەق، يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداپ كېتەلەيدۇ.

5. مۆجىزە سېھىردىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ سېھىرنى ۋە سېھىرگەرلەرنى بەربات قىلىش كۈچىگە ئىگە.

6. چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ئادەم ئاللاھ يولىدا ئۆلۈمدىن ۋە ھەرقانداق بىر تەھدىتتىن قورقمايدۇ.

7. زورلاش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۆلۈم ياكى سەۋر-تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت سېلىنغان ئادەم ئۆزىنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن كۇفرى سۆزنى سۆزلىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن تۆۋەن تەھدىتلەر ئىمان مەسىلىسىدە ئۆزرە بولالمايدۇ.

8. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلنىڭ پايدىسى، كۇفرىلىق بىلەن گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ زىيىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرۈلىدۇ، ئەمما مۇكاپات بىلەن جازا ئاخىرەتتە تولۇق بېرىلىدۇ.

### ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىشى ۋە پىرئەۋننىڭ قوغلىشى

﴿وَلَقَدْ أَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَسْرِ بِعِبَادِى فَٱضْرِبْ لَهُمْ طَرِيقًا فِى
ٱلْبَحْرِ يَبَسًا لَّا تَخَٰفُ دَرَكًا وَلَا تَخْشَىٰ ﴿٧٧﴾ فَأَتْبَعَهُمْ فِرْعَوْنُ بِجُنُودِهِۦ
فَغَشِيَهُم مِّنَ ٱلْيَمِّ مَا غَشِيَهُمْ ﴿٧٨﴾ وَأَضَلَّ فِرْعَوْنُ قَوْمَهُۥ وَمَا هَدَىٰ
﴿٧٩﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ قَدْ أَنجَيْنَٰكُم مِّنْ عَدُوِّكُمْ وَوَٰعَدْنَٰكُمْ
جَانِبَ ٱلطُّورِ ٱلْأَيْمَنَ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ﴿٨٠﴾ كُلُوا۟
مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ وَلَا تَطْغَوْا۟ فِيهِ فَيَحِلَّ عَلَيْكُمْ غَضَبِى ۖ
وَمَن يَحْلِلْ عَلَيْهِ غَضَبِى فَقَدْ هَوَىٰ ﴿٨١﴾ وَإِنِّى لَغَفَّارٌ لِّمَن تَابَ
وَءَامَنَ وَعَمِلَ صَٰلِحًا ثُمَّ ٱهْتَدَىٰ ﴿٨٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

77-شەكسىزكى، بىز مۇساغا: «سەن مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىلەپ (مىسىردىن) ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، ھاساڭنى دېڭىزغا ئۇرۇپ ئۇلارغا بىر قۇرۇق يول ئېچىپ بەرگىن، (پىرئەۋن قوشۇنلىرىنىڭ سىلەرگە) يېتىشىۋې-لىشىدىن قورقمىغىن، (دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتىنمۇ) ئەنسىرىمىگىن»

دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

78-پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋىدى، ئۇلارنى دەھ-ـشەتلىك دېڭىز سۈيى ئورىۋېلىپ غەرق قىلىۋەتتى.

79-پىرئەۋن ئۆز قەۋمىنى ئازدۇردى، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىمىدى.

80-ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، سىلەرگە تۇر (تېغى)نىڭ ئوڭ تەرىپىدە (ئۇچرىشىشنى) ۋەدە قىلدۇق، سىلەرگە تەرەنجىۋىل بىلەن بۆدۈنە چۈشۈرۈپ بەردۇق.

81-(ئېيتتۇقكى) «بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، ھالال نەرسىلەر-دىن يەڭلار، بۇ ھەقتە چەكتىن ئاشماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، سىلەرگە غەزىپىم چۈشىدۇ. مېنىڭ غەزىپىم كىمگە چۈشسە، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

82-شەكسىزكى، مەن تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمگە ھەقىقەتەن بەك مەغپىرەت قىلغۇ-چىمەن».

## ◄ تەپسىرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ۋە قەۋمىنى پىرئەۋننىڭ جەۋر-زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى مىسىرلىقلارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى كېچىدە مىسىر زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى. بۇنىڭغا بىنائەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى باشلاپ قىزىل دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇشقا بۇيرىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى دېڭىزغا ئۇرۇۋىدى، دېڭىزدىن ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن قۇرۇق يول ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئىسرائىل ئەۋلادى بۇ قۇرۇق يولدىن يۈرۈپ، دېڭىزدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتتى.

پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇلارنى قوغلاشقا باشلايدۇ. پىرئەۋن قوشۇنلىرى دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېچىلغان قۇرۇق يول بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشلاپ دېڭىز ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن پىرئەۋن ئۆز قوشۇنىنى ئېچىلغان شۇ قۇرۇق يول بىلەن

مېڭىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى قوغلاشقا ئەمر قىلىدۇ. ئەمما پىرئەۋن قوشۇنلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئېچىلغان دېڭىزدىكى قۇرۇق يولغا كىرىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، زور بىر دولقۇن بىلەن بۇ قۇرۇق يول يوق بولىدۇ، ئۇلارنى دېڭىزنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى غەرق قىلىدۇ. نەتىجىدە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى دېڭىزدىن سالامەت چىقىپ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، پىرئەۋن قوشۇنى بولسا ئىنتايىن دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ. پىرئەۋن غەرق بولۇش ئالدىدا: ﴿ءَامَنتُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا ٱلَّذِىٓ ءَامَنَتْ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسْرَٰٓءِيلَ وَأَنَا۠ مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئەمدى مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن بولدۇم﴾ [1] دەيدۇ. لېكىن ھەيھات، ئۇنىڭغا بۇ پۇرسەت بارمۇ؟ پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ روشەن مۆجىزىلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقى ۋە دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتتى، قەۋمىنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىپ، كۇفرىغا ۋە ئازغۇنلۇققا باشلىدى. گەرچە ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئازابنى كۆرگەندە ياكى جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئېيتقان ئىمان قوبۇل بولمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزى ئاتا قىلغان كاتتا ئىنئاملارنى ۋە نېمەتلەرنى ئەسلىتىپ دەيدۇكى، ئەي ئىسرائىل ئەۋلادى! بىز سىلەرنى ئەشەددىي دۈشمىنىڭلار بولغان پىرئەۋن تەۋەلىرىدىن قۇتۇلدۇردۇق، پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرىسىنا تېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇچرىشىشنى ئىرادە قىلغىنىمىزدا، سىلەرنىمۇ شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ، بىزنىڭ سۆزىمىزنى تىڭشاشقا ئەمر قىلدۇق ۋە ئۇ جايدا پەيغەمبىرىڭلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى بەردۇق، سىلەر بىزنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان سۆزلىرىمىزنى ئاڭلىدىڭلار. يەنە بىز سىلەرنى بۇ قاقاسلىق چۆلدە ئاسماندىن تەرەنجىۋىل ھالۋىسى بىلەن بۆدۈنە كاۋىپىنى چۈشۈرۈپ بېرىپ رىزىقلاندۇردۇق. سىلەرگە ئېيتتۇقكى، بىز بەرگەن رىزىقلاردىن كەڭتاشا يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلىپ ياكى نېمەتنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلماي چەكتىن ئاشماڭلار، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماڭلار.

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 90-ئايەت.

ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرگە مېنىڭ غەزىپىم چۈشىدۇ، مېنىڭ غەزىپىم كىمگە چۈشسە ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ. ئۇنتۇماڭلاركى، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، مەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، مېنىڭ يولۇمغا كىرگەن، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن ھىدايەت يولىدا ئىزچىل يۈرگەن كىشىلەرگە ناھايىتى كەچۈرۈمچان، تولىمۇ مېھرىبانمەن، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىمەن، خاتالىقلىرىنى يوققا چىقىرىمەن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دىكى قىسسىلەرنىڭ مۇنداق گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىنغانلىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قىسسىلەر پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا يېتىپ كەلگەن.

2. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ئۈچۈن دېڭىزدىن قۇرۇق يول ئېچىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

3. ئىسراپخورلۇق، زۇلۇم قىلىش ۋە نېمەتكە شۈكۈر قىلماسلىق كاپىرلارنىڭ قىلىقىدۇر.

4. غەزەپ قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشلىرىدىن بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا ﴿ٱلرَّحۡمَٰنِ﴾ يەنى ﴿ناھايىتى شەپقەتلىك﴾، ﴿ٱلرَّحِيمِ﴾ يەنى ﴿بەكمۇ مېھرىبان﴾ دېگەن ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، ئەمما «غاضب» يەنى «غەزەپ قىلغۇچى» دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئىسمى يوقتۇر.

## ◄ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا چوقۇنۇشى

﴿۞ وَمَآ أَعۡجَلَكَ عَن قَوۡمِكَ يَٰمُوسَىٰ ٨٣ قَالَ هُمۡ أُوْلَآءِ عَلَىٰٓ أَثَرِي
وَعَجِلۡتُ إِلَيۡكَ رَبِّ لِتَرۡضَىٰ ٨٤ قَالَ فَإِنَّا قَدۡ فَتَنَّا قَوۡمَكَ مِنۢ بَعۡدِكَ
وَأَضَلَّهُمُ ٱلسَّامِرِيُّ ٨٥ فَرَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗاۚ قَالَ
يَٰقَوۡمِ أَلَمۡ يَعِدۡكُمۡ رَبُّكُمۡ وَعۡدًا حَسَنًاۚ أَفَطَالَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡعَهۡدُ

أَمْ أَرَدتُّمْ أَن يَحِلَّ عَلَيْكُمْ غَضَبٌ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَخْلَفْتُم مَّوْعِدِى
﴿٨٦﴾ قَالُوا۟ مَآ أَخْلَفْنَا مَوْعِدَكَ بِمَلْكِنَا وَلَـٰكِنَّا حُمِّلْنَآ أَوْزَارًا مِّن
زِينَةِ ٱلْقَوْمِ فَقَذَفْنَـٰهَا فَكَذَٰلِكَ أَلْقَى ٱلسَّامِرِىُّ ﴿٨٧﴾ فَأَخْرَجَ لَهُمْ
عِجْلًا جَسَدًا لَّهُۥ خُوَارٌ فَقَالُوا۟ هَـٰذَآ إِلَـٰهُكُمْ وَإِلَـٰهُ مُوسَىٰ فَنَسِىَ
﴿٨٨﴾ أَفَلَا يَرَوْنَ أَلَّا يَرْجِعُ إِلَيْهِمْ قَوْلًا وَلَا يَمْلِكُ لَهُمْ ضَرًّا وَلَا
نَفْعًا ﴿٨٩﴾ وَلَقَدْ قَالَ لَهُمْ هَـٰرُونُ مِن قَبْلُ يَـٰقَوْمِ إِنَّمَا فُتِنتُم بِهِۦ ۖ
وَإِنَّ رَبَّكُمُ ٱلرَّحْمَـٰنُ فَٱتَّبِعُونِى وَأَطِيعُوٓا۟ أَمْرِى ﴿٩٠﴾ قَالُوا۟ لَن نَّبْرَحَ
عَلَيْهِ عَـٰكِفِينَ حَتَّىٰ يَرْجِعَ إِلَيْنَا مُوسَىٰ ﴿٩١﴾ قَالَ يَـٰهَـٰرُونُ مَا مَنَعَكَ
إِذْ رَأَيْتَهُمْ ضَلُّوٓا۟ ﴿٩٢﴾ أَلَّا تَتَّبِعَنِ ۖ أَفَعَصَيْتَ أَمْرِى ﴿٩٣﴾ قَالَ يَبْنَؤُمَّ
لَا تَأْخُذْ بِلِحْيَتِى وَلَا بِرَأْسِىٓ ۖ إِنِّى خَشِيتُ أَن تَقُولَ فَرَّقْتَ بَيْنَ
بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَلَمْ تَرْقُبْ قَوْلِى ﴿٩٤﴾ قَالَ فَمَا خَطْبُكَ يَـٰسَـٰمِرِىُّ ﴿٩٥﴾
قَالَ بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُوا۟ بِهِۦ فَقَبَضْتُ قَبْضَةً مِّنْ أَثَرِ ٱلرَّسُولِ
فَنَبَذْتُهَا وَكَذَٰلِكَ سَوَّلَتْ لِى نَفْسِى ﴿٩٦﴾ قَالَ فَٱذْهَبْ فَإِنَّ لَكَ فِى
ٱلْحَيَوٰةِ أَن تَقُولَ لَا مِسَاسَ ۖ وَإِنَّ لَكَ مَوْعِدًا لَّن تُخْلَفَهُۥ ۖ وَٱنظُرْ إِلَىٰٓ
إِلَـٰهِكَ ٱلَّذِى ظَلْتَ عَلَيْهِ عَاكِفًا ۖ لَّنُحَرِّقَنَّهُۥ ثُمَّ لَنَنسِفَنَّهُۥ فِى ٱلْيَمِّ
نَسْفًا ﴿٩٧﴾ إِنَّمَآ إِلَـٰهُكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ وَسِعَ كُلَّ شَىْءٍ
عِلْمًا ﴿٩٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

83ـ(ئاللاھ ئېيتتىكى) «ئى مۇسا! ئالدىراپ (تۇر تېغىغا) قەۋمىڭدىن ئىلگىرى كېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟».

84ـمۇسا ئېيتتى: «ئۇلارمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ. ئى رەببىم! سېنى رازى بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئالدىراپ كەلدىم».

85ـئاللاھ ئېيتتى: «سەن (قەۋمىڭنىڭ يېنىدىن كەتكەن)دىن كېيىن، بىز

**ئۇلارنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى[1] ئازدۇردى».**

**86-مۇسا (بۇنى ئاڭلاپ) قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە رەببىڭلار چىرايلىق ۋەدە قىلمىغانمىدى؟ (بۇ ۋەدىگە) شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ كەتتىمۇ؟ ياكى سىلەر ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلارنىڭ غەزىپى چۈشۈشىنى خالىغانلىقتىن، شۇڭا ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى.**

**87-ئۇلار ئېيتتى: «ساڭا بەرگەن ۋەدىگە بىز ئۆزلۈكىمىزدىن خىلاپلىق قىلغىنىمىز يوق، لېكىن بىزگە (پىرئەۋن) قەۋمىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن زور مىقداردا يۈكلەنگەن ئىدى، (سامىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە) ئۇلارنى (ئوتقا) تاشلىدۇق، سامىرىمۇ تاشلىدى».**

**88-سامىرى ئۇلارغا (ئېرىتىلگەن زىننەت بۇيۇملىرىدىن) مۆرەيدىغان بىر موزاي ھەيكىلى ياساپ چىقتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى: «بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، مۇسانىڭمۇ ئىلاھىدۇر. مۇسا (بۇنى) ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېدى.**

**89-ئۇلار ئۇ موزاينىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟**

**90-شەكسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن) بۇرۇن: «ئى قەۋمىم! سىلەر بۇ (ھەيكەل) بىلەن سىنالدىڭلار، شەكسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار رەھمان ئاللاھتۇر، ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن ئىدى.**

**91-ئۇلار: «مۇسا يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز» دېيىشتى.**

**92-93- مۇسا (قايتىپ كېلىپ) ئېيتتى: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چېغىڭدا مېنىڭ ئارقامدىن كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟».**

**94-ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن راستتىنلا سېنىڭ مېنى ‹سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، مېنىڭ سۆزۈمگە رىئايە قىلماپسەن› دېيىشىڭدىن قورقتۇم».**

---

[1] سامىرى – ئىسمى مۇسا سامىرى بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئانىسى ئۇنى ھېچقانداق ھاياتلىق يوق بىر چۆلدە تۇغۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن جىبرىل ئۇنى چوڭ بولغانغا قەدەر پەرۋىش قىلىپ باققان. («تفسير الشعراوي» 15- توم، 9356- بەت).

95ـمۇسا ئېيتتى: «ئى سامىرى! سېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزىڭ نېمە؟».

96ـسامىرى ئېيتتى: «مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەلچى (جىبرىل) نىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئالدىم-دە، ئۇنى (موزايغا) چاچتىم (ئۇنىڭدىن موزاينىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقتى)، مۇشۇنداق قىلىشنى ماڭا نەپسىم چىرايلىق كۆرسەتتى».

97ـمۇسا (سامىرىغا) ئېيتتى: «يوقال! چۈنكى، ھاياتى دۇنيادا ساڭا بېرىلىدىغان جازا (ساڭا ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە) ‹ماڭا تەگمەڭلار!› دېيىشىڭدىن ئىبارەت بولىدۇ، شەكسىزكى، (ئاخىرەتتىكى جازايىڭ ئۈچۈن) ساڭا ۋەدە قىلىنغان مۇئەييەن بىر ۋاقىت بار، ئۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىنمايدۇ. سەن چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھىڭغا قارىغىن، بىز ئۇنى چوقۇم كۆيدۈرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (كۈلىنى) دېڭىزغا سورۇۋېتىمىز».

98ـسىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت ئاللاھتۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

### تەپسىرى

ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلار پىرئەۋننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق دەستۇرى بولىدىغان ۋەسىيەتلەر يېزىلغان تاختىنى بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دېگەندەك، پىرئەۋن ھالاك بولۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادى قۇللۇقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ۋەدە قىلىنغان تاختىلارنى بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. كېيىن يەنە ئون كۈن قوشۇلۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام جەمئىي قىرىق كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ﴿وَوَٰعَدۡنَا مُوسَىٰ ثَلَٰثِينَ لَيۡلَةٗ وَأَتۡمَمۡنَٰهَا بِعَشۡرٖ فَتَمَّ مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخۡلُفۡنِي فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ﴾ يەنى ﴿مۇساغا ئوتتۇز كېچىنى (ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلىششىنى) ۋەدە قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، رەببىڭنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى تولۇق قىرىق كېچە بولۇپ تاماملاندى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن،

بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴾ [1].

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ مىسىرلىقلار بىلەن ئارىلاشقانلىقىنىڭ تەسىرى ئۇلارغا ئاز بولمىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مىسىردىن چىققان ھامان مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن خۇددى مىسىرلىقلارنىڭ بۇتىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ﴿وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتَوۡاْ عَلَىٰ قَوۡمٖ يَعۡكُفُونَ عَلَىٰٓ أَصۡنَامٖ لَّهُمۡۚ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞۚ قَالَ إِنَّكُمۡ قَوۡمٞ تَجۡهَلُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى﴾[2]. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇرسىنا تېغىغا كېتىشتىن ئىلگىرى، ئورنىغا قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى مەسئۇل قىلىپ قويغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرسىنا تېغىغا 70 كىشى بىلەن بارغان بولسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام تېزرەك بېرىپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشقا ئالدىراپ كېتىپ، بۇيرۇلغان جايغا ئۇلاردىن بۇرۇنراق يېتىپ بېرىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن 70 كىشىنى ئارقىسىدا قويۇپ ئۆزى ئالدىراپ كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدىراپ كېلىشتە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنى ئويلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ سامىرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئالدىنىپ موزايىنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەسلىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يېنىدىن ئوتتۇز كۈنلۈك ئايرىلغان بولسىمۇ، بۇ ئوتتۇز كۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭغا يەنە ئون كۈن قوشۇلۇپ، جەمئىي قىرىق كۈنگە ئۇزىرىغان ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن موزاي ھەيكىلى ياساپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇ

[1] ئەئراف سۈرىسى: 142ـ ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 138ـ ئايەت.

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ نادانلىقىدىن ۋە سامىرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئاسانلا ئالدىنىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق بىئارام بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەۋمىگە خىتاب قىلىپ، ئەي قەۋمىم! رەببىڭلار سىلەرگە: گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتقان، ئاندىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ئىزچىل ماڭغان ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىمەن، دەپ ئەڭ گۈزەل ۋەدىلەرنى بەرگەن ئەمەسمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن ۋەدىلەرنى ئۇنتۇپ قالغۇچىلىك شۇنداق ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتىمۇ ياكى ئۆزۈڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتۇشنى خالىدىڭلارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلار؟ دېدى. قەۋمى ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: ئەي مۇسا! بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلمىدۇق، بىز پەقەتلا خاتالاشتۇق، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىدۇق. چۈنكى، بىز مىسىرلىقلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆزىمىز بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق. سامىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇنى ئوتقا تاشلىۋىدۇق، ئۇ نەرسىلەر ئوتتا ئېرىدى، ئاندىن سامىرى ئۇنىڭدىن خۇددى تىرىك موزايغا ئوخشاش مۆرەيدىغان بىر موزاينىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىقتى.

بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، سامىرى سېھىر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق مۆرەيدىغان بىر موزاينى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ رەسمىي تىرىك موزايغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. سامىرى موزاينى ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادىغا: ﴿بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، مۇسانىڭمۇ ئىلاھىدۇر. مۇسا (بۇنى) ئۇنتۇپ قاپتۇ﴾، يەنى مۇسا ئۇنىڭ بار جايىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ ھەممىڭلارنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر، دەپ بىلجىرلىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتكە كۆرە، سامىرى كالىغا چوقۇنىدىغان قەۋملەردىن بولۇپ، مىسىردا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىغا كىرگەن، ئەمما قەلبىدە بۇرۇنقى ئېتىقادى داۋاملىشىقان بىرى ئىدى[1].

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟ بۇ موزاي ھەيكەل يا كىشىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمىسە ياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىسا، ئۇلار قانداقلارچە ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ؟ بۇ قانداقمۇ ئىلاھ بولسۇن؟!

ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىنى سامىرىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن

---

[1] «تفسير الطبري» 1- توم، 4407- بەت.

ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا: «ئەي قەۋمىم! سىلەر چوڭ بىر سىناقتا دۇچ كېلىۋاتىسىلەر، ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھ تائالادۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا باشلايمەن، شەيتانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار» دەيدۇ. بىر تەرەپتە سامىرى ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن سىلەرگە خالىسانە نەسىھەت قىلغۇچىمەن» دەپ ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ توسقىنىغا قارىماي سامىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ﴿مۇسا يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇۋېرىمىز﴾ دەيدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ يېنىغا غەزەپلەنگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، غەزەپ بىلەن ھارۇنغا كايىشقا باشلايدۇ: سەن نېمە ئۈچۈن گۇناھ-مەئسىيەتكە قارشى تۇرۇشتا مەندەك كەسكىن بولالمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلمىدىڭ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى تەرك ئېتىپ مېنىڭ ئارقىمدىن كەلمىدىڭ؟ سەن مېنىڭ ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلدىڭمۇ؟

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى قايسى ئىدى؟ ئۇ ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشقا كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ئىدى: ﴿ٱخۡلُفۡنِي فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ﴾ يەنى ﴿(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن﴾ [1] .

ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى بايان قىلغان ھالدا، ئەي قېرىندىشىم! چېچىمنى ۋە ساقىلىمنى مۇنداق تارتىپ تۇرمىغىن. مەن سېنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋەتتىڭ دېيىشىڭدىن قورقۇپ ئۇلار بىلەن ئېلىشمىدىم، دەيدۇ.

ھارۇن ئەلەيھىسسالام راستتىنلا ئىجتىھاد قىلغان ۋە ئىككى زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تارتىشنى تاللىغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇ ئىككى زىياننىڭ بىرى، ئۇلار بىلەن ئېلىشىش بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بىلەن ئېلىشسا قەۋم ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتەتتى. يەنە بىرى، تىنچلىق يولىنى تاللاپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش ئىدى. يەنە بىر ئايەتتە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى قەيت

[1] ئەئراف سۈرىسى: 142-ئايەت.

قىلىنغان: ﴿إِنَّ ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي﴾ يەنى ﴿ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى﴾ [1].

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىغا خىتاب قىلىپ: ئەي سامىرى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ؟ سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشتىكى غەرىزىڭ نېمە؟ دەپ سورايدۇ. سامىرى جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى: پەرىشتە جىبرىلنىڭ ئىزىدىن بىر چاڭگال توپىنى ئېلىۋالدىم. ئۇ شۇنداق بىر توپا ئىدىكى، ئۇنى قانداق نەرسىگە چاچسا، ئۇنىڭغا جان كىرەتتى. ئى مۇسا! ئىسرائىل ئەۋلادى سەندىن ئۆزلىرى ئۈچۈن مىسىرلىقلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئوخشايدىغان بىر ئىلاھ تىكلەپ بېرىشىڭنى سورىغان ئىدى. سەن ئۇ تەلەپنى ئورۇنداپ بەرمىگەن ئىدىڭ. مانا مەن ئۇلارغا ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان ھەيكەلنى ياساپ بەردىم.

مۇسا ئەلەيھىسسالام سامىرىغا ئېيتىدۇ: يوقال! سەن خارلىنىپ ھەممە جايدىن قوغلىنىپ، كىشىلەردىن «ماڭا تەگمەڭلار!» دەپ ئۆتۈنىدىغان، ھېچكىمگە ئارىلىشالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىسەن. بۇ سېنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازايىڭدۇر. ئەمما ئاخىرەتتىكى جازايىڭغا كەلسەك، سەن ئۈچۈن بەلگىلەنگەن جازانىڭ ۋاقتى قىيامەت كۈنى بولۇپ، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ. سەن ئۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايسەن. شۇ ۋاقىتتا يېتەرلىك جازايىڭنى كۆرىسەن. ئەمدى سەن ياسىغان بۇ ھەيكەلگە كەلسەك، ئۇنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى دېڭىزغا سورۇۋېتىش كېرەك. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى بولمىغان، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان، يېگانە ئىلاھ – ئاللاھ تائالادۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن باشلىنىپ يەنە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئالدىراقسانلىق كۆپ ھاللاردا پۇشايماننى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئەرەبلەردە: «تەمكىنلىكتە سالامەتلىك بار، ئالدىراقسانلىقتا نادامەت (بار)» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەمما ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرىسىنا تېغىغا ئالدىراپ بارغانلىقى ياخشى ئىشقا ئالدىرىغانلىق سانىلىدۇ.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 150-ئايەت.

2. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىقىغا پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى كۆرسەتكەن يول بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

3. ياخشى قىلغان ئىشىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش، يامان قىلغان ئىشلىرىدىن قايغۇرۇش ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

4. ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىشنىڭ يولى ـ دىن، قورالى ـ ئەقىلدۇر.

5. گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئىنساننى ئىككىلا ئالەمدە بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

6. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش مۇئمىنلىكنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

7. يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپسىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ئادەم چوقۇم پۇشايمانغا قالىدۇ.

8. ئاللاھ تائالا بەزى گۇناھكارلارنى ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە جازالايدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم» دىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ قىيامەتتىكى ئەھۋالى

﴿كَذَٰلِكَ نَقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآءِ مَا قَدۡ سَبَقَۚ وَقَدۡ ءَاتَيۡنَٰكَ مِن
لَّدُنَّا ذِكۡرٗا ﴿٩٩﴾ مَّنۡ أَعۡرَضَ عَنۡهُ فَإِنَّهُۥ يَحۡمِلُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وِزۡرًا ﴿١٠٠﴾
خَٰلِدِينَ فِيهِۖ وَسَآءَ لَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ حِمۡلٗا ﴿١٠١﴾ يَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِۚ
وَنَحۡشُرُ ٱلۡمُجۡرِمِينَ يَوۡمَئِذٖ زُرۡقٗا ﴿١٠٢﴾ يَتَخَٰفَتُونَ بَيۡنَهُمۡ إِن لَّبِثۡتُمۡ
إِلَّا عَشۡرٗا ﴿١٠٣﴾ نَّحۡنُ أَعۡلَمُ بِمَا يَقُولُونَ إِذۡ يَقُولُ أَمۡثَلُهُمۡ طَرِيقَةً إِن
لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا يَوۡمٗا ﴿١٠٤﴾ وَيَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡجِبَالِ فَقُلۡ يَنسِفُهَا رَبِّي نَسۡفٗا
﴿١٠٥﴾ فَيَذَرُهَا قَاعٗا صَفۡصَفٗا ﴿١٠٦﴾ لَّا تَرَىٰ فِيهَا عِوَجٗا وَلَآ أَمۡتٗا ﴿١٠٧﴾
يَوۡمَئِذٖ يَتَّبِعُونَ ٱلدَّاعِيَ لَا عِوَجَ لَهُۥۖ وَخَشَعَتِ ٱلۡأَصۡوَاتُ لِلرَّحۡمَٰنِ
فَلَا تَسۡمَعُ إِلَّا هَمۡسٗا ﴿١٠٨﴾ يَوۡمَئِذٖ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ
ٱلرَّحۡمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوۡلٗا ﴿١٠٩﴾ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَلَا

يُحِيطُونَ بِهِۦ عِلْمًا ﴿١١٠﴾ ۞ وَعَنَتِ ٱلْوُجُوهُ لِلْحَيِّ ٱلْقَيُّومِ ۖ وَقَدْ خَابَ
مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا ﴿١١١﴾ وَمَن يَعْمَلْ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَا
يَخَافُ ظُلْمًا وَلَا هَضْمًا ﴿١١٢﴾ وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ قُرْءَانًا عَرَبِيًّا وَصَرَّفْنَا
فِيهِ مِنَ ٱلْوَعِيدِ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ أَوْ يُحْدِثُ لَهُمْ ذِكْرًا ﴿١١٣﴾ فَتَعَٰلَى
ٱللَّهُ ٱلْمَلِكُ ٱلْحَقُّ ۗ وَلَا تَعْجَلْ بِٱلْقُرْءَانِ مِن قَبْلِ أَن يُقْضَىٰٓ إِلَيْكَ
وَحْيُهُۥ ۖ وَقُل رَّبِّ زِدْنِى عِلْمًا ﴿١١٤﴾

## ◄ تەرجىمىسى

99ـ(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا ئۆتكەنكىلەرنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى مانا مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىمىز، شەكسىزكى، بىز ساڭا دەرگاھىمىزدىن قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.

100ـكىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ چوقۇم قىيامەت كۈنى (چوڭ گۇناھتىن ئىبارەت) ئېغىر بىر يۈكنى كۆتۈرىدۇ.

101ـئۇلار ئۇنىڭدىن ھېچبىر زامان قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار (جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان) گۇناھ نېمىدېگەن يامان!

102ـئۇ كۈندە سۇر (ئىككىنچى قېتىم) [1] چېلىنىدۇ، ئۇ كۈندە گۇناھكارلارنى كۆك كۆز[2]، (قارا يۈزلۈك) ھالەتتە (ھېساب مەيدانىغا) يىغىمىز.

103ـ(قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن دۇنيا ھاياتى قىسقا تۇيۇلۇپ كېتىپ) ئۇلار بىر-بىرىگە «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈنلا تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ.

104ـئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنىمۇ: «سىلەر پەقەت بىر كۈنلا تۇردۇڭلار» دەيدۇ.

105ـئۇلار سەندىن (قىيامەت كۈنى) تاغلار (نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «رەببىم ئۇلارنى توزۇتۇپ سورۇيدۇ،

106ـئاندىن (ئۇلارنىڭ ئورنىنى) تۈزلەڭلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

---

[1] سۇر-قىيامەت قايىم بولغاندا بىر قېتىم، ئاندىن ئاخىرەتتە ئىنسانلار تىرىلىدىغان چاغدا يەنە بىر قېتىم چېلىنىدىغان كانايدۇر.

[2] كۆزنىڭ كۆكلىكى قورقۇنچنى ۋە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقنى ئىپادىلەيدۇ، ئەرەبلەر كۆزنىڭ كۆكلىكىنى شۇملۇقنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ.

107 ـ سەن ئۇ تۈزلەڭلىكتە چوڭقۇرلۇقنىمۇ، ئېگىزلىكنىمۇ كۆرمەيسەن».

108 ـ بۇ كۈندە ئىنسانلار بىر چاقىرغۇچىغا (ئىسرافىلغا) ئەگىشىپ ئۇدۇل ماڭىدۇ، رەھمان ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ بارلىق ئاۋازلار بىسىقىدۇ، پىچىرلىشىشتىن باشقىنى ئاڭلىمايسەن.

109 ـ بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ.

110 ـ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى (يەنى ئۆتمۈشلىرىنى ۋە كېلەچەكلىرىنى) بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئاللاھنى تولۇق بىلمەيدۇ.

111 ـ يۈزلەر (يەنى بەندىلەر) مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى مەڭگۈ ھايات ئاللاھ ئۈچۈن ئېگىلىدۇ، (ئاخىرەتتە) زۇلۇم بىلەن كەلگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

112 ـ مۆئمىن بولغان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار (گۇناھىنىڭ) كۆپىيىپ كېتىشىدىن، (ساۋابىنىڭ) كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

113 ـ بىز شۇنىڭدەك ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) ساقلانسۇن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاننى ساپ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بايان قىلدۇق.

114 ـ ھەقىقىي پادىشاھ بولغان ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان بۆلۈكى تولۇق نازىل قىلىنىپ بولمىغۇچە، ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن. «ئى رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىنىمىزگە ئوخشاش، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ بەزى قىسسىلىرىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆگۈت، ئىبرەت، ۋەز ـ نەسىھەت ۋە سەن ئۈچۈن تەسەللى بار. زامان ۋە شارائىتلار ئۆزگەرسىمۇ ئىنسانلار ئۆزگەرمەيدۇ، قىسسىلەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ھەر زامان ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

بىز ساڭا ئۆز دەرگاھىمىزدىن «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلدۇق، بۇ كىتاب سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ ئۈچۈن كاتتا شەرەپتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلار

ئۈچۈن تۈرلۈك ۋەز-نەسىھەتلەر ۋە قىممەتلىك ئۈگۈتلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىپ، كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان ئادەم ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت يولىنى تاپقىنىدەك، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان ھالدا قوپىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى كۆتۈرۈۋالغان بۇ يۈكنىڭ جازاسىنى مەڭگۈلۈك تارتىدۇ. ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان بۇ يۈكنىڭ ۋابالى نېمىدېگەن يامان!

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغان كۈنى ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى كۆزلىرى قورقۇنچتىن كۆكىرىپ كەتكەن ۋە كور بولغان، يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن ھالدا ھېساب مەيدانىغا يىغىدۇ. ﴿وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ ۝٤٠ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ ۝٤١ أُولَٰئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ﴾ يەنى ﴿يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر چاڭ-توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر﴾[1]. ئۇلار ھېساب مەيدانىدا ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن، ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ھالىدىن كەتكىلى تاس قالغان ۋە قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ھالدا، بىر-بىرىگە سىلەر دۇنيادا پەقەت ئون كۈن ياكى بىر قانچە سائەتلا تۇردۇڭلار، دېيىشىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭ سەندىن ئاشۇ ئېگىز ۋە مۇستەھكەم تاغلارنىڭ قىيامەت كۈندە قانداق ھالەتتە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، قىيامەت كۈندە رەببىم ئۇ تاغلارنى كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن شامالغا ئەمر قىلىپ ھەر تەرەپكە كۆلدەك سورۇۋېتىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، تاغلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ كېتىپ بىر قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاندىن خۇددى ئېتىلغان يۇڭغا ئوخشاش ھالغا كېلىپ ھاۋاغا سورۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغلارنىڭ ئورنى دەل-دەرەخسىز، گۈل-گىياھسىز تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

قىيامەت كۈندە ھەممە ئادەم سۇر چالغان ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇدۇل ماڭىدۇ، ئاۋازلار پۈتۈنلەي توختىغان بولۇپ، ھەر ياق جىمجىتلىققا چۆمىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاياق تىۋىشىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايدۇ. چۈنكى، ھەركىم ئۆز دەردىدە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كۈندە ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ۋە گەپ - سۆزىدىن رازى بولغان كىشىدىن باشقا ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئۇ

---

[1] ئەبەسە سۈرىسى: 40-42-ئايەتلەر.

كۈندىكى مۇتلەق ھاكىمىيەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ھەممىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يۈزلەر، تەنلەر ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدلار ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىدۇ، قەلبلەر ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ.

ئىماندا مۇستەھكەم بولغان ھالدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، ئۇلار ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن، نە گۇناھلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن، نە ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار بارلىق ئەندىشىلىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَـٰسِبِينَ﴾ يەنى ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾ [1].

ئى پەيغەمبەر! بىز ساڭا ئاتا قىلغان بۇ ئىلاھىي كىتابنى ئەرەب تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق. ئۇنىڭدا قىلچە ئەگرىلىك يوق، ئۇ توپتوغرا يولنىڭ يېتەكچىسىدۇر.

شەكسىزكى «قۇرئان كەرىم» ئالدى بىلەن ئەرەبلەرگە، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۇنازىرە ئېلان قىلغان ئىلاھىي دەستۇردۇر. ئەرەبلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى كۆرگەن ئەرەب ئەمەس خەلقلەرمۇ بۇ كىتابنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان. مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ شارائىتىدا، دىنىي مەسىلىلەردىن باشقا، سىياسەت، جەمئىيەت ۋە ئىقتىساد قاتارلىق مەسىلىلەردە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان، ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئېسىل بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنداق بىر كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەرەبلەر ئەدەبىياتتا ۋە شېئىرىيەتتە تازا يۈكسەلگەن بىر ۋەزىيەتتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى يەرگە ئۇردى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي مۆجىزىسىدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئىلمىي مۆجىزىلىرى بولۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرىلىگەنسېرى بۇ مۆجىزىلەر ئارقا-

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 47-ئايەت.

ئارقىدىن نامايان بولماقتا.

ئىنسانلارنىڭ تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشى، گۇناھ- مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشى ۋە يېڭى-يېڭى ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئېلىپ توغرا يولدا مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن، بىز «قۇرئان كەرىم»دە تۈرلۈك ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ھەرخىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا بايان قىلدۇق. مۇشۇ ئېسىل كىتابنىڭ ئىگىسى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ زاتتۇر!

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى قىلىنىۋاتقان ئەسنادا، سەن ئۇنى يادلاشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، ۋەھيى تاماملانمىغۇچە ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتمىغىن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم جىبرىل ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئالدىراپ تەكرارلاشقا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى تاماملانمىغۇچە جىبرىلنىڭ ئوقۇشىغا قۇلاق سېلىپ جىم تۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇپ بەرگەنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاشنى تەۋسىيە قىلغان. ﴿لَا تُحَرِّكۡ بِهِۦ لِسَانَكَ لِتَعۡجَلَ بِهِۦٓ ١٦ إِنَّ عَلَيۡنَا جَمۡعَهُۥ وَقُرۡءَانَهُۥ ١٧ فَإِذَا قَرَأۡنَٰهُ فَٱتَّبِعۡ قُرۡءَانَهُۥ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ساڭا ۋەھيى چۈشۈۋاتقان چاغدا) ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. چۈنكى، ئۇ ۋەھيىنى (سېنىڭ دىلىڭغا) توپلاش ۋە ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. شۇڭا بىز ئۇنى (ساڭا جىبرىل ئارقىلىق) ئوقۇپ بەرگەندە، سەن ئۇنى (جىم تۇرۇپ) ئاڭلىغىن﴾ [1] .

بىزنىڭ ئۈلگىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان قىزغىنلىقى بۇ دەرىجىدە بولغان يەردە، بىزنىڭ قانداق بولۇشىمىز كېرەك؟ «قۇرئان كەرىم»گە باغلىنىشتا ۋە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەدە؟ بىز نەدە؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.«قۇرئان كەرىم»نىڭ قىسسىلىرى ئەڭ راست ۋە ئەڭ توغرا قىسسىلەر بولۇپ، بۇ دۇنيادا ھېچبىر ئىزى قالمىغان قەۋملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ئۇنىڭدا ئوچۇق ۋە ئېنىق بايان قىلىنغان.

2. «قۇرئان كەرىم» ۋەز-نەسىھەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن تۈگىمەس ھېكمەت

[1] قىيامەت سۈرىسى: 16-18-ئايەتلەر.

دۇردانىسىدۇر.

3.«قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ قىيامەت كۈندىكى ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

4. قىيامەت كۈندىكى شاپائەت پەقەت ئىمانى بار كىشىلەرگىلا بولىدۇ. ئەمما كاپىرلارغا، مۇناپىقلارغا شاپائەت قىلىنمايدۇ.

5. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا قىلچە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

6. ئوقۇش، ئۆگىنىش ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرغا قەدەر تەلەپ قىلىنىدۇ، ياشنىپ قالغانلىق ئۆگىنەمەسلىككە ئۆزرە بولالمايدۇ.

7. زۇلۇم-ھەقسىزلىق قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، زۇلۇمنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

### ◄ پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشى

﴿وَلَقَدْ عَهِدْنَآ إِلَىٰٓ ءَادَمَ مِن قَبْلُ فَنَسِىَ وَلَمْ نَجِدْ لَهُۥ عَزْمًا ﴿١١٥﴾ وَإِذْ
قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُوا۟ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓا۟ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰ ﴿١١٦﴾ فَقُلْنَا
يَٰٓـَٔادَمُ إِنَّ هَٰذَا عَدُوٌّ لَّكَ وَلِزَوْجِكَ فَلَا يُخْرِجَنَّكُمَا مِنَ ٱلْجَنَّةِ
فَتَشْقَىٰٓ ﴿١١٧﴾ إِنَّ لَكَ أَلَّا تَجُوعَ فِيهَا وَلَا تَعْرَىٰ ﴿١١٨﴾ وَأَنَّكَ لَا تَظْمَؤُا۟
فِيهَا وَلَا تَضْحَىٰ ﴿١١٩﴾ فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ ٱلشَّيْطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ هَلْ أَدُلُّكَ
عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَّا يَبْلَىٰ ﴿١٢٠﴾ فَأَكَلَا مِنْهَا فَبَدَتْ لَهُمَا
سَوْءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ ٱلْجَنَّةِ ۚ وَعَصَىٰٓ ءَادَمُ
رَبَّهُۥ فَغَوَىٰ ﴿١٢١﴾ ثُمَّ ٱجْتَبَٰهُ رَبُّهُۥ فَتَابَ عَلَيْهِ وَهَدَىٰ ﴿١٢٢﴾ قَالَ
ٱهْبِطَا مِنْهَا جَمِيعًۢا ۖ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى
هُدًى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَاىَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَىٰ ﴿١٢٣﴾ وَمَنْ أَعْرَضَ عَن
ذِكْرِى فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةً ضَنكًا وَنَحْشُرُهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ أَعْمَىٰ ﴿١٢٤﴾ قَالَ

رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِيٓ أَعْمَىٰ وَقَدْ كُنتُ بَصِيرًا ﴿١٢٥﴾ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتْكَ
ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَا ۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلْيَوْمَ تُنسَىٰ ﴿١٢٦﴾ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى مَنْ
أَسْرَفَ وَلَمْ يُؤْمِنۢ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦ ۚ وَلَعَذَابُ ٱلْـَٔاخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَىٰٓ ﴿١٢٧﴾

## تەرجىمىسى

**115**-ئىلگىرى بىز ئادەمگە (مەلۇم دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق، ئۇ بۇنى يادىدىن چىقاردى، بىز ئۇنىڭدا مۇستەھكەم ئىرادىنىمۇ كۆرمىدۇق.

**116**-ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېگەن ئىدۇق، ئۇلار سەجدە قىلدى، لېكىن ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى.

**117**-بىز دېدۇق: «ئى ئادەم! بۇ (شەيتان) سېنىڭ ۋە ئايالىڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، ئۇ چاغدا سەن جاپا-مۇشەققەتتە قالىسەن.

**118**-جەننەتتە سەن ئاچ قالمايسەن، يالىڭاچمۇ قالمايسەن.

**119**-ھەمدە جەننەتتە ئۇسساپ قالمايسەن، ئىسسىقتىمۇ قالمايسەن».

**120**-شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! مەن ساڭا (مېۋىسىنى يېگەن ئادەم ئۆلمەيدىغان) ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە قولدىن كەتمەس سەلتەنەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

**121**-نىھايەت، ئىككىسى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۇ يەرلىرىنى يۆگەشكە كىرىشتى. ئادەم رەببىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى.

**122**-ئاندىن رەببى ئۇنى (ئۆزىگە يېقىن قىلىپ) تاللىدى، شۇنىڭ بىلەن تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.

**123**-(رەببى ئۇلارغا) ئېيتتىكى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بىر-بىرىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار! (ئى ئادەم ئەۋلادى!) سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلگەندە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ.

**124**-كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن (بولغان قۇرئاندىن) دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ

ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور ھالىتىدە تىرىلدۈرىمىز».

125-ئۇ: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ؟ ھالبۇكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ.

126-ئاللاھ ئېيتىدۇ: «سېنى شۇنداق (كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈم)، چۈنكى، ساڭا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز كەلگەن تۇرۇقلۇق، سەن ئۇلارنى تاشلاپ قويغان ئىدىڭ. سەنمۇ بۈگۈن ئەنە شۇنداق تاشلىنىپ قالىسەن».

127-ھەددىدىن ئاشقان ۋە رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا ئەنە شۇنداق جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ مەڭگۈلۈكتۇر.

### تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى ۋە بۇ دەرەخكە ھەرگىز يېقىنلاشماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق. لېكىن ئۇ ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بىز قىلغان تەۋسىيەنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇپ، بىز مەنئى قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يەپ قويدى. بىز ئۇنىڭدا بىزنىڭ ئەمرىمىزنى تۇتۇشتا مۇستەھكەم بىر ئىرادىنى، مەنئى قىلىنغان ئىشتىن توسۇلىدىغان سەۋر-تاقەتنى كۆرمىدۇق.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَمۡ نَجِدۡ لَهُۥ عَزۡمٗا﴾ دىگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىلەر ئايەتنى «بىز ئۇنىڭدا قەستەنلىكنى كۆرمىدۇق، چۈنكى، ئۇ بىز قىلغان تەۋسىيەنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى سەۋەنلىكتىن يەپ قويدى» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزىلەر «بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق مۇستەھكەم ئىرادە كۆرمىدۇق، شۇڭا ئۇ شەيتانغا ئالدىنىپ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ قويدى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «بىز ئۇنىڭدا مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ھېچقانداق بىر سەۋرچانلىقنى كۆرمىدۇق»[1] دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ئايەتنىڭ ﴿ئۇ بۇنى يادىدىن چىقاردى﴾ دىگەن ئايەتتىن كېيىن كەلگەنلىكى «بىز ئۇنىڭدا ھېچقانداق مۇستەھكەم ئىرادە كۆرمىدۇق» دىگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئىبنى

[1] «تفسير الطبري» 18-توم، 384-بەت.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىنى كۈچلەندۈرگەن.

بۇ ئايەتكە قىلىنغان يۇقىرىقى تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بۇ ئايەتتىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا بىزگە ئۇنتۇغاقلىق بىلەن ئىرادىسىزلىكنىڭ ئادەمنى گۇناھ-مەئسىيەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن دېيەلەيمىزكى، ھوشيارلىق بىلەن مۇستەھكەم ئىرادە يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ۋە يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتىشنىڭ يولىدۇر.

ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرنى ئادەمگە ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرۇدۇق. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال سەجدىگە باش قويدى، لېكىن ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىدى، بىزنىڭ ئەمرىمىزنى ئورۇنداشتىن باش تارتتى. گەرچە ئىبلىس جىنلار تائىپىسىدىن بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇ پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئىدى. شۇڭا ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇشتا پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بۇيرۇلغان.

ئۆز ۋاقتىدا بىز ئادەمگە ئېيتتۇقكى، ئەي ئادەم! ئىبلىس رەببىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئۇ ھەسەتخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ساڭا ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشتىن باش تارتتى. بىلگىنكى ئۇ سېنىڭ، ئايالىڭنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. شۇڭا ھەرگىز ئۇنىڭغا ئەگەشمىگىن، ئۇنىڭ باتىلنى ھەق كۆرسىتىپ سېنى ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ قالمىغىن. ئۇ شەيتان سېنى ۋە ئايالىڭ ھەۋۋانى ئازدۇرۇپ، سىلەرنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. سىلەر جەننەتتىن چىقىرىلساڭلار كۆپ جاپاغا قالىسىلەر. ئەكسىچە سىلەر ھەمىشە جەننەتتە بولساڭلار ھېچقانداق جاپا تارتمايسىلەر، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ۋە ئاچلىقنىڭ دەردىنى چەكمەيسىلەر، كىيىمسىزمۇ قالمايسىلەر، كۈننىڭ ئىسسىقىدا ئىسسىقلاپمۇ قالمايسىلەر، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى بىلەن نېمەتلىنىش بىلەنلا بولىسىلەر.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا شۇنچىلىك مۇھىم تەۋسىيەلەرنى قىلغان ۋە ئۇنى ئىبلىسنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، لەنىتى ئىبلىس ئۇنى ئازدۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە كۆرۈنۈپ دېدىكى، ئەي ئادەم! مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشى مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن ۋە سىلەرگە كۆيۈمچانلىق قىلىۋاتىمەن، ئەي ئادەم! مېۋىسىدىن يېسەڭ سېنىڭ جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشىڭغا تۈرتكە بولىدىغان بىر دەرەخنى كۆرسىتىپ

قويامدۇ؟ ئەگەر سەن ئۇنى يېسەڭ جەننەتتە مەڭگۈ قالغىنىڭ سىرتىدا، مەڭگۈگە زاۋال تاپمايدىغان بىر سەلتەنەتكە ئىگە بولىسەن.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبلىسنىڭ ئىككى خىل نەيرىڭىگە ئالدىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرى، مەڭگۈ قېلىش ئىستىكى، يەنە بىرى، سەلتەنەتتۇر. نەتىجىدە، لەنىتى ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋانى ئازدۇرۇپ مەقسىتىگە يەت بولدى، چۈنكى، ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئىككىسىگە مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگۈزدى. ئىبلىس ئۇلارغا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈشتە مۇنداق دېدى: ﴿مَا نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنۡ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيۡنِ أَوۡ تَكُونَا مِنَ ٱلۡخَٰلِدِينَ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ [1] . ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئىككىسى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋرەت جايلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئۇلار ئەۋرەت جايلىرىنى يۆگەش ئۈچۈن، جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئىبلىسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ سادىر قىلغان خاتالىقىنى تونۇدى ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىدىن قىلىپ تاللىدى، گۇناھلىرىدىن پاكلىدى ۋە ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتتى. ﴿فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٍ﴾ يەنى ﴿ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (ۋە تەۋبە قىلدى)﴾ [2].

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگەن ھامان جەننەتتىن چىقىرىلدى ۋە زېمىنغا چۈشۈشكە بۇيرۇلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىنىڭ ئىبلىس بىلەن بىرلىكتە يەر يۈزىدە بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇپ ئۆتۈشىنى ئىرادە قىلدى. ئۇلار يەر يۈزىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىبلىسنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ئاگاھ بولۇشىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەن تەرەپتىن ھىدايەت كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ياخشىلىق يولىغا

[1] ئەئراف سۈرىسى: 20-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 37-ئايەت.

كىرگەن، نەپسى ھەۋىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ توغرا يولغا ھىدايەت تاپقان ئادەم جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدىغانلاردىن بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر دۇنيا ھاياتىدا ئازغۇنلاردىن بولمايدۇ، ئىمان نۇرى بىلەن ھاياتىنى نۇرلاندۇرىدۇ، ھەمىشە بەخت-سائادەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىدۇ، بەرمىگىنىگە سەۋر قىلىدۇ، ئۇنىڭ قىسمىتىگە رازى بولىدۇ، ھەمىشە قانائەتلىك بولۇپ ھايات كەچۈرىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئىككىلا ئالەمدە قەتئىي بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ.

ئەمما مېنىڭ دىنىمنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان، ئوقۇپ بېرىلىۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، شەيتاننىڭ يولىغا كىرگەن ۋە ھىدايەتنى خالىمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھاياتى تار، تۇرمۇشى قاتتىقچىلىق ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار سائادەتلىك ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشتىن مەھرۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نېمەت بېرىلسە ئۇنى ئاز كۆرۈپ تېخىمۇ كۆپىنى تەمە قىلىدۇ، شۈكۈر، قانائەت دېگەنلەرنى ھېچ بىلمەيدۇ، نېمەتتىن مەھرۇم قىلىنسا ياكى ئازراق قىيىنچىلىق تارتسا ۋەياكى زىيانغا ئۇچرىسا، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي، ئاللاھ تائالادىن ئاغرىنىدۇ، كۈنلىرى، تۈنلىرى ھۇزۇرسىز ئۆتىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ھاياتى بايلىقتىمۇ، يوقسۇزلۇقتىمۇ جاپالىق، ھۇزۇرسىز ئۆتىدۇ. قىيامەت كۈنىدە بولسا مۇنداقلار ھېساب مەيدانىغا كور بولغان ھالدا بارىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان مەنىۋى كورلاردىن بولغان بولسا، ئاخىرەتتە كور بولۇپ تىرىلىدۇ. ئۇلار ھېساب مەيدانىدىكى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن دوزاخقا ھەيدىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كىرىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان قارارگاھ!

ئاخىرەتتە كور بولۇپ قوپقان ئادەم بۇ بەختسىزلىكنى ئۆزىدىن كۆرمەي، ئاللاھ تائالاغا زارلىنىپ: «ئى رەببىم! مەن دۇنيادا كۆزۈم كۆرىدىغان تۇرسام، مېنى ئەمدى نېمىشقا كۆزى كۆرمەيدىغان قىلىپ تىرىلدۈردۈڭ» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «سېنىڭ ھازىرقى كورلۇقۇڭ كۆزۈڭنىڭ كۆرمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى كورلۇقۇڭدىن بولغان. چۈنكى، دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا سېنىڭ كۆزۈڭ كۆرسىمۇ، دىلىڭ كور ئىدى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ساڭا كەلگەن بولسىمۇ، سەن ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە ئۇلارنى تاشلاپ قويغان ئىدىڭ، ياراتقان رەببىڭنىڭ بارلىقىنى ۋە ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇغان ئىدىڭ، سەنمۇ بۈگۈن دوزاختا تاشلىنىپ قالىسەن ۋە ئۇنتۇلىسەن، سەن دوزاختا تاشلىنىپ

قالغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئازابنى تېتىشنى داۋاملاشتۇرىسەن» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت توغرا يولنىڭ يېتەكچىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلارنى بۇ دۇنيادا ئەنە شۇنداق جازالايمىز. شەكسىزكى، ئاخىرەتنىڭ ئازابى بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن ئەلۋەتتە قاتتىق ۋە چوڭدۇر. ئاخىرەتنىڭ ئازابى مەڭگۈلۈكتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئازدۇرغان بولسا، ھازىرمۇ ئۇنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار ئىنسانىيەتنى ئازدۇرۇشقا بەل باغلىغان. شۇڭا شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرى كۆپتۇر. ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەلىي چارىلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى تىلەش كېرەك.

2. بۇ دۇنيا ئىشلەش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنى بولسا، ئاخىرەت پەقەت مۇكاپات ۋە جازانىڭ ئورنىدۇر. ھەركىم بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئاخىرەتتە چوقۇم ئالىدۇ.

3. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ھەۋۋانىڭ جەننەتتىن چىقىرىلغانلىق قىسسىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىبرەت بولۇشقا تېگىشلىكتۇر.

4. شەيتانلارنىڭ نەيرەڭلىرىنى ئاددىي سانىماسلىق ۋە ھەمىشە ھوشيار تۇرۇش ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

5. شەيتانلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك ئاداۋەتتۇر.

6. گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتا ھەددىدىن ئاشقۇچىلار دۇنيادا ھەرخىل بالايىئاپەتلەرگە دۇچار بولۇش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا ئۈزۈلمەس ئازابلار بىلەن جازالىنىدۇ.

## ◄ ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەر

﴿أَفَلَمْ يَهْدِ لَهُمْ كَمْ أَهْلَكْنَا قَبْلَهُم مِّنَ ٱلْقُرُونِ يَمْشُونَ فِى
مَسَٰكِنِهِمْ ۗ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَءَايَٰتٍ لِّأُو۟لِى ٱلنُّهَىٰ ﴿١٢٨﴾ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ

مِن رَّبِّكَ لَكَانَ لِزَامٗا وَأَجَلٞ مُّسَمّٗى ١٢٩ فَٱصۡبِرۡ عَلَىٰ مَا يَقُولُونَ
وَسَبِّحۡ بِحَمۡدِ رَبِّكَ قَبۡلَ طُلُوعِ ٱلشَّمۡسِ وَقَبۡلَ غُرُوبِهَاۖ وَمِنۡ ءَانَآيِٕ
ٱلَّيۡلِ فَسَبِّحۡ وَأَطۡرَافَ ٱلنَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرۡضَىٰ ١٣٠ وَلَا تَمُدَّنَّ عَيۡنَيۡكَ
إِلَىٰ مَا مَتَّعۡنَا بِهِۦٓ أَزۡوَٰجٗا مِّنۡهُمۡ زَهۡرَةَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا لِنَفۡتِنَهُمۡ فِيهِۚ
وَرِزۡقُ رَبِّكَ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰ ١٣١ وَأۡمُرۡ أَهۡلَكَ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱصۡطَبِرۡ عَلَيۡهَاۖ
لَا نَسۡـَٔلُكَ رِزۡقٗاۖ نَّحۡنُ نَرۡزُقُكَۗ وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلتَّقۡوَىٰ ١٣٢ وَقَالُواْ لَوۡلَا
يَأۡتِينَا بِـَٔايَةٖ مِّن رَّبِّهِۦٓۚ أَوَلَمۡ تَأۡتِهِم بَيِّنَةُ مَا فِي ٱلصُّحُفِ ٱلۡأُولَىٰ ١٣٣
وَلَوۡ أَنَّآ أَهۡلَكۡنَٰهُم بِعَذَابٖ مِّن قَبۡلِهِۦ لَقَالُواْ رَبَّنَا لَوۡلَآ أَرۡسَلۡتَ
إِلَيۡنَا رَسُولٗا فَنَتَّبِعَ ءَايَٰتِكَ مِن قَبۡلِ أَن نَّذِلَّ وَنَخۡزَىٰ ١٣٤ قُلۡ كُلّٞ
مُّتَرَبِّصٞ فَتَرَبَّصُواْۖ فَسَتَعۡلَمُونَ مَنۡ أَصۡحَٰبُ ٱلصِّرَٰطِ ٱلسَّوِيِّ وَمَنِ
ٱهۡتَدَىٰ ١٣٥

### تەرجىمىسى

128-ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىز ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا تۈرتكە بولالمىدىمۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا كېزىپ يۈرىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

129-ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئىلگىرى بېرىلگەن بىر سۆز (ھۆكۈم) ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقىت بولمىسا ئىدى، ئۇلار دەرھال ھالاك بولغان بولاتتى.

130-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىلەردە ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا (رەببىڭگە) تەسبىھ ئېيتقىن، (شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭ بېرىدىغان ساۋاب بىلەن) مەمنۇن بولىسەن.

131- بىز كاپىرلارنىڭ بەزىسىنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيا ھاياتىنىڭ تۈرلۈك زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن. بىز ئۇلارنى (بۇ ئارقىلىق) سىنايمىز. رەببىڭنىڭ

(ئاتا قىلىدىغان) رىزقى ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

132-(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشقا) چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. بىز سېنى رىزىقلاندۇرۇۋاتىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.

133-ئۇلار: «(مۇھەممەد) رەببى تەرىپىدىن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسىچۇ!» دەيدۇ، ئۇلارغا بۇرۇنقى كىتابلاردىكى ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان (مۆجىزە) قۇرئان كەلمىدىمۇ؟

134-ئەگەر بىز ئۇلارنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى بىرەر ئازاب بىلەن ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «ئى رەببىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭچۇ! (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ)، بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ئەمەسمۇ؟!» دەيتتى.

135-(ئى پەيغەمبەر!) ئاشۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ھەممە (سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتمەكتە، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، كىملەرنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى يېقىندا بىلىپ قالىسىلەر».

### تەپسىرى

ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ مۇشرىكلار بىزنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ بۇلارغا ئۇ ئۇممەتلەرنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟ بۇ كاپىرلار مۇنداق چوڭ ۋەقەلىكلەرنى قانداق بىلمەيدۇ؟ ھالبۇكى بۇ كاپىرلار ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ خارابىگە ئايلىنىپ قالغان دىيارلىرىدىن قىش ۋە ياز سەپەرلىرىدە ئۆتۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ جايلاردا كېزىپ يۈرىدۇ. ﴿فَتِلۡكَ بُيُوتُهُمۡ خَاوِيَةَۢ بِمَا ظَلَمُوٓاْۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَةٗ لِّقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿مانا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادەمسىز قالغان ئۆيلىرى! شەكسىزكى، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾ [1].

توغرا، بۇلاردىن ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان كىشىلەرلا ئىبرەت

[1] نەمل سۈرىسى: 52-ئايەت.

ئالىدۇ. ﴿أَفَلَمۡ يَسِيرُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَتَكُونَ لَهُمۡ قُلُوبٞ يَعۡقِلُونَ بِهَآ أَوۡ ءَاذَانٞ يَسۡمَعُونَ بِهَاۖ فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار قەدىمقى شەھەر خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن) يەر يۈزىنى كەزمىدىمۇ؟ (شۇنداق قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان ئەقىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾ [1].

ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى ھۆكمى ئالدىن ئېلان قىلىنىپ بولمىغان ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭ ۋاقتى بەلگىلىنىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار سېنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى ئالدىبۇرۇن تارتقان ۋە دەرھال ھالاك قىلىنغان بولاتتى. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان بولمىغۇر سۆزلىرىگە ۋە ئەدەپسىزلىكىگە سەۋر قىلغىن، رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان بامدات نامىزىنى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنى ۋە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوقۇلىدىغان شام بىلەن خۇپتەن نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇغىن، رەببىڭگە كۆپلەپ ئىستىغپار ئېيتقىن.

كاپىرلارنىڭ ئىنكارىغا، تەرسالىقىغا ۋە ئەزىيەتلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئەڭ ئەپچىل چارىدۇر. ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەپ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىش، ئىستىغپار ئېيتىش ۋە نامازلارنى ۋاقتىدا ئوقۇش ئەڭ ياخشى چارىدۇر. چۈنكى، ناماز بىلەن تەسبىھ روھنىڭ غىزاسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى روھنى كۈچلەندۈرىدۇ. روھ كۈچلەنگەن ۋاقىتتا تەننىڭ ھارغىنلىقى يوقىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يارغۇنچاق چۆرۈپ كۆپ جاپا تارتىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە بىرەر خىزمەتچى بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىغا خىزمەتچى بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ياتار ۋاقتىدا، «سۇبھانائللاھ»نى 33 قېتىم، «ئەلھەمدۇ لىللاھ»نى 33 قېتىم، «ئاللاھۇ ئەكبەر»نى 34 قېتىم ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، يۇقىرىقىلارنى ھەر ئاخشىمى تەرك قىلماي ئوقۇشقا

[1] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.

ئادەتلىنىدۇ»[1].

تەنىنىڭ ھارغىنلىقى بىلەن تەسبىھ ۋە تەكبىرلەرنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ جاۋاب: بۇلارنىڭ روھ تەرەپتىن ئالاقىسى بار. چۈنكى، روھ كۈچلەنسە، تەن ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ. ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن، كېچىلەردە ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا (رەببىڭگە) تەسبىھ ئېيتقىن، (شۇنداق قىلساڭ، رەببىڭ بېرىدىغان ساۋاب بىلەن) مەمنۇن بولىسەن﴾.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ كاپىرلار نېمەتلىنىۋاتقان دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە كۆز سالماسلىقىنى ۋە ئالدى بىلەن ئاخىرەت نېمەتلىرىگە قىزىقىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنى ، ئى پەيغەمبەر! بىز سىناق تەرىقىسىدە كاپىرلارغا ئاتا قىلغان دۇنيا بايلىقلىرىغا سەن ھەرگىز نەزەر سالمىغىن. چۈنكى، رەببىڭنىڭ سەن ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان ئىنئاملىرى بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلغان ئايرىم بىر يېتەكلىشى ۋە ئالاھىدە بىر نەسىھەتىدۇر. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقنىڭ ئالدىدا قويۇشىمىز لازىم.

ئايەت بىزنى دۇنيا ئىشلىرىغا سەل قاراشقا ياكى دۇنيالىقنى تاشلىۋېتىشكە چاقىرغىنى يوق. ئەكسىچە، دۇنيا ئىشلىرىنىمۇ قېتىر-قىنىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىمىزنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئايەتتە مەنئى قىلىنغىنى كاپىرلارنىڭ ۋە بەزى پاسىقلارنىڭ قولىدىكى مال-دۇنيانى ئارزۇ قىلىشتۇر. چۈنكى، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى غايە ياكى ئالدىنقى تەلەپلەردىن ئەمەس. بەلكى بىز ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئەڭ چوڭ ئارزۇ ۋە ئەڭ ئالدىنقى تەلەپتۇر. شۇنداقتىمۇ دۇنيالىق ئىشلارغا سەل قاراشقا ۋە ئۇنى تاشلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر نەسىھەت بار، ئۇ بولسىمۇ، ئائىلە ئەزالىرىنى، خۇسۇسەن، بالىلارنى، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى، دوستلارنى ناماز ئوقۇشقا ئۈندەش، ئۇلارغا نامازنى سۆيدۈرۈش، ناماز ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش، نامازنىڭ كۆڭۈلنى شاد قىلىدىغان، دەرد-ئەلەملەردىن خالاس قىلىدىغان ئەھمىيەت-

[1] «صحيح البخاري» 7- توم، 65- بەت، 5362 -ھەدىس.

سىلىك بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈشتۇر. «كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا حَزَبَهُ أَمْرٌ، صَلَّى» يەنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە دەرھال ناماز ئوقۇيتتى»[1] .

كاپىرلار گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىپ كەلگەن ئايەت ۋە مۆجىزىلەرگە كۆپايە قىلمىغان ياكى قايىل بولمىغاندەك، باشقا مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار كۇفرىلىق ۋە تەرسالىق بىلەن: «مۇھەممەد رەببى تەرىپىدىن بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن بىرەر مۆجىزىنى كەلتۈرەلمەمدۇ قانداق؟ قېنى مۇسانىڭ ھاسىسىغا ياكى سالىھنىڭ چىشى تۆگىسىگە ئوخشايدىغان مۆجىزىلەردىن بىرەرنى كەلتۈرۈپ باقسۇنچۇ!» دەيتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ كاتتا مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا كەلگەن ھەقىقەتلەرنى، بۇرۇنقى ئۇممەتلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل دەستۇر ئىكەنلىكىگە كۆپايە قىلماي، شۇنداق بىھۇدە تەلەپلەرنى قوياتتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم»دە بار. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى، ئۇلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزە كەلگەندىن كېيىنمۇ، مەغرۇرلۇق ياكى تەرسالىق قىلىپ ئىمان ئېيتمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇپ تۈگەشكەنلىكى بايان قىلىنغان. ھەر نەرسىنى بۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلغۇچى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى قويۇپ ئۇلار يەنە قانداق بىر مۆجىزە تەلەپ قىلىدىكىنا؟ ھالبۇكى، بۇ كىتابتا ئىلگىرىكىلەرنىڭ قىسسىلىرى، كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۆز ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى تولۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ئەگەر بىز بۇ كاپىرلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇنلا جازالاپ يوق قىلىۋەتكەن بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالاغا: «ئى رەببىمىز! ئەگەر بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ، بىز ئەلۋەتتە سەن نازىل قىلغان ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۆئمىنلەردىن بولاتتۇق. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا خارلىقتىن، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتۇق، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالغان بولاتتى. ﴿رُسُلًا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ

[1] «سنن أبي داود» 2- توم، 35- بەت، 1319 -ھەدىس.

حُجَّةٌۢ بَعۡدَ ٱلرُّسُلِۚ يەنى ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەرلەرنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىمىز كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر كەلگەندىن كېيىن (ئىمان ئېيتمىغانلىقىغا) ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر﴾ [1].

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى، قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەكتە. بىزمۇ ئاقىۋىتىڭلارنى كۈتىمىز، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار. شۇ ۋاقىت كەلگەندە، توغرا يول تاپقانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، توغرا يولدىن ئازغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، كىملەرنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ۋە كىملەرنىڭ ئازغۇنلۇقتا قالغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر. شۇ چاغدا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەقلىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلەتىدىغان كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە «ئەقىل ئىگىلىرى» دەپ ماختالغان.

2. دىنىنىڭ مەنبەسى ۋەھيىدۇر، ئەقىل ئۇنى چۈشىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان قورالدۇر.

3. بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى بىلەن بەلگىلەنگەن.

4. ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان مۇئمىنلەر بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەز-زەتلىرىگە، ھۇزۇر-ھالاۋەتلىرىگە ۋە ئەرزىمەس مال-دۇنياسىغا ئالدانمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتىكىسى ئەلۋەتتە كۆپ ۋە چوڭدۇر.

5. قانائەتچانلىق ئەڭ زور بايلىقتۇر.

6. ئائىلىسىدىكىلەرنى، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر. ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرى-شىشنىڭ يولى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق-ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە پەرز، ۋاجىپلارنى تولۇق ئورۇنداش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

---

[1] نىسا سۈرىسى: 165-ئايەت.

7. توغرا يولغا ئەگىشىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ باھانىلىرى ۋە تەلەپلىرى كۆپ بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

# ئەنبىيا سۈرىسى

ئەنبىيا سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، **112** ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىسلام ئەقىدىسىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئامىللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋشىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. سۈرىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىق قىسسىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ساماۋى دىنىنىڭ ئەسلىدە بىر ئىكەنلىكىنى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىسلامدىن ئىبارەت بىرلا دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ كۇفرى سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىش، كۇفرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، دىققىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىگە قارىتىش قاتارلىق بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئىبرەت ئۈچۈن ئىخچام بايان قىلىنغان. سۈرىنىڭ بېشىدا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى بەدىئىي ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەنگەن.

بۇ سۈرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى كۆپرەك بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، سۈرىنىڭ ئىسمى «سورة الأنبياء» يەنى «پەيغەمبەرلەر سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ٱقۡتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمۡ وَهُمۡ فِي غَفۡلَةٖ مُّعۡرِضُونَ ١ مَا يَأۡتِيهِم
مِّن ذِكۡرٖ مِّن رَّبِّهِم مُّحۡدَثٍ إِلَّا ٱسۡتَمَعُوهُ وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ٢ لَاهِيَةٗ
قُلُوبُهُمۡۗ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّجۡوَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ هَلۡ هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡۖ
أَفَتَأۡتُونَ ٱلسِّحۡرَ وَأَنتُمۡ تُبۡصِرُونَ ٣ قَالَ رَبِّي يَعۡلَمُ ٱلۡقَوۡلَ فِي
ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٤ بَلۡ قَالُوٓاْ أَضۡغَٰثُ أَحۡلَٰمِۭ
بَلِ ٱفۡتَرَىٰهُ بَلۡ هُوَ شَاعِرٞ فَلۡيَأۡتِنَا بِـَٔايَةٖ كَمَآ أُرۡسِلَ ٱلۡأَوَّلُونَ ٥ مَآ
ءَامَنَتۡ قَبۡلَهُم مِّن قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآۖ أَفَهُمۡ يُؤۡمِنُونَ ٦ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا
قَبۡلَكَ إِلَّا رِجَالٗا نُّوحِيٓ إِلَيۡهِمۡۖ فَسۡـَٔلُوٓاْ أَهۡلَ ٱلذِّكۡرِ إِن كُنتُمۡ لَا
تَعۡلَمُونَ ٧ وَمَا جَعَلۡنَٰهُمۡ جَسَدٗا لَّا يَأۡكُلُونَ ٱلطَّعَامَ وَمَا كَانُواْ
خَٰلِدِينَ ٨ ثُمَّ صَدَقۡنَٰهُمُ ٱلۡوَعۡدَ فَأَنجَيۡنَٰهُمۡ وَمَن نَّشَآءُ وَأَهۡلَكۡنَا
ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٩ لَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ كِتَٰبٗا فِيهِ ذِكۡرُكُمۡۚ أَفَلَا
تَعۡقِلُونَ ١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئىنسانلارنىڭ ھېساب بېرىدىغان ۋاقتى (قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ئىچىدە (بۇ ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر.

2ـ3ـ ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن يېڭى ۋەز-نەسىھەت كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئويۇن-تاماشاغا بېرىلگەن ۋە دىللىرى غاپىل ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ. بۇ زالىملار (ئۆزئارىسىدا): «بۇ (مۇھەممەد) پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان تۇرسا، سىلەر سېھىرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قوبۇل قىلامسىلەر؟» دەپ پىچىرلىشىدۇ.

4.(پەيغەمبەر) ئېيتتى: «رەببىم ئاسمان، زېمىندىكى ھەربىر سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

5.(كاپىرلار: قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماي): «بەلكى ئۇ (مۇھەممەد كۆرگەن) قالايمىقان چۈشلەردۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققاندۇر. بەلكى ئۇ شائىردۇر. (ئەگەر ئۇ ئۇنداق بولمىسا) بىزگە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرەر مۆجىزە كەلتۈرسۇن» دېيىشتى.

6.ئۇلاردىن ئىلگىرى بىز ھالاك قىلغان شەھەرلەر ئاھالىسىدىن ھېچقايىسىسى (مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ) ئىمان ئېيتمىغان تۇرسا، بۇلار ئىمان ئېيتامدۇ؟

7.(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى (پەرىشتىلەردىن ئەمەس) پەقەت (ئىنسانلاردىن) ئەرلەرنىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق. ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.

8.بىز پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق، ئۇلار (دۇنيادا) مەڭگۈ قالغۇچىلارمۇ ئەمەس.

9.ئاندىن بىز ئۇلارغا (بەرگەن) ۋەدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، ئۇلارنى ۋە بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق، (كۇفرىدا ۋە زۇلۇمدا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ھالاك قىلدۇق.

10.ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (قۇرئان) نى نازىل قىلدۇق. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

### ◄ تەپسىرى

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ساھابىلەردىن ئامىر ئىبنى رەبىئەنىڭ يېنىغا ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرگەن بىر ئادەم كېلىپ: «ئەي ئامىر! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تىلىۋالغان بىر پارچە زېمىنىم بار ئىدى. ساڭا شۇ زېمىندىن بىر قىسمىنى سوۋغا قىلىشنى خالايمەن» دەيدۇ. ئامىر بۇ ئادەمنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب بېرىپ: «سېنىڭ زېمىنىڭغا مېنىڭ ئېھتىياجىم قالمىدى. بۈگۈن: ﴿اقْتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمْ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ مُعْرِضُونَ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلارنىڭ ھېساب بېرىدىغان ۋاقتى (قىيامەت) يېقىنلاشتى، ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ئىچىدە (بۇ ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر﴾ دېگەن سۈرە نازىل بولدى، ئەمدى مېنىڭ مال-دۇنياغا

ھاجىتىم يوقتۇر» دەيدۇ[1].

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى مال-دۇنيا سۆيگۈسىگە چەك قويۇشقا ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى دۇنيالىقتىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا تۈرتكە بولغۇدەك ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن باشلىغان بولۇپ، كاپىرلارنىڭ قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق سانىغانلىقى ۋە قىيامەت كۈنى توغرۇلۇق ئېيتىلغان ۋەز-نەسىھەتلەردىن يۈز ئۆرۈۋاتقانلىقى سۆكۈلگەن.

ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن ھېساب بېرىدىغان قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى. ھالبۇكى، ئىنسانلار غەپلەتتە تۇرماقتا، كاپىرلار بولسا قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىماقتا ۋە قىيامەت ھەققىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈمەكتە.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ قىيامەت يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئىنسانلار تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايۋاتىدۇ. ئۇلارنى دۇنيالىق ئىشلىرى، مال-دۇنيا يىغىش ھەلەكچىلىكى ۋە دۇنيالىقنىڭ سۆيگۈسى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن غەپلەتتە قويماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان ۋە مەڭگۈلۈك سائادەت بېغىشلايدىغان ئىشلارنى قويۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، قىيامەتنى بولسا ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئايەتلەردە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىاش بولغان مۇشرىك ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قانداقلا بىر يېڭى ۋەز-نەسىھەت كەلسە، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئويۇن-تاماشا ئورنىدا تىڭشايتتى، مەسخىرە ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇلار دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكتىن، ئۆلۈم، ئاخىرەت دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، بۇ توغرىدا كەلگەن ئايەتلەرنى تىڭشاشتىن يۈز ئۆرۈيتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى غەپلەتكە تولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايتتى، دىللارنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

مۇشرىكلار ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن پىلانلارنى تۈزۈپ ئۆز ئارىسىدا پىچىرلىشاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانلىرى نەدىمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن! كاپىرلار قانچىلىك يامان كۆرسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەلۋەتتە تاماملىغۇچىدۇر.

[1] «مختصر تفسير ابن كثير» 2- توم، 501- بەت.

بۇ زالىملار ئۆز ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق پىچىرلىشاتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «بۇ ئادەم پەقەت سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ پەيغەمبەر بولسۇن؟ ئۇنىڭ سىلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق تۇرسا؟ ئۇ سىلەرگە سېھىردىن باشقا بىر نەرسە كەلتۈرمىگەن تۇرسا، سىلەر قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سېھىرىگە ئەگىشەمسىلەر؟»

ئەمما ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە بۇ زالىملارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى غەيۋەتلىرىنى، پىچىرلاشلىرىنى ۋە ناھايىتى مەخپىي ئېيتىشقان سۆزلىرىنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۇ زالىملارغا: «ئەي زالىملار! بىلىڭلاركى، مېنىڭ رەببىم مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن ئېيتىلغان ھەرقانداق سۆزنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ بىزدىن يوشۇرغانلىرىڭلارنى ئەلۋەتتە پاش قىلىدۇ، مەيلى ئاسمانلاردا، مەيلى زېمىننىڭ تېگىدە بولسۇن، ھەرقانداق مەخپىيەتلىكنى بىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە دىللاردا يوشۇرغانلارنىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچى تەڭداشسىز زاتتۇر» دېيىشكە بۇيرۇغان.

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «سېھىرگەر»، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ۋە ئۇلارغا ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەرنى «سېھىر» دېگەن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلەر ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان ۋە يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىگە ھەممە بىردەك قايىل ئىدى. ئەمما بۇ ئايەتلەرنىڭ دىللاردا قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرىنىڭ سەۋەبى ئۇلارغا مەخپىي ئىدى. ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ دىللارغا بولغان چوڭقۇر تەسىرىنى دەسلەپتە «سېھىر» دەپ تۆھمەت قىلغان. كېيىنچە، بۇ تۆھمەتنى ئۆزگەرتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلاۋەت قىلغان ئايەتلەرنى ئېلىشىپ قالغان ياكى قارا بېسىپ قالغان ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاتقان. ئاندىن ئۇلار بۇ تۆھمەتلىرىدىنمۇ يېنىۋېلىپ، بۇ ئايەتلەرنى «مۇھەممەدنىڭ ئويدۇرمىلىرىدۇر» دەپ تۆھمەت قىلىشقا ئۆتكەن. ئاندىن بۇ تۆھمەتلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «شائىر» دەپ تۆھمەت قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي سۆزلىرى بىلەن بىزنى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى، دېيىشكە باشلىغان.

كاپىرلارنىڭ بۇ تۈتامى يوق تۆھمەتلىرى، ئۇلارنىڭ بىر تۆھمەتنى

چاپلاپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىپ يېڭى بىر تۆھمەتنى كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئاندىن ئۇنىڭدىنمۇ يېنىۋېلىپ يەنە باشقا تۆھمەتلەرنى قىلىشى ۋە قىلغان بارلىق تۆھمەتلىرىنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوقلۇقى ئۇلارنىڭ جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان ئەخمەقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق!

كاپىرلار شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، «ئەگەر مۇھەممەد سېھىرگەر بولمىسا، شائىرمۇ بولمىسا، يالغانچىمۇ بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۇ بىزگە قۇرئاندىن باشقا، مۇسانىڭ ھاسىسىغا، سالىھنىڭ چىشى تۆگىسىگە ئوخشايدىغان مۆجىزىلەردىن بىرەرنى كەلتۈرۈپ باقسۇن!» دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت قارشىلىشىش ئۈچۈنلا ئېيتقان سۆزلىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا بىلدۈركى، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. ﴿وَلَوْ أَنَّنَا نَزَّلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلْمَوْتَىٰ وَحَشَرْنَا عَلَيْهِمْ كُلَّ شَىْءٍ قُبُلًا مَّا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتە چۈشۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەر (تىرىلىپ، سېنىڭ راستچىللىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ) ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن، (ئۇلار تەلەپ قىلغان) ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن، (ئۇلار ھەممىنى كۆز ئالدىدا كۆرگەن) تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئىرادە قىلمىغۇچە، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾ [1] .

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ پەيغەمبەرلىرىدىن مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئىمان ئېيتمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن. بۇلارمۇ ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ. بىز بۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى قانداق كەلتۈرۈپ بېرىمىز؟

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقىدىن ئىنساندىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، بىز ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىن بولغان ئەرلەر ئىدى. ﴿قُلْ إِنَّمَآ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 111-ئايەت.

﴿أَنَا۠ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا: ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ﴾[1] .

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئىنساندىن بولغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن شەكلەنسەڭلار، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئالىملىرىدىن سوراڭلار، ئۇلار بۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا كەلگەن مۇسا، ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسانلاردىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر ئىدى.

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يېيىش، ئىچىش، ئۆيلىنىش دېگەندەك ئىنسانىي خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئىنكار قىلاتتى. ﴿وَقَالُواْ مَالِ هَٰذَا ٱلرَّسُولِ يَأْكُلُ ٱلطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي ٱلْأَسْوَاقِ لَوْلَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُۥ نَذِيرًا ۝٧ أَوْ يُلْقَىٰٓ إِلَيْهِ كَنزٌ أَوْ تَكُونُ لَهُۥ جَنَّةٌ يَأْكُلُ مِنْهَا﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «بۇ (بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازارلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان قانداق پەيغەمبەر؟ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن، نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرۈلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە بېرىلمىدى؟ يا ئۇنىڭغا مېۋىلىرىنى يەيدىغان بىرەر باغ بېرىلمىدى؟» دېيىشتى﴾ [2] .

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، بىز پەيغەمبەرلەرنى يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان، قۇرۇق جىسىم قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق ياكى ئۇلارنى دۇنيادا ھېچ ئۆلمەيي، مەڭگۈ ياشايدىغان قىلغىنىمىزمۇ يوق. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا يەيدۇ، ئىچىدۇ ۋە ئاياللارغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغان، ئۆزىگە ئىككى ئالەملىك سائادەت دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان، كىشىلەرنى كۇفرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈشكە، ئۇلارغا قارشى تۇرغان كاپىرلارنى ھالاك

[1] كەھف سۈرىسى: 110ـ ئايەت.

[2] فۇرقان سۈرىسى: 7ـ8ـ ئايەتلەر.

قىلىشقا ۋەدە قىلغان.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئاندىن بىز ۋەدىمىز بويىچە مۆئمىنلەردىن خالىغان كىشىلىرىمىزنى قۇتقۇزدۇق، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا چەك تۇرغان كاپىرلارنى يوقىتىۋەتتۇق. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

بىز سىلەرگە سىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلارنى ھەم ئىززەت-ئابرۇيىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدۇق. ﴿وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر﴾[1] «قۇرئان كەرىم»دە سىلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ياخشى-يامان ئەمەللەرنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق يېزىلغان. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ بۇلارنى ئويلاپ باقامسىلەر؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىلىنىدۇ.

2. مۆجىزە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بەزى ھاللاردا ھىدايەتكە ئەمەس، بەلكى ھالاكەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، مۆجىزە تەلەپ قىلغانلارغا تىلىگەن مۆجىزىسى كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىمان ئېيتىشنى خالىمايدىغان، ھەقىقەتنى ئىزدەشكە قىزىقمايدىغانلارغا مىڭلاپ مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ.

3. پەيغەمبەرلەر ئەزەلدىن ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ چىقىرىلغان زاتلاردۇر.

4. بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىش پەزىلەتتۇر. ئەمما سوراشتىن نومۇس قىلىش مۇتەكەببىرلىكتۇر. دىنىي مەسىلىلەر پەقەت دىنىي ئىلىملەردە توشقان، ئىشەنچلىك ۋە تەقۋادار ئۆلىمالاردىنلا سورىلىدۇ.

5. ئىسراپچىلىق ھەرقانداق دىن ۋە ھەرقانداق قانۇندا سۆكۈلىدىغان

---

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 44-ئايەت.

يامان قىلىقتۇر.

**6.** «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك شان-شەرىپىدۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئىككى ئالەملىك سائادەت يولىنى تاللىغان بولىدۇ.

### ◄ ئاگاھلاندۇرۇش

﴿وَكَمْ قَصَمْنَا مِن قَرْيَةٍ كَانَتْ ظَالِمَةً وَأَنشَأْنَا بَعْدَهَا قَوْمًا ءَاخَرِينَ
﴿١١﴾ فَلَمَّآ أَحَسُّواْ بَأْسَنَآ إِذَا هُم مِّنْهَا يَرْكُضُونَ ﴿١٢﴾ لَا تَرْكُضُواْ
وَٱرْجِعُوٓاْ إِلَىٰ مَآ أُتْرِفْتُمْ فِيهِ وَمَسَٰكِنِكُمْ لَعَلَّكُمْ تُسْـَٔلُونَ ﴿١٣﴾
قَالُواْ يَٰوَيْلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿١٤﴾ فَمَا زَالَت تِّلْكَ دَعْوَىٰهُمْ حَتَّىٰ
جَعَلْنَٰهُمْ حَصِيدًا خَٰمِدِينَ ﴿١٥﴾ وَمَا خَلَقْنَا ٱلسَّمَآءَ وَٱلْأَرْضَ وَمَا
بَيْنَهُمَا لَٰعِبِينَ ﴿١٦﴾ لَوْ أَرَدْنَآ أَن نَّتَّخِذَ لَهْوًا لَّٱتَّخَذْنَٰهُ مِن لَّدُنَّآ إِن
كُنَّا فَٰعِلِينَ ﴿١٧﴾ بَلْ نَقْذِفُ بِٱلْحَقِّ عَلَى ٱلْبَٰطِلِ فَيَدْمَغُهُۥ فَإِذَا هُوَ
زَاهِقٌ ۚ وَلَكُمُ ٱلْوَيْلُ مِمَّا تَصِفُونَ ﴿١٨﴾ وَلَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ
وَمَنْ عِندَهُۥ لَا يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسْتَحْسِرُونَ ﴿١٩﴾
يُسَبِّحُونَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ لَا يَفْتُرُونَ ﴿٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**11**-بىز ئاھالىسى زالىم بولغان نۇرغۇنلىغان يۇرتلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتۇق. ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق.

**12**-ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى ھېس قىلغان چاغدا (ئۇ يەردىن) دەرھال قاچىدۇ.

**13**-(بۇ چاغدا ئۇلارغا مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا) «قاچماڭلار! سىلەردىن سوئال سورۇلۇشى ئۈچۈن، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە تۇرالغۇ جايلىرىڭلارغا قايتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

**14**-ئۇلار: «ۋاي ئىسىت بىزگە! بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىكەنمىز » دېيىشىدۇ.

15ـئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ۋە ئۆچۈرۈلگەن ئوتتەك قىلىۋەتكىنىمىزگە قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇرىدۇ.

16ـبىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ياراتمىدۇق (بەلكى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياراتتۇق).

17ـئەگەر بىز تاماشا قىلايلى دېسەك، ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆز تەرىپىمىزدىن قىلغان بولاتتۇق، (ئەمما) بىز ئۇنداق قىلمىدۇق.

18ـبەلكى بىز باتىلغا ھەق بىلەن زەربە بېرىمىز، ھەق باتىلنى ئېزىپ تاشلايدۇ، باتىل شۇ ھامان توزۇپ كېتىدۇ. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر (ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن) سۈپەتلىگەنلىكىڭلار تۈپەيلىدىن دەھشەتلىك ئازابقا قالىسىلەر.

19ـئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى (پەرىشتە)لەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ.

20ـئۇلار كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

بىز كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرىنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. چۈنكى، ئۇلار ھەق دىننى ئىنكار قىلىش، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ھەر تۈرلۈك گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ جازايىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا قەۋملەرنى كەلتۈردۇق.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ھالاك قىلىنغان شەھەر يەمەندىكى «ھەستۇرا» دېگەن شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتكەن.

ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى مۇنداق بولغان: ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ھەق دىننى ئىنكار قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بۇ كاپىرلار ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە يۈزلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھامان تەرەپ-تەرەپكە قېچىشىۋاتقان چاغدا، ئۇلارغا مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا: «توختاڭلار، قاچماڭلار! سىلەرنىڭ بۇنچىلىك كۆرەڭلەپ

كېتىشكەنلىكلارغا ۋە كۇفرى-زالالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پېتىپ كېتىشكەنلىكلارغا سەۋەب بولغان شۇ باياشاتلىق تۇرمۇشۇڭلارغا، ھەشەمەتلىك قورا-جايلىرىڭلارغا قايتىپ كېلىڭلار، چۈنكى، سىلەر بۇ ئازابنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورىلىسىلەر ياكى دۇنيالىقىڭلاردىن بىر نەرسە سورايسىلەر» دەپ نىدا كېلىدۇ. بۇ نىدانى پەرىشتىلەر قىلغان بولۇپ، قاچقان كاپىرلار ئەتراپتا ئۆزلىرىگە گەپ قىلىۋاتقان ئادەم جىنسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئازابنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، «بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزگە دۈشمەنلىرىمىزنى مۇسەللەت قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ» دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئازابنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇپ، «ۋاي ئىست! بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىكەنمىز» دەپ نالە-پەرياد قىلىشىدۇ ۋە قاتتىق پۇشايمان قىلىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن ۋاقىتتا قىلغان پۇشايماننىڭ ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئۇلار ۋاي ئىست! دېگەن پۇشايماننى تەكرارلىغانچە ئازابلىنىشقا باشلايدۇ ۋە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلۈپ خۇددى ئوراپ تاشلانغان زىرائەتتەك يەرگە تىزىلىپ ياتىدۇ[1].

بۇ تولىمۇ ئادالەتلىك ھۆكۈم ۋە ئىبرەتلىك جازا ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى شۇنداق جازالىغانلىقى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەۋجۇداتلارنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنى، گۈزەل سەنئەتلىرىنى، قۇدرىتىنى ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلام پىكىرلىك، ئەقلى جايىدا بولغان ئادەم ئۈچۈن تەپەككۇر مەيدانى بولۇشقا ئەرزىيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئاجايىپ قۇدرىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئۆزى كاتتا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان. ﴿مَا خَلَقْنَٰهُمَآ إِلَّا بِٱلْحَقِّ﴾ يەنى ﴿بىز ئاسمان-زېمىننى پەقەت ھېكمەت بىلەن ياراتتۇق﴾ [2].

[1] «تفسير القرطبي» 11- توم، 184- بەت.

[2] دۇخان سۈرىسى: 39-ئايەت.

تەپسىرى مۇيەسسەردە ﴿لَوۡ أَرَدۡنَآ أَن نَّتَّخِذَ لَهۡوٗا لَّٱتَّخَذۡنَٰهُ مِن لَّدُنَّآ إِن كُنَّا فَٰعِلِينَ﴾ دېگەن ئايەت مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: «ئەگەر بىز پەرزەنت ياكى ئايال ئارقىلىق ئويۇن-تاماشا قىلىشنى خالىغان بولساق ئەلۋەتتە ئۇنى سىلەرنىڭ ئېچىڭلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز دەرگاھىمىزدىن تاللىغان بولاتتۇق. لېكىن ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى، پەرزەنتلىك ياكى ئاياللىق بولۇش بىزگە لايىق ئەمەس»[1]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتسىز ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار، ئايالى بار دېگەن سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا كېيىنكى ئايەتتە ﴿بَلۡ نَقۡذِفُ بِٱلۡحَقِّ عَلَى ٱلۡبَٰطِلِ فَيَدۡمَغُهُۥ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٞۚ وَلَكُمُ ٱلۡوَيۡلُ مِمَّا تَصِفُونَ﴾ يەنى بەلكى بىز «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھەقىقەت ئارقىلىق باتىلنىڭ ئۆزى بولغان كۇفرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ئېتىپ تاشلايمىز، ئۇنى يانچىپ تاشلايمىز، شۇنىڭ بىلەن باتىل توزۇپلا كېتىدۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەسىرى قالمايدۇ. باتىل ئەنە شۇنداق يوقىلىشقا مەھكۇم نەرسىدۇر، دېيىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىشىگە رەددىيە بەرگەن. ئايەتنىڭ ﴿وَلَكُمُ ٱلۡوَيۡلُ مِمَّا تَصِفُونَ﴾ دېگەن قىسمى مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنىڭ بالىسى بار، ئاللاھنىڭ ئايالى بار دېگەن سەپسەتىلىرى تۈپەيلىدىن قاتتىق پۇشايمانغا ۋە ئازابقا قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا دېمەكچىكى، ئويۇن-تاماشا ئۈچۈن بىر نەرسە يارىتىش (يەنى ئەھمىيەتسىز ئىش قىلىش) مېنىڭ ئادىتىم ئەمەس، مۇنداق قىلىش مېنىڭ شەنىمگە ياراشمايدۇ. ئەكسىچە، مېنىڭ ئادىتىم ۋە شەنىمگە يارىشىدىغان ئىش ھەر نەرسىنى ھېكمەت ۋە مەقسەت بىلەن يارىتىش، ھەقىقەتنى ھەمىشە ئۈستۈن قىلىش، ھەقىقەتنىڭ كۈچى بىلەن باتىلنى يوق قىلىشتۇر. ئايەتتە باتىلغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنى ئېتىپ چۇشۇرۇش ﴿قَذۡف﴾ يەنى (ئېتىش) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. خۇددى ھەقىقەت تاشقا ئوخشاش قاتتىق جىسىمغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، باتىلنى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىپ تۇزۇتۇۋەتكەن، باتىل بولسا پارچىلىنىپ، سۇنۇپ تۆگەشكەن بىر ئاجىز جىسىمغا ئوخشىتىلغان. شۇڭا باتىلنى زاھِقٌ يەنى (تۆگەشكۈچى) دەپ ئاتىغان. بۇ ناھايىتى ئېسىل تەسۋىر بولۇپ، ھەقىقەتنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ۋە باتىلنىڭ ئاجىزلىقى ئويئوچۇق

[1] «تفسير الميسر» 323- بەت.

يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەي مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملار! سىلەرگە ھالاكەت ۋە لەنەت بولسۇنكى، سىلەر رەببىڭلارنى قانداقمۇ نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيسىلەر؟ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ئۇنىڭ مۈلۈكىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز باشقۇرىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ شېرىكى بولسۇن؟!

ئەي مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگىنىڭلار تۈپەيلىدىن چوقۇم پۇشايمانغا قالىسىلەر، سىلەر بۇ يالغانچىلىقىنىڭ ۋابالىنى چوقۇم تارتىسىلەر.

ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، ھەرگىز چوڭلۇق قىلمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدۇ. ئەمدى سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىسىلەر؟

پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان ۋەزىپىسى كېچە-كۈندۈز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشتۇر. ئۇلار ھېرىپ قالمايدۇ، زېرىكمەيدۇ، بۇيرۇقتىن باش تارتمايدۇ. ئۇلار شۇنداق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئىنسانلاردا بولغاندەك نەپسى- خاھىش يوقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەختسىزلىكنىڭ ئاساسلىق ئامىلى كۇفرىلىق بىلەن يولسىزلىقتۇر.

2. كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازابنى كۆرگەن چاغدىكى پۇشايمانلىرى پايدا بەرمەيدۇ.

3. جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، تەۋبە ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا بالا ياكى شېرىكنى مەنسۇپ قىلغان ئادەم كاپىر بولىدۇ.

5. «قۇرئان كەرىم»نىڭ باتىل ئەقىدىلەرگە قارشى كەلتۈرگەن ھۆججەت ۋە دەلىللىرى باتىلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈكتۇر.

**6.** ئەقلىي دەلىللەرمۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش ۋە باتىلنى پاچاقلاپ تاشلاشتا ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ.

**7.** ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىگە موھتاج ئەمەستۇر.

**8.** پەرىشتىلەر ئىبادەت ئۈچۈنلا يارىتىلغان، گۇناھ قىلمايدىغان بەندىلەردۇر.

## ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە مۇنازىرە

﴿أَمِ ٱتَّخَذُوٓاْ ءَالِهَةٗ مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ هُمۡ يُنشِرُونَ ٢١ لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ
ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ رَبِّ ٱلۡعَرۡشِ عَمَّا يَصِفُونَ
٢٢ لَا يُسۡـَٔلُ عَمَّا يَفۡعَلُ وَهُمۡ يُسۡـَٔلُونَ ٢٣ أَمِ ٱتَّخَذُواْ مِن دُونِهِۦٓ
ءَالِهَةَۖ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡۖ هَٰذَا ذِكۡرُ مَن مَّعِيَ وَذِكۡرُ مَن قَبۡلِيۚ بَلۡ
أَكۡثَرُهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٱلۡحَقَّۖ فَهُم مُّعۡرِضُونَ ٢٤ وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن
قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ
٢٥ وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۚ بَلۡ عِبَادٞ مُّكۡرَمُونَ ٢٦ لَا
يَسۡبِقُونَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ وَهُم بِأَمۡرِهِۦ يَعۡمَلُونَ ٢٧ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ
وَمَا خَلۡفَهُمۡ وَلَا يَشۡفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ٱرۡتَضَىٰ وَهُم مِّنۡ خَشۡيَتِهِۦ
مُشۡفِقُونَ ٢٨ ۞ وَمَن يَقُلۡ مِنۡهُمۡ إِنِّيٓ إِلَٰهٞ مِّن دُونِهِۦ فَذَٰلِكَ نَجۡزِيهِ
جَهَنَّمَۚ كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ٢٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

21- ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، بۇ نەرسىلەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟

22- ئەگەر (ئاسمان-زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسى (نىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى. دېمەككى، ئەرشنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن

ئەلۋەتتە پاكتۇر.

23ـ ئاللاھ قىلغانلىرىدىن سورالمايدۇ، ئۇلار بولسا سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

24ـ بەلكى ئۇلار ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلارنى قىلىۋالدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارلىقىغا) دەلىل-ئىسپاتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، مانا بۇ مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ كىتابىدۇر ۋە مەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابىدۇر (بۇنىڭدا ئاللاھتىن باشقىسىنى ئىلاھ قىلىۋېلىشقا دائىر دەلىل-ئىسپات يوقتۇر)». ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار (ئۇنىڭدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ.

25ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، شۇڭا سىلەر ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

26ـ مۇشرىكلار: «ئاللاھنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار» دېيىشتى. ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر. ئەمەلىيەتتە (پەرىشتىلەر) ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر.

27ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

28ـ ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ رازى بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.

29ـ ئۇلاردىن كىمكى مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھمەن دەيدىكەن، بىز ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز، بىز زالىملارنى شۇنداق جازالايمىز.

### تەپسىرى

﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، بۇ نەرسىلەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟﴾ يەنى مۇشرىكلار زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەبۇد قىلىپ تىكلىۋېلىپ، شۇ نەرسىلەرگە چوقۇندى. ئۇلار ئۇيلاپ باقامدۇ؟ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان، كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، ئەقىل ۋە تەپەككۇردىن نېسىۋىسى بولمىغان، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئوخشاش ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشلاردىن بىرەرسىنىمۇ قىلالمايدىغان ئاشۇ بۇتلار مەبۇد بولالامدۇ؟ مۇشرىكلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىقى تاش، تۇپراق قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان بۇتلارنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان قۇدرەتلىك ئاللاھ

تائالاغا تەڭ قىلىۋالغانلىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار بۇتلار شاپائەت قىلىدۇ، دەيدىغان خۇراپاتقا ئىشىنىدۇ ـ يۇ، قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشتىن ئىبارەت شەكسىز ھەقىقەتكە ئىشەنمەيدۇ ۋە ﴿أَإِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَامًا أَإِنَّا لَمَبْعُوثُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدىمۇ چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟﴾ [1] دەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿أَمِ ٱتَّخَذُوٓاْ ءَالِهَةً مِّنَ ٱلْأَرْضِ هُمْ يُنشِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «أم» دېگەن سۆزنىڭ «بل» (بەلكى) دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: «بەلكى ئۇ مۇشرىكلار زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاجىز نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇ نەرسىلەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى مۇشرىكلارنىڭ تاش، ياغاچ ۋە تۇپراق قاتارلىق ماددىلاردىن ياسالغان بۇتلارنى «ئىلاھلىرىمىز» دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۇلارنى ئۆلۈكلەرنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ، دەپ سانىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىقتۇر. بۇنى ئەللامە فەخرۇددىن رازى «التفسير الكبير» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «أم» نى «هل» دېگەن سوراق مەنىسىدە كەلگەن دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپسىرىگە ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئاشۇ مۇشرىكلار زېمىندىكى نەرسىلەردىن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ئىلاھلارنى قىلىۋالدىمۇ؟»[2].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «أم» نى «استفهام انكاري» (يەنى ئىنكار مەنىسىدىكى سوراق) دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئۇ مۇشرىكلار زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇ نەرسىلەر ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ»[3] دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، تاش، ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان بۇ بۇتلار ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ. بۇ نەرسىلەر ئىلاھ بولۇشقا لايىق ئەمەس. ئىلاھلىققا لايىق زات ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، مەخلۇقاتنى يوقتىن ياراتقان زاتتۇر. بۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالادۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋي ئايەتكە مۇنداق مەنە ئېيتقان:

[1] ۋاقىئە سۈرىسى: 47 ـ ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 18 ـ توم، 424 ـ بەت.

[3] «تفسير البغوي» 5 ـ توم، 314 ـ بەت.

«بۇ مۇشرىكلارغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇشۇنداق روشەن ھەقىقەتلەردىن يۈز ئۆرۈيدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار مەندىن باشقا ئىلاھلارنى قىلىۋالدىمۇ؟ مەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسى تۇرسام، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئىنسان، جىن، پەرىشتە قاتارلىقلار مېنىڭ تۇرسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەسبىھ ئېيتىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەن ياراتقان مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالدۇ؟ ياكى ئۇ نەرسىلەر مەندىن ئەۋزەلمىدى ياكى ئۇلارغا مەندىن يېقىنمىدى؟ گويا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قاتتىق كايىغان»[1].

ئەگەر ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە كائىناتنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلغان بولاتتى. كائىناتتىكى ئىنتىزامنىڭ بۇزۇلماستىن بىر خىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان زاتنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك دەلىلدۇر. دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مىسال قىلىدىغان بولساقمۇ، ھەرقانداق بىر مۇئەسسەسەدە ئوخشاش دەرىجىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مۇدىر بولغىنىدا ئىشلار ياخشى يۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنى ھەقلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ، بىر-بىرىگە قارشى قارارلارنى چىقىرىدۇ ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىشىنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇئەسسەسەسى بۇزۇلىدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ ناھايىتى كۈچلۈك ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.

ئاللاھ تائالا ﴿ئەرشىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە بىزنىمۇ مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىنى قەتئىي رەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن يېگانە ئىلاھتۇر، ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، ئەرشىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر.

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان كاپىرلاردىن بەزىسى دۇنيادىكى نۇر، زۇلمەت، ياخشىلىق ۋە يامانلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئىلاھتىن سادىر بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشلاردىن ھەربىرىنى بىردىن ئىلاھ باشقۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، كائىناتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سادىر

[1] «تفسير الشعراوي» 15- توم، 9506- بەت

بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن ھېچكىم ھېساب سورىيالمايدى-غانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇ مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ مەخلۇقاتنى ئىلاھ قىلىۋالامدۇ؟ ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار توغرا بولىدىغان بولسا، قېنى دەلىل-ئىسپاتىڭلار بولسا كۆرسىتىڭلار.

ئەقلىي ياكى نەقلىي قانداقلا بىر دەلىلىڭلار بولسا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار. ئەمما سىلەر ھەرگىزمۇ كەلتۈرەلمەيسىلەر. چۈنكى، سىلەرنىڭ بۇ باتىل ئېتىقادىڭلارنى توغرىلايدىغان دەلىلىڭلار ئەسلا يوق. ئەمما مېنىڭ بار، مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلى-كىمىزگە ئائىت دەلىللىرىمنى كەلتۈردۈم. مانا بىزنىڭ دەلىلىمىز ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىزگە نازىل قىلىنغان«قۇرئان كەرىم» ۋە مەندىن ئىلگىرىكى مۇسا، ئىيسا، داۋۇد ئەلەيھىسسالاملارغا نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق ئىلاھىي كىتابلاردۇر. ئالدىڭلاردا بۇ ساماۋى كىتابلار تۇرۇپتۇ. بۇ كىتابلار سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان بۇزۇق ئەقىدەڭلەرگە دەلىل بولامدۇ؟ ياق! ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەلىل ۋە گۇۋاھ بولىدۇ.

ئۇلارغا شۇنچىلىك ئۆتكۈر مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسى جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ دېگەنلىرىمىزنى چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە نازىل قىلىنغان بۇ ھەق كىتاب – «قۇرئان كەرىم» رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتتۇر، ئۇنىڭغا ياخشى قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار چوقۇم زىيان تارتىسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ كالامىدىن، ئۇنىڭ زىكرىدىن ۋە ئۇنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنتايىن تارچىلىق بىر ھاياتقا مۇپتىلا بولىدۇ، ئۇنداقلار قىيامەت كۈنىدە كور ھالىتىدە ھەشر قىلىنىدۇ.

مانا بۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن ساماۋى دىنىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ھەممىسى «ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار» دېگەن ئىلاھىي تەلىماتنى بىردەك جاكارلىغان.

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بۇ ئېتىقادىنى تەستىقلايدىغان

يا نەقلىي ياكى ئەقلىي دەلىللىرى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!

ئاندىن ئاللاھ تائالا «ئاللاھنىڭ بالىسى» بار دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. پەرزەنتلىك بولۇش مەخلۇقاتنىڭ ئىشى ۋە ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ، ئۇ مەخلۇقاتقا ئوخشاپ قېلىشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭ بالىغا ياكى ھەمراھقا ئېھتىياجى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتقا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىنسانلارنىمۇ ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتقا ئوخشاتماسلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ مۇشرىكلار ئويلىغاندەك ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك، ئىتائەتچان بەندىلىرى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى نۇردىن يارىتىلغان، خاراكتېرىدە ئاسىيلىق، نەپسانىيەتچىلىك بولمىغان، پەقەت تائەت-ئىبادەت بىلەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بەندىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ، غەيبنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، كائىناتنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىلىمدۇر. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان مۆئمىنلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شۇنچىلىك يېقىن تۇرۇپمۇ يەنە ھەمىشە ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەندە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ھېچبىرى ئۆزىنى ئاللاھقا تەڭ قىلمايدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن بىرەرسى ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلاھنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى يارىتىش، رىزىق بېرىش، ھايات بېرىش ۋە ئۆلتۈرۈشتۇر. بۇلارنى قىلالمىغان بىرىنى ئىلاھ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، «ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر».

2. كائىناتتىكى مۇكەممەل ئىنتىزام ياراتقۇچىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە ئۇنىڭ گۈزەل سەنئەتلىرىگە دالالەت قىلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانى قويۇپ ھەر خىل ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ ھەقىقەتتىن ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى يوقتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەكىتلەيدۇ.

5. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزەيرنى، خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بالىسى دەپ ئېتىقاد قىلىشى، شۇنداقلا بەزى مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىشى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر.

6. پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈنلا يارىتىلغان بەندىلەر بولۇپ، ئۇلاردا گۇناھ قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر.

7. قىيامەت كۈندىكى شاپائەت ھەقتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى شەرتى بار بولۇپ، بىرى، شاپائەت قىلغۇچىغا ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بەرگەن بولۇشى، يەنە بىرى، شاپائەت قىلىنغۇچىنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بولۇشىدۇر. شۇڭا ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ شاپائەتتىن نېسىۋىسى يوقتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان كائىنات دەلىللىرى

﴿أَوَلَمْ يَرَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ أَنَّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ كَانَتَا رَتْقًا
فَفَتَقْنَٰهُمَا ۖ وَجَعَلْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ كُلَّ شَىْءٍ حَىٍّ ۖ أَفَلَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٠﴾
وَجَعَلْنَا فِى ٱلْأَرْضِ رَوَٰسِىَ أَن تَمِيدَ بِهِمْ وَجَعَلْنَا فِيهَا فِجَاجًا
سُبُلًا لَّعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ ﴿٣١﴾ وَجَعَلْنَا ٱلسَّمَآءَ سَقْفًا مَّحْفُوظًا ۖ وَهُمْ عَنْ
ءَايَٰتِهَا مُعْرِضُونَ ﴿٣٢﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ وَٱلشَّمْسَ
وَٱلْقَمَرَ ۖ كُلٌّ فِى فَلَكٍ يَسْبَحُونَ ﴿٣٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30- كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق. ئۇلار (بىزنىڭ

قۇدرىتىمىزگە) ئىشەنمەمدۇ؟

31ـ يەر تەۋرەپ ئۇلارنى سىلكىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىز زېمىندا مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىگەن جايلىرىغا يېتىۋېلىشى ئۈچۈن، زېمىندا كەڭ يوللارنى قىلدۇق.

32ـ ئاسماننى بىز بىخەتەر تورۇس قىلدۇق، ھالبۇكى، مۇشرىكلار ئاسماندىكى (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر.

33ـ ئاللاھ كېچىنى ۋە كۈندۈزنى، كۈننى ۋە ئاينى ياراتقان زاتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى (بەلگىلەنگەن) ئوربىتىسىدا سەير قىلىدۇ.

### تەپسىرى

ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىۋاتقان بۇ كاپىرلار ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ ئەسلىدە بىر-بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكىنى، كېيىن ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر-بىرىدىن ئاجراتقانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتقانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ يەنە ئۇلار زېمىننىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقانلارنى يەر تەۋرەپ سىلكىۋەتمىسۇن دەپ، زېمىندا مۇستەھكەم تاغلارنى ئورۇنلاشتۇر-غانلىقىنى، ئاسماننى بىخەتەر تورۇس قىلىپ بەرگەنلىكىنى، كېچە-كۈندۈز، ئاي-كۈن قاتارلىقلارنى ياراتقانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

ئەي مۇسۇلمان قېرىنداش! شۇنى ئۇنتۇماڭكى، «قۇرئان كەرىم» ھەقىقە-تەن كاتتا مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭ مۆجىزىسى ئۇسلۇبىنىڭ ئېسىللىكى ياكى بايانلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى ۋەياكى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەرنى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتاب ئىجاد قىلىشتىن ئاجىز قالدۇرغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۆجىزىسى كۆپلىگەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئىلمىي مۆجىزىلىرى پەقەت يېقىنقى زامانلاردا تەرەققىي قىلغان ئىلىم-پەن سايىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى مىلادىيە 6ـ ئەسىردىلا جاكارلانغان. مىلادىيە 6ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا دۇنيا جاھالەت قاينىمىدا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك مەكتەپ كۆرمىگەن ۋە ئوقۇش ھەم يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

شەكسىزكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، زامان ئىلگىرىلىگەن ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇنىڭ ھەقلىقىغا دالالەت قىلىدىغان

ئىلمىي ھەقىقەتلەر تېخىمۇ كۆپ نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ﴿سَنُرِيهِمْ ءَايَـٰتِنَا فِى ٱلْـَٔافَاقِ وَفِىٓ أَنفُسِهِمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ ۗ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانغا قەدەر، بىز ئۇلارغا ئاسمان-زېمىن ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرىمىز، رەببىڭنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (ھەمدە قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇلارغا) يېتەرلىك (دەلىل) ئەمەسمۇ؟﴾[1].

«قۇرئان كەرىم» بۇنىڭدىن 14ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى چاغلاردا ئىلىم ساھەسىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىپ ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ زىممىسىغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقەتلىرىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى يۈكلىگەن ئىدى.

﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر-بىرىگە تۇتاش ئىدى، بىز ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق﴾ . ھازىرقى ئىلىم-پەن ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ ئەسلىدە بىر پۈتۈنلۈكتە بولۇپ، كېيىن بىر-بىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئاللاھ تائالا ھەممە جانلىق مەخلۇقاتنى سۇدىن ياراتقان بولۇپ، ھېچقانداق بىر جانلىق سۇسىز ياشىيالمايدۇ. سۇ جانلىقلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زۆرۈردۇر. دېمەك، سۇ ھەرقانداق جانلىقنىڭ ۋە ھەرقانداق ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق نەرسىدۇر. بەزى ھايۋانلار سۇسىز قالمىسىلا ھېچ نەرسە يېمەستىنمۇ بىر قانچە ئون كۈن ياشىيالايدۇ، ئەمما سۇسىز ياشىيالمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر سۇسىز قالسا قۇرۇپ تۈگىشىدۇ. جانلىقلارمۇ سۇسىز قالسا ئۆلىدۇ. شۇڭا جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر سۇدىن قەتئىي بىھاجەت بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ بايانلاردىن كېيىن دەيدۇكى، زېمىن ئۆز ئوربىتىسىدا ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىش جەريانىدا تەۋرەپ كېتىپ ئىنسانلارنى بىئارام قىلمىسۇن دەپ، بىز زېمىندا قوزۇقتەك تاغلارنى ياراتتۇق، ئىنسانلارنى كۆزلىگەن جايلىرىغا بېرىپ-كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسۇن دەپ، زېمىندا ھەر خىل يوللارنى قىلدۇق، ئۇلار ئۈچۈن زىرا-

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 53-ئايەت.

ئەتچىلىككە يارامىلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنى قىلىپ بەردۇق. ئاسمانىنى ئۇلار ئۈچۈن بىخەتەر تورۇس قىلىپ بەردۇق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلار تېخىچە بۇ ھەقىقەتلەردىن غەپلەتتە ياشىماقتا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەكتە.

ئاللاھ تائالا زېمىننى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان، قۇياش بىلەن ئاينى ئۆز ئوربىتىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلغان زاتتۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مۇددەتكىچە شۇنداق ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ بىرلىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەرنى بايان قىلغان. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنى كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلەرگە قاراتقان. بۇنىڭدىن مەقسەت كىشىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ۋە ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتىنى تونۇپ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما جاھالەت پاتقىقىغا پاتقانلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرى كور بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن نەرسىلىرىدىنمۇ ئىبرەت ئالمايدۇ. ئەمما ئەقىللىق كىشىلەر كۆرگەنلىرىدىن، ئاڭلىغانلى-رىدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىلىدۇ، كائىناتنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى چۈشىنىدۇ.

﴿أَوَلَمۡ يَرَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ كَانَتَا رَتۡقٗا فَفَتَقۡنَٰهُمَاۖ﴾

دېگەن ئايەتتىكى ﴿أَوَلَمۡ يَرَ﴾ دېگەن سۆزگە لۇغەتتىكى مەنىسى بويىچە «كۆرمەمدۇكى» دەپ مەنە ئېيتقان مۇپەسسىرلەر مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ بىر-بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن تۇرسا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە «كۆرمەمدۇكى» دېگەنلىكىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەللامە زەمەخشەرىي بىلەن فەخرۇددىن رازىي ئۆز تەپسىرلىرىدە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلغانلىقى توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم»دە شەك قوبۇل قىلمايدىغان روشەن دەلىللەر كەلگەنلىكتىن، بۇ مەسىلە خۇددى كۆز بىلەن كۆرگەندەك جەزملەشكەن ھەقىقەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ﴿أَوَلَمۡ يَرَ﴾ يەنى «كۆرمەمدۇكى» دەپ تەبىرلىگەن». ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زاماندا مەيدانغا كەلگەن ئىلىم-پەن سايىسىدا بۇ ھەقىقەت ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىسپاتلانغان.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى، مول ئىلمىي ۋە مۇكەممەل تەدبىرى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ياراتقان شەيئىلەرنىڭ ھېچبىرى ئالىي مەقسەت ۋە ئۇلۇغۋار ھېكمەتتىن خالىي ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچ نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان.

3. ئىلاھىي نىزامدىكى ئەقىلنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ئىنچىكىلىك ۋە پۇختا تەدبىر ئۇنى لايىھەلىگۈچى زاتنىڭ چەكسىز ئىلمىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىنى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان كائىنات دەلىللىرى دالالەت قىلىش جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئەمما قەلب كۆزلىرى كور ئىنسانلار بۇلارنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

### مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا مەۋقەسى

﴿وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِّن قَبْلِكَ ٱلْخُلْدَ ۖ أَفَإِيْن مِّتَّ فَهُمُ ٱلْخَٰلِدُونَ ﴿٣٤﴾
كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَنَبْلُوكُم بِٱلشَّرِّ وَٱلْخَيْرِ فِتْنَةً ۖ وَإِلَيْنَا
تُرْجَعُونَ ﴿٣٥﴾ وَإِذَا رَءَاكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِن يَتَّخِذُونَكَ إِلَّا هُزُوًا
أَهَٰذَا ٱلَّذِى يَذْكُرُ ءَالِهَتَكُمْ وَهُم بِذِكْرِ ٱلرَّحْمَٰنِ هُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٣٦﴾
خُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ مِنْ عَجَلٍ ۚ سَأُو۟رِيكُمْ ءَايَٰتِى فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ ﴿٣٧﴾
وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلْوَعْدُ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ لَوْ يَعْلَمُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُوا۟ حِينَ لَا يَكُفُّونَ عَن وُجُوهِهِمُ ٱلنَّارَ وَلَا عَن ظُهُورِهِمْ
وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٣٩﴾ بَلْ تَأْتِيهِم بَغْتَةً فَتَبْهَتُهُمْ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ
رَدَّهَا وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿٤٠﴾ وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ
بِٱلَّذِينَ سَخِرُوا۟ مِنْهُم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٤١﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

34ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىلگىرىمۇ ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشايدىغان قىلمىدۇق، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدىكەن؟

35ـ ھەربىر جان ئۆلۈمنى تېتىغۇچىدۇر. بىز سىناش ئۈچۈن سىلەرنى ياماندىلىقا مۇپتىلا قىلىش ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر.

36ـ(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار رەھمان (ئاللاھ)نىڭ زىكرى (بولغان قۇرئان؟)نى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

37ـ ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان. مەن سىلەرگە ئالامەتلىرىمنى (ئازابىمنى) كۆرسىتىمەن. شۇڭا مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار.

38ـ ئۇلار: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە (يەنى ئازاب) قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟» دېيىشىدۇ.

39ـ بۇ كاپىرلار يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدىغان ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بىر ۋاقىتنىڭ (كېلىدىغانلىقىنى) بىلسە ئىدى (ھەرگىز ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى).

40ـ لېكىن، قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىدۇ-دە، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار قىيامەتنى كەينىگە قايتۇرالمايدۇ، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمەيدۇ.

41ـ سەندىن ئىلگىرىمۇ ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر مەسخىرە قىلىنغان، ئاندىن مەسخىرە قىلغانلارنى ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان ئازاب قورشىۋالغان ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلسا ئىسلامدىنمۇ قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەقىلسىزلەرچە گۇمانىغا رەددىيە بېرىپ، دۇنيادا ھېچكىمنىڭ مەڭگۈلۈك ياشىمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئى پەيغەمبەر! سەن ياكى ئۇلار بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قالمايسىلەر. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقى تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن،

سەن ئۆلۈپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلساڭ، ئۇلار تىرىك قالامدىكەن؟ سەن ئۆلۈپ ئۇلار ئۆلمەمدىكەن؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەربىر جان ئىگىسى چوقۇم ئۆلۈمنى تېتىماي قالمايدۇ. ياراتقۇچى زاتتىن باشقا ھەر نەرسە پانىيدۇر. مەڭگۈلۈك ھايات ۋە مەڭگۈلۈك زاۋال تاپمايدىغان ھۆكۈمرانلىق پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. ئۆلۈم ھەربىر جانلىقنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش بېكىتىدۇر.

ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ئىبرەت ئېلىڭلار، بىلىڭلاركى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ دىنىنى ئاخىرغىچە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆز پەزل-كەرەمى بىلەن ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا ئۇ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ دىنى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن سىناشنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سىنىقى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بولىدۇ. بۇ سىناقتىن ئۆتۈش ياكى ئۆتەلمەسلىك ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىشتۇر. ياخشىلىق كەلگەندە، باياشاتلىق تۇرمۇشقا ئېرىشكەندە شۈكۈر قىلىشنى، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىغاندا سەۋر قىلىشنى بىلىدىغانلار سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەمما نېمەتلىك ۋە باياشاتلىق تۇرمۇشتا ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىپ، قىيىنچىلىقلارغا ۋە خاپىلىقلارغا يولۇققاندىلا ئېسىگە ئالىدىغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بويىچە بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلار سېنى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مەسخىرە قىلسا، سەن بۇنىڭغا بىئارام بولمىغىن، ئۇلارنى قويۇپ تۇرغىن. سەن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشنى، ئۇنى ئۇلۇغلاشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن. ئاللاھ تائالا ساڭا كۇپايىدۇر، ئۇ سېنى چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، دۈشمەنلىرىڭنى مەغلۇپ قىلىدۇ. مۇشرىكلار ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھلىرىڭلارنى سۆككەن ئادەم مۇشۇمۇ؟﴾ دەپ ساڭا ئىشارەت قىلىشىدۇ. ئەسلىدە مەسخىرە قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلار ئۇلارمۇ ياكى سەنمۇ؟ يەنى تاشتىن ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇتلىرىنى ماختاپ، يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى نالايىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغان بۇ ئەخمەق كاپىرلار سۆكۈلۈشكە لايىقمۇ؟ ياكى ياراتقۇچىنى ئۆز لايىقىدا ئۇلۇغلايدىغان پەيغەمبەرمۇ؟ ئەسلىدە سۆكۈلۈشكە تېگىشلىك بولغانلار بۇتلارغا چوقۇنۇۋاتقان مۇشرىكلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار

مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك ئاللاھ تائالانى قايرىپ قويۇپ، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان بۇتلارنى ئۇلۇغلايدىغان ئەقىلسىزلەردۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَهُم بِذِكۡرِ ٱلرَّحۡمَٰنِ هُمۡ كَٰفِرُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿بِذِكۡرِ ٱلرَّحۡمَٰنِ﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى قۇرئان دېسە، يەنە بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى دېگەن، يەنە بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمان دېگەن ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ياد ئېتىلىشى ۋە ئۇلۇغلىنىشى دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلار بۇتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى قاتتىق ئەيىبلەيتتى، ئەمما ئۆزلىرى بولسا رەھمان دېگەن ئىسمىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. بۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىق ئىدى»[1]. ئەللامە ئىبنى ئاشۇر مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمان دېگەن ئىسمىنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرى قاتارىدىن سانىمايتتى. ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱسۡجُدُواْ لِلرَّحۡمَٰنِ قَالُواْ وَمَا ٱلرَّحۡمَٰنُ أَنَسۡجُدُ لِمَا تَأۡمُرُنَا وَزَادَهُمۡ نُفُورٗا۩ ٦٠﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا: «رەھمانغا سەجدە قىلىڭلار!» دېيىلسە، ئۇلار: «رەھمان دېگەن نېمە؟ بىز سەن بۇيرۇغان نەرسىگە سەجدە قىلامدۇق؟» دەيدۇ. (بۇ سۆز) ئۇلارنى (ئىماندىن) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى﴾ [2] دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ»[3].

كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى سورايتتى ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ: ﴿ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ﴾ يەنى ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەق (كىتاب) بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزگە قاتتىق ئازاب كەلتۈرگىن!﴾ [4] دەيتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەيدۇكى، ئى كاپىرلار! سىلەر ئالدىراپ كەتمەڭلار، سىلەر تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىمىز. ئىنسان ئالدىراقسان يارىتىلغان بىر مەخلۇقتۇر. شۇڭا سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىـ

---

[1] «تفسير القرطبي» 11- توم، 196- بەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى: 60- ئايەت.
[3] «التحرير والتنوير» 18- توم، 66- بەت.
[4] ئەنفال سۈرىسى: 32-ئايەت.

قىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلىرىمنى ۋە ئالامەتلىرىمنى چوقۇم كۆرسىتىمەن. سىلەر مېنى ئالدىراتماڭلار. مەن سىلەرگە مېنىڭ چەكسىز قۇدرىتىمنى ۋە سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ راست ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم كۆرسىتىمەن. شۇ چاغدا بىزنىڭ ۋەدىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر.

دەرۋەقە، كاپىرلار ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت ئاتا قىلىش، ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل قىلىش، ئۇنى بارچە دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئىدى. بەدرى ئۇرۇشى، مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشى قاتارلىق نۇسرەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

كاپىرلار ھەمىشە: بىز ئاگاھلاندۇرۇلغان شۇ ئازاب قېنى؟ ئۇنى بىر كەلتۈرۈپ باقمامسىلەر؟ ئەي مۇسۇلمانلار! ئەگەر بۇ گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى بىزگە شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرمەمسىلەر؟ دەپ كۆرەڭلەيتتى ۋە مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئالدىرتىشىدا ئىنكار بىلەن كۇفرى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ئاشكارا ئىنكار قىلاتتى.

گەرچە ئالدىراقسانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئالدىراقسانلىقتىن توسۇشى پەقەت بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ئەقلىمىزنى جايىدا قوللىنىپ ئىشلارنى سوغۇق قانلىق بىلەن ھەل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىز ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلساق، ئەلۋەتتە دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشىمىزنى دىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇكەممەل قىلالايمىز.

قىيامەتنىڭ ئازابىغا ئالدىراپ كەتكەن كاپىرلار شۇ كۈندىكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقىنى، ئازابنىڭ ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى ئورىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنى ئازابتىن قوغداپ قېلىشقا قەتئىي كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ھەرگىز ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلمىغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلمىغان ۋە بۇ ئازابنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ نادانلىقى، ئەقىلسىزلىكى ۋە ئىشلارنى توغرا مۇھاكىمە قىلالماسلىقى ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن. تۈزكورلۇق، ئىنكارچىلىق بەزى ئىنسانلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئىتى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىمانغا ۋە ياخشىلىققا دەۋەت قىلغانلارنى

ھەمىشە شۇنداق مەسخىرە قىلىپ كەلگەن، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، نىمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ كەلگەن. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ قەۋملىرى تەرىپىدىن مەسخىرىلەرگە ئۇچرىغان. نىھايەت، پەيغەمبەرلەر غەلىبە قىلىپ، ئىنكارچىلار جازاسىنى تېتىغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەر خىل ئازابلار بىلەن جازالاپ يوق قىلغان، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلغان بولسا، بەزىسىنى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلغان ۋە بەزىسىنى قاتتىق بىر ئاۋاز بىلەن قاتۇرۇپ قويغان. ھەر زامان ئاللاھ تائالا بىرەر قەۋمگە ئازاب ئەۋەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇئمىنلەرنى قوغداپ قېلىپ، ئىنكارچى كاپىرلارنى ھالاك قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشنى ۋەدە قىلغان. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرىدۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنى چوقۇم قوغدايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆلمەيدىغان مەخلۇق يوقتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە پانىيلىققا يۈز تۇتقۇچىدۇر.

2. دۇنيادا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەت سىناق ئۈچۈندۇر.

3. ئالدىراقسانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، تەربىيە بىلەن ئۇنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

4. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قىيامەت پەقەت تۇيۇقسىزلا كېلىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغاننى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ

﴿قُلْ مَن يَكْلَؤُكُم بِٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ مِنَ ٱلرَّحْمَٰنِ ۗ بَلْ هُمْ عَن ذِكْرِ
رَبِّهِم مُّعْرِضُونَ ﴿٤٢﴾ أَمْ لَهُمْ ءَالِهَةٌ تَمْنَعُهُم مِّن دُونِنَا ۚ لَا يَسْتَطِيعُونَ
نَصْرَ أَنفُسِهِمْ وَلَا هُم مِّنَّا يُصْحَبُونَ ﴿٤٣﴾ بَلْ مَتَّعْنَا هَٰٓؤُلَآءِ
وَءَابَآءَهُمْ حَتَّىٰ طَالَ عَلَيْهِمُ ٱلْعُمُرُ ۗ أَفَلَا يَرَوْنَ أَنَّا نَأْتِى ٱلْأَرْضَ

نَنقُصُهَا مِنۡ أَطۡرَافِهَآۚ أَفَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿٤٤﴾ قُلۡ إِنَّمَآ أُنذِرُكُم بِٱلۡوَحۡيِۚ
وَلَا يَسۡمَعُ ٱلصُّمُّ ٱلدُّعَآءَ إِذَا مَا يُنذَرُونَ ﴿٤٥﴾ وَلَئِن مَّسَّتۡهُمۡ نَفۡحَةٞ
مِّنۡ عَذَابِ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ يَٰوَيۡلَنَآ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٤٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

42-(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) «سىلەرنى كېچىدە ۋە كۈندۈزدە رەھمان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟» دېگىن. بەلكى ئۇلار رەببىنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

43-ياكى ئۇلارنى بىزنىڭ ئازابىمىزدىن قوغداپ قالىدىغان مەبۇدلىرى بارمۇ؟ (ئۇلارنىڭ ئىلاھ دەۋالغان نەرسىلىرى) ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ، بىزنىڭ ياردىمىمىزگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

44-بىز بۇ مۇشرىكلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنى (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) بەھرىمەن قىلدۇق، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى. ئۇلار بىزنىڭ زېمىننىڭ ئەتراپىنى قەدەممۇقەدەم تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟ (مۇشۇنداق ئەھۋالدا) غالىب كېلىۋاتقان تەرەپ ئۇلارمۇ؟

45-«مەن سىلەرنى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن. گاسلار (يەنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان كاپىرلار) ئاگاھلاندۇرۇلغان چاغدا دەۋەتنى ئاڭلىمايدۇ.

46-ئەگەر ئۇلارغا رەببىڭنىڭ ئازابىدىن ئازراق بىر نەرسە يەتسىلا، ئۇلار چوقۇم: «ۋاي ئىست بىزگە! بىز راستىنلا ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىپتۇق» دەيدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ كاپىرلار سېنى ئىنكار قىلىپ، سېنىڭ قەدرىڭنى تۆۋەن ساناپ، سېنى مەسخىرە قىلسا، سەن ئۇلارغا پەرۋا قىلما. سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنغان، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلارمۇ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تارتقان. سەن قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، سىلەرگە ئىلگىرىكى ئىنكارچىلارغا كەلگەندەك ئازاب كەلسە، سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟ ئۇ چاغدا سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟

ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن «رەھمان» دېگەن ئىسمىنىڭ

كەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارنى، ھەتتا كاپىرلارنىمۇ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقتىن ئىبارەت كەڭ رەھىم-شەپقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر. كاپىرلار شۇنچىلىك تۇزكورلۇق قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا شۇنچىلىك كۆپ دۈشمەنلىك قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا يەنىلا ئۇلارغا بۇ دۇنيادا رەھىم-شەپقىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىۋالسۇن دەپ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىدۇ ۋە دەرھال جازالىمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شۇنچىلىك مېھرىبان تۇرسىمۇ، كاپىرلار ئاللاھ تائالانى ئەسكە ئېلىشتىن، ئۇنىڭ كالامى بولغان«قۇرئان كەرىم»گە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى ئۇلارنى قۇرۇق ئۈمىدلەر بىلەن ئالداپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار «ئىلاھلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دېگەن قۇرۇق ئارمانغا ئالدىنىپ، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلماقتا. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان ساختا مەبۇدلىرى بالايىئاپەتلەردىن ئۆزلىرىنىمۇ ھىمايە قىلالمايدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ قوغدىيالىسۇن؟!

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن باياشاتلىق تۇرمۇشى ۋە ۋاقىتلىق ئامەتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن ۋە قىزىقتۇرمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ نېمەتلەرنى سىناق تەرىقىسىدە بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ئالىدۇ. ئۇلار ئېرىشكەن شۆھرەت، ئابرۇي، مەنسەپ ۋە بايلىق قاتارلىق نەرسىلەر ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان دۇنيا مەنپەئەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن چاغدا، ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەسقاتمايدۇ. ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچقانداق كۈچ ياكى ياردەمچى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇتلەق ھاكىمىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە ياكى ھۆكمىگە قارشى چىقىدىغان ۋە ئۇنى توسۇپ قالالايدىغان ھېچكىم يوقتۇر. بۇ كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ مەككە زېمىنىنى ئۇلار ئۈچۈن تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ زېمىنىنىڭ مۇشرىكلار ئۈچۈن تارىيىۋاتقانلىقىنىڭ مەنىسى: ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزى ئاستا-ئاستا كېڭىيىۋاتقانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئاز قالغانلىقى، شۇنداقلا كۆپ جايلار پەتھى قىلىنىپ، مەككە زېمىنىنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن تارچىلىق بولۇۋاتقانلىقى ئىدى.

بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ﴿ئۇلار بىزنىڭ زېمىنىنىڭ ئەتراپىنى قەدەممۇقەدەم تارايتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەمدۇ؟﴾ دېگەن ئايەت

ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىل سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان جازانىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇلارنى جازالاشتىن ئاجىز كەلگەنلىك دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز يەرشارىنى شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىدىن كېمەيتىمىز دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يەرشارى تولۇق شار شەكىللىك يا توپ شەكىللىك بولماستىن، بەلكى تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي قۇتۇپ بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپ تەرىپىدە ئازراق ياپىلاقلىق بار. بۇ ئايەت كائىنات ئالامەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەت بولۇپ، 14 ئەسىردىن كېيىن، بۇ ئايەتنى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ئىلمىي يوسۇندا تەپسىر قىلماقتا.

ئايەتنىڭ ﴿غالىب كېلىۋاتقان تەرەپ ئۇلارمۇ؟﴾ دېگەن قىسمىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ﴿أَفَلَا يَرَوْنَ أَنَّا نَأْتِي ٱلْأَرْضَ نَنقُصُهَا مِنْ أَطْرَافِهَآ﴾ دېگەن ئايەتنى ئالدىنقىلارنىڭ تەپسىر قىلغىنى بويىچە تەپسىر قىلىش ئەۋزەل كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئايەتنىڭ مەنىسى: بىز ئىسلام دىنىنى كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تاپقۇزۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى ھەر تەرەپتىن تارلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرساق، كاپىرلار قانداقمۇ ئۆزلىرىنى غەلىبە قىلغۇچىلارمىز دەپ ئويلايدۇ؟ بۇنىڭدا ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ھەق يولدا جىھاد قىلغانلارغا خاس ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ شۇنداق دېگىنكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر. مەن پەقەت سىلەرنى ماڭا كەلگەن ۋەھيى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇ-رىمەن. مەن سىلەرگە كۇفرىلىقىڭلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە يەتكەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ۋە پەيغەمبەرلىك بۇرچۇمدۇر.

ئەمما ھەق سۆزگە قۇلاق سالمايدىغان بۇ مەنىۋى گاس-گاچىلارغا قىلىنغان ۋەز-نەسىھەتنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ ھەرگىز پايدىسى يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلب كۆزلىرى پېچەتلەنگەن. ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى ٱلْأَبْصَٰرُ وَلَٰكِن تَعْمَى ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور

بولىدۇ﴾ [1] . ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ يامان نىيىتى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى پەردىلىۋەتكەن، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ھەقىقەتنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

قەسەمكى، بۇ كاپىرلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئازراق نەرسە كەلسىلا، ئۇلار: ﴿ۋاي ئىسىت! بىز راستتىنلا ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىپتۇق﴾ يەنى ۋاي بىزنىڭ ئەخمەقلىقىمىز! بىز پەيغەمبەرنى ۋە ھەق دىننى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىپتۇق ئەمەسمۇ؟ دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ﴿إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[2] . ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى، توغرا يولدا ئىزچىل مېڭىشنى، ھەق يولدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋرچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقىلىرى زىيان تارتىدۇ. قىيامەت كۈنى ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇ كۈندە كىمنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولىدۇ. بۇ كۈندە پۇشايمان قىلغۇچىلارنىڭ پۇشايمىنى پايدا بەرمەيدۇ. بۇ كۈندە كاپىرلار ﴿يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ تُرَٰبَا﴾ يەنى ﴿كاشكى، مەن تۇپا بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!﴾ [3] دەپ قالىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ كۆپ قېتىم بايان قىلىنىشىدىكى ھېكمەتلەردىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

2. بۇت، ھەيكەل، كالا قاتارلىق نەرسىلەرگە ۋە قۇياش، يۇلتۇز قاتارلىق ھەرقانداق بىر تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنغۇچىلار ئىلمگە ئەمەس، خۇراپاتلىققا ئىشەنگەنلىكتىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نادانلىقتا ۋە جاھالەتتە ياشاپ، ھەق بىلەن باتىلنى بىلمەي ئالەمدىن كېتىدۇ.

3. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ۋە كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇش ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس، بەزى كىشىلەرگە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.
[2] بۇرۇج سۈرىسى: 12-ئايەت.
[3] نەبە سۈرىسى: 40-ئايەت.

4. بىر نەرسىنى قاتتىق ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى ۋە ئەيىبلىرى كۆرۈنمەيدۇ.

5. ئىنسان تەبىئىتى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاجىز تۇرسىمۇ، يەنىلا ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن قول يىغمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى

﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ ﴿٤٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

47-بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەھۋالى بايان قىلىنغان مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق ئازاب -ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يېتەرلىك جازانى بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى ۋە بارلىق ھۆكۈملىرى پەقەت ئادالەت بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەر ئىشنى ئادالەت بىلەن قىلغۇچى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئادالەت تارازىسىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئۇ ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز ﴾ دېگەن زاتتۇر. ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: قىيامەت كۈنىدىكى تارازا دۇنيادىكىدەك ماددىي نەرسىلەرنى تارتىدىغان تارازىمۇ ياكى مەنۋىيەتلەرنى ئۆلچەيدىغان جىھازمۇ؟ ئەگەر قىيامەت كۈنىدىكى تارازا دۇنيادىكىدەك ماددىي نەرسىلەرنى تارتىدىغان تارازا بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى جىسىملاندۇ-رۇلۇپ ئاندىن تارتىلامدۇ ياكى باشقا بىر ئۇسۇل بىلەن تارتىلامدۇ؟

ھازىرقى زاماندا قان بېسىمىنى، بەدەننىڭ ھارارىتىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئاپپاراتلار ئىجاد قىلىنغان يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ

قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىدىغان تارازىنى ئەڭ نازۇك، ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلدا قىلىپ بېكىتىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان زاتتۇر.

قىيامەت كۈنىدە ھېچكىمگە قىلچىلىكمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ، يەنى ھېچكىمنىڭ ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا جازا ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. زەررىچىلىك ياخشىلىقى بار كىشىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالماي قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ تېز ۋە ئەڭ مۇكەممەل ھېساب ئالغۇچىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** قىيامەت كۈنى دېمەك ئادالەت كۈنى دېمەكتۇر. ئۇ كۈندە ئادالەت تولۇق مەنىسى بىلەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنى تارتىش، مۇكاپات ۋە جازالارنى بەلگىلەش پەقەت ئادالەت بىلەنلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھېچكىمگە قىچا چاغلىقمۇ ئۇۋال قىلىنمايدۇ. زەررىچىلىك ياخشىلىقى بولغان ئادەم شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالماي قالمايدۇ.

**2.** قىيامەت كۈندىكى ھېساب ئېلىش ھەربىر ئادەمنىڭ نامە-ئەمەلىنى ئۆزىگە ئوقۇتۇش ۋە قىلمىشلىرىغا ئۆزىنى ئىقرار قىلدۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## ◄ مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار

﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَىٰ وَهَـٰرُونَ ٱلْفُرْقَانَ وَضِيَآءً وَذِكْرًا لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٨﴾
ٱلَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِٱلْغَيْبِ وَهُم مِّنَ ٱلسَّاعَةِ مُشْفِقُونَ ﴿٤٩﴾ وَهَـٰذَا
ذِكْرٌ مُّبَارَكٌ أَنزَلْنَـٰهُ ۚ أَفَأَنتُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ ﴿٥٠﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**48**ـ شەكسىزكى، بىز مۇسا بىلەن ھارۇنغا ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى (تەۋرات)نى، نۇرنى ۋە تەقۋادارلارغا (پايدىلىق) ۋەز-نەسىھەتنى ئاتا قىلدۇق.

**49**ـ (ئۇ تەقۋادارلار) خىلۋەتتە رەببىدىن قورقىدىغان، قىيامەتتىن

(قورقۇپ) تىترەيدىغان كىشىلەردۇر.

50ـ مانا بۇ قۇرئان بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. (شۇنداق تۇرسىمۇ) سىلەر بۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قەسەم بىلەن تەكىتلەپ دەيدۇكى، بىز ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە ھەقىقەت بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى، ھارام بىلەن ھالالنىڭ ۋە ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرىدىغان ساماۋى كىتاب ـ تەۋراتنى، قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇپ، كىشىلەرنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىدىغان نۇرنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، شۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشايدىغان تەقۋادارلارغا پايدىلىق بولغان ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاتا قىلغان ئىدۇق. تەۋراتتا دىنىنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرى تولۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدىغانلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى ئۈگۈتلەر بار ئىدى. لېكىن بۇ كىتابتىن پەقەت ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ھالەتلەردە، ھەتتا خىلۋەتتىمۇ ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، شۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياشايدىغان تەقۋادار كىشىلەرلا مەنپەئەت ئالاتتى. ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ئەنە ئاشۇ ساماۋى كىتابلارنىڭ داۋامى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىسىنى تەستىق-ـلايدىغان شانلىق كىتابتۇر.

توغرا، ساماۋى كىتابلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانى ياخشى تونۇغان، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يانىدىغان تەقۋادار كىشىلەرلا پايدىلىنالايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدىغان، قىيامەتتە ھېساب بېرىشتىن قورقۇپ تىترەيدىغان كىشىلەردۇر. «تەۋرات»مۇ ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى ئەنە شۇنداق ھىدايەت مەنبەسى ئىدى، مۆئمىنلەر ئۈچۈن نۇرلۇق چىراغ ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە «تەۋرات»نى بەرگەن بولسا، ساڭا «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلدى. سەن كىشىلەرگە شۇنداق جاكارلىغىنكى، مەنمۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بىر پەيغەمبەر. ئۇلارغا «تەۋرات»، «ئىنجىل»غا ئوخشىغان ساماۋى كىتابلار بېرىلگەندەك، ماڭىمۇ «قۇرئان كەرىم»دىن

ئىبارەت ئاخىرقى ساماۋى كىتاب نازىل قىلىندى.

ئى پەيغەمبەر! ساڭا نازىل قىلىنغان ئاخىرقى ساماۋى كىتاب — «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغ، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ھىدايەتنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭدا ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتنىڭ يوللىرى بايان قىلىنغان.

ئەي كاپىرلار! شۇنداق ئوچۇق بايانلاردىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتمامسىلەر؟ بۇ قۇرئان شۇنداق ئوپئوچۇق ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى تۇرسىمۇ، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقى ئىنسانىيەتكە قىلغان كاتتا ئىنئامى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنى تاماملىغان ۋە ھەممىسىنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان مۇبارەك كىتابتۇر.

2. تەقۋادارلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سۈپىتى ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇشىدۇر.

3. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى جىمى ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ نازىل قىلىنغان ئۇلۇغ كىتابتۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغانلار ھەقىقىي مەنىدىكى بەختسىزلەردۇر.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىدىن بىر قىسسە

﴿۞ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَآ إِبْرَٰهِيمَ رُشْدَهُۥ مِن قَبْلُ وَكُنَّا بِهِۦ عَٰلِمِينَ ﴿٥١﴾
إِذْ قَالَ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِۦ مَا هَٰذِهِ ٱلتَّمَاثِيلُ ٱلَّتِىٓ أَنتُمْ لَهَا عَٰكِفُونَ
﴿٥٢﴾ قَالُوا۟ وَجَدْنَآ ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴿٥٣﴾ قَالَ لَقَدْ كُنتُمْ أَنتُمْ
وَءَابَآؤُكُمْ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٥٤﴾ قَالُوٓا۟ أَجِئْتَنَا بِٱلْحَقِّ أَمْ أَنتَ مِنَ
ٱللَّٰعِبِينَ ﴿٥٥﴾ قَالَ بَل رَّبُّكُمْ رَبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ٱلَّذِى فَطَرَهُنَّ

وَأَنَا۠ عَلَىٰ ذَٰلِكُم مِّنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٦﴾ وَتَٱللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصۡنَٰمَكُم
بَعۡدَ أَن تُوَلُّواْ مُدۡبِرِينَ ﴿٥٧﴾ فَجَعَلَهُمۡ جُذَٰذًا إِلَّا كَبِيرًا لَّهُمۡ لَعَلَّهُمۡ
إِلَيۡهِ يَرۡجِعُونَ ﴿٥٨﴾ قَالُواْ مَن فَعَلَ هَٰذَا بِـَٔالِهَتِنَآ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ
﴿٥٩﴾ قَالُواْ سَمِعۡنَا فَتًى يَذۡكُرُهُمۡ يُقَالُ لَهُۥٓ إِبۡرَٰهِيمُ ﴿٦٠﴾ قَالُواْ فَأۡتُواْ بِهِۦ
عَلَىٰٓ أَعۡيُنِ ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡهَدُونَ ﴿٦١﴾ قَالُوٓاْ ءَأَنتَ فَعَلۡتَ هَٰذَا
بِـَٔالِهَتِنَا يَٰٓإِبۡرَٰهِيمُ ﴿٦٢﴾ قَالَ بَلۡ فَعَلَهُۥ كَبِيرُهُمۡ هَٰذَا فَسۡـَٔلُوهُمۡ
إِن كَانُواْ يَنطِقُونَ ﴿٦٣﴾ فَرَجَعُوٓاْ إِلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ فَقَالُوٓاْ إِنَّكُمۡ أَنتُمُ
ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٦٤﴾ ثُمَّ نُكِسُواْ عَلَىٰ رُءُوسِهِمۡ لَقَدۡ عَلِمۡتَ مَا هَٰٓؤُلَآءِ
يَنطِقُونَ ﴿٦٥﴾ قَالَ أَفَتَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكُمۡ شَيۡـٔٗا
وَلَا يَضُرُّكُمۡ ﴿٦٦﴾ أُفّٖ لَّكُمۡ وَلِمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِۚ أَفَلَا
تَعۡقِلُونَ ﴿٦٧﴾ قَالُواْ حَرِّقُوهُ وَٱنصُرُوٓاْ ءَالِهَتَكُمۡ إِن كُنتُمۡ فَٰعِلِينَ ﴿٦٨﴾
قُلۡنَا يَٰنَارُ كُونِي بَرۡدٗا وَسَلَٰمًا عَلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ ﴿٦٩﴾ وَأَرَادُواْ بِهِۦ كَيۡدٗا
فَجَعَلۡنَٰهُمُ ٱلۡأَخۡسَرِينَ ﴿٧٠﴾ وَنَجَّيۡنَٰهُ وَلُوطًا إِلَى ٱلۡأَرۡضِ ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا
فِيهَا لِلۡعَٰلَمِينَ ﴿٧١﴾ وَوَهَبۡنَا لَهُۥٓ إِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ نَافِلَةٗۖ وَكُلّٗا جَعَلۡنَا
صَٰلِحِينَ ﴿٧٢﴾ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَهۡدُونَ بِأَمۡرِنَا وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِمۡ فِعۡلَ
ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَإِقَامَ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءَ ٱلزَّكَوٰةِۖ وَكَانُواْ لَنَا عَٰبِدِينَ ﴿٧٣﴾

## ◄ تەرجىمىسى

51ـ ھەقىقەتەن بىز ئىبراھىمغا بۇرۇنلا ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنى (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە لايىق ئىكەنلىكىنى) بىلەتتۇق.

52ـ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟» دېدى.

53ـ ئۇلار: «بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز» دېدى.

54ـ ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارمۇ ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا

ئىكەنسىلەر» دېدى.

55ـ ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

56ـ ئىبراھىم ئېيتتى: «(چاقچاق قىلغىنىم يوق) بەلكى سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ رەببىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىنمەن.

57ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن چوقۇم بۇتلىرىڭلارغا (پىلانلىغان) تەدبىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن».

58ـ ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ (قايتىپ كېلىپ بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى) سۈرۈشتە قىلىشى ئۈچۈن، پەقەت چوڭ بۇتقا تەگمىدى.

59ـ ئۇلار (قايتىپ كېلىپ): «ئىلاھلىرىمىزنى مۇنداق (پارچە-پارچە) قىلغان كىم؟ ئۇ چوقۇم زالىملاردىن ئىكەن» دېدى.

60ـ ئۇلار: «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ (ئىلاھلىرىمىزنى) ئەيىبلە-ـگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق» دېيىشتى.

61ـ ئۇلار: «ئۇنداقتا، ئىبراھىمنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، بەلكى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىشى مۇمكىن» (دېدى).

62ـ ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! ئىلاھلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى.

63ـ ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇنى بۇتلارنىڭ مۇشۇ چوڭى قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى.

64ـ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە كېلىپ (بىر-بىرىگە كايىغان ھالدا): «ئەسلى زالىملار سىلەر ئىكەنسىلەر!» دېيىشتى.

65ـ ئاندىن ئۇلار بۇرۇنقى تەرسالىقىغا قايتىپ «ئۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدى-ـغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى.

66ـ ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟

67ـ ئىسىت! سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەر-سىلىرىڭلارغا! سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟».

68ـ ئۇلار: «ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بەرمەكچى بول-

-ساڭلار، ئىبراھىمنى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار» دېدى.

69-بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن» دېدۇق.

70-ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشىدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلىۋەتتۇق.

71-بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى (ئۇ جايدىن) قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى بىز جاھان ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا يەتكۈزدۇق.

72-بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەنە نەۋرىسى يەئقۇبنىمۇ قوشۇپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كىشىلەر قىلدۇق.

73-بىز ئۇلارنى ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى توغرا يولغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى.

### ◄ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتە چوقۇنىدىغان بۇتلىرى «صنم» (سەنەم)، «وثن» (ۋەسەن)، «تمثال» (تىمسال) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. بەزى ئۆلىمالار سەنەم بىلەن ۋەسەننىڭ پەرقىنى ئايرىغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتا ئېرىتكىلى بولىدىغان مەدەنلەردىن ياسالغان بۇتلارنى «سەنەم»، ئەمما ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغانلىرىنى «ۋەسەن» دەپ ئاتىغان. تىمسال - ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ شەكلىدە ياسالغان بۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم خەلىلۇللاھ «قۇرئان كەرىم»دە نامى شەرىپى بىلەن كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ قەۋمى بۇتپەرەس بولۇپ، دادىسى ياغاچچى ئىدى. ئۇ ياغاچتىن بۇتلارنى ياساپ ساتاتتى. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئىشىدىن قاتتىق نارازى ئىدى، بۇتلارنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدىغان، ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنى كىچىكىدىن پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن ۋە توغرا دىنغا يېتەكلىگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇ-نۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ

ئىشقا ئېچىناتتى. ئۇ بەزىدە قەۋمى بىلەن، بەزىدە دادىسى بىلەن بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ بەس-مۇنازىرە قىلاتتى. ئۇ گاھىدا چىرايلىق سۆز بىلەن گاھىدا قاتتىقلىق بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. ئۇلار بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرە ھېچقانداق پايدا بەرمىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بايرام پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇتلارنىڭ يېنىدا يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، بۇتلارنى ئۇرۇپ، چېقىپ تاشلايدۇ. پەقەت بىرلا چوڭ بۇتنى چاقماي قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قەۋمىنىڭ ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشى ۋە بۇتلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ مۇداپىئە قىلالمايدىغان چارىسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن قىلغان ئىدى. ئەمما نەتىجە ئەكسىچە بولۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن چوڭ بىر ئوتنى يېقىپ، ئۇنى شۇ ئوتقا تاشلايدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتىنى بولغان ئىراقنى تەرك ئېتىپ شامغا ھىجرەت قىلىپ كېتىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى بىلەن بىللە پەيغەمبەر بولۇپ تۇرغان لۇت ئەلەيھىسسالامنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شامدا كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئىسمائىل ۋە ئىسھاق قاتارلىق ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ياخشى بەندىلەر ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، بىز ئىبراھىمغا كىچىكىدىنلا ھىدايەت ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشلارنى توغرا مۇھاكىمە قىلىدىغان، ئەقىل-پاراسەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان، ئۇنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئىدۇق. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تامامەن لايىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق. شۇڭا ئۇنى كىچىكىدىنلا پەيغەمبەرلىككە تاللىدۇق.

بۇ ئايەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، قەلبى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، توغرىلىققا

مايىل، ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان، مەسىلىلەرنى توغرا مۇھاكىمە قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ساپ تەبىئىتى قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتەك بۇزۇق ئەقىدىسىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى، بۇتلارنى قاتتىق يامان كۆرەتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بەرگىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارغا: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنىڭ ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، قەۋمىدىن بۇ بۇتلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغانلىقى بۇ بۇتلارنىڭ ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قەۋمى جاھالەتكە چۆكۈپ كەتكەن ئازغۇن قەۋم بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ خۇراپاتلىقىنى توغرا دەپ ساناپ: «بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نېمىنىڭ توغرا ۋە نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھېچ پەرق ئەتمەستىن، ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن، تاش، ياغاچ ۋە تۇپراقتىن ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇنۇۋاتقان ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتا بىرەر ئەقلىي ياكى ساماۋى دەلىلگە تايانماستىن پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئاساسلانغانلىقى ئۆزلىرىنىڭ جاۋابىدىن چىقىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ دەل ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدەك ئەخمەق ۋە ئازغۇن ئىدى. چۈنكى، ئۇلارمۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشتا چىڭ تۇرۇشتا ئاتا-بوۋىلىرىنى تەقلىد قىلاتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇراپىي دىنىغا ئەگىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇلارغا: «سىلەرمۇ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارمۇ ئوپئوچۇق بىر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنسىلەر» دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كەسكىن سۆزىدىن چۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

﴿سەن راست دەۋاتامسەن؟ ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟﴾ دەپ سورايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى قەتئىي خالىمايتتى ۋە مۇنداق كەسكىن سۆزنى ئۇلارغا ھېچكىم قىلىپ باقمىغان، ھېچكىم ئۇلارنى بۇنداق ئەيىبلەپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ دېدىكى، سىلەر ئىبادەت قىلىشقا ۋە يۈزۈڭلارنى تۇپراققا قويۇپ سەجدە قىلىشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان زات سىلەرنى ۋە كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان ئاللاھ تائالادۇر! مەن ئەلۋەتتە بۇ دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىنمەن. مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. چۈنكى، سىلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىكى بىردىنبىر ئاساسىڭلار ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى دوراشتۇر. سىلەرنىڭ تۇتقان يولۇڭلار ھەقىقەتەن ئازغۇنلۇق، قىلىۋاتقىنىڭلار راستتىنلا يامانلىقتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرىغا قارشى ئۆچمەنلىكىنى ئىچىدە يوشۇرىدۇ ۋە بۇ بۇتلارغا چوقۇم زىيان يەتكۈزۈشنى پىلانلايدۇ. چۈنكى، بۇتلارغا زىيان يەتكۈزۈش بۇ بۇتلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغانلىقىنى قەۋمىگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٞ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ لَن يَخۡلُقُواْ ذُبَابٗا وَلَوِ ٱجۡتَمَعُواْ لَهُۥۖ وَإِن يَسۡلُبۡهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيۡـٔٗا لَّا يَسۡتَنقِذُوهُ مِنۡهُۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلۡمَطۡلُوبُ﴾ يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (ھەممىسى) يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىۋالالمايدۇ. (دېمەك) تەلەب قىلغۇچىمۇ، تەلەب قىلىنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾ [1] .

ھەر يىلى ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر بايرام كۈنى بار ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر ئاماللارنى قىلىپ بۇ بايرامغا قاتناشماي يالغۇز قېلىشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. بىر تەرەپتىن قەۋمى ئۇنى بايرامغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى كېسەل كۆرسىتىپ بايرامغا قاتنى-شىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 73-ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى پەملەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇرۇپ، چېقىپ، سۇندۇرۇپ ئەڭ چوڭىنى قەستەن ساق قويۇپ قويىدۇ ۋە پالتىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىگە بۇ ساختا ئىلاھلارنىڭ ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاقىلانىلىك بىلەن پىلانلىغان تەدبىر ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ پىلانىنى تۈزۈشتە، قەۋمىنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئەقلىنى تېپىپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتىشىنى ئۈمىد قىلغان، قەۋمىگە بۇتلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىغا دائىر ئەمەلىي ئىسپات كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئەمەلىي دەلىل ھەرقانداق ئاغزاكى ياكى يازما دەلىل-ئىسپاتتىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بۇتلارنى چېقىلغان ھالەتتە كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنى كىم قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇ ئارىدا بەزىلىرى ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ياشنىڭ بۇتلارنى سۆكۈپ يۈرىدىغانلىقىنى، بەلكى بۇ ئىشنى شۇنىڭ قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەۋمىنىڭ كاتتىسى نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ كېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى خەلقى ئالەم ئالدىدا سوراققا تارتىشقا بەل باغلايدۇ.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سورايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككىلەنمەستىنلا بۇ ئىشنى ساق قالغان چوڭ بۇتنىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئەگەر ئۇ بۇتلار سۆزلىيەلىسە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بىر تەلەپ بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەقلىقىنى ھېس قىلىشمايدۇ ۋە گۇناھنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئارتىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە چوڭ بۇت بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككىسىلا بار ئىدى. بۇ ئىشنىڭ بۇتنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان ئىكەن، ئۇلار بۇ ئىشنى چوقۇم ئىبراھىم قىلغان دېگەن قانائەتكە كېلىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا، ئۆزلىرىگە كېلىپ، بىرئاز ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ خۇراپىي ئەقىدىسىدىن شەكلىنىشكە، ھەتتا بىر-بىرىنى ئەيىبلەپ: ﴿ئەسلى زالىملار سىلەر ئىكەنسىلەر!﴾ يەنى

ئەسلىدە بىز قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان، ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان بۇ بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلغان ئىكەنمىز، شۇڭا ئەسلى زالىم بۇ بۇتلارنى چاققان ئىبراھىم ئەمەس، بەلكى بىز ئۆزىمىز ئىكەنمىز، دېيىشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما ئىبلىس بوش تۇرمىدى، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق ئېتىقادىنى مۇداپىئە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىغا يەنە قايتتى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئۇلارنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟﴾ دېدى. يەنى بۇتلىرىمىزنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، بىزنى ئۇنىڭدىن سوراشقا بۇيرۇمسەن؟ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھالىغا قاراپ، ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارغا: سىلەر مۇشۇنداق ھېچكىمگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمىغان نەرسىلەر سىلەرنى قانداق قوغدايدۇ؟ سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟ دەپ كايىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جاۋاب بېرەلمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئېغىزىنى يۇمدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بىراقلا قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قانداق شەكىلدە ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلاھلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى قانداق ئېلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپلاشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلەر: ﴿ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار، ئىبراھىمنى (ئوتقا تاشلاپ) كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار!﴾ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قارارى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ يوقىتىشقا توختالدى.

لېكىن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى، خۇسۇسەن پەيغەمبەرلىرىنى دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟!

نەتىجىدە، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئوتقا ئەمر قىلىپ: ﴿ئى ئوت! ئىبراھىمغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بولۇپ بەرگىن﴾ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاش ۋە تۆمۈرلەرنى ئېرىتىۋېتىدىغان دەھشەتلىك ئوتقا تاشلانغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئەلەمنى ياكى ئازابنى ھېس قىلمىدى، ئۇنىڭ ھېچبىر يېرى كۆيمىدى. ئۇ ئوتنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتقان ھالدا

خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەردى. ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. قۇرەيش كاپىرلىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ ۋە شۇنچىلىك چوڭ سۇيىقەستلەرنى تەييارلىغان بولسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمىگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالدىن ئۇنىڭغا: ﴿وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾ [1] دەپ خۇش خەۋەر بېرىۋەتكەن ئىدى.

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاش ئۈچۈن قەۋمى ئۇنى باغلىغاندا، ئۇ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ ‹ئى رەببىم! سەن ئاسماندىكى ئىلاھسەن. سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق. بارچە مەدھىيە ساڭا خاس، پادىشاھلىق، كاتتىلىق ساڭا مەنسۇپتۇر، سېنىڭ ھېچبىر شېرىكىڭ يوقتۇر› دېگەن. ئاندىن ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى «مانجانىق» دېگەن نەرسە بىلەن ئوتقا ئاتقاندا، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ‹ئەي ئىبراھىم! بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟› دەپ سورىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹ساڭا ھاجىتىم يوق› دېگەن. جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹ئۇنداقتا رەببىڭدىن ھاجىتىڭنى سورىغىن› دېگەن سۆزىگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹رەببىمنىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا كۇپايىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە تىلىمەيمەن› دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئوتقا ئەمر قىلىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن سوغۇق ۋە ئامانلىق بولۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان»[2].

﴿ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشتى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلىۋەتتۇق﴾ يەنى ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ساختا ئىلاھلىرىنى رازى قىلىش پىلانىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، خەلقى ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئىلاھلىرىنى قوغدىماقچى بولغان كاپىرلارنى خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيىنى ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.
[2] «تفسير القرطبي» 11- توم، 304- بەت.

﴿بىز ئىبراھىم بىلەن لۇتنى (ئۇ جايدىن) قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى بىز جاھان ئەھلى ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا يەتكۈزدۇق﴾ . ئاللاھ تائالا شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى لۇت ئەلەيھىسسالامنى شامغا بېرىشقا ئەمر قىلغان بولۇپ، ئۇلار شام زېمىنىغا يەرلىشىپ شۇ يەردە كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. مەلۇمكى، شام كۆپ پەيغەمبەر چىققان، ئىككى قىبلىنىڭ بىرى بولغان مەسجىدى ئەقسا ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، بەرىكەتلىك زېمىندۇر.

﴿بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى بەردۇق، يەنە نەۋرىسى يەئقۇبنىمۇ قوشۇپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كىشىلەر قىلدۇق﴾ . ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئاتلىق ئىككى پەرزەنت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىسھاقنىڭ نەسلىدىن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان، ياخشى، تاللانغان بەندىلەر ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى باشقىلارغا ياخشىلىقتا ئۈلگە بولىدىغان، ئىنسانلارنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان كىشىلەردىن قىلغان ئىدى.

﴿بىز ئۇلارنى ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى توغرا يولغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى﴾ . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرنى يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇلارغا ئۈلگە بولىدىغان ھەرقانداق يولباشچىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئاندىن باشقىلارنى ئىسلاھ قىلالايدىغان، ئىرادىلىك، تەقۋادار كىشىلەردىن بولۇشى شەرتتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا تاللىغان بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنئامىنى ئايىمايدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە لايىق بولىدۇ.

2. تەقلىدچىلىك ئىسلام دىنىدا ئەيىبلىنىدىغان ئىللەتتۇر. ئەقىل ۋە تەپەككۇر بىلەن ئىش كۆرۈش ھەر زامان ماختىلىدۇ.

3. ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش

يولىدا توغرا گۇۋاھلىق بېرىش پەرزدۇر. بۇنىڭدىن باش تارتقان ئادەم گۇناھكار بولىدۇ.

4. يامانلىققا تىل بىلەن قارشى چىقىش شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە، كۈچ بىلەن قارشى چىقىش ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن ۋەزىپىدۇر.

5. يولسىزلىق دۇنيادا ئومۇملاشقان ھادىسە بولسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. يولسىزلىققا قارشى چىقىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

6. ھەرقانداق بىر دەۋا ئىشىدا دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلىنىدۇ. دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمىگەن دەۋا تۆھمەتتۇر.

7. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقىنى ئىسپاتلاپ كەلتۈرگەن ئەقلىي دەلىللەر ھەرقانداق بىر دەۋەتچىنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

8. گەرچە ئوتنىڭ خۇسۇسىيىتى كۆيدۈرۈش بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتا كۆيمىگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى بېكىتكەن قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

9. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىراقتىن شامغا قاراپ يولغا چىقىشى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاللاھ يولىدىكى تۇنجى ھىجرەت ھېسابلىنىدۇ.

10. ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە سەممىي دەۋەت بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا چاقىرىش ئەڭ ساۋابلىق ئەمەللەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

### ◄ لۇت ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىسى

﴿وَلُوطًا ءَاتَيْنَٰهُ حُكْمًا وَعِلْمًا وَنَجَّيْنَٰهُ مِنَ ٱلْقَرْيَةِ ٱلَّتِى كَانَت تَّعْمَلُ ٱلْخَبَٰٓئِثَ ۗ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمَ سَوْءٍ فَٰسِقِينَ ﴿٧٤﴾ وَأَدْخَلْنَٰهُ فِى رَحْمَتِنَآ ۖ إِنَّهُۥ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾ وَنُوحًا إِذْ نَادَىٰ مِن قَبْلُ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ فَنَجَّيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥ مِنَ ٱلْكَرْبِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٧٦﴾ وَنَصَرْنَٰهُ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمَ سَوْءٍ فَأَغْرَقْنَٰهُمْ أَجْمَعِينَ ﴿٧٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

74ـ لۇتقىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم ئاتا قىلدۇق. ئۇنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق. چۈنكى، ئۇلار ناچار پاسىق قەۋم ئىدى.

75ـ بىز ئۇنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق. چۈنكى، ئۇ ياخشىلاردىن ئىدى.

76ـ (ئى پەيغەمبەر!) سەن نۇھنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ) بەددۇئا قىلغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى(مۇئمىن) لەرنى بۈيۈك بالا (توپان)دىن قۇتقۇزغان ئىدۇق.

77ـ ئۇنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋمدىن قوغدىدۇق. ئۇلار ھەقىقەتەن يامان قەۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى غەرق قىلدۇق.

### ◄ تەپسىرى

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھىجرەت قىلغان زات ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ئىلىم-مەرىپەت، شۇنداقلا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىش، مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە يېتەرلىك قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر شۇنداق يېتىشتۈرۈلگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە لاياقەتلىك بولۇپ چىققان.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز لۇتنى ئۆزى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن سەدۇم شەھرىدىن قۇتۇلدۇردۇق. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى (ئەرلەر ئەرلەردىن جىنسىي تەلەپ ئىزدەيدىغان) بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت يىرگىنىشلىك گۇناھنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا لايىق بولغان زالىم قەۋم ئىدى. بىز لۇت ئەلەيھىسسالامنى مەزكۇر پاسىقلارنىڭ شەھرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆز رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق. چۈنكى، لۇت ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ياخشى زاتلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

ئەمدى ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، ئۇ ئىبراھىم ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامлارنىڭ زامانىدىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قەۋمىنى ھىدايەتكە باشلاش

ئۇچۇن كۆپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلغان، ھەتتا ئۇ 950 يىل قەۋمىنى دىنغا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ سانى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، قەۋمىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەشەددىي كاپىرلار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ كاپىرلارنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلىپ: ﴿رَّبِّ لَا تَذَرْ عَلَى ٱلْأَرْضِ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ دَيَّارًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! يەر يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرىنىمۇ قويمىغىن﴾ [1] دېگەن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ كاپىرلارغا توپان بالاسىنى ئەۋەتكەن، نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بولسا ئائىلىسىدىكىلەر ۋە باشقا كىشىلەر ئارىسىدىن ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىرلىكتە قۇتقۇزۇپ قېلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئەي مەككىنىڭ كاپىرلىرى! سىلەردىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمامسىلەر؟ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە قانداق ياردەم بەرگەنلىكىنى ۋە كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلىۋەتكەنلىكىنى تېخىچە بىلمىدىڭلارمۇ؟

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قانداقلا بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتقاندا ئۇلارنىڭ ھالاكىتى كېچىكمەيدۇ. مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق دەپ يازغان:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت    فإن همو ذهبت أخلاقهم ذهبوا

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر،
ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

2. زالىملارنىڭ ھالاكىتى ئۆز قوللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ◄ داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار

﴿وَدَاوُۥدَ وَسُلَيْمَٰنَ إِذْ يَحْكُمَانِ فِى ٱلْحَرْثِ إِذْ نَفَشَتْ فِيهِ غَنَمُ ٱلْقَوْمِ وَكُنَّا لِحُكْمِهِمْ شَٰهِدِينَ ﴿٧٨﴾ فَفَهَّمْنَٰهَا سُلَيْمَٰنَ ۚ وَكُلًّا ءَاتَيْنَا

[1] نۇھ سۈرىسى: 26-ئايەت.

حُكۡمًا وَعِلۡمًاۚ وَسَخَّرۡنَا مَعَ دَاوُۥدَ ٱلۡجِبَالَ يُسَبِّحۡنَ وَٱلطَّيۡرَۚ وَكُنَّا
فَٰعِلِينَ ﴿٧٩﴾ وَعَلَّمۡنَٰهُ صَنۡعَةَ لَبُوسٖ لَّكُمۡ لِتُحۡصِنَكُم مِّنۢ بَأۡسِكُمۡۖ
فَهَلۡ أَنتُمۡ شَٰكِرُونَ ﴿٨٠﴾ وَلِسُلَيۡمَٰنَ ٱلرِّيحَ عَاصِفَةٗ تَجۡرِي بِأَمۡرِهِۦٓ إِلَى
ٱلۡأَرۡضِ ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۚ وَكُنَّا بِكُلِّ شَيۡءٍ عَٰلِمِينَ ﴿٨١﴾ وَمِنَ
ٱلشَّيَٰطِينِ مَن يَغُوصُونَ لَهُۥ وَيَعۡمَلُونَ عَمَلٗا دُونَ ذَٰلِكَۖ وَكُنَّا لَهُمۡ
حَٰفِظِينَ ﴿٨٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

78ـ داۋۇد بىلەن سۇلەيمان (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى[1]. ئۇلارنىڭ ھۆكمىنى بىز كۆزىتىپ تۇرغان ئىدۇق.

79ـ قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلەيمانغا بىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھۆكۈمدارلىق ۋە ئىلىم ئاتا قىلغان ئىدۇق. تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلدۇق. بىز (شۇنداق قىلىشقا) ئەزەلدىن قادىرمىز.

80ـ جەڭلەردە (دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن) سىلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىۋاتامسىلەر؟

81ـ سۇلەيمانغا كۈچلۈك شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، شامال سۇلەيماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىن (شام) غا باراتتى، بىز ھەممىنى بىلىپ تۇراتتۇق.

82ـ سۇلەيمانغا غەۋۋاسلىق (قىلىپ دېڭىزدىن ئۈنچە ـ مارجان سۈزۈش قاتار-لىق ئىشلارنى) قىلىدىغان، يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بىر قىسىم

---

[1] بىر ئادەمنىڭ قويلىرى كېچىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ زىرائىتىنى پۈتۈنلەي يەپ كەتكەن بولۇپ، قويلارنىڭ ئىگىسى بىلەن زىرائەتنىڭ ئىگىسى دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇزۇلغان زىرائەتنىڭ بەدىلىگە قوينى زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىشنى بۇيرۇغان. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەسىلىگە باشقىچىرەك قاراپ، قوي ئىگىسى زىرائەتنى قايتا تېرىپ بۇرۇنقىدەك ئۆستۈرۈپ بەرگەنگە قەدەر، قوينىڭ زىرائەت ئىگىسىگە قالدۇرۇلۇشىنى، زىرائەت ئىگىسىنىڭ قوينىڭ يۇڭى ۋە سۈتىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇشىنى ئېيتقان.

شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، بىز ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتۇق.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. بىر كۈنى ئۇلار كېچىسى بىر كىشىنىڭ قويى باشقا بىرسىنىڭ زىرائىتىنى يەپ بۇزۇۋەتكەن مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغان بولۇپ، رەببىڭ بۇ ئىككى پەيغەمبەر چىقارغان ھۆكۈمنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. چۈنكى، ھېچقانداق نەرسە رەببىڭنىڭ ئىلمىدىن چەتتە قالمايدۇ، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئىككى ئادەم داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەۋالىشىپ كىرگەن. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى، قوينىڭ ئىگىسى، يەنە بىرى، زىرائەتنىڭ ئىگىسى ئىدى. بۇ ئىككى ئادەم كىرگەن ۋاقىتتا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بار ئىدى. زىرائەت ئىگىسى: «بۇ ئادەمنىڭ قويى كېچىدە مېنىڭ زىرائىتىمگە كىرىپ ئوتلاپ ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، زىرائەتلىرىمنىڭ ھەممىسى نابۇت بولۇپ تۈگىشىپتۇ» دېدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىدە ھۆكۈم چىقىرىپ، زىرائەتنى يەپ كەتكەن قوينى زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بۆيرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، نابۇت بولغان زىرائەتنىڭ قىممىتى بۇ قوينىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلەتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «قوي زىرائەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىلسۇن. زىرائەتنىڭ ئىگىسى قوينىڭ سۈتىدىن، يۇڭىدىن پايدىلانسۇن. نابۇت بولغان زىرائەتنىڭ ئورنىنى قوينىڭ ئىگىسىگە بەرسۇن. قوينىڭ ئىگىسى بۇ يەرنى پەرۋىش قىلىپ زىرائەت تېرىپ مول ھوسۇل ئالسۇن. كېلەر يىلى ھەر ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋالسۇن». داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمنى قوللاپ، «ئوغلۇم! ھۆكۈم سېنىڭ چىقارغىنىڭ بويىچە بولسۇن!» دېدى ۋە ئۇ چىقارغان ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى. مانا بۇ ﴿قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلەيمانغا بىلدۈرگەن ئىدۇق﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىككىسىگە پەيغەمبەرلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا پادىشاھلىق، ئىلىم-ھېكمەت ۋە مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدۇق. دېمەك، بۇ ئىككى پەيغەمبەر كىشىلەرنىڭ

ئوتتۇرىسىدىكى ھۆكۈم تەلەپ قىلىۋاتقان ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىراتتى. مەلۇمكى، بىرەر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلغان ئادەم توغرىسىنى تاپسا ئىككى ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشسا بىر ساۋابقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان[1] .

ئەمدى مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ: داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ چىقارغان بۇ ھۆكۈمى ئۆز ئىجتىھادىدىن بولغانمۇ ياكى ۋەھيى يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانمۇ؟ ئايەتنىڭ زاھىرى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئىجتىھادى بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى تەرىپلىگەن سۆزىدە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە خاس سۈپەت ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇرغان. ئۇلارنى تەرىپلەشتە سۆزنى ئاۋۋال داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن باشلىغان. چۈنكى، ئۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتسا-ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ چىرايلىقلىقى ۋە مۇناجاتلىرىنىڭ ئېسىللىكىدىن تاغۇ-تاشلار ۋە ئۇچارقاناتلار ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتاتتى.

﴿جەڭلەردە (دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىدىن) سىلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق. سىلەر (بۇنىڭغا) شۈكۈر قىلىۋاتامسىلەر؟﴾ يەنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ساۋۇت ياساشنى بىز ئۆگەتتۇق. بىزنىڭ بۇ كاتتا ئىنئامىمىزغا شۈكۈر قىلىۋاتامسىلەر ياكى تۇزكورلۇق قىلىۋاتامسىلەر؟ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلىشىڭلار لازىم.

ئاللاھ تائالا ئاندىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى بايان قىلىشقا باشلايدۇ.

﴿سۇلەيمانغا كۈچلۈك شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، شامال سۇلەيماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىن (شام)غا باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز﴾ يەنى ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق چىقىدىغان، كۈچلۈك شامالالرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ شامال ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇناتتى، قەيەرگە بېرىشقا بۇيرۇسا شۇ يەرگە باراتتى، بۇ شامالالر پەيغەمبەرلەرنىڭ ماكانى بولغان

[1] «بىرەر مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان كىشى توغرىسىنى تاپسا ئىككى ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشسا بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ» (ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايىتى).

بەرىكەتلىك زېمىن شامغا قاراپ لەرزان ماڭاتتى. ئاللاھ تائالا ھەممىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىسىز ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شاماللار گەرچە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بويىچە ماڭسىمۇ، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ماڭاتتى.

﴿سۇلەيمانغا غەۋۋاسلىق (قىلىپ دېڭىزدىن ئۈنچە-مارجان سۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىدىغان، يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان بىر قىسىم شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، بىز ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتۇق﴾ يەنى ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا يەنە شەيتانلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلاردىن دېڭىزلارنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ قىممەتلىك تاشلارنى، مەرۋايىت ۋە مارجانلارنى تېپىپ چىقىدىغان، بىناكارلىق قىلىدىغان ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغانلىرى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى ۋە تىزگىنلەپ تۇراتتى، ئۇلار قېچىپمۇ كېتەلمەيتتى، بۇزغۇنچىلىقمۇ قىلالمايتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن توختىماي ئىشلەيتتى.

بۇ ئايەتلەر ئىشلەشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نەقەدەر قىممەتلىك ۋە شەرەپلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق» دەيدىغان ماقال بار. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەربىرى ھالال كەسىپ قىلىپ، ئۆز مېھنىتى بىلەن جان باقىدىغان كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساۋۇت ياسايتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق قىلاتتى. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچى ئىدى (باشقا بىر رىۋايەتتە، ئۇنى قوي باقاتتى دېيىلگەن). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەسلەپ قوي باققان، كېيىنچە تىجارەت قىلغان. تارىختىي مەنبەلەر بىزگە ئۆتمۈشلەردىكى ياخشىلارنىڭ، ئۇلۇغلىك زاتلارنىڭ ۋە يولباشچىلارنىڭ ئىشلەپ ئۆز مېھنىتى بىلەن جان باقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر مۇددەت قوي باققانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر بار.

ئىشلەش ئىنسانىڭ شەرىپىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَأَنْ يَأْخُذَ أَحَدُكُمْ حَبْلَهُ ، فَيَحْتَطِبَ عَلَى ظَهْرِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَأْتِيَ رَجُلًا ، فَيَسْأَلَهُ أَعْطَاهُ أَوْ مَنَعَهُ» يەنى «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ ئارغامچىنى ئېلىپ مورىڭلەردە ئوتۇن توشۇغىنىڭلار تىلەمچىلىك قىلغاندىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، (كىشىلەردىن تىلىگەن بىلەن) ئۇلار يا

بېرىدۇ ياكى بەرمەيدۇ»[1].

ئىسلام دىنى ئىشلەشنى قەدىرلەيدىغان، بىكار تەلەپلەرنى سۆكىدىغان، پېقىرلىقتا ئىشلەش بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا تەرغىب قىلىدىغان ئىلغار دىندۇر. بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئىسلام دىنى تەركىدۇنيالىقنى، ئىشلەشتىن قېچىپ مەسجىدلەردە ئولتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، جۆيلۈيدۇ. بۇ پەقەت ئىسلام دىنىغا قىلىنغان تۆھمەتتۇر. ئەكسىچە، ئىسلام دىنى ئىشلەشكە ۋە دۇنيانى گۈللەندۈرۈشكە، باشقىلارغا يۈك بولۇۋالماسلىققا چاقىرىدىغان دىندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ئىككىسى پادىشاھ پەيغەمبەرلەردىن بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ دەۋالىرىنى سوراشتىكى ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن مەشھۇردۇر.

2. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، ئۇچارقاناتلار ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئىشتىراك قىلاتتى ۋە مۇناجاتلىرىغا قۇلاق سالاتتى.

3. سۈلەيمان ئەلەيھىسسالام ھازىرقى بەيتۇلمۇقەددەسنى (ئىرۇسالىمنى) بەرپا قىلغان پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تائالا جىنلارنى ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

4. كائىناتتا بولۇۋاتقان قانداقلا بىر ئۆزگىرىش ۋە ھەرقانداق بىر ھادىسە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى بولمايدۇ.

## ◄ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥٓ أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٨٣﴾ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ فَكَشَفْنَا مَا بِهِۦ مِن ضُرٍّۖ وَءَاتَيْنَٰهُ أَهْلَهُۥ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَذِكْرَىٰ لِلْعَٰبِدِينَ ﴿٨٤﴾ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

83-ئەييۇب (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە:

[1] «صحيح البخاري» 2- توم، 123-بەت، 1470 -ھەدىس.

«ھە-قىقەتەن ماڭا بالا (يەنى كېسەل) تەگدى، سەن شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىسەن» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى

84ـ بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق. يەنە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئۈلگە بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرىنى ئاتا قىلدۇق.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! قەۋمىڭگە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن، ئۇلارغا ئۇنىڭ قاتتىق كېسەل تارتقان ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا قىلغان مۇناجاتىنى ئەسلەتكىن. ئۇ ۋاقتىدا ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿ھەقىقەتەن ماڭا بالا (يەنى كېسەل) تەگدى، سەن شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىسەن﴾ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

مۇپەسسىرلەر ئەييۇب ئەلەيھىسسالام گىرىپتار بولغان كېسەلنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى بايان قىلغان. ئەللامە قۇرتۇبىي بۇ ھەقتىكى ئون بەشكە يېقىن رىۋايەتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىرىنچى رىۋايەتتە: «ئەييۇب ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇراي دەپ تەمشەلگىنىدە ئورنىدىن تۇرالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ﴿ھەقىقەتەن ماڭا بالا (يەنى كېسەل) تەگدى﴾ دەپ ئۆز ھالىنى بايان قىلغان، ئەمما كېسەللىكتىن زارلانمىغان»[1] دەپ كەلگەن.

«بەزى تەپسىرلەردە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىنىڭ كىشىلەر قاچىدىغان، يىرگىنىشلىك بىر كېسەل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مۇنداق رىۋايەتلەر كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. چۈنكى، مۇنداق بولۇشى پەيغەمبەرلەرنىڭ يۇكسەك مەرتىۋىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر كىشىلەر يىرگىنىدىغان كېسەللەرگە گىرىپتار بولمايدۇ. مۇبادا شۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىدىن ئىلگىرىكى ھادىسە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەلگە سەۋرچانلىق كۆرسىتىپ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبەرلىككە تاللانغان، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بەزى مۇپەسسىرلەر ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىنى تەسۋىرلەشتە ئىنتايىن مۇبالىغە

[1] «تفسير القرطبي» 11ـ توم، 230ـ بەت.

قىلىنغانلىقىنى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىدىكى «ئەييۇب قىسسىلىرى» دېگەن رىۋايەتلەرگە تايانغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ رىۋايەتلىرى كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامان توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن دېسە، بەزىسى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ياشىغان دېگەن. ھەتتا ئۇلار ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىكى ياكى كېيىن كەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. ئىسلام مەنبەلىرى ئۇنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللانغان بەندىلەردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مال-دۇنياسىدىن، بالىچاقىلىرىدىن ئايرىش ۋە قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار قىلىش بىلەن سىنىغان. ئۇ سەۋرچانلىقنى قورال قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قولىدىن كېتىپ قالغانلىرىدىن كۆپرەكنى بېرىلگەن، ئەھلى-ئەۋلادى بۇرۇنقىسىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىلگەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى مەدھىيىلىگەن ۋە ئۇلۇغلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىن سانىغان. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار يىرگىنىدىغان، سەسكىنىشلىك يامان كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئەمەس»[1].

ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىشتا، ئۆزىنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە بولغان رەھىم-شەپقىتىنى، تەقۋادارلارغا قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقتا، ئاللاھ تائالادىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكتە ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىشنى كۆزدە تۇتقان. مۇئمىن ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق كېسەللىك، زىيان-زەخمەت، ھەتتا ئادەتتىكى بىر كۆڭۈلسىزلىكمۇ ئۇنىڭ ساۋابقا ئېرىشىشىگە، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرگە سەۋر قىلىش، ئىگە بولغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.

---

[1] «التفسير الواضح» 2- توم، 548- بەت.

2. دۇئا خالىس ئىبادەتتۇر. چۈنكى، دۇئا قىلغان ئادەم ئەڭ بىچارىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىدۇ، يالۋۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتنى ئورۇندىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە چارىسىزلىكىنى ئىزھار قىلىپ ئاللاھ تائالاغا يېلىنىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3. ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ كەچمىشلىرىدە ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان ئىبرەتلەر بار.

## ◄ ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل ئەلەيھىسسالاملار

﴿وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِدۡرِيسَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ كُلّٞ مِّنَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٨٥﴾ وَأَدۡخَلۡنَٰهُمۡ فِي رَحۡمَتِنَآۖ إِنَّهُم مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

85-ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىدى.

86-ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن سالىھلار-دىن ئىدى.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل قاتارلىق زاتلارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، ئىدرىس ئەلەيھىس-سالام بولسا شىس ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر ئىدى. زۇلكىفلمۇ سالىھ زات ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئىزچىل ماڭغان، تائەت-ئىبادەتلەردە چىدامچان بولغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا مۇستەھكەم بولغان ۋە بۇ يولدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغان تەقۋادار كىشىلەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق.

زۇلكىفل دېگەن ئىسىم «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەنبىيا ۋە ساد سۈرىلىرىدە

ئىككى ئورۇندىلا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىرى بۇ سۈرىدىكى: ﴿ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفل (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن)﴾ دېگەن ئايەت، يەنە بىرى ساد سۈرىسىدىكى: ﴿وَٱذۡكُرۡ إِسۡمَٰعِيلَ وَٱلۡيَسَعَ وَذَا ٱلۡكِفۡلِۖ وَكُلّٞ مِّنَ ٱلۡأَخۡيَارِ﴾ يەنى ﴿سەن ئىسمائىلنى، ئەلىيەسەئنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر﴾ [1] دېگەن ئايەتتۇر.

مۇپەسسىرلەر زۇلكىفلنى پەيغەمبەرمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇپەسسىرلەر ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن سانايدۇ. ئەللامە زەمەخشەرىي، ئەللامە رازى، ئىبنى كەسىر، ئالۇسى، مۇھەممەد ئاشۇر قاتارلىق مۇپەسسىرلەر زۇلكىفلنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. بەزى مۇپەسسىرلەر ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدا «ئىلىيا» دەپ ئاتالغان ئىلياس ئەلەيھىسسا-لامدۇر، دېگەن. ئەللامە تەبەرىي «زۇلكىفل پەيغەمبەر ئەمەس، ئەمما سالىھ بەندە ئىدى»[2] دېگەن. ئەللامە رازى ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتە، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئىسمائىل ۋە ئىدرىس قاتارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە كەلتۈ-رۈلگەنلىكىنى ۋە ئەنبىيا سۈرىسىدە ئىسمى زىكىر قىلىنغانلارنىڭ ئاساسەن پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن[3].

خۇلاسە قىلغاندا، زۇلكىفلنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە دېمىگەن، «قۇرئان كەرىم»دىمۇ ئۇ پەيغەمبەر دەپ ئاتالمىغان. ئاللاھ تائالا زۇلكىفلنى ﴿مِّنَ ٱلصَّٰبِرِينَ﴾ يەنى ﴿سەۋر قىلغۇچىلاردىن﴾ ۋە ﴿مِّنَ ٱلۡأَخۡيَارِ﴾ يەنى ﴿ياخشىلاردىن﴾ دېگەن ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن. شەكسىزكى، بۇ ئىككى سۈپەت پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلاردىن باشقا ياخشى كىشىلەرگىمۇ لايىق كېلىدىغان ئورتاق سۈپەتلەردۇر. شۇنداقتىمۇ، «زۇلكىفل» دېگەن ئىسمىنىڭ پەيغەمبەر-لەرنىڭ قاتارىدا كەلگەنلىكى ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن سانىغۇ-چىلارنىڭ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەر سەۋرچانلىقى ۋە ئاللاھ يولىدىكى قىيىنچىلىقلارغا

[1] ساد سۈرىسى: 48-ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 11-توم، 328-بەت

[3] «مفاتيح الغيب للرازي» 22-توم، 177-بەت.

چىدامچانلىقى بىلەن كاتتا مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن ئۈلگىلىك زاتلاردۇر.

2. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە، يېقىنلىقىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئەزىمەتلەردۇر.

### ◄ يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

﴿وَذَا ٱلنُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَٰضِبًا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقۡدِرَ عَلَيۡهِ فَنَادَىٰ فِي
ٱلظُّلُمَٰتِ أَن لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ٨٧
فَٱسۡتَجَبۡنَا لَهُۥ وَنَجَّيۡنَٰهُ مِنَ ٱلۡغَمِّۚ وَكَذَٰلِكَ نُـۨجِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٨٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

87ـ زۇننۇن (يەنى يۇنۇسنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ) ئۆز ۋاقتىدا (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) ئاچچىقلىنىپ، (رەببىمىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىپ كەتسەممۇ) مېنى قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ، دەپ ئويلاپ (يۇرتىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. (ئۇنى كىت يۇتتى) ئۇ (كىتنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا: «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

88ـ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز مۆئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە زۇننۇن (يەنى كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن ئادەم) دەپ ئاتالغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن، ئۇ قەۋمىنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن خاپا بولۇپ، يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن ئىدى.

ئايەتتىن مەلۇمكى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن قەۋم ئىچىدىن ئازلا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشمىگەن. بۇ ئەھۋال يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلغان ۋە ئۇنى

غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. چۈنكى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە بەكمۇ كۆيۈنىدىغان، ئۇلارنى بەكمۇ ئاسرايدىغان مېھرىبان كىشى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىماندىن باش تارتقانلىقىغا قاتتىق خاپا بولغان ۋە ئاچچىقىنى باسالماي قەۋمىنى تەرك ئېتىپ، يۇرتىنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپ قالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى قىلغان سۆزىدە: ﴿فَٱصۡبِرۡ لِحُكۡمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ ٱلۡحُوتِ إِذۡ نَادَىٰ وَهُوَ مَكۡظُومٌ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، سەن كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن كىشىگە (يۇنۇسقا) ئوخشاش (ئالدىراڭغۇ) بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (كىتنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا (رەببىگە) ئىلتىجا قىلغان ئىدى﴾ [1] دېگەن.

«قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خاتالىقلاردىن خالىي ۋە جىمى گۇناھلاردىن پاك بىر پەيغەمبەرنى يېتىشتۇرۇش ۋە سەۋرچانلىققا كۆندۈرۈشتە ھەر خىل يوللارنى تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَعَلَّكَ تَارِكُۢ بَعۡضَ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيۡكَ وَضَآئِقُۢ بِهِۦ صَدۡرُكَ أَن يَقُولُواْ لَوۡلَآ أُنزِلَ عَلَيۡهِ كَنزٌ أَوۡ جَآءَ مَعَهُۥ مَلَكٌۚ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ (يەنى مۇشرىكلارنىڭ): «نېمىشقا ئۇنىڭغا بىرەر خەزىنە چۈشۈرۈلمىدى؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىرەر پەرىشتە كەلمىدى؟» دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، (بەلكىم) ساڭا نازىل بولغان ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى يەتكۈزگۈڭ كەلمەيدىغاندۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن يۈرىكىڭ سىقىلىدىغاندۇ﴾ [2] .

شۇڭا سەۋرچانلىقتا ئۈلگە بولغان پەيغەمبەرلەر «قۇرئان كەرىم»دە «ئۇلۇل ئەزىم» يەنى (ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار: نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ كۇفرىلىقىغا ناھايىتى بىئارام بولغان ۋە ئۇلاردىن قاتتىق رەنجىگەن. شۇڭا ئۇ قەۋمىنى ۋە يۇرتىنى تەرك ئېتىپ كېتىپ قالغان. ئېنىقكى، ئۇ ئاللاھ تائالادىن خاپا بولغانلىقتىن ياكى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن باش تارتقانلىقتىن كېتىپ قالغان ئەمەس، پەقەت قەۋمىدىن ئاغرىنىپ كېتىپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مَنْ قَالَ: أَنَا خَيْرٌ مِنْ يُونُسَ بْنِ مَتَّى فَقَدْ كَذَبَ» يەنى «كىمكى مېنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇ

---

[1] قەلەم سۈرىسى: 48ـ ئايەت.

[2] ھۇد سۈرىسى: 12ـ ئايەت.

يالغانچىدۇر»[1] دېگەن سۆزى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا مەرتىۋىسىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىسىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ كايىشىغا ئۇچرىغان ۋە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ: ﴿(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾ دېگەن ئىدى.

﴿(رەببىمنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىپ كەتسەممۇ) مېنى قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ، دەپ ئويلاپ (يۇرتىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىنى ۋە ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىنى كۈتمەستىن ئۆز بېشىمچە بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتسەممۇ، ئاللاھ تائالا مېنىڭ دەردىمنى ۋە قەۋمىمنىڭ ئىماندىن باش تارتىشتەك بويۇنتاۋلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىدۇ، مەن خالىغان جايدا تۇرساممۇ ماڭا رۇخسەت قىلىدۇ، مېنى قىيىنچىلىقلارغا گىرىپتار قىلمايدۇ ۋە جازالىمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى، دېگەنلىكتۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان قىسسە مۇنداق: يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ تەرسالىقىدىن خاپا بولۇپ، ئۇلارنى تەرك ئېتىپ دېڭىز بويىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ جايدا دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقان بىر كېمىگە چىقىۋالىدۇ. كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قاتتىق چايقىلىپ كېتىدۇ ۋە ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېمىچى: «كېمىنى يەڭگىللەتمىسەك، ھەممىمىز غەرق بولۇپ كېتىمىز. ئىچىمىزدىن بىر كىشىنىڭ غەرق بولغىنى ھەممىمىزنىڭ غەرق بولۇپ كەتكىنىدىن ياخشى بولىدۇ. شۇڭا چەك تاشلىشايلى! چەك كىمگە چىقسا شۇ كىشىنى دېڭىزغا تاشلايلى!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چەك تاشلىشىدۇ. ئەمما بۇ چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىپ قالىدۇ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ئېسىل بىر كىشى بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۇنىڭغا قىيالماي، چەكنى يەنە ئىككى قېتىم تاشلايدۇ. ئەپسۇسكى، ھەر قېتىمدا چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام دېڭىزغا تاشلىنىدۇ. دېڭىزدا ئۇنى بىر كىت يۇتۇۋېتىدۇ. بۇ چاغدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەۋمىنى

---

[1] «صحيح البخاري» 6-ت، 124- بەت، 4805 -ھەدىس.

تاشلاپ قېچىپ كېلىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلىقىنى ۋە خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ قەۋمىنىڭ نادانلىقىغا ۋە تەرسالىقىغا سەۋر قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىتنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇيدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: ﴿(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾ دەپ دۇئا قىلدۇ، ئاللاھ تائالادىن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇنى كىتنىڭ قارنىدىن دېڭىز بويىغا سالامەت چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە چىن ئىشەنچ بىلەن تايانغان مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتىۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ دۇنيادىكى خورلۇقتىن ئەزىزلىككە چىقىرىپ، ئۇلارنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوبدان ياشاتتى. ﴿فَلَوۡلَا كَانَتۡ قَرۡيَةٌ ءَامَنَتۡ فَنَفَعَهَآ إِيمَٰنُهَآ إِلَّا قَوۡمَ يُونُسَ لَمَّآ ءَامَنُواْ كَشَفۡنَا عَنۡهُمۡ عَذَابَ ٱلۡخِزۡيِ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَمَتَّعۡنَٰهُمۡ إِلَىٰ حِينٖ﴾ يەنى ﴿ئاھالىلىرى ئىچىدە يۇنۇسنىڭ قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق. يۇنۇسنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتىۋىدى، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ھاياتلىقتىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ﴿لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ يەنى «(ئى رەببىم!) سەندىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سەن (بارلىق كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن راستتىنلا ئۆزىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دېگەن مۇناجاتنى چىن دىلىدىن ئېيتقان ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى: ﴿ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز﴾ دېگەن ئايەت بىزگە بۇنى تەلىم بېرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا چىن دىلىدىن ئىلتىجا قىلغان ئادەمنىڭ دۇئاسىنى

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 98-ئايەت.

ئىجابەت قىلىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە قىلغان ئىنئامى

﴿وَزَكَرِيَّآ إِذْ نَادَىٰ رَبَّهُۥ رَبِّ لَا تَذَرْنِى فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْوَٰرِثِينَ
٨٩ فَٱسْتَجَبْنَا لَهُۥ وَوَهَبْنَا لَهُۥ يَحْيَىٰ وَأَصْلَحْنَا لَهُۥ زَوْجَهُۥٓ ۚ إِنَّهُمْ
كَانُوا۟ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْخَيْرَٰتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا ۖ وَكَانُوا۟ لَنَا
خَٰشِعِينَ ٩٠ وَٱلَّتِىٓ أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا
وَجَعَلْنَٰهَا وَٱبْنَهَآ ءَايَةً لِّلْعَٰلَمِينَ ٩١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**89**ـ زەكەرىييا (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ئى رەببىم! مېنى (ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن» دەپ نىدا قىلغان ئىدى.

**90**ـ بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئايالىنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.

**91**ـ ئىپپىتىنى ساقلىغان ئايال (مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بىر روھنى پۈۋلىدۇق (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىيساغا ھامىلىدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلى (ئىيسا)نى ئالەملەر ئۈچۈن (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان ئىدى: «ئى رەببىم! مەن ياشىنىپ قالدىم، چېچىم ئاقاردى، سەن بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مېنىڭ دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلىپ، ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلىپ كەلگەن ئىدىڭ، يەنە ساڭا ئىلتىجا قىلىمەن. ئى رەببىم! مېنى بالىسىز، ۋارىسسىز يالغۇز قويمىغىن. سەن ھەممە يوق بولغاندىن كېيىنمۇ

مەڭگۈ قالىدىغان زاتسەن، سەن ماڭا كۇپايىسەن، ساڭا ئىشەنچ بىلەن تايىنىمەن. چۈنكى، سەن ئەڭ ياخشى ئىگىسەن، ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن. سەندىن مېنىڭ ئىزىمنى باسىدىغان، سېنىڭ دىنىڭغا خىزمەت قىلىدىغان بىر ۋارىس تىلەيمەن. ناۋادا سەن ماڭا مېنىڭ ئىزىمنى باسىدىغان بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلمىغان تەقدىردىمۇ، سەن دىنىڭنى قوغداشقا، ئۆزۈڭ خالىغان بەندەڭنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشكە ئەلۋەتتە قادىرسەن.

ئاللاھ تائالا زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ تۇغماس ئايالىنى تۇغىدىغان قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يەھيا ئىسىملىك بىر پەرزەنت ئاتا قىلدى. يەنى زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى تۇغماس بولغىنىغا قارىماي ئەر-خوتۇن ئىككىسى ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا يەھيا ئەلەيھىسسالامنى تۇغدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-ئانىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتقان زات تۇغماس ئايالنى تۇغىدىغان قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ۋە پەزلىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ھەمىشە ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى، ھاجەتلىرىنى تىلەپ ئىلتىجا قىلاتتى.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿إِنَّهُمۡ كَانُواْ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَيَدۡعُونَنَا رَغَبٗا وَرَهَبٗاۖ وَكَانُواْ لَنَا خَٰشِعِينَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿إِنَّهُمۡ﴾ يەنى ﴿ئۇلار﴾ دېگەن ئالماشنىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى بۇ سۈرىدە ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان بارلىق پەيغەمبەر-لەرگە قايتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يەنە بەزىسى بۇ ئالماشنىڭ زەكەرىييا ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئايالى ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارغا قايتىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[1]. ئالدىنقىلارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەرلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىشاتتى، بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىمىزدىن قورقۇپ، بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى». چۈنكى، بۇ سۈرىدە بايان قىلىنغان پەيغەمبەر-لەرنىڭ قىسسىسى بۇ يەردە تاماملانغان. ئەمما بىز ﴿ئۇلار﴾ دېگەن ئالماش زەكەرىييا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-سىدىكىلەرگە قايتىدۇ، دېگەن مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىنى تاللىدۇق، چۈنكى، سۆز زەكەرىييا ئەلەيھىس-

[1] «تفسير القرطبي» 11- توم، 242- بەت.

ــسالامنىڭ ئائىلىســىدىكىلەر توغرۇلــۇق بولۇۋاتقــان ئىكــەن، ئايەتتــىن ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى بەكرەك كۈچلۈكتۇر.

﴿وَٱلَّتِيٓ أَحۡصَنَتۡ فَرۡجَهَا فَنَفَخۡنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا﴾ ئى پەيغەمبەر! ئىپپەت ئۆلگىسى ۋە ئۆزىنى ساقلاش بابىدا دۇنيا قىزلىرىغا نەمۇنە بولغان ھەزرىتى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ۋە نومۇسىنى شۇنداق ياخشى مۇھاپىزەت قىلغان قىز بولۇپ، بىز جىبرىلغا ئەمر قىلىۋىدۇق، جىبرىل بىز ئاتا قىلغان روھنى مەريەمگە پۈۋلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەريەم ئىيساغا ھامىلدار بولدى.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿فَنَفَخۡنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا﴾ دىگەن ئايەتتىكى ﴿فَنَفَخۡنَا﴾ يەنى ﴿پۈۋلىدۇق﴾ دىگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا جان كىرگۈزگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھىجر سۈرىسىدىكى﴿فَإِذَا سَوَّيۡتُهُۥ وَنَفَخۡتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُۥ سَٰجِدِينَ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا (مەن ياراتقان) روھمدىن پۈۋلىگەن (يەنى جان كىرگۈزگەن) چاغدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾ [1] دىگەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ[2]. ئەمما قۇرتۇبىي، بەغەۋىي قاتارلىق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ئالدىنقىسىنى كۈچلەندۈرگەن. يەنى ئايەتتىكى ﴿پۈۋلىدۇق﴾ دىگەن سۆز ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿وَجَعَلۡنَٰهَا وَٱبۡنَهَآ ءَايَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى بىز مەريەمنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسانى ئالەملەر ئۈچۈن بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان دەلىل قىلدۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتقان بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا ۋە ئانىنىڭ ۋاستىسىسىز ھالدا ياراتقان. شۇڭا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى مۆجىزە ۋە دۇنيا خەلقىگە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل-ئىسپاتتۇر. ھەزرىتى مەريەم پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن سانالمىسىمۇ، ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئانىسى بولغانلىقى يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ قىسسىسى بۇ سۈرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىغا ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈلگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئايال دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتىدۇر. پەيغەمبەر

[1] ھىجر سۈرىسى: 29-ئايەت.

[2] «التفسير الواضح» 2- توم، 554- بەت.

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الدُّنْيَا مَتَاعٌ وَخَيْرُ مَتَاعِ الدُّنْيَا الْمَرْأَةُ الصَّالِحَةُ » يەنى «دۇنيا مەنپەئەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى سالىھ ئايالدۇر»[1].

2. ياخشىلىقتا بەسلىشىش ئۇلگىلىك ئەزىمەتلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى شۇ زامانلارنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ هالدا مەيدانغا كەلگەن.

## ◄ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق غايىسى

﴿إِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُونِ ﴿٩٢﴾
وَتَقَطَّعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡۖ كُلٌّ إِلَيۡنَا رَٰجِعُونَ ﴿٩٣﴾ فَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ فَلَا كُفۡرَانَ لِسَعۡيِهِۦ وَإِنَّا لَهُۥ كَٰتِبُونَ ﴿٩٤﴾
وَحَرَٰمٌ عَلَىٰ قَرۡيَةٍ أَهۡلَكۡنَٰهَآ أَنَّهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿٩٥﴾ حَتَّىٰٓ إِذَا فُتِحَتۡ
يَأۡجُوجُ وَمَأۡجُوجُ وَهُم مِّن كُلِّ حَدَبٖ يَنسِلُونَ ﴿٩٦﴾ وَٱقۡتَرَبَ ٱلۡوَعۡدُ
ٱلۡحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَٰخِصَةٌ أَبۡصَٰرُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَٰوَيۡلَنَا قَدۡ كُنَّا فِي
غَفۡلَةٖ مِّنۡ هَٰذَا بَلۡ كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٩٧﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

92ـ(ئى ئىنسانلار!) شەكسىزكى، سىلەرنىڭ دىنىڭلار (ئىسلامدىن ئىبارەت) بىرلا دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، شۇڭا سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار.

93ـئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دىن) ئىشىدا پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر.

94ـكىمكى مۇئمىن بولغان ھالدا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشى زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، بىز ئۇنى يېزىپ تۇرىمىز.

95ـبىز ھالاك (قىلىشنى ھۆكۈم) قىلغان يۇرت ئاھالىسىنىڭ (ئىمانغا) كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

---

[1] «صحيح مسلم» 1467ـ ھەدىس.

96ـ نىھايەت، يەجۇج ـ مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ.

97ـ ھەق ۋەدە (قىيامەت) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) «ۋاي ئىسىت بىزگە! بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قاپتۇق، بەلكى بىز (ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز) زۇلۇم قىپتۇق» (دەپ كېتىدۇ).

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىققا ئالدىرايدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ھەمىشە دۇئا قىلىدىغان، ئۇنىڭ ياردىمىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ تايىنىدىغان، ئۇنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ بويسۇنىدىغان زاتلار ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىسىنىڭ دىنى ئاللاھ تائالاغىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىدىغان خالىس تەۋھىد دىنى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىغا ئىشارەت قىلغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بىلەن بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى، دەۋەت يولى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن ساماۋى دىن بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ دىنىڭلار بىرلا دىن بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاقىرغان ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام ئۈممىتى سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلاردۇر. مەن سىلەرنىڭ يېگانە رەببىڭلارمەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ماڭا ھېچ كىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىڭلار، ئۇنىڭغا كەلگەن ئىسلام دىنىغا چىڭ ئېسىلىڭلار. سىلەر ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ دىننى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇ يولدىن ئېزىپ كەتمەڭلار، بۇ دىننى تاشلاپ باشقا نەرسىلەرنى دىن قىلىۋالماڭلار، باتىل دىنلارنى قوبۇل قىلماڭلار. بۇ دىن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن ساماۋى دىننى تاماملىغان، ئۇنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋە مەقسىتىنى ئورۇندىغان مۇكەممەل دىنىدۇر. ﴿قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ كَلِمَةٍ سَوَآءٍۭ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِۦ شَيْـًٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِّن دُونِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُولُوا۟ ٱشْهَدُوا۟ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) «ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش،

ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر خىل (تەۋھىد) كەلىمىسىگە كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، سىلەر بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دەڭلار﴾[1] .

﴿ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دىن) ئىشىدا پىرقە-پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتقۇچىلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنسانلار دىندا ئىختىلاپلىشىپ ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ خۇددى بىر پۈتۈن نەرسىنى پارچە-پارچە قىلىپ بۆلۈۋەتكەندەك يامان بىر ئىشنى سادىر قىلدى. ئۇلار شۇنداق بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ سائادىتىنى بەختسىزلىككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار بۇ دۇنيادا شۇنداق ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ، ئۇ جايدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۇلار بۆلۈنگەندەك بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ خەتىرىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

مۇئمىن بولغان ھالىتىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۆتكەنلەر قىيامەت كۈنىدە بۇ دۇنيادىكى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تولۇق بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى پەرىشتىلەرنىڭ دەپتىرىگە يېزىلغان بولىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئوڭ قولىغا بېرىلىدۇ. ﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا﴾ يەنى ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ﴾ [2].

مۇپەسسىرلەر ﴿وَحَرَٰمٌ عَلَىٰ قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَـٰهَآ أَنَّهُمْ لَا يَرْجِعُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿لَا يَرْجِعُونَ﴾ يەنى ﴿قايتىشى مۇمكىن ئەمەس﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە بەغەۋىي ۋە جەزائىرىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «ئۇلارنىڭ بۇ دۇنياغا قايتا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە تەبەرىي، قۇرتۇبىي، زەمەخشەرىي ۋە فەخرۇددىن رازىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەر «ئۇلارنىڭ ئىمانغا

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 64-ئايەت

[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 47-ئايەت.

كېلىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ مەنە ئېيتقان. بىز ئاخىرقىسىنى تاللىدۇق. چۈنكى، ئۆلگەنلەرنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇڭا ئۇلارنى قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ بايان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك. بۇنىڭغا بىنائەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: «ئاللاھ تائالا بىرەر قەۋمنىڭ ھىدايەت تاپمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، تا قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئىمانغا كېلىشى ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس».

«﴿يەجۇج-مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، قىيامەت قايىم بولغاندا جىمى خالايىق خۇددى يەجۇج-مەجۇجغا ئوخشاش قەبرىلىرىدىن چىقىپ ھەر تەرەپتىن ئالدىراپ كېلىشىدۇ. مانا بۇ قىيامەت كۈندىكى تىرىلىشنىڭ تەسۋىرىدۇر. بۇ مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىدۇر.

بەزى تەپسىرلەردە يەجۇج بىلەن مەجۇج توسمىسى مۇشۇ دۇنيادا ئېچىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىنغان. بۇ تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، يەجۇج بىلەن مەجۇج توسمىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار دۇنياغا تارقىلىپ بارغانلا يەرلىرىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلغان.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي يەجۇج-مەجۇجنىڭ چىقىشى مۇشۇ دۇنيادا بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ چىقىشى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، دېگەن قاراشنى كۈچلەندۈرگەن»[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىن ئىسلام بولۇپ، بۇ دىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كامالىغا يەتكەن ۋە تا قىيامەتكىچە بارچە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشقا تاللانغان.

2. ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانغا يارىشا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنزىلگاھى چوقۇم ئېسىل جەننەتلەر بولىدۇ.

[1] «تفسير الطبري» 18- توم، 527- بەت.

3. ئاللاھ تائالا ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلغان قەۋمگە تەۋبە قىلىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمەستىن، تۇيۇقسىز ھالاك قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، مۇنداق قەۋم ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھالاكىتىگە ئۆزلىرى سەۋەب بولغان بولىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

﴿إِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمۡ لَهَا وَٰرِدُونَ
٩٨ لَوۡ كَانَ هَٰٓؤُلَآءِ ءَالِهَةٗ مَّا وَرَدُوهَاۖ وَكُلّٞ فِيهَا خَٰلِدُونَ ٩٩ لَهُمۡ
فِيهَا زَفِيرٞ وَهُمۡ فِيهَا لَا يَسۡمَعُونَ ١٠٠ إِنَّ ٱلَّذِينَ سَبَقَتۡ لَهُم مِّنَّا
ٱلۡحُسۡنَىٰٓ أُوْلَٰٓئِكَ عَنۡهَا مُبۡعَدُونَ ١٠١ لَا يَسۡمَعُونَ حَسِيسَهَاۖ وَهُمۡ
فِي مَا ٱشۡتَهَتۡ أَنفُسُهُمۡ خَٰلِدُونَ ١٠٢ لَا يَحۡزُنُهُمُ ٱلۡفَزَعُ ٱلۡأَكۡبَرُ
وَتَتَلَقَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ هَٰذَا يَوۡمُكُمُ ٱلَّذِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ١٠٣
يَوۡمَ نَطۡوِي ٱلسَّمَآءَ كَطَيِّ ٱلسِّجِلِّ لِلۡكُتُبِۚ كَمَا بَدَأۡنَآ أَوَّلَ خَلۡقٖ
نُّعِيدُهُۥۚ وَعۡدًا عَلَيۡنَآۚ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ ١٠٤ وَلَقَدۡ كَتَبۡنَا فِي ٱلزَّبُورِ مِنۢ
بَعۡدِ ٱلذِّكۡرِ أَنَّ ٱلۡأَرۡضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ ٱلصَّٰلِحُونَ ١٠٥ إِنَّ فِي هَٰذَا
لَبَلَٰغٗا لِّقَوۡمٍ عَٰبِدِينَ ١٠٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

98-(ئى مۇشرىكلار!) شەكسىزكى، سىلەر ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر.

99-ئەگەر (سىلەر چوقۇنۇۋاتقان) ئاشۇ نەرسىلەر ئىلاھ بولىدىغان بولسا، دوزاخقا كىرمىگەن بولاتتى. (چوقۇنغۇچى ۋە چوقۇنۇلغۇچى) ھەممىسى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

100-ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىپ تۇرىدۇ، (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ.

101-شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا، ئەنە شۇلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ.

**102**ـئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

**103**ـ(قىيامەتتىن ئىبارەت) ئەڭ چوڭ دەھشەتمۇ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالـ ـمايدۇ، پەرىشتىلەر: «مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (بەختلىك) كۈنۈڭلار- دۇر» دەپ ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ.

**104**ـئۇ كۈندە بىز ئاسماننى (خۇددى پۈتۈكچى) خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، بىز (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.

**105**ـلەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا): «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق.

**106**ـشەكسىزكى، بۇ قۇرئاندا (بايان قىلىنغان خەۋەر ۋە ۋەز-نەسىھەتلەردە، ئاللاھقا لايىقىدا) ئىبادەت قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىبرەت بار.

### ◄ تەپسىرى

ئەي مۇشرىكلار! سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇت، شەيتان، ھايۋان، يۇلتۇز قاتارلىق نەرسىلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولىسىلەر. ﴿فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾ [1].

ئاشۇ مۇشرىكلارنىڭ «ئىلاھلىرىمىز» دەپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ئەمەلىيەتتە ئىلاھ بولىدىغان بولسا ۋە ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈشكە ياكى ئۇلارنى زىياندىن قوغداشقا قادىر بولسا ئىدى، ئۇ مۇشرىكلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئاتالمىش ساختا ئىلاھلىرى ھەرگىز دوزاخنىڭ يېقىلغۇسى بولمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالىنىدۇ. ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن ۋە ئۇلار ھەممىشە پەرياد چېكىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار پەريادتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان گاس، گاچىلاردەك بولۇپ قالىدۇ. ﴿وَنَحۡشُرُهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَلَىٰ وُجُوهِهِمۡ عُمۡيٗا وَبُكۡمٗا وَصُمّٗاۖ مَّأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ كُلَّمَا خَبَتۡ زِدۡنَٰهُمۡ سَعِيرٗا﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 24ـئايەت.

ئۇلارنى يۈزىچە سۆرەپ، كور، گاچا، گاس ھالىتىدە يىغىمىز. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، ھەرقاچان (جەھەننەمنىڭ ئوتى) پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا ئوتنىڭ يالقۇنىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز﴾[1]. مانا بۇ كاپىرلىقنىڭ، مۇشرىكلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ئەمما ئاللاھ تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىماننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ. باشقىلار ئۇلارغا چوقۇنغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار چوقۇنغانلار توغرۇلۇق جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى، خىرىستىيانلار ئىلاھ قىلىپ چوقۇنۇۋاتقان ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھۇدىيلار چوقۇنۇۋاتقان ئۇزەيرىنىڭ، شىئەلەر چوقۇنۇۋاتقان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ بەزى مۇشرىكلار چوقۇنۇۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلارنىڭ ھېچبىر گۇناھى يوق. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿شەكسىزكى، بىز تەرەپتىن سائادەتكە تېگىشلىك بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەنلەر بولسا، ئەنە شۇلار دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئېسىل جەننەتلەردە بولىدۇ، دوزاختىن ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازلىرىدىن ئەلۋەتتە يىراق قىلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە كۆڭلى تارتقان نازۇنېمەتلەر بىلەن مەڭگۈلۈك ھۇزۇرلىنىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَبۡشِرُواْ بِٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ۝٣٠ نَحۡنُ أَوۡلِيَآؤُكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَشۡتَهِيٓ أَنفُسُكُمۡ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ ۝٣١ نُزُلٗا مِّنۡ غَفُورٖ رَّحِيمٖ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىماندا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن ھازىردۇر. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾ [2] .

[1] ئىسرا سۈرىسى: 97-ئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 30-32-ئايەتلەر.

ئۇلارغا جەننەتلەردە ھېچقانداق قورقۇنچ ياكى غەم-قايغۇ بولمايدۇ، بۇ دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرىگە قىلچە ھەسرەت چەكمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلارغا ئاخىرەتتە دۇنيادىكىسىدىن ياخشىسى بېرىلىدۇ، ئۇلار باشقىلار ئۇچرىغان قورقۇنچلۇق قىسمەتلەرگە ئۇچرىمايدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ چىرايلىق ۋە ئىللىق سالاملىرىغا جاۋاب بېرىپ، كۆڭۈل ھۇزۇرى بىلەن نېمەتلىرىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ﴿وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَٱدْخُلُوهَا خَٰلِدِينَ﴾ يەنى ﴿جەننەتكە مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە سالام، خۇش كەپسىلەر، جەننەتكە مەڭگۇ تۇرۇش ئۈچۈن كىرىڭلار» دەيدۇ﴾ [1] . پەرىشتىلەر يەنە ئۇلارغا: ﴿مانا بۇ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان(بەختلىك) كۈنۈڭلاردۇر﴾ دەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنىدە، ئاللاھ تائالا ئاسمانني خۇددى پۈتۈكچى خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك تۈرۈپ يۆگىگەن چاغدا بولىدىغان ئىشلاردۇر. يۇقىرىقى: ﴿ئۇ كۈندە بىز ئاسماننى (خۇددى پۈتۈكچى) خەت يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئىپادىلەيدىغان تەسۋىردۇر. قىيامەت كۈندە ئاسمانلار يېيىلغان ھالىتىدىن تۈرۈپ يىغىۋېلىنىدۇ، ئىنسانلار قايتىدىن ھاياتلىققا قايتۇرۇلىدۇ. خۇددى ئىلگىرى ئۇلارنى يوقتىن بار قىلغاندەك، ئۇلار ئۆلۈپ تۇگەپ بەدەنلىرى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ھاياتلىققا قايتۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەممىسى تولىمۇ ئاسان بولۇپ، يوقتىن بار قىلىشقا قارىغاندا، بارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش تېخىمۇ ئاساندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈندە بارلىق ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى ھەقتۇر ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشقۇچىدۇر.

﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِى ٱلزَّبُورِ مِنۢ بَعْدِ ٱلذِّكْرِ أَنَّ ٱلْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِىَ ٱلصَّٰلِحُونَ﴾

دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱلْأَرْضَ﴾ دېگەن سۆزنى بەزى مۇپەسسىرلەر «جەننەت زېمىنى» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئايەتنى: «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا ئەزەلدە يازغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلىرىمىزدىمۇ، ‹جەننەتكە مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ› دەپ يازدۇق. ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋە ھاياتىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن تەقۋادار مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىدىغانلار بولۇپ، خۇددى بالا

[1] زۇمەر سۈرىسى: 73-ئايەت.

ئاتىدىن مال-دۇنيانى مىراس ئېلىپ ۋارىسلىق قىلغاندەك ئۇلارمۇ جەننەتكە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە شۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە بايان قىلىنغان ﴿ٱلۡأَرۡضَ﴾ دېگەن سۆزدىن كاپىرلارنىڭ يەر-زېمىنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ سەلتەنەت قۇرغان مۇئمىنلەر كاپىرلارنىڭ يەر- زېمىنلىرىنى پەتھى قىلىپ، ئۇ جايلاردا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ئىززەت ۋە شەرەپ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى سەلتەنەتلىك قىلىدۇ. ئەمما بىز «قۇرئان كەرىم»دە تەرىپلەنگەن ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولالىدۇقمۇ-يوق؟ بىز ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان دەرىجىدە مۇئمىن بولالىدۇقمۇ-يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

ئايەتتىكى ﴿ٱلۡأَرۡضَ﴾ نى جەننەت دەپ تەپسىر قىلغانلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە تايانغان. تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىر قۇرتۇبىي ۋە تەپسىر ئىبنى كەسىر قاتارلىق تەپسىرلەردىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ تەپسىرى كۈچلەندۈرۈلگەن.

ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت بىزگە ئىلاھىي قانۇنىيەتنى بايان قىلىپ بەرمەكتە. سالىھ بەندىلەر كىملەر؟ ئاللاھ بۇ دۇنيا ئۈچۈن مۇئەييەن قانۇنىيەت، ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بەلگىلىگەن. سالىھ بەندىلەر-زېمىنىنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ۋە ئىقتىدارىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىق-لىرىنى ھەل قىلىدىغان، يەر يۈزىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن كائىنات قانۇنىيەتلىرى ئىچىدە شۇنداق بىر قانۇنىيەت بار بولۇپ، ئۇ ‹ئىشلىگەن چىشلەيدۇ› دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ھاياتتا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى بىلىدىغان، بېرىلىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر غەلىبە قىلىدۇ. يەر يۈزىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئەلۋەتتە كۈچلۈك بولغانلاردۇر. ھەر كۈنى تولۇق سەككىز سائەت ئىشلەيدىغان ئىنسانلار بىلەن ھەر كۈنى ئون يەتتە مىنۇتلا ئىشلەيدىغان ئىنسانلار ئوخشاشمۇ؟ كېيىنكىلەرنى

ئالدىنقىلاردىن كۈچلۈك دېگىلى بولامدۇ؟ ياق! شەكسىزكى، كۈندە سەككىز سائەت تولۇق ئىشلەيدىغانلار كۈندە ئون يەتتە مىنۇت ئىشلەيدىغانلاردىن ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر. شۇڭا دەيمىزكى، دۇنيانى كۈچلۈكلەر باشقۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا كۈچلۈك بولۇشنىڭ مەلۇم قانۇنىيىتى بار بولۇپ، ئۇ ئىشلەشتۇر. ئەگەر سىز بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلمىسىڭىز، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالىسىز. ئاخىرەتنىڭ قانۇنىيىتى باشقا، بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى باشقىدۇر. مۆئمىنلەرنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى بار. ئەگەر ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، ئۇلار بۇ دۇنياغا ئىگە بولالمايدۇ، ئەمما ئىماننىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. كۆرۈۋاتىمىزكى، ھېچقانداق بىر دىننى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىنسانلار يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار ھازىر دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈكلىرى بولۇپ تۇرماقتا. دىنىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ دۇنيالىققا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار ئۇلار قىلغان ئىشلارنى قىلالمايۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ﴿لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندىن كېيىن، زەبۇردا (يەنى ساماۋى كىتابلاردا) : «زېمىنغا چوقۇم مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ يازدۇق﴾ دېدى. مۆئمىنلەر ئەگەر ئۆزىدە يەر يۈزىنى ئىدارە قىلىشقا لاياقەت ھازىرلىيالىسا، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنى يەر يۈزىگە ئىگە قىلىدۇ. ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۇز-لىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...﴾[1].

ئەگەر مۆئمىنلەر باشقىلاردەك ئىشلىمىسە، ھورۇنلۇق قىلسا، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋەزىپىنى جارى قىلدۇرالمىسا، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە ئىشلىمىسە، ئۇلار ئاجىزلاردىن بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ كەمچىلىكىنىڭ ۋابالىنى تارتىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا ئىشلەيدىغانلار قازىنىدىغان جايدۇر. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلْإِنسَٰنُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَىٰ رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَٰقِيهِ﴾

[1] نۇر سۈرىسى: 55ـ ئايەت.

يەنى ﴿ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭنىڭ ئالدىغا بارغانغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن، ئاندىن ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن﴾ [1].

ئاخىرەت ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىغان جايدۇر. ﴿لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَآءُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇ يەردە ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بار﴾[2].

ئىمان، ئىستىقامەت (دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش) ۋە ياخشى ئەمەل ئاخىرەتلىك دەسمايىلەردۇر. بىر مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالاغا چىن ئىمان ئېيتقان، ئىستىقامەتتە مۇستەھكەم بولغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ، دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم بۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىشقا لاياقەتلىك بولمىسا، ئۇ ھەرگىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشقا ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە لاياقەتلىك بولالمايدۇ. شۇڭا ئەگەر سىلەر كۈچلۈك بولۇشنى خالىساڭلار، سىلەرنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىشقا لاياقەتلىك بولۇشۇڭلار شەرتتۇر»[3].

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن ۋە كائىناتتا بېكىتكەن قانۇنىيەت بويىچە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرى بولىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ دۇنيادا كۈچلۈك، ئاخىرەتتە ھۆرمەتلىك بولىدۇ. بۇ دۇنيادا كۈچلۈك بولغانلار باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلمەيدۇ، بوزەك قىلىنمايدۇ، خارلانمايدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلار جەننەتكە ۋە ئىززەت-ئىكرامغا نائىل بولىدۇ.

سۈرىنىڭ بېشىدىن بۇ يەرگىچە بولغان بايانلاردا ئاللاھ تائالا بىزنىڭ نەزىرىمىزنى ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالا-مەتلەرگە قاراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىز ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەتلەر بار. ئەمما بۇ بايانلاردىن پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چىنپۈتكەن مۇئمىنلەرلا مەنپەئەت ئالالايدۇ.

---

[1] ئىنشىقاق سۈرىسى: 6-ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 31- ئايەت.

[3] ئەللامە مۇھەممەد راتىب نابلۇسىينىڭ 2004-يىلى 10- ئاينىڭ 30- كۈندىكى لېكسىيە سىدىن .

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇلغان ساختا ئىلاھلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچقانداق بىر ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقى، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، يەنىلا بەزى ئىنسانلار شەيتانلارغا ئالدىنىپ كېتىدۇ.

2. ياخشىلارغا تەييارلانغان جەننەتلەر مەڭگۈلۈك ئارامگاھلار بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرگەنلەر زېرىكىپ قالمايدۇ، كۆڭۈلسىزلىك تارتمايدۇ، ھەمىشە ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە بولىدۇ.

3. قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن ئانىدىن تۇغۇلما ھالدا تىرىلىپ چىقىدۇ ۋە ھېساب مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

4. تەقۋادار مۇئمىنلەر ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغىنىدەك، ئەگەر دۇنياغا ئىگە بولۇشقا لاياقەتلىك بولۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئىشقا سالالىسا، يەر يۈزىنىڭ سەلتەنىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەرگە رەھمەت ئىكەنلىكى

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ١٠٧ قُلۡ إِنَّمَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ أَنَّمَآ
إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ فَهَلۡ أَنتُم مُّسۡلِمُونَ ١٠٨ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقُلۡ
ءَاذَنتُكُمۡ عَلَىٰ سَوَآءٖۖ وَإِنۡ أَدۡرِيٓ أَقَرِيبٌ أَم بَعِيدٞ مَّا تُوعَدُونَ ١٠٩
إِنَّهُۥ يَعۡلَمُ ٱلۡجَهۡرَ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ وَيَعۡلَمُ مَا تَكۡتُمُونَ ١١٠ وَإِنۡ أَدۡرِي
لَعَلَّهُۥ فِتۡنَةٞ لَّكُمۡ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ١١١ قَٰلَ رَبِّ ٱحۡكُم بِٱلۡحَقِّۗ
وَرَبُّنَا ٱلرَّحۡمَٰنُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ ١١٢﴾

### تەرجىمىسى

107-(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.

108-ئېيتقىنكى، «ماڭا ‹سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار پەقەت بىرلا ئىلاھتۇر› دەپ ۋەھيى كېلىپ تۇرىدۇ، ئەمدىغۇ بويسۇنارسىلەر؟» دېگىن.

109-ئەگەر ئۇلار (يەنىلا ئىماندىن) باش تارتسا، ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە

(ھەقىقەتنى) ئوخشاشلا ئۇقتۇردۇم، سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان (ئازاب) يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ؟ بىلمەيمەن.

110-شەكسىزكى، ئاللاھ ئاشكارا سۆزنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن-غانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

111-مەن بىلمەيمەن، بەلكى (بۇ ئازابنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى) سىلەر ئۈچۈن بىر سىناق ۋە ۋاقتلىق پايدىلىنىش بولسا كېرەك».

112-(پەيغەمبەر ئېيتتى) «ئى رەببىم! (بىز بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، بىزنىڭ رەببىمىز رەھمان ئاللاھتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ بوھتان سۆزلىرىڭلارغا قارشى ياردەم تىلىنىدىغان زاتتۇر».

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىن مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى جازاسى بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتىغا دائىر ھەقىقەتلەرنى، شۇنداقلا ياخشى ئاقىۋەت مۆئمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بۇ ئايەتلەردە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارچە ياخشىلىقلار-نىڭ ئۈلگىسى ۋە پۈتكۈل ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن رەھمەت پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرۇلۇق بايانلارنى ئۆگىنىمىز.

## ◄ تەپسىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئالەملەرگە رەھمەت (يەنى ياخشىلىق يەتكۈزگۈچى) قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت بولغانلىقى سىرتىدا، بارلىق جان ئىگىسى ئۈچۈنمۇ رەھمەتتۇر. ئۇنىڭ رەھمىتى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا بارلىق مەۋجۇداتقا يېتىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «فِي كُلِّ ذَاتِ كَبِدٍ رَطْبَةٍ أَجْرٌ» يەنى «ھەربىر جان ئىگىسىگە ياخشىلىق قىلىش ساۋابلىقتۇر»[1] دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھەتتا كاپىرلارمۇ، ھايۋانلارمۇ، ئۇچارقاناتلارمۇ، تەبىئەتمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. «الطُّهُورُ شَطْرُ الْإِيمَانِ» يەنى «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[2] دېگەن بۇ ھەدىس شەخسىي ۋە ئاممىۋى تازىلىققا بۇيرۇش

---

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 132-بەت، 2466-ھەدىس.

[2] «مسند الإمام أحمد» 37- توم، 542-بەت.

بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئەتنى ئاسراشقا ۋە ئۇنى قوغداشقا بۇيرۇيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت رەھمەت پەيغەمبىرىگە ئۈممەت بولغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇنداق دەپ بىلمىسە، ئۇ ئادەمنىڭ رەھمەت پەيغەمبىرىگە ئۈممەت بولغىنى ساختا بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ اللّٰهَ كتَبَ الإحسانَ على كلِّ شيءٍ ، فإذا قتَلتُم فأَحْسِنواْ القِتْلةَ ، وإذا ذبَحتُم فأَحْسِنواْ الذَّبْحَ ، ولْيُحِدَّ أحَدُكم شَفْرتَه ، ولْيُرِحْ ذَبيحتَه» يەنى «ھەقىقەتەن ئاللاھ ئېھساننى جىمى نەرسىلەرگە پۈتۈۋەتكەن. شۇڭا سىلەر بىرەر جانلىقنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، ئۇنى قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇزلىماقچى بولساڭلار، پىچاقنى ئوبدان بىلەڭلەر ۋە مالنىڭ جېنىنى قىينىماي بوغۇزلاڭلار»[1].

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةً لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سېنى بىز ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتلىك قانۇن-تۈزۈملىرىدىن جىمى ئالەملەر بەھرىمەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلاردىن مۇسۇلمان بولغانلىرى ئىككى دۇنيالىق سائادەتلىرىنى تاپقان بولىدۇ. مۇسۇلمان بولمىغانلىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەتلىك قانۇن-تۈزۈملىرى سايىسىدا زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھىمدىللىقىدىن، شەپقىتىدىن ۋە ئادالىتىدىن ھەر زامان بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلاردىن ياخشىلىق كۆرىدۇ.

ھايۋانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئالىيجانابلىقى، گۈزەل پرىنسىپلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ رەھىمدىللىقى سايىسىدا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غُفِرَ لِامْرَأَةٍ مُومِسَةٍ ، مَرَّتْ بِكَلْبٍ عَلَى رَأْسِ رَكِيٍّ يَلْهَثُ ، قَالَ: كَادَ يَقْتُلُهُ العَطَشُ ، فَنَزَعَتْ خُفَّهَا ، فَأَوْثَقَتْهُ بِخِمَارِهَا ، فَنَزَعَتْ لَهُ مِنَ المَاءِ ، فَغُفِرَ لَهَا بِذَلِكَ» يەنى «ئىت سەۋەبلىك بىر بۇزۇق ئايالنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى. ئۇ ئايال كېتىۋاتقىنىدا بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئىت ئۇسسۇزلۇقتىن

[1] «صحيح مسلم» 1955 ـ ھەدىس

ئۆلۈم گىردابىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئايال ئايىغىنى چىقىرىپ، ئۇنى ياغلىقى بىلەن چىڭ باغلىدى، ئاندىن ئايىغىنى قۇدۇققا سېلىپ سۇ تارتىپ چىقىپ، ھېلىقى ئىتنى سۇغىرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «عُذِّبَتْ امْرَأَةٌ فِي هِرَّةٍ سَجَنَتْهَا حَتَّى مَاتَتْ فَدَخَلَتْ فِيهَا النَّارَ لَا هِيَ أَطْعَمَتْهَا وَسَقَتْهَا إِذْ حَبَسَتْهَا وَلَا هِيَ تَرَكَتْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الْأَرْضِ» يەنى «بىر ئايال بىر مۈشۈك توغرۇلۇق ئازابقا تېگىشلىك بولدى، ئۇ ئايال مۈشۈكنى نان ياكى سۇ بەرمەي سولاپ قويغان بولۇپ، مۈشۈك بۇ سەۋەبتىن ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال دوزىخى بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇ مۈشۈكنى قويۇپ بەرگەن بولسا زېمىننىڭ ھاشارەتلىرىدىن يېگەن بولاتتى» [2] . بۇ ھەدىسلەر ئىسلام دىنىنىڭ ھايۋانلارغا قانچىلىك رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ سايىسىدا ئىنساندىن باشلاپ ھايۋانلارغا قەدەر، بارچە مەخلۇقات ئامانلىق ۋە ئاسايىش ئىچىدە ياشايدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجىزلارغا ياردەم قىلغان، زالىملارغا ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ غەلىبە قىلغان، بايدىن پېقىرنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگەن، ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن باشقىلارنى قانۇن ئالدىدا ئوخشاش تۇتقان، ئادالەتنى، ئېھسانىنى، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشنى، پېقىرلارغا ياردەم قىلىشنى ئومۇملاشتۇرغان ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ئۇلۇغ كىتاب -«قۇرئان كەرىم»دۇر. «قۇرئان كەرىم» ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى، توغرا يولنىڭ دەستۇرى ۋە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، بۇ كىتاب ئۆزىدىكى ئىلىم-ھېكمەت ۋە قىممەتلىك دۇردانىلار بىلەن ئەرەبلەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى سايىسىدا دۇنيادا ئىلىم- مەرىپەتنىڭ مەشئىلى پارلىدى. ئاۋۋال شەرقتە، ئاندىن غەربتە ئىلىم-مەرىپەت مۇنبەرلىرى تىكلەندى. مۇسۇلمانلاردا ئىلىم-مەرىپەت تازا گۈللەنگەن ئەسىرلەردە غەرب دۇنياسى جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇقتا ئىدى. مۇسۇلمانلار

---

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 130-بەت، 3321-ھەدىس.

[2] «شرح النووي على مسلم» 1- توم، 440- بەت، 2242-ھەدىس.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ قويغان ۋە ھازىر ئىسپانىيە دەپ ئاتالغان ئەندەلۇس دۆلىتىدە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئابىدىلىرىنى تىكلىگەن ئىدى. ھازىرقى غەربلىكلەر بۇنىڭ سايىسىدا ئىلىم-مەرىپەتكە يۈزلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلىنىشى سەۋەبلىك ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات نۆۋىتىنى ئالغان خەلقلەردۇر. ئاللاھ تائالا ﴿وَتِلْكَ ٱلْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ ٱلنَّاسِ﴾ يەنى ﴿بۇنداق كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز﴾ [1] دېگەن.

ئەمما ئىسلام ياشلىرىدىن ئۈمىد كۈپتۇر، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئىسلام ئەھلىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئىنسانىيەتكە ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن شۇنداق دەيدۇكى، ئى ئىنسانلار! كېلىڭلار، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى، مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بۇ دىن ھەقتۇر، ئۇ ناھايىتى ئىلغار دىن بولۇپ، ماڭا «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى كېلىدۇ.

سىلەر بۇ بايانلاردىن كېيىن ئەمدى قايىل بولدۇڭلارمۇ؟ سىلەر مۇسۇلمان بولامسىلەر قانداق؟ يەنى سىلەر ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا ۋە توغرىلىقىغا ئىشەندىڭلار، ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە بويسۇنىدىغان، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇڭلار.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە رەببىمدىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزدۈم. ئەگەر سىلەر يەنىلا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرگە چوقۇم قاتتىق ئازاب يۈزلىنىدۇ. ئەمما سىلەرگە يۈزلىنىدىغان بۇ ئازابنىڭ ۋاقتى قاچان ئىكەنلىكىنى مەنمۇ، سىلەرمۇ بىلمەيمىز. ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى، مەن سىلەرگە رەببىم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن غەيبتىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن. غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئاشكارا

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 140-ئايەت.

ۋە يوشۇرۇن تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يوشۇرۇنغانلىرىنى، سىلەرنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆچمەنلىكتىن ئىچىڭلاردا نېمىلەرنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاللاھ تائالا ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ.

سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى سىلەر ئۈچۈن بىر سىناقمۇ ياكى بۇ سىلەرنىڭ ئاخىرەتتە ھېسابىنى قىيىنراق بېرىشىڭلار ئۈچۈن بېرىلگەن گۇناھنى كۆپەيتىش پۇرسىتىمۇ؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەن ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئىنكار قىلغان قەۋمى ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىشىنى تىلىدى. ئاندىن ئۇ كاپىرلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: رەببىمىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنى ياراتقان، ياردەم تىلەشكە، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشقا تامامەن لايىق زاتتۇر، ئۇ سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىڭلاردىن ۋە سۈپەتلىگەنلىرىڭلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ھەممىمىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە ياخشىلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.

**2.** جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ۋە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان دىنىي مەسىلىلەرنى تولۇق يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

**3.** ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگەنلەر قەتئىي زىيان تارتمايدۇ.

**4.** بارچە جانلىقلارغا ياخشىلىق قىلىش مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر.

# ھەج سۈرىسى

ھەج سۈرىسى 78 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ 19 ـ ئايىتىدىن باشلاپ 24 ـ ئايىتىگىچە بولغان ئالتە ئايەت مەدىنىدە، قالغان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى، قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ خاتالىقىنى، ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەم توغرۇلۇق مەۋقەسىنى بايان قىلىدۇ، ئاندىن ھەج ئىبادىتىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ سۈرىدە ھەج ئىبادىتىنىڭ دەسلەپتە پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغانلىقى ۋە ئاخىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مۇكەممەل تۈس ئالغانلىقىغا دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرە «ھەج سۈرىسى» دەپ ئاتالغان.

### ◄ قىيامەتنىڭ دەھشىتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡۚ إِنَّ زَلۡزَلَةَ ٱلسَّاعَةِ شَيۡءٌ عَظِيمٞ ١
يَوۡمَ تَرَوۡنَهَا تَذۡهَلُ كُلُّ مُرۡضِعَةٍ عَمَّآ أَرۡضَعَتۡ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمۡلٍ
حَمۡلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَٰرَىٰ وَمَا هُم بِسُكَٰرَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ
ٱللَّهِ شَدِيدٞ ٢ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَيَتَّبِعُ

كُلَّ شَيْطَٰنٍ مَّرِيدٍ ۝٣ كُتِبَ عَلَيْهِ أَنَّهُۥ مَن تَوَلَّاهُ فَأَنَّهُۥ يُضِلُّهُۥ
وَيَهْدِيهِ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ۝٤

## تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1- ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بىر ھادىسىدۇر.

2- سىلەر ئۇنى كۆرگەن كۈندە، ھەربىر ئېمىتىۋاتقان (ئايال قورقىنىدىن) ئېمىۋاتقان (بوۋىقىنى) ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست ھالىتىدە كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر (شۇڭا ئۇلار ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ).

3- بەزى كىشىلەر ئاللاھ (نىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىق قۇدرىتى) توغرىسىدا دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە ھەربىر گەدەنكەش شەيتانغا ئەگىشىدۇ.

4- ئۇ (شەيتان) توغرۇلۇق شۇنداق بەلگىلەنگەنكى: «كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئەلۋەتتە ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە يالقۇنلۇق ئوت ئازابىغا باشلايدۇ».

## تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار! ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىش، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەش تەقۋالىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھەرقانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. قىسقىسى، تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن قورقۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىلا بارلىق ئىنسانىيەتنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇشقا، ئۇنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەشكە بۇيرۇغان. ئاندىن قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنى

ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا، قىلغان -ئەتكەنلىرىدىن سوراق قىلىنىدىغان قىيامەت كۈنىنى ئۇنتۇماسلىققا، ئۇ كۈننىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان. ئېنىقكى، قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشنىڭ يولى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشتۇر.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى ئىككى ئايەت بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشى بولغان كېچىسى نازىل بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ساھابىلىرىگە ئوقۇپ بەرگەندە، ساھابىلەر كۆز يېشى قىلىشقان. ھەتتا بەزى ساھابىلەر ‹بىز ئۇ كېچىدەك يىغا كۆپ بولغان كېچىنى كۆرمىدۇق› دېگەن»[1].

ئى ئىنسانلار! رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار. چۈنكى، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى تولىمۇ دەھشەتلىك ئىشتۇر. زىلزىلە-قاتتىق تەۋرىنىش دېگەنلىك بولۇپ، قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالدىدا كائىناتتا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق تەۋرىنىش يۈز بېرىدۇ. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازاب ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋە ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى قىيامەت قايىم بولۇشتىن بۇرۇن قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققاندا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىسى بۇ زىلزىلىنىڭ قىيامەت قايىم بولۇش بىللە باشلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر زىلزىلىنىڭ ئاخىرەت كۈنىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن ئۇ كۈندە ھەربىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال قاتتىق قورقۇپ كېتىپ تېڭىرقاپ قالغانلىقتىن ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايال بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئۇ كۈندە سەن ئىنسانلارنى مەست بولۇپ قالغان ھالەتتە كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست بولۇپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە گاڭگىراپ قالغانلىقتىن، ئۇلار شۇنداق مەستتەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئېغىر كاپىرلار ئازابنى تېتىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلارغا تەييارلىغان ئازابى ئىنتايىن قاتتىقتۇر. ﴿يَوۡمَ تَرۡجُفُ ٱلرَّاجِفَةُ ۝٦ تَتۡبَعُهَا ٱلرَّادِفَةُ ۝٧ قُلُوبٞ يَوۡمَئِذٖ وَاجِفَةٌ ۝٨ أَبۡصَٰرُهَا خَٰشِعَةٞ ۝٩﴾ يەنى ﴿(سۈر بىرىنچى قېتىم چېلىنىشى بىلەن) بارلىق شەيئىلەر تەۋرەپ

[1] «تفسير البغوي» 5-توم، 364-365-بەت، «التفسير الواضح» 2-توم، 564-بەت.

(ھالاك بولۇپ) كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۈر ئىككىنچى قېتىم چېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر). بۇ كۈندە (كاپىرلارنىڭ) دىللىرى قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىدۇ. (قورققۇ-چىلارنىڭ) كۆزلىرىدە خارلىق ئەكس ئېتىدۇ﴾ [1].

قىيامەتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق دەھشەتلىك تۇرسىمۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئازابىدىن قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇلغان تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ، بۇ دەھشەتلىك كۈندە سالامەتلىككە ۋە ئامانلىققا ئېرىشىشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە تىرىشمايدۇ، چوڭ-كىچىك بارلىق قىلمىشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ غەپلەت ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ.

ھەقىقەت خۇددى قۇياشتەك ئوچۇق ۋە ئاشكارا تۇرسىمۇ بەزى ئادەملەر ھېچبىر دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشتەك قۇدرىتى توغرۇلۇق بەس-مۇنازىرە قىلىشىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن توسىدىغان ئىنسانىي شەيتانلارنىڭ، ئازغۇن يولباشچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ شۇنداق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا شەيتانلارغا ۋە نەپسى خاھىشقا ئەگىشىشنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە چوڭ زىيانكارلىق ئىكەنلىكىنى خۇددى بازارلاردىكى تاۋار-لارنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويغان باھالارغا ئوخشاش ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشنى بىلمىگەنلەر، ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتمىگەنلەر بۇ قىممەتلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلىماي، ئازغۇنلارغا ئەگىشىپ دوزاخنىڭ يولىنى تاللىۋالىدۇ.

شەيتان توغرۇلۇق شۇنداق پۈتۈلۈپ كەتكەنكى، ئىنسانلاردىن كىمكى شەيتاننىڭ يولىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىدىكەن، شەيتان ئۇنى چوقۇم ئازدۇرۇپ كېتىدۇ ۋە دوزاخنىڭ يولىغا باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەيتانغا قەتئىي ئەگەشمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىقى لازىم. شەيتان ئۇنى بىرەر يامان ئىشقا ياكى بىرەر گۇناھنى سادىر قىلىشقا

[1] نازىئات سۈرىسى: 6-9-ئايەتلەر.

كۆشكۈرتكەندە، ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ شەيتانىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلىشى زۆرۈردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** قىيامەتنىڭ دەھشىتى ھەقىقەتەن قاتتىق بولۇپ، ئىنسانلار قورقۇنچىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقىلى تاس قالىدۇ.

**2.** ھەقىقەت ھەر زامان ئۈستۈندۇر، ئۇ باتىل ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

**3.** ئاللاھ تائالانى «قۇرئان كەرىم»دە ياكى ھەدىسلەردە كەلگەن بويىچە تونۇش لازىم. ئاللاھ تائالانى بۇ ئىككى مەنبەدە كەلمىگەن ئىسىملار ۋە سۈپەتلەر بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ.

**4.** شەيتانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغانلار ئەگەر تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتمىسا، ئاقىۋىتى دوزاخ بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

### ◄ تىرىلىش دەلىللىرى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٖ مِّنَ ٱلۡبَعۡثِ فَإِنَّا خَلَقۡنَٰكُم
مِّن تُرَابٖ ثُمَّ مِن نُّطۡفَةٖ ثُمَّ مِنۡ عَلَقَةٖ ثُمَّ مِن مُّضۡغَةٖ مُّخَلَّقَةٖ وَغَيۡرِ
مُخَلَّقَةٖ لِّنُبَيِّنَ لَكُمۡۚ وَنُقِرُّ فِي ٱلۡأَرۡحَامِ مَا نَشَآءُ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى ثُمَّ
نُخۡرِجُكُمۡ طِفۡلٗا ثُمَّ لِتَبۡلُغُوٓاْ أَشُدَّكُمۡۖ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّىٰ وَمِنكُم
مَّن يُرَدُّ إِلَىٰٓ أَرۡذَلِ ٱلۡعُمُرِ لِكَيۡلَا يَعۡلَمَ مِنۢ بَعۡدِ عِلۡمٖ شَيۡـٔٗاۚ وَتَرَى
ٱلۡأَرۡضَ هَامِدَةٗ فَإِذَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡهَا ٱلۡمَآءَ ٱهۡتَزَّتۡ وَرَبَتۡ وَأَنۢبَتَتۡ
مِن كُلِّ زَوۡجِۭ بَهِيجٖ ٥ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ وَأَنَّهُۥ يُحۡيِ ٱلۡمَوۡتَىٰ
وَأَنَّهُۥ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ٦ وَأَنَّ ٱلسَّاعَةَ ءَاتِيَةٞ لَّا رَيۡبَ فِيهَا وَأَنَّ
ٱللَّهَ يَبۡعَثُ مَن فِي ٱلۡقُبُورِ ٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

5-ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن شەكلەن-

ـسەڭلار، (شۇنى بىلىڭلاركى) بىز سىلەرگە قۇدرىتىمىزنى بايان قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنى تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىيدىن، ئاندىن ئەلەقتىن[1]، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن گۆش پارچىسىدىن ياراتتۇق. بىز (تۇغۇلۇشىنى) خالىغان تۆرەلمىنى بالىياتقۇدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇ-رىمىز، ئاندىن سىلەرنى بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. ئاندىن سىلەرنىڭ قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن (سىلەرنى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، بەزىڭلار ياش تۇرۇپلا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كەتكۈچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) سەن زېمىننىڭ قاقاس ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ، كۆپىدۇ ۋە تۇرلۇك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ.

6-بۇ ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى چوقۇم تىرىلدۈرە-لەيدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىگە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى (سىلەرگە بىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر).

7-شۇنداقلا قىيامەتنىڭ كېلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىكەنلىكىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى (بىلدۈرۈش ئۈ-چۈندۇر).

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار!

ئايەتتىكى خىتاب ھەر زاماندىكى ۋە ھەر جايدىكى ئىنسان جىنسىغا قارىتىلغان ئومۇمىي خىتاب بولۇپ، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قارىتا شەكلىنىپ قالغانلار ئۈچۈن بىر مۇنازىرىدۇر. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرى: ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىنى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن، ھەتتا باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ

[1] ئەلەق-ئېسىلغان، مۇئەللەقتە قالغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئانىنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگەن مىليونلارچە ئۇرۇق ئىچىدىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ بالىياتقۇ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىرقى زاماندا بايقالغان مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان چاغلاردا ئىنسانلار بۇنى بىلمەيتتى.

كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى كىم ئەسلىگە قايتۇرۇپ قايتىدىن ئىنسان قىلالايدۇ؟ يەنە تېخى ئادەم بەدىنى كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتكەن ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنى كىم ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنكارچىلارنىڭ بۇ سەپسەتىلىرىگە ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بېرىپ، ئۇلارغا قارشى پولاتتەك كۈچلۈك دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ﴿وَإِن تَعْجَبْ فَعَجَبٌ قَوْلُهُمْ أَءِذَا كُنَّا تُرَٰبًا أَءِنَّا لَفِى خَلْقٍ جَدِيدٍ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئەجەبلىنىدىغان بولساڭ، كاپىرلارنىڭ: «بىز تopىغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يېڭىدىن يارىتىلامدۇق؟» دېگەن سۆزى ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىكتۇر﴾[1]، ﴿فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَا ۖ قُلِ ٱلَّذِى فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ ۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ، «سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ» دېگىن﴾ [2]، ﴿أَوَلَمْ يَرَ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ ﴿٧٧﴾ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِىَ خَلْقَهُۥ ۖ قَالَ مَن يُحْىِ ٱلْعِظَٰمَ وَهِىَ رَمِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتقان ئىدۇق. مانا ئەمدى بولسا ئۇ ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ: «بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى﴾[3]، ﴿وَيَقُولُ ٱلْإِنسَٰنُ أَءِذَا مَا مِتُّ لَسَوْفَ أُخْرَجُ حَيًّا ﴿٦٦﴾ أَوَلَا يَذْكُرُ ٱلْإِنسَٰنُ أَنَّا خَلَقْنَٰهُ مِن قَبْلُ وَلَمْ يَكُ شَيْـًٔا﴾ يەنى ﴿(كاپىر) ئىنسان: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن، راستتىنلا تىرىلىپ (قەبرەمدىن) چىقىرىلامدىمەن؟» دەيدۇ. ئۇ ئىنسان بىزنىڭ ئۇنى ئىلگىرى يوقتىن بار قىلغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقمامدۇ؟﴾ [4]. ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلىشى پەقەتلا ئۇلارنىڭ خاتا تەسەۋۋۇرىدىن كېلىپ چىققان ئاساسسىز ئىنكاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، مەخلۇقاتنى يوقتىن ياراتقان زاتنىڭ ئۇنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

---

[1] رەئد سۈرىسى: 5-ئايەت

[2] ئىسرا سۈرىسى: 51-ئايەت

[3] ياسىن سۈرىسى: 77-78-ئايەتلەر.

[4] مەريەم سۈرىسى: 66-67-ئايەت.

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە شەك قىلىدىغان بولساڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىڭلارنى ئەسكە ئېلىڭلاركى، سىلەر بىجىرىم ئىنسان بولۇپ يارىتىلىشىڭلار ئۈچۈن يەتتە باسقۇچنى باشتىن كەچۈردۈڭلار. بۇ باسقۇچلار بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئايرىم - ئايرىم باسقۇچلاردۇر. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

﴿سىلەرنى تۇپراقتىن﴾ يەنى بىز سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدۇق، سىلەرنى بولسا ئىسپېرمىسىدىن (ئابىمەنىيدىن) ياراتتۇق. باشقىچە ئېيتقاندا، ئابىمەنىي قاندىن، قان يېمەكلىكلەردىن، يېمەكلىكلەر ئۆسۈملۈكلەردىن، ئۆسۈملۈكلەر زېمىندىن چىقىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان ۋۇجۇدى تۇپراقتىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

﴿ئاندىن ئابىمەنىيدىن﴾ يەنى ئەر بىلەن ئايال ئىككىسىنىڭ ئىسپېرمىسىدىن ياراتتۇق. ﴿ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُۥ مِن سُلَٰلَةٍ مِّن مَّآءٍ مَّهِينٍ﴾ يەنى ﴿ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (بولغان مەنىي)دىن ياراتتى﴾ [1].

﴿ئاندىن ئەلەقتىن﴾ يەنى ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كىرگەن مىليونلارچە ئۇرۇقتىن تۆرىلىشكە تاللىنىپ، بالىياتقۇنىڭ تېمىغا ئېسىلىپ قالغان ئۇرۇقتىن ياراتتۇق. شەكسىزكى، ئىسپېرما سۇ تەركىبىدىكى سۈيۈقلۇق بولغانلىقتىن، ئۇ ئۇيۇل قانغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ سۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيۇل قانغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدا باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن نەرسىنى ئەسلىگە قايتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بار.

﴿ئاندىن شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۇپراق سۇغا، سۇ قانغا، قان گۆشكە ئايلىنىدۇ.

﴿ئاندىن سىلەرنى بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز﴾ يەنى سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھەرىكەت قىلىدىغان، نەپەس ئالىدىغان، سۈت ئېمىدىغان بوۋاقتا ئايلانغان ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. ئاناڭلارنىڭ قارنىدىمۇ نەپەس ئالاتتىڭلار، غىزالىناتتىڭلار. ئۇ چاغدىكى ھاياتىڭلار ئاناڭلارنىڭ ھاياتىغا باغلىق ھايات ئىدى. كېيىن سىلەر ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن چىقىش بىلەن مۇستەقىل بىر ھاياتقا ئىگە بولدۇڭلار.

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 8-ئايەت.

﴿ئاندىن سىلەرنىڭ قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىشىڭلار ئۈچۈن (سىلەرنى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)﴾ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بولۇپ، ئۇ ھەممىگە قادىر بولغىنىدەك، ھاياتلىقتا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقنى ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىشنى ئىلھام قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاستا-ئاستا ياشاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئاندىن ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئەقىل، كۈچ-قۇۋۋەت جەھەتتە تاكامۇللىشىپ قىرانىغا يېتىدۇ.

﴿بەزىڭلار ياش تۇرۇپلا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار (ئىلگىرى بىلگەن نەرسىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغۇدەك قېرىپ كەتكۈچە ھايات قالدۇرۇلىسىلەر﴾ . ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتى بىر خىل بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەزى بەندىلىرىنىڭ ئۆمرىنى قىسقا قىلسا، بەزىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئەجەلنىڭ ۋاقتى سائىتى كەلگەندە، ئۇلار دەرھال ئۆلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە ئەقلى ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى ۋە ھېس تۇيغۇلىرى، تەن ساقلىقى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇن بىلگەنلىرىنى بىلەلمەيدىغان، ھەتتا ئېسىگە ئالالمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قالىدۇ. بۇ ھەممە بىلىدىغان رېئاللىقتۇر. ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۖ وَهُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْقَدِيرُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتقان، ئاندىن ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلغان، ئاندىن كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىز قىلغان ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾ [1].

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاخىرەتتىكى تىرىلىشكە قانداقمۇ شەك قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر. سىلەر ئۈستىدە ياشاۋاتقان شۇ زېمىنغا قاراپ بېقىڭلاركى، ئۇ ئەسلىدە ھەرىكەتسىز، ھاياتسىز، ئۆسۈملۈكسىز بىر قاقاس يەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ قاقاس زېمىن ھەرىكەتلىنىدۇ، جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى

---

[1] رۇم سۈرىسى: 54-ئايەت.

ئۆندۈرۈپ چىقىرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىيلىكىگە قارايدىغان بولساق، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن جانلىقلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاندىن بۇ ئىككىسىگە ئەگەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى ئىشلارنى بايان قىلغان:

ئاللاھ تائالا ھەقتۇر، يەنى ئاللاھ تائالا مەۋجۇتلۇقىدا، ئىگىدارچىلىقىدا، پادىشاھلىقىدا يېگانىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن باشقا مەۋجۇتلۇق مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئېگىدىغان ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنىدىغان مەۋجۇتلۇقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يوق قىلىشنى خالىغان ۋاقىتتا دەرھال يوق قىلالايدۇ. چۈنكى، مۇتلەق ئىختىيار ۋە چەكسىز قۇدرەت، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ئۇ ھەممىنى يوقتىن پەيدا قىلغان ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان زات تۇرۇقلۇق، ئۆلۈكلەرنى قانداقمۇ تىرىلدۈرەلمىسۇن؟ يوقتىن يارىتىش ئاسانمۇ ياكى بارنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈشمۇ؟

ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان، ھېچبىر ئىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان چەكسىز قۇدرەتلىك ئىلاھتۇر.

قىيامەت چوقۇم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىكەن، ئۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئىش شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ تائالا قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنى ھېساب مەيدانىغا توپلاش ئۈچۈن چوقۇم تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەت كۈنىدىكى مۇكاپات بىلەن جازا بەندىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن قىلغانلىرىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

2. ئىنساننىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى تەرەققىيات باسقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، چەكسىز ئىلمىنى ۋە تەڭداشسىز ھېك-مىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

## ◄ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِي ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَلَا هُدٗى وَلَا
كِتَٰبٖ مُّنِيرٖ ٨ ثَانِيَ عِطۡفِهِۦ لِيُضِلَّ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۖ لَهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا
خِزۡيٞۖ وَنُذِيقُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ عَذَابَ ٱلۡحَرِيقِ ٩ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ
يَدَاكَ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ١٠ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعۡبُدُ
ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرۡفٖۖ فَإِنۡ أَصَابَهُۥ خَيۡرٌ ٱطۡمَأَنَّ بِهِۦۖ وَإِنۡ أَصَابَتۡهُ فِتۡنَةٌ
ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ
ٱلۡمُبِينُ ١١ يَدۡعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُۥ وَمَا لَا يَنفَعُهُۥۚ
ذَٰلِكَ هُوَ ٱلضَّلَٰلُ ٱلۡبَعِيدُ ١٢ يَدۡعُواْ لَمَن ضَرُّهُۥٓ أَقۡرَبُ مِن نَّفۡعِهِۦۚ
لَبِئۡسَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَلَبِئۡسَ ٱلۡعَشِيرُ ١٣ إِنَّ ٱللَّهَ يُدۡخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ
وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ
مَا يُرِيدُ ١٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**8-9**-ئىنسانلار ئىچىدە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز تۇرۇپ، ئاللاھ توغرىسىدا مەغرۇرانە مۇنازىرىلىشىدىغان كىشى بار. ئۇنىڭغا دۇنيادا خارلىق بار، ئا-خىرەتتە ئۇنىڭغا كۆيدۈرگۈچى ئوتنىڭ ئازابىنى تېتىتىمىز.

**10**-(ئۇنىڭغا): «ئەنە شۇ (خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسلىكى سەۋەبىدىندۇر» (دېيى-لىدۇ).

**11**-بەزىلەر ئاللاھقا شەك-شۈبھە بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، ئۇ دىنىدا خاتىرجەم تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر سىناق كەلسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، مانا بۇ ئوپئوچۇق زىياندۇر.

**12**-ئۇ ئاللاھنى قويۇپ ئۆزىگە ھېچبىر پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان

نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ. مانا بۇ (ھەقىقەتتىن تامامەن) يىراق بىر ئازغۇنلۇقتۇر.

13-ئۇ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنى بەكرەك كۆرۈنۈپ تۇرغان كىشىگە (ساختا مەبۇدلارغا) چوقۇنىدۇ. ئۇ (چوقۇنغان) نەرسە نېمىدېگەن يامان دوست، نېمىدېگەن يامان ھەمراھ!

14-شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغىنىنى قىلىدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر ﴿ئىنسانلار ئىچىدە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز تۇرۇپ، ئاللاھ توغرىسىدا مەغرۇرانە مۇنازىرىلىشىدىغان كىشى بار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نەزر ئىبنى ھارىس دېگەن مۇشرىك ئادەم توغرۇلۇق نازىل بولغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن[1]. چۈنكى، ئۇز ۋاقتىدا نەزر ئىبنى ھارىس «چىرىپ كەتكەن، ھەتتا توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنى ئاللاھ تىرىلدۈرەلمەيدۇ» دېگەن كۇفرى سۆزنى قىلغان ئىدى.

## ◄ تەپسىرى

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ ئۆزىگە ئوخشاش ئازغۇن قىلىش ئۈچۈن، ھېچقانداق ئىلىم-مەرىپەتكە ياكى ھىدايەتكە ۋەياكى بىرەر نۇرلۇق كىتابقا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شۇنداق نادان، ئازغۇن ۋە ئەبگالىقىنى تەن ئالماي، ئاللاھ تائالا توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدىغان ھاكاۋۇر كىشى بار. ئۇ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسقا ياكى توغرا تەپەككۇرغا ۋەياكى بىرەر دەلىل-ئىسپاتقا تايانماي تۇرۇپ، پەقەت ئۆزىنىڭ سۆز ماھارىتىگە، سەپسەتىلىرىگە تايىنىپلا ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ. مۇنداق ئىنسان ئۆزىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. ھەقىقىي كور ئەنە شۇنداق ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان ئادەمدۇر. ﴿فَإِنَّهَا لَا تَعۡمَى ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَلَٰكِن تَعۡمَى ٱلۡقُلُوبُ ٱلَّتِي فِي ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ﴾ [2].

---

[1] «تفسير القرطبي» 12-توم 15-بەت.

[2] ھەج سۈرىسى: 46-ئايەت.

چۈنكى، مۇنداقلار ۋەز-نەسىھەت قىلىنسا ئىبرەت ئالمايدىغان، چوڭچىلىق قىلىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدىغان مۇتەكەببىرلەردۇر. ﴿وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِ ءَايَٰتُنَا وَلَّىٰ مُسۡتَكۡبِرٗا كَأَن لَّمۡ يَسۡمَعۡهَا كَأَنَّ فِيٓ أُذُنَيۡهِ وَقۡرٗاۖ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾ [1] .

ھەقىقەت ئۈستىدە نادانلارچە جېدەللەشكۈچىلەرنىڭ بۇ قىلىقى ئۇلارنى ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدىكى چوڭ ھالاكەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ھىدايەتنى ھاسىل قىلىش شۇنچىلىك ئوڭاي، ھەق سۆزنى ئاڭلاش ۋە قوبۇل قىلىش ئۆزىنىڭ خاھىشى ئاستىدا تۇرسىمۇ، چوڭلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئازغۇنلۇققا پېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان يولى نېمىدېگەن يامان!

مۇنداقلارغا بۇ دۇنيادا يەتكۈچە خورلۇق، رەسۋالىق ۋە ھالاكەت بار، قىيامەت كۈنىدە بولسا ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى چوڭچىلىقى، ھاكاۋۇرلۇقى سەۋەبلىك ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز. بۇ ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان يامانلىقلىرىغا يېتەرلىك ۋە مۇناسىپ جازادۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى زالىملارنى، گۇناھكارلارنى جازالاشنى، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاشنى تەقەززا قىلىدۇ. ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَسَٰٓـُٔواْ بِمَا عَمِلُواْ وَيَجۡزِيَ ٱلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ بِٱلۡحُسۡنَى﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ يامان ئىش قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشى ئىش قىلغانلارنى (مۇكاپاتلارنىڭ) ئەڭ ياخشىسى (بولغان جەننەت) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾ [2] . ئاللاھ تائالا ئەمەللەرگە قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بېرىشتە بەندىلىرىگە ھەرگىز ئۇۋال قىلمايدۇ. ھېچكىمنىڭ مۇكاپاتىنى ئازايتىپ، جازاسىنى كۆپەيتىۋەتمەيدۇ.

ئىنسانلاردىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شەك-شۈبھە بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىدە ئىخلاس ياكى ساداقەت دېيىدىغان نەرسە بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىبادەتنى دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاغزىدىلا قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلام توغرۇلۇق ھەمىشە شۇنداق

---

[1] لۇقمان سۈرىسى: 7-ئايەت.

[2] نەجم سۈرىسى: 31-ئايەت.

ئېككىلىنىش ۋە شەك قىلىش بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار دەل مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلارغا غەنىيمەت ياكى بايلىق ۋەياكى بالىچاقىدا بەرىكەت دېگەندەك بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇشال بولىدۇ، ئەقىدىسىدە خاتىرجەم بولۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر بالايىئاپەتكە ئۇچراش ياكى مال-دۇنياسىنىڭ كېمىيىشى ۋەياكى قانداقلا بىرەر زىيان-زەخمەت تارتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن سىنالغىنىدا، دەرھال ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئاللاھ تائالادىن نارازى بولۇپ گەدەنكەشلىك قىلىدۇ. مۇنداقلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى زىيىنى جەننەتتىن يىراق قىلىنىش ۋە دوزاخقا تاشلىنىشتۇر.

چۈنكى، بېشىغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ۋە زىيان-زەخمەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولمىغانلار تارتقان بۇ جاپا-مۇشەققەتلىرى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھالەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە، تەقسىماتىغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىدىغان مۆئمىن ئادەمنىڭ ھالىتىدىن ئەكسىچە ھالەتتۇر. چۈنكى، مۇنداق مۆئمىنلەر تارتقان جاپالىرىنىڭ بەدىلىگە ساۋاب تاپىدۇ ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا ئەھۋالى بايان قىلىنغان بەختسىزلەر نە مۇكاپاتقا، نە جەننەتكە لايىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ زىيان ۋە ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتۇر.

بۇ يەردە سۆپەتلىرى بايان قىلىنغان كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلار ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانى قويۇپ، چوقۇنسا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، چوقۇنمىسا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، چوقۇنمىدى دەپ جازالىيالمايدىغان، نەرسىلەرگە ۋە شەخسلەرگە چوقۇنىدىغان ئەقىلسىز مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار مەبۇدلىرىغا چوقۇنىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇ مەبۇدلار ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرى نېمىدېگەن يامان دوست، نېمىدېگەن يامان ھەمراھلار ھە!

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردەك ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان مۆئمىنلەر ئەڭ بەختلىك كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىدا بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان، ئىماندا راستچىل بولۇپ ئىخلاس قىلغان ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆئمىنلەرنى قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر

ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسىدۇر، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئىتائەتمەنلەرنى ئىززەتلەيدۇ، ئاسىيلارنى جازالايدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** بىلمىگەن نەرسىسى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدىغانلار ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلار جاھالەت پاتقاقلىرىدا ۋە نادانلىق تۇمانلىرىدا خۇدىنى يوقاتقانلاردۇر.

**2.** ئۆزىنى چوڭ ساناش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. مۇتەكەببىرلەرنى ئاللاھ تائالا خار قىلماي قالمايدۇ.

**3.** دىندا شەك قىلغۇچىلارنىڭ ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس.

## ◄ ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرگە ياردەم قىلىدۇ

﴿مَن كَانَ يَظُنُّ أَن لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنْيَا وَٱلْأَخِرَةِ فَلْيَمْدُدْ بِسَبَبٍ
إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ لْيَقْطَعْ فَلْيَنظُرْ هَلْ يُذْهِبَنَّ كَيْدُهُۥ مَا يَغِيظُ ﴿١٥﴾
وَكَذَٰلِكَ أَنزَلْنَٰهُ ءَايَٰتٍۭ بَيِّنَٰتٍ وَأَنَّ ٱللَّهَ يَهْدِي مَن يُرِيدُ ﴿١٦﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**15**ـكىمكى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سىلىپ بوغۇلۇۋالسۇن، ئاندىن قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) قىلىقى غەزىپىنى باسالامدىكەن؟

**16**ـبىز قۇرئاننى مانا مۇشۇنداق روشەن ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق، ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردىكى بايانلار ئاللاھ تائالا ھەققىدە، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ مۇنازىرىلەشكۈچىلەر ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە باغلايدىغانلار ئۈستىدە

بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىشىدىن ئۈچى سىقىلىپ، ئاچچىقتىن جىنى چىقىدىغانلار ھەققىدە توختالغان. بۇ ئايەتلەر چىدىماسلارنى ئەگەر ئۆلۈۋېلىش بىلەن ئاچچىقىنى باسالىسا ئۆلۈۋېلىشقا چاقىرغان.

## ◄ تەپسىرى

ئەللامە زەمەخشەرى «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە ﴿مَن كَانَ يَظُنُّ أَن لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِي ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ فَلْيَمْدُدْ بِسَبَبٍ إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ لْيَقْطَعْ فَلْيَنظُرْ هَلْ يُذْهِبَنَّ كَيْدُهُۥ مَا يَغِيظُ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەسەت قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن ‹ئاللاھ مۇھەممەدكە ياردەم قىلمايدۇ› دەپ گۇمان قىلغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا قارىتا ئاچچىقلىنىۋاتقانلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى قىلسۇن، ئاچچىقى يەنە بېسىلمىسا، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئارغامچا سېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسۇن. ئۇلار ئويلاپ باقسۇنكى، ئۇلار شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ھەرگىز توسۇپ قالالمايدۇ»[1].

بۇ ئايەتلەر ئىسلام دەۋىتىنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇۋاتقان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، كىمكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى سىقىلىپ كەتكەن بولسا، ئاسمانغا چىقىشقا يول تاپالىسا ئاسمانغا چىقىپ كەتسۇن! ئاندىن ئەگەر قولىدىن كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ياردەمنى توسۇۋالسۇن! قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ بۇ ھىيلە-مىكرى ئۇنىڭ غەزىپىنى ۋە ئاچچىقىنى

[1] «تفسير الكشاف» 3-توم، 147-بەت.

باسالامدىكىن؟»[1].

دېمەكچىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كېلىۋاتقان نۇسرەتنى ۋە ياردەمنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ ھىيلىسى پايدا بەرمىگەن بولسا، ئۇلار شۇنى بىلسۇنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىنى قەتئىي توسالمايدۇ.

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى تاماملىغۇچى، پەيغەمبىرىنى قوغدىغۇچى، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچى، ئۇنى كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا روشەن ئايەتلىرىنى نازىل قىلغۇچى زاتتۇر.

بىز ئۇلۇغ دەستۇر – «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق ئايەتلىرىنى مۇشۇنداق روشەن ۋە ئوچۇق ئايەتلەر قىلىپ نازىل قىلدۇق. ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتىدىغان، ئىمان ئېيتىشقا ئۆزىدە مايىللىق ۋە ھازىرلىق بولغان كىشىلەرنى بۇ ئايەتلەر بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ، توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ روشەن ئايەتلىرى سايىسىدا ئەلۋەتتە ھىدايەت تاپىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنىڭ ھامىيسى بولۇپ، ئۇنى چوقۇم قوغدايدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە تا قىيامەتكىچە پارلىتىدۇ.

2. ئىسلامدىن باشقا دىن تۇتقانلارنىڭ دىنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قەتئىي قوبۇل بولمايدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلۡمَجُوسَ
وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡصِلُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ شَهِيدٌ ١٧ أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَسۡجُدُۤ لَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن
فِي ٱلۡأَرۡضِ وَٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ وَٱلنُّجُومُ وَٱلۡجِبَالُ وَٱلشَّجَرُ وَٱلدَّوَآبُّ
وَكَثِيرٞ مِّنَ ٱلنَّاسِۖ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيۡهِ ٱلۡعَذَابُۗ وَمَن يُهِنِ ٱللَّهُ فَمَا

[1] «تفسير القرطبي» 12ـ توم، 21ـ بەت.

﴿لَهُۥ مِن مُّكۡرِمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ يَفۡعَلُ مَا يَشَآءُ ۩ ١٨﴾

## تەرجىمىسى

17ـ شەكسىزكى، مۆئمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، خىرىستىيانلار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە مۇشرىكلار ئارىسىدا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

18ـ بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر، زېمىندىكىلەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، يەنە نۇرغۇنى (كۇفرىلىق قىلىپ) ئازابقا لايىق بولدى. ئاللاھ خار قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەتكە باشلايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىمنىڭ ھىدايەت تېپىپ ياخشى يولدا ماڭىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھەركىمنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا جىمى مەخلۇقات ئۈستىدە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلمايدۇ، زەررە چاغلىق ياخشىلىقى بار ئادەمگىمۇ شۇ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ كىتابلىرىغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىشەنگەنلەر ھەقىقىي مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىدۇ. ئۇلار: ﴿لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِۦ﴾ يەنى ﴿بىز (ئىمان ئېيتىشتا) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز﴾ [1] دېگەن پرىنسىپدا چىڭ تۇرىدۇ.

يەھۇدىيلار ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ دەستۇرى بولغان «تەۋرات»نىڭ تېكىستلىرىنى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن. ئەگەر ئۇلار راستتىنلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولسا ئىدى، ئۇنىڭ دىنىغا سادىق بولغان، «تەۋرات»نى قوغدىغان ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بولاتتى.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 285ـ ئايەت.

مەجۇسىيلار – ئوتقا چوقۇنغۇچىلار بولۇپ، «ياخشىلىق ئىلاھى» ۋە «يامانلىق ئىلاھى» دەپ ئىككى ئىلاھقا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئالەمنىڭ ئەسلى ئىككى بولۇپ، بىرى نۇر، يەنە بىرى قاراڭغۇلۇق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

خىرىستىيانلار – ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئىلاھ دەۋالغان. ئەگەر ئۇلار راستىنلا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولسا ئىدى، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتلەر كەلگەن.

مۇشرىكلار – ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇتلارنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدىغان قەۋمدۇر.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە يۇقىرىقى پىرقىلەرنىڭ ئارىسىدا ئايرىم-ئايرىم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىقىرىدىغان ھۆكۈمى چوقۇم ئادالەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەممە مىللەت ۋە ھەممە ئۈممەت ئوخشاشتۇر. پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋالىق قىلغانلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ ۋە جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولىدۇ.

﴿بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر، زېمىندىكىلەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ﴾ يەنى ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەر، زېمىندىكى ئىنسانلار ۋە ھەرقانداق مەۋجۇدات، شۇنداقلا ئاي، كۈن، يۇلتۇز، تاغ، دەل-دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ.

﴿ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى سەجدىدىن مۇتلەق بويسۇنۇش كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر نەرسىنى ياراتماقچى بولغىنىدا، ئۇنىڭغا: «بول!»دەيدۇ-دە، ئۇ شۇ ھامان بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىمۇ ئەنە

شۇنداق چاقماق تېزلىكىدە بولىدۇ. دېمەك، بارلىق مەۋجۇدات ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ، چۈنكى، ھەممە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى، تەقدىرى ۋە خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغانلىقىدۇر.

بويسۇنۇش مەنىسىدىكى سەجدىنى جىمى مەجۇدات قىلىدۇ، يەنى ئۇلار ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ماڭىدۇ. ئەمما ئىبادەت مەنىسىدىكى سەجدىلەرنى قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە خاس بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي ھالدا سەجدە قىلىدۇ ۋە ئىبادەت قىلىدۇ. نۇرغۇن ئىنسانلار ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي سەجدە قىلمىغانلىقى ۋە ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئازاب تېگىشلىك بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقى، ئاسىيلىقى ۋە پاسىقلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەختسىزلەر قاتارىدىن يېزىلىپ كەتكەنلەرنى ھېچكىم بەختلىك قىلالمايدۇ، ئاللاھ تائالا خار قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا ئەزىز قىلغان ئادەمنىمۇ ھېچكىم خار قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىنى ۋە چىقارغان ھۆكۈمىنى بىكار قىلىۋېتەلەيدىغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە مەدھىيە ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جىمى مەخلۇقات ئۆزلىرىگە خاس كەيپىياتى بىلەن ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

2. كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خالىغىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. پەقەت بىر قىسىم ئىنسانلارلا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ جازاسى قىيامەت كۈنىدە بېرىلىدۇ.

## ◄ كاپىرلارنىڭ جازاسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

﴿ هَٰذَانِ خَصْمَانِ ٱخْتَصَمُوا۟ فِى رَبِّهِمْ ۖ فَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِّن نَّارٍ يُصَبُّ مِن فَوْقِ رُءُوسِهِمُ ٱلْحَمِيمُ ﴿١٩﴾ يُصْهَرُ بِهِۦ

مَا فِي بُطُونِهِمْ وَٱلْجُلُودُ ﴿٢٠﴾ وَلَهُم مَّقَـٰمِعُ مِنْ حَدِيدٍ ﴿٢١﴾ كُلَّمَآ أَرَادُوٓا۟
أَن يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُوا۟ فِيهَا وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ﴿٢٢﴾
إِنَّ ٱللَّهَ يُدْخِلُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ جَنَّـٰتٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَـٰرُ يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِن ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا ۖ وَلِبَاسُهُمْ
فِيهَا حَرِيرٌ ﴿٢٣﴾ وَهُدُوٓا۟ إِلَى ٱلطَّيِّبِ مِنَ ٱلْقَوْلِ وَهُدُوٓا۟ إِلَىٰ صِرَٰطِ
ٱلْحَمِيدِ ﴿٢٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

19-بۇ رەببى توغرىسىدا جېدەللەشكەن (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقىدۇر. كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى هارارەتلىك قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ.

20-ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ.

21-ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

22-ھەرقاچان ئۇلار غەم-قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقىشقا ئۇرۇنسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ ۋە (ئۇلارغا): «كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

23-شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەزۈكلەر ۋە مەرۋايىتلاردىن (ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى) تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ.

24-ئۇلار (دۇنيادا) ياخشى سۆز (كەلىمە تەييىبە)گە يېتەكلەنگەن ۋە مەدھىيەگە لايىق ئاللاھنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىنغان ئىدى.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام مۇسلىم قەيس ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ﴿بۇ رەببى توغرىسىدا جېدەللەشكەن (كاپىرلار بىلەن مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقىدۇر﴾ دېگەن ئايەت بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇرۇش مەيدانىغا ھازىر بولغانلار ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلار ساھابىلەردىن ھەمزە،

ئەلى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىقلار، كاپىرلاردىن ئۇتبە، شەيبە ۋە ۋەلىد قاتارلىقلار ئىدى [1]. بۇ رىۋايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزكۇر ئايەتنىڭ مەدىنىدە نازىل بولغانلىقى تەكىتلەنگەن.

گەرچە بۇ ئايەت بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ، ئايەتنىڭ مەنىسى ئومۇمىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت تاقىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مۇئمىن ۋە كاپىر ئىككى پىرقىنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ھەققىدىكى ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، بۇ ئايەت بارلىق كاپىرلارنى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىتائەتچان مۇئمىنلەر بىلەن ئازابقا تېگىشلىك بولغان گۇناھكارلاردىن ئىبارەت ئىككى پىرقىنى بايان قىلغان»[2].

## ◄ تەپسىرى

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا بىر-بىرى بىلەن جېدەللەشكەن، ھەتتا ئۆزئارا دۈشمەن بولۇشۇپ يولى ئايرىلغان ئىككى پىرقىنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ ئىككى پىرقە كىشىلىرى بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى پىرقىنىڭ بىرى، ئازغۇنلۇقنىڭ ۋەكىللىرى بولغان كاپىرلار، يەنە بىرى، ھەقىقەت تەرەپدارلىرى بولغان مۇئمىنلەر بولۇپ، كاپىرلار دوزاختا، مۇئمىنلەر جەننەتتە بولىدۇ. چۈنكى، ئالدىنقىسى، ئاللاھ تائالانى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىغان كاپىرلار پىرقىسىدۇر، كېيىنكىسى، ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەر پىرقىسىدۇر.

كاپىرلار پىرقىسىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن ياسالغان كىيىم كىيگۈزۈلىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿سَرَابِيلُهُم مِّن قَطِرَانٍ وَتَغْشَىٰ وُجُوهَهُمُ ٱلنَّارُ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قەتىران (يەنى قارا ماي)دىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ﴾ [3] دەپ كەلگەن.

---

[1] «تفسير القرطبي» 12-توم 25-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 18-توم، 590-بەت.

[3] ئىبراھىم سۈرىسى: 50-ئايەت.

ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستىدىن قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ. ئۇلارنى ئورىۋالغان ئازاب نېمىدېگەن قاتتىق! ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگەن قايناق سۇنىڭ ھارارىتىدىن ئۇلارنىڭ ئۈچەيلىرى ۋە بارچە ئەزالىرى كۆيۈپ ئېرىپ كېتىدۇ، باشلىرىغا قارماقلىق تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ئۇلار دوزاختىكى بۇ قاتتىق ئازاب ۋە تۈگىمەس غەم-قايغۇدىن خالاس بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ دوزاختىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنسا، قاتتىق قول پەرىشتىلەر تەرىپىدىن دوزاخقا قايتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار تېگىشلىك جازاسىنى ئەنە شۇنداق تارتىدۇ. ئۇلارغا: ﴿كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار﴾، چۈنكى، سىلەر قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولدۇڭلار، دېيىلىدۇ.

ئەمدى مۆئمىن بولغان پىرقىغە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە كەڭتاشا نېمەتلىنىدۇ، ئۆستەڭلەرنىڭ لەززەتلىك سۈيىدىن ئىچىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ساپ يىپەكتىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىدۇ ۋە ئالتۇندىن، مەرۋايىتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى، قىممەتلىك مارجانلارنى تاقايدۇ.

يۇقىرىقىلار جەننەتتىكى نېمەتلەرنى كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بايانلار بولۇپ، جەننەتلەردە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نازۇنېمەتلەر بار. ئۇلارنى تەسۋىرلەپ بولۇش قىيىن.

مۆئمىنلەرنىڭ بۇنداق ئېسىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى چېغىدا كەلىمە تەييىبەدىن ئىبارەت ياخشى كەلىمىگە، ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەنگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ھىدايەت قىلىنغان كىشىلەردۇر.

ئى ئاللاھ! بىزنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن، بىزنىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ھەشر قىلدۇرۇپ، شۇلار بىلەن بىللە جەننەتلەردە بولۇشقا نېسىپ قىلغىن، ئامىن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۆئمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئېتىقاد جەھەتتىن ھەر زامان ۋە ھەر جايدا زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مەڭگۈلۈك زىددىيەتتۇر. بەدرى ئۇرۇشىدا مۆئمىنلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئەلى، ھەمزە، ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق ساھابىلەرگە

قارشى كاپىرلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئۇتبە، رەبىئە ۋە شەيبە قاتارلىقلار مەيدانغا چۈشكەن بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ۋەكىللىرى كاپىرلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ مەغلۇپ قىلغان.

2. ئاخىرەتتە تىرىلىش ئەقىدىسى بارلىق پەيغەمبەرلەر تەكىتلەپ كەلگەن ئورتاق ئەقىدىدۇر.

3. سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى ــ كەلىمە تەييىبەدۇر.

## ◄ كىشىلەرنى مەسجىدى ھەرەمدىن توسقان كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ ٱلَّذِى جَعَلْنَٰهُ لِلنَّاسِ سَوَآءً ٱلْعَٰكِفُ فِيهِ وَٱلْبَادِۚ وَمَن يُرِدْ فِيهِ بِإِلْحَادٍۭ بِظُلْمٍ نُّذِقْهُ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٢٥﴾ وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِى شَيْـًٔا وَطَهِّرْ بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿٢٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25ـ شەكسىزكى، كاپىرلارغا، (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، مەيلى ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، بىز ئىنسانلارغا ئورتاق ئىبادەتگاھ قىلغان مەسجىدى ھەرەمدىن توسقۇچىلارغا (قاتتىق ئازاب بار). كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا دەردلىك ئازابنى تېتىتىمىز.

26ـ بىز ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بېرىپ، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلار كىشىلەرنى ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى كىشىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىدىن توساتتى، ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى ۋە ئىسلام دىنىغا قارشى بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلاتتى. بۇ مۇشرىكلار كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن توسقاندەك مۇئمىنلەرنى مەسجىدى ھەرەمگە بېرىپ ناماز ئوقۇشتىنمۇ توساتتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە ھۇدەيبىيە دېگەن جايدا ئۇلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسقان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مەسجىدى ھەرەمنى بارلىق مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئىبادەت ئۆيى قىلىپ بەرگەن بولۇپ، مەيلى مەككىلىك بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئامانلىق جايى، ئىبادەت ۋە تاۋاپ قىلىش ئورنىدۇر. مەسجىدى ھەرەمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر.

كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماي گۇناھ قىلىدىكەن ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مەسجىدى ھەرەم توغرۇلۇق مەخسۇس بەلگىلىمە تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇ مۇقەددەس جايدا گۇناھ قىلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىش، زۇلۇم قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ جازاسى ھەسسىلەپ قاتتىق بولىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مەيلى مەسجىدى ھەرەمدە بولسۇن ياكى ھەرەم سىرتىدا بولسۇن ۋەياكى ھەرەمنىڭ ھۇدۇدى (چېگراسى) ئىچىدە بولسۇن، گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىش، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر، جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. گۇناھ قىلىش ۋە زۇلۇم قىلىش گەرچە ھەممىلا يەردە چەكلەنگەن بولسىمۇ، مەسجىدى ھەرەمدە ۋە ئۇنىڭ چېگراسى ئىچىدە قىلىنغان گۇناھ ۋە زۇلۇمنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغان يەردە، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ۋە مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسقۇچىلارنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھ ۋە چوڭ يولسىزلىقتۇر. ئۇنىڭ جازاسى ھەرگىز يېنىك بولمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرگە شۇنى بايان قىلىپ بەرگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ بېرىپ، ئۇنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەي خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدۇق. شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيى بولغان

مەسجىدى ھەرەمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇغۇچىلار، ئېتىكاپ قىلغۇچىلار ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئۇنى ھەمىشە پاك- پاكىز تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق.

بۇ ئەسلىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان چوڭ ئىلتىپات ئىدى. چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىنا قىلىنغان تۇنجى ئىبادەت ئۆيى بولغان مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش شەرىپى تۇنجى بولۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نېسىپ بولغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن ئۇلۇغلۇق پەيغەمبەر ئىدى. ئەمما مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارمىز ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنمىز دەپ تۇرۇپ، كەئبىنىڭ ئىچىگە يۈزلەرچە بۇتلارنى تىزىۋەتكەن ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش، مەسجىدى ھەرەمگە كىرمەكچى بولغانلارنى ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ھەق دىنغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلىرى ھەقىقەتەن چوڭ زۇلۇم ۋە ھەددىدىن ئاشقان يولسىزلىقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسۇش، مەسجىدلەردىن مەنئى قىلىش ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەتلەردۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالاغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ئىبرەتلىك شەكىلدە جازاسىنى تارتىدۇ.

2. مەككە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئائىت شەھەر بولۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا كىرىشتىن توسقۇچىلار ھەقىقەتەن زالىملاردۇر.

3. ھەرەمدە سادىر قىلىنغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ جازاسى ھەسسىلەپ ئېغىر بولىدۇ.

4. مەسجىدى ھەرەمنى ۋە خۇسۇسەن كەئبىنى ھەر ۋاقىت يۇيۇپ-تازىلاپ، بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىپ تۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

### ◄ ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى

﴿وَأَذِّن فِي ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَجِّ يَأۡتُوكَ رِجَالٗا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٖ يَأۡتِينَ مِن

كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ ﴿٢٧﴾ لِّيَشْهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُواْ ٱسْمَ ٱللَّهِ فِىٓ أَيَّامٍ
مَّعْلُومَٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلْأَنْعَٰمِ ۖ فَكُلُواْ مِنْهَا وَأَطْعِمُواْ
ٱلْبَآئِسَ ٱلْفَقِيرَ ﴿٢٨﴾ ثُمَّ لْيَقْضُواْ تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُواْ نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُواْ
بِٱلْبَيْتِ ٱلْعَتِيقِ ﴿٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27-كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، پىيادە ۋە ئۇزۇن سەپەرلەر ئۈچۈن تەييارلانغان تۆگىلەر ئۇستىدە يىراق يوللارنى بېسىپ سېنىڭ قېشىڭغا كېلىدۇ.

28-ئۇلار (ھەج جەريانىدا) ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن (قۇربانلىق) كۈنلەردە ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، قىيىن ئەھۋالدىكى موھتاجلارغا بېرىڭلار.

29-ئاندىن ئۇلار (بەدەنلىرىدىكى) كىرلىرىنى تازىلىسۇن، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي ئۆي (كەئبە)نى تاۋاپ قىلسۇن.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن توسقانلىقى سۆكۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھاجىلارنىڭ ھەج جەريانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللىرى بايان قىلىنغان.

### ◄ تەپسىرى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا: ‹كىشىلەرنى ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن!› دەپ ۋەھيى كەلگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزرە ئېيتىپ: ‹ئى رەببىم! مېنىڭ ئاۋازىم ھەممە ئىنسانلارغا قانداق

يېتىپ باردۇ؟› دېگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ‹سەن چاقىرغىن، سېنىڭ ئاۋازىڭنى يەتكۈزۈش مېنىڭ ئىشىمدۇر› دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقىپ تۇرۇپ: ‹ئى ئىنسانلار! ئاللاھ سىلەرنى بۇ كەئبىگە كېلىپ ھەج قىلىشقا بۇيرىدى، شۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ۋە دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ. كېلىڭلار، ھەج قىلىڭلار!› دەپ چاقىرىق قىلغان. بۇ چاقىرىقنى ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدا ۋە ئانىلىرىنىڭ بالىياتقۇلىرىدا بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغان، تا قىيامەتكىچە ھەج قىلىدىغانلىقنى ئاللاھ ئالدىن بەلگىلىۋەتكەن مۆئمىنلەر بۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلىپ: ‹لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك...› يەنى (ئى رەببىمىز! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ھازىرمىز، بىز ھازىرمىز...) دەپ جاۋاب بەرگەن»[1].

ئەي ئىبراھىم! كىشىلەرگە ھەج قىلىشنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن-لىكىنى ئۇقتۇرغىن ۋە ئۇلارنى ھەج قىلىشقا دەۋەت قىلغىن. تۇنجى ئىبادەت ئۆيى بولغان كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلار سېنىڭ ئاۋازىڭغا ئاۋاز قوشقان ھالدا پىيادە، ئۇرۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئۇرۇق تۆگىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، يىراق جايلاردىن سەن چاقىرىق قىلغان ھەرەمگە كېلىدۇ.

ھازىر قاتناش قورallىرى تەرەققىي قىلغانلىقتىن ھەجگە بېرىپ، كېلىش ئىشلىرى ئوڭايلاشقان بىلەن ئۆتمۈشلەردە كىشىلەر ئات-ئۇلاغلارغا مىنىپ، ھاياتىنى خەتەرگە ئېتىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، يىراق جايلاردىن كېلەتتى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ جاپالارنى تارتىپ كېلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، كىشىلەرنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ بەيتى بولغان ئۇلۇغ كەئبىگە تەلپۈنىدۇ ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاساسەن ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن ئىبارەت قاقاسلىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەتكەن ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ﴿فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن﴾ [2] دەپ تىلىگەن. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى پاناھ تارتىپ كېلىشىنى ۋە ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشىنى ئىرادە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەككە ئاۋاتلىشىپ

[1] «تاريخ الطبري» 1- توم 260-بەت.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 37-ئايەت.

ئادەم يەرلىشىدىغان جايغا ئايلانغان.

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىدە بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئوتنى ياندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ھەرەمگە بېرىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ يۈكسەك ئارمىنىدۇر. شۇڭا ئۇلار ھەرەمگە بېرىش يولىدا بارلىقىنى ئاتايدۇ، مال-دۇنياسىنى خەرج قىلىشتىن ۋە يولنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. بىر ئۆمۈر خەجلىمەي يىغقان مال-دۇنياسىنى ئىككىلەنمەي ھەج سەپىرىگە خەجلەيدۇ.

دۇنيادا ساياھەت شىركەتلىرى كىشىلەرنى ساياھەت ئورۇنلىرىغا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىغا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئېلانلارنى بېرىدۇ، بەزى شىركەتلەر ئېلانغا شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپمۇ يەنىلا كىشىلەرنى قىزىقتۇرالماي زىيان تارتىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنى ھەرەمگە كېلىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈشكە ياكى قىزىقتۇرۇشقا ۋەياكى ئېلان بېرىشكە ھاجەت يوق. چۈنكى، ئۇلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چاقىرغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە ھەرەمنىڭ ئىشتىياقىنى سېلىۋەتكەن.

كۆرۈۋاتىمىزكى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار مەككە ۋە مەدىنىدىن ئىبارەت ئىككى ھەرەم زېمىنىدا توپلىشىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى كۆرىدۇ. ھاجىلار بۇ مۇقەددەس جايلاردا كۆپرەك ئىبادەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ساۋابقا ئېرىشكەننىڭ سىرتىدا، سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەمما ھاجىلارنىڭ ھەج جەرياندا ھاسىل قىلىدىغان ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىممەتلىك مەنپەئەتلەردۇر.

ھەج ئىسلامىي چوڭ قۇرۇلتاي بولۇپ، بۇ قۇرۇلتايغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كېلىپ ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئەرەپاتتىن ئىبارەت مۇقەددەس جايدا توپلىنىدۇ. ئۇلار بۇ جايدا ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ جەرياندا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك، ئىناقلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئۇلار بۇ دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ گۈزەل مەنىلىرىنى ھېس قىلىدۇ.

ھەج قىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولغان ئادەم ھەجنىڭ راستتىنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆيىدىن ئاتلىنىپ چىققاندىن باشلاپ تاكى ئۆيىگە قايتىپ بارغۇچىلىك ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا، ئۇنىڭ ئىبادىتىدە بولغان بولىدۇ. ئاندىن بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى ھۇزۇر-ھالاۋەت بىلگەن ھالدا جاپالىق ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ساۋاب تاپىدۇ ۋە گۇناھلىرىدىن يۇيۇلۇپ پاك بولىدۇ. مانا بۇ ھەجنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىدۇر. ئەمدى ھەجنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش يولىدا سەرپ قىلغان پۇل- مالغا ھەسسىلەپ بەرىكەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى تولۇقلاپ بېرىدۇ. ﴿مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِى كُلِّ سُنۢبُلَةٍ مِّا۟ئَةُ حَبَّةٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ﴾ [1] . بۇنىڭدىن باشقا بەزى ھاجىلار سودا-سېتىق قىلىش ئارقىلىق بۇ پۇرسەتتە پۇل تېپىۋالىدۇ، ھەتتا بەزىسى ھەج قىلىش يولىدا سەرپ قىلغان پۇل-مېلىدىن كۆپرەكىنى تاپىدۇ. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان پەزلى ۋە بەرىكىتىدۇر. يەنە بىر ئەمەلىيەت شۇكى، ھازىرغىچە بىراۋنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن پۇل خەرج قىلىپ كەمبەغەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق.

ھاجىلار ھەج جەريانىدا ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىمۇ مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. ئۇلار ئىككى ھەرەم زېمىنىغا پۇل-مال بىلەن كېلىدۇ. ئۇ جايلاردىكى پېقىرلارغا، يېتىملەرگە ۋە يوقسۇللارغا خەير-ساخاۋەت قىلىدۇ، ھەج ئىبادەتلىرىنى ئورۇنداش جەريانىدا سادىر قىلغان بەزى خاتالىقلىرى ئۈچۈن قان قىلىپ (مال بوغۇزلاپ)، ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېمەي مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان خەير-ساخاۋەتلىرىنى شۇلارغا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ھەممىسى ئىسلامي قېرىنداشلىقنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق كۈچىيىدۇ. ئۇلار ھەج ئىبادىتى ئورۇندىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە كۆپلەپ شۈكۈر قىلىپ ئۇنى ياد ئېتىدۇ.

ئايەتتە، ھاجىلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش دەپ تەبىرلەنگەن. چۈنكى، قۇربانلىق قىلغاندا، قۇربانلىق مال ئاللاھ تائالانىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 261-ئايەت.

ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قۇربانلىقتىن بولغان ئاساسلىق مەقسەت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاشتۇر. بۇ ئىبادەتلەر بىلەن ھەقىقەتەن كۆڭۈللەر ئارام تاپىدۇ، قەلبلەر ئىمان نۇرىغا تولىدۇ.

ھەج ۋاقتىدىكى ﴿بەلگىلەنگەن (قۇربانلىق) كۈنلەر﴾ تەشرىق كۈنلىرى بىلەن ھېيت كۈنى بولۇپ جەمئىي تۆت كۈندۇر. بەزىلەر ﴿بەلگىلەنگەن (قۇربانلىق) كۈنلەر﴾ نى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بېشىدىن قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنلەرگىچە بولغان كۈنلەر دەپ قارايدۇ.

﴿سىلەر قۇربانلىقىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، قىيىن ئەھۋالدىكى موھتاجلارغا بېرىڭلار﴾ . ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىدىن[1] يېيىش ئىختىيارىي ئىش بولۇپ، يېسىمۇ بولىدۇ، يېمەي ھەممىنى پېقىرلارغا تارقىتىۋەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما پېقىرلارغا ئازراقىنى بولسىمۇ تارقىتىش پەرزدۇر. پېقىرلارغا تارقىتىش بىلەن ئۆزىمۇ بىرگە يېيىش ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى ۋە باراۋەرلىكنى ھېس قىلدۇرىدىغان ياخشى ئىشتۇر. ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىقنىڭ گۆشى بىلەن پېقىرلارنى غىزالاندۇرۇش پەرز، ئۆزىمۇ يېيىش مۇباھتۇر. گۆشنىڭ ھەممىسىنى پېقىرلارغا تارقىتىۋەتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يەۋەتسە ئادا تاپمايدۇ. بۇ ھەجدىكى قۇربانلىقنىڭ گۆشىنىڭ ھۆكمىدۇر. ئەمما ھەج ئىبادىتىنى ئورۇنداش جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىق تۈپەيلىدىن كاپارەت ئۈچۈن قان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېمەيدۇ، ھەممىسىنى پېقىرلارغا تارقىتىش پەرزدۇر»[2].

ئاندىن ھاجىلار چېچىنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن، يۇيۇنۇپ چوڭ تازىلىق قىلىدۇ. ئاندىن مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ پەرز تاۋاپىنى قىلىدۇ. بۇ «تاۋاپ ئىفازە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ ئۇلۇغ ئىبادەتكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى يۈزىسىدىن شۈكۈر ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي

[1] بۇ ھەج ئىبادەتلىرىدە خاتالىق سادىر قىلغانلىق تۈپەيلىدىن بوغۇزلىنىدىغان كاپارەت مال ئەمەس.

[2] «التفسير الواضح» 2-توم، 582-بەت.

جەھەتتىن قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ھەج كۈنلىرىدىمۇ مەككىدە ۋە مىنا، ئەرەفات قاتارلىق جايلاردا تىجارەت قىلىش جائىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

4. ھەجدە قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ يېسە بولىدۇ. ئەمما خاتالىق سەۋەبلىك قۇربانلىق قىلىنغان مال(دەم)نىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېمەيدۇ. بەلكى ھەممىنى مەككىنىڭ پېقىرلىرىغا تارقىتىش لازىم.

5. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش ۋاجىپتۇر.

6. ئەرەفاتتىن قايتقاندىن كېيىن كەئبىنى تاۋاپ قىلىش پەرزدۇر. بۇ «تاۋاپ ئىفازە» دەپ ئاتىلىدۇ.

### ◄ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش ھەققىدە كۆرسەتمىلەر

﴿ذَٰلِكَۖ وَمَن يُعَظِّمۡ حُرُمَٰتِ ٱللَّهِ فَهُوَ خَيۡرٞ لَّهُۥ عِندَ رَبِّهِۦۗ وَأُحِلَّتۡ
لَكُمُ ٱلۡأَنۡعَٰمُ إِلَّا مَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡۖ فَٱجۡتَنِبُواْ ٱلرِّجۡسَ مِنَ ٱلۡأَوۡثَٰنِ
وَٱجۡتَنِبُواْ قَوۡلَ ٱلزُّورِ ٣٠ حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيۡرَ مُشۡرِكِينَ بِهِۦۚ وَمَن
يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخۡطَفُهُ ٱلطَّيۡرُ أَوۡ تَهۡوِي بِهِ
ٱلرِّيحُ فِي مَكَانٖ سَحِيقٖ ٣١ ذَٰلِكَۖ وَمَن يُعَظِّمۡ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ فَإِنَّهَا مِن
تَقۡوَى ٱلۡقُلُوبِ ٣٢ لَكُمۡ فِيهَا مَنَٰفِعُ إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى ثُمَّ مَحِلُّهَآ
إِلَى ٱلۡبَيۡتِ ٱلۡعَتِيقِ ٣٣ وَلِكُلِّ أُمَّةٖ جَعَلۡنَا مَنسَكٗا لِّيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ
ٱللَّهِ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۗ فَإِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞ فَلَهُۥٓ
أَسۡلِمُواْۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُخۡبِتِينَ ٣٤ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ
وَٱلصَّٰبِرِينَ عَلَىٰ مَآ أَصَابَهُمۡ وَٱلۡمُقِيمِي ٱلصَّلَوٰةِ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ
يُنفِقُونَ ٣٥﴾

## تەرجىمىسى

30-(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ (ئۇلۇغلاش) رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن (قۇرئاندا ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى. بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن يىراق تۇرۇڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.

31-ئاللاھقا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەي، (تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن) ئۇنىڭغىلا يۈزلىنىڭلار. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى ئۇنى بوران يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.

32-(ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى) مانا مۇشۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن، شەكسىزكى، بۇ دىللارنىڭ تەقۋا-دارلىقىدىندۇر.

33-سىلەر (ھەرەمگە ھەدىيە قىلىدىغان) ماللاردىن بەلگىلەنگەن بوغۇزلاش ۋاقتىغىچىلىك پايدىلانساڭلار بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك جاي بەيتۇللاھنىڭ يېنىدۇر (يەنى ھەرەمدۇر).

34-ھەر ئۈممەت ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (بوغۇزلىغاندا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق. (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇڭلار. (ئى پەيغەمبەر!) ئىتائەتمەن، كەمتەر كىشىلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

35-ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئاللاھ ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ دىللىرى تىترەيدۇ، ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ بۇيرۇغان يوللارغا) سەرپ قىلىدۇ.

## تەپسىرى

ھەج قىلىشنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرى ۋە چەكلىمىلىرى ئەنە شۇنداقتۇر. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ چەكلىمىلىرىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، ئېھراملىق ھالىتىدە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرسا، بۇنداق قىلىش ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ

دەرگاھىدا تولىمۇ ياخشىدۇر.

مۇجاھىد ﴿حُرُمَـٰتِ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتتىكە «مەككە، ھەج، ئۆمرە ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدۇر»[1] دەپ مەنە ئېيتقان. ئەللامە قۇرتۇبىي «ھەجنىڭ ئەمەللىرى ۋە ﴿ئاندىن ئۇلار (بەدەنلىرىدىكى) كىرلىرىنى تازىلىسۇن، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، قەدىمىي ئۆي (كەئبە)نى تاۋاپ قىلسۇن﴾ دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان مەسىلىلەردۇر»[2] دېگەن.

شەك-شۈبھىسىزكى، ھەج ئىبادىتى ھەم ئىقتىسادىي ھەم جىسمانىي ئىبادەتتۇر. ھەج ئىبادىتى ئىچىدە قۇربانلىق قىلىشمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن قانداق ماللارنى قۇربانلىق قىلىشقا ۋە گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقى، قانداق ماللارنى قۇربانلىق قىلىشقا ۋە گۆشىنى يېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

سىلەرگە چارۋا ماللاردىن «قۇرئان كەرىم»دە ھاراملىقى بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقا ھەممىسى ھالالدۇر. بۇ ماللاردىن قۇربانلىق قىلىش ۋە گۆشىنى يېيىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. مەسىلەن: مائىدە سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتتىكە ئوخشاش: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحْمُ ٱلْخِنزِيرِ ...﴾ يەنى ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى... ھارام قىلىندى﴾ [3] . يەنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە مەلۇم ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھالال قىلغان بولۇپ، سىلەر ئۇنى يەڭلار، ئاللاھ تائالا يەنە سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى يۇقىرىدىن يىقىلىپ كېتىپ ئۆلگەن مال، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»دە ھاراملىقى بايان قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز يېمەڭلار. سىلەر خۇددى مۇشرىكلار بىر قانچە بوتىلاق تۇغۇپ بولغان تۆگىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغانغا ئوخشاش ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھالال قىلىپ بەرگەن مالنىڭ گۆشىنى ئۆزۈڭلارغا ھارام قىلىۋالماڭلار، شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشىنى يېگىنىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال ساناشتىن ۋە ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاشقا، دىندا

---

[1] «تفسير الطبري» 18- توم، 618- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 12- توم، 51- بەت.

[3] مائىدە سۈرىسى3-ئايەت.

بۇيرۇلغان ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە دىنىنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، مۇنداق قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا شۇ شەخسنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى جاكارلاش، سۆزدە راستچىل بولۇش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن سانىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ بىراۋغا ھەقسىزلىق قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنى مۇشرىكلار بىلەن بىر ئورۇندا قويغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ يالغان گۇۋاھلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. چۈنكى، مۇشرىكلار يالغاننى ئويدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشىنى يوللۇق ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ئىش دەپ قارايدۇ.

شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن توسۇش ئارقىلىق بارچە چوڭ گۇناھلاردىن توسقان. چۈنكى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان سۆزلەش بارچە يامانلىقلارنىڭ باشلامچىسى ۋە چوڭ گۇناھلارنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇتلارغا چوقۇنۇشنى پاسكىنىلىق دەپ سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى، پاسكىنىلىق ئادەتتە سېسىق پۇرايدىغان، يىرگىنىشلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى تەبىئىتى ساغلام، ئەقلى جايىدا بولغان ئادەم پاسكىنا نەرسىلەردىن يىرگەنگەندەك ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىنمۇ ئەلۋەتتە يىرگىنىدۇ ۋە بۇ خۇراپاتنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلىپ بېرىپ: « ألا أنبئكم بأكبر الكبائر؟: الإِشْرَاكُ بِاللَّهِ ، وَعُقُوقُ الوَالِدَيْنِ» يەنى «بىلىڭلاركى، ئەڭ چوڭ گۇناھلار: مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىشتۇر» دەۋېتىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ جىددىيلىك بىلەن «وَشَهَادَةُ الزُّورِ» يەنى «ئەڭ چوڭ گۇناھ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان [1] . مەلۇمكى، بىر قېتىملىق يالغان گۇۋاھلىق سەۋەبىدىن

---

[1] «صحيح البخاري» 9- توم 13-بەت 6919 -ھەدىس.

ناھەق قان تۆكۈلىدۇ، ئائىلىلەر ۋەيران بولىدۇ، نارەسىدە باللار يېتىم بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يالغان گۇۋاھلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان پاجىئەلىرىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالانى قويۇپ بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلار ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇتلارغىمۇ چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئاتقۇچىلاردۇر. مۇنداقلار خۇددى ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشكەن، بەدەنلىرىنى ئۇچارقاناتلار چوقۇپ يەپ قىيما-چىيما قىلىۋەتكەن ئادەمگە ياكى قاتتىق بوران ئۇچۇرتۇپ يىراقلارغا تاشلىۋەتكەن ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنى ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەنلەرگە ئوخشاتقان. چۈنكى، مۇنداقلار ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى بولغان مېھرىبان ئاللاھ تائالانى تونۇماي، ئۆزلىرىدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغان شۇ بۇتلارغا، ھايۋانلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىنسانلىق مەرتىۋىسىدىن ۋە ئىنسانلىق قەدرىدىن چۈشكەن، ئادىمىيلىكتىن ئايرىلىپ ئەڭ چوڭقۇر ئازغانلارغا چۈشۈپ كەتكەن بەختسىزلەردۇر.

شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامەتلىرىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارغا رىئايە قىلىش دىللارنىڭ تەقۋالىقىدىندۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ھەج ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى، قائىدە-تەرتىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بىلدۈرگەنلىكى، بىزنى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا سوۋغىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغلىنىشقا ۋە ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.

﴿شَعَٰٓئِرَ﴾ «شعيرة» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئالامەت، بەلگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ﴿شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەت: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ساۋاب تېپىشى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئالامەتلەردۇر. بۇلار دىنىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامەتلىرىدۇر. مەسىلەن: ئېھرام ئالامەت، تەكبىر ئالامەت، تاۋاپ ئالامەت، سەئيى ئالامەت، شەيتانغا تاش ئېتىش ئالامەت ... ۋاھاكازا. بۇ ئىشلار ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلىغان ۋە بىزنى ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇغان ئىشلاردۇر[1].

بەزى ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق تۆگىلەر مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭغا ئاسا-

[1] «تفسير الشعراوي» 16- توم، 9808- بەت.

سەن، ﴿شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: قۇربانلىق تۆگىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنى ئۇلۇغلاش دېگەنلىك بولىدۇ[1].

ئاللاھ تائالا يەنە دەيدۇكى، سىلەر قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ ھەيدەپ ئەكەلگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق چارۋا ماللاردىن بوغۇزلاش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا قەدەر پايدىلانساڭلار بولىدۇ. يەنى قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتالغان بۇ ماللارنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مەككىگە ياكى مىناغا (ھەرەمنىڭ ھۇدۇدىنىڭ ئىچىگە) ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى بۇ ماللارنىڭ سۈتىدىن، يۇڭىدىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. مىنىش، سۈتىنى ئىچىش بۇ ماللارنىڭ دۇنيالىق پايدىلىرى بولسا، ئۇلارنى قۇربانلىق قىلىش ئاخىرەتلىك پايدىلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەربىر ئۈممەتكە مۇئەييەن ئىبادەت سىستېمىلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ھاجىلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشىمۇ ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا-ئېھسانلىرىغا شۈكۈر ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نامىنى ئاتىغان ھالدا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر.

بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىرلا ئىلاھتۇر! ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇڭلار، ئۇنىڭغىلا تايىنىڭلار. ئى پەيغەمبەر! رەببىگە كەمتەرلىك بىلەن ئىتائەت قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپات بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار شۇنداق مۆمىنلەركى، ئۇلار ئاللاھ تائالا ياد ئېتىلسە دىللىرى تىترەيدىغان، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدىغان، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىدىغان، نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىقتىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدىغان، زاكات پەرزىنى ئادا قىلىدىغان زاتلاردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ بەل-گىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش تەقۋالىقنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك،

[1] «الدر المنثور في التفسير بالمأثور» 6- توم، 46- بەت.

مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرىدىندۇر.

2. تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىگە ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھەرقانداق بىر ھايۋان ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلانغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالالدۇر.

3. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قاراپ: ‹مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟› دېدى، ساھابىلەر: ‹يارەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرگەيلا› دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹الإِشْرَاكُ بِاللَّهِ ، وَعُقُوقُ الوَالِدَيْنِ - وَجَلَسَ وَكَانَ مُتَّكِئًا فَقَالَ - أَلاَ وَقَوْلُ الزُّورِ› يەنى ‹ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش› دېدى ۋە يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ تىك ئولتۇرۇپ: ‹يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار!› دېدى. بۇنى شۇنچە كۆپ تەكرارلىدىكى، بىز ‹ئەمدى بىر توختىغان بولسىكەن› دەپ قالدۇق»[1] .

4. قۇربانلىق قىلىش بارچە ساماۋى دىندا بۇيرۇلغان قەدىمي ئىبادەتتۇر.

◄ ھەجدە قۇربانلىق قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى

﴿وَٱلۡبُدۡنَ جَعَلۡنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمۡ فِيهَا خَيۡرٞۖ فَٱذۡكُرُواْ
ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا صَوَآفَّۖ فَإِذَا وَجَبَتۡ جُنُوبُهَا فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ
ٱلۡقَانِعَ وَٱلۡمُعۡتَرَّۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرۡنَٰهَا لَكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٣٦ لَن
يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقۡوَىٰ مِنكُمۡۚ
كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمۡ لِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡۗ وَبَشِّرِ
ٱلۡمُحۡسِنِينَ ٣٧﴾

◄ تەرجىمىسى

36- قۇربانلىق تۆگىلىرىنىمۇ سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (سىمۋوللۇق) ئالامەتلىرىدىن قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن كۆپ مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنى

[1] «صحيح البخاري» 3-توم، 172- بەت، 2654- ھەدىس.

(ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن) تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا (بىسمىللاھ دەپ) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار، ئۇلارنىڭ جېنى چىققاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار، سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردۇق.

37ـ ئاللاھقا ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ياكى قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا (تەكبىر ئېيتىپ) ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. (ئى پەيغەمبەر! تائەت ـ ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن.

## ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرى قوي، تۆگە ۋە كالا قاتارلىق چارۋا ماللارنى قۇربانلىق قىلىشنى ئۆزىگە يېقىنلىق ھاسىل قىلىشقا ۋە ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە ۋاستە قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. چۈنكى، بىز بۇ ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلالايمىز ۋە ساۋابقا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ماللارنى بىزگە ئاتا قىلغان ۋە قىلىنغان قۇربانلىقلارنى قوبۇل قىلىدىغان زات ئاللاھ تائالادۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، سىلەر قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىدە سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلەر بار. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر بۇ تۆگىلەرنى قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ، ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن ئۆرە تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغان چېغىڭلاردا «بىسمىللاھ» دەپ رەببىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار. بۇ ئايەت قۇربانلىق قىلىدىغان مالنىڭ ئۆرە تۇرالايدىغان، بېجىرىم، ساق، ئەيىبسىز بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىدىن ئۆزۈڭلارمۇ يەڭلار، ئاندىن ئۆزىنىڭ پېقىرلىقىنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋاتقان قانائەتلىك موھتاجلارغا ۋە كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان سائىللارغا تارقىتىپ ئۇلارغىمۇ يېگۈزۈڭلار. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىكنى ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى چارە ـ تەدبىرلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمانلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پېقىرلارنىڭ، يېتىملەرنىڭ ۋە بارلىق موھتاجلارنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك، ھەج قىلغانلىرى ھەج مەزگىلىدە، ھەجگە بارالمىغانلىرى قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە

ئۇلارنىڭ نىسسۇلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قول ئىلكىدە بارلار يەنە زاكاتلىرىنى ئايرىش ئارقىلىق يوقسۇل مۇسۇلمانلارغا يار-يۆلەكتە بولىدۇ.

بۇ ئايەتلەردە قۇربان ھېيتتا قولدا بارلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشىنىڭ ۋاجىپلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. بۇ ھېيت شاتلىقىنىڭ ھەممىگە ئومۇم بولۇشى، ھەممە كىشىنىڭ خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىز سىلەرگە جىسمى چوڭ ۋە كۈچ جەھەتتە سىلەردىن كۈچلۈك بولغان بۇ ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. سىلەر ئۇلارنى خالىغانچە باشقۇرىسىلەر، خالىغان يەرگە يېتىلەپ ئېلىپ بارالايسىلەر. ئاللاھ تائالا بۇ ھايۋانلارنىلا ئەمەس، بەلكى بارچە كائىناتنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن يارىتىپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر قىلىشىڭلار، ئۇنى لايىقىدا ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە قەدىرلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلىرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان ۋاقىتلىرىدا، قۇربانلىقنىڭ قېنى بىلەن ئۆيلىرىنى بوياپ چىقاتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەرمۇ بىلمەستىن، مۇشرىكلارنى دورىماقچى بولغىنىدا، ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ياكى قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىپ بارىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىدىغىنى تەقۋالىق بىلەن چىن ئىخلاس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن»[1].

ئاللاھ تائالا سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە قۇربانلىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ: «بىسمىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە بۇ ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

ئى پەيغەمبەر! دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن مۇكەممەل دەرىجىدە قىلىدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپات تەييارلىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن.

[1] «تفسير القرطبي» 14- توم، 336- بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن، مال بوغۇزلاپ يوقسۇللارنى غىزالاندۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىشتۇر.

**2.** شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق ھەج ئىبادىتى جەريانىدا ۋە ئەرەپە كۈنى بامدات نامىزىدىن ھېيتنىڭ 4-كۈنى ئەسىر ۋاقتىغىچىلىك ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ۋاجىپتۇر.

### ئاللاھ تائالا ياردەم قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان مۇئمىنلەر

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٖ
كَفُورٍ ٣٨ أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ
لَقَدِيرٌ ٣٩ ٱلَّذِينَ أُخۡرِجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بِغَيۡرِ حَقٍّ إِلَّآ أَن يَقُولُواْ
رَبُّنَا ٱللَّهُۗ وَلَوۡلَا دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعۡضَهُم بِبَعۡضٖ لَّهُدِّمَتۡ صَوَٰمِعُ
وَبِيَعٞ وَصَلَوَٰتٞ وَمَسَٰجِدُ يُذۡكَرُ فِيهَا ٱسۡمُ ٱللَّهِ كَثِيرٗاۗ وَلَيَنصُرَنَّ
ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ٤٠ ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي
ٱلۡأَرۡضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَنَهَوۡاْ
عَنِ ٱلۡمُنكَرِۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ٤١﴾

### تەرجىمىسى

**38-**ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى، تۇزكور بەندىنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

**39-**ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

**40-**ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن

ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغانلاردۇر. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن توسۇپ تۇرمىسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ زىكىر قىلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرگە ئەلۋەتتە ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

41ـ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلار شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

### تەپسىرى

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىغا لايىق ياشىغان ۋە ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوغدايدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارغا ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. شۇمۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان، ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، سۆزىدە تۇرمايدىغان، نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلمايدىغان، ياخشىلىقنى تۇزكورلۇق قىلىدىغان رەزىل مەخلۇقلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان، بۇتلارغا، مازارلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان مۇشرىكلارنىمۇ ئەلۋەتتە ياقتۇرمايدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئاجىز، سانى ئاز ئىدى، مەككىلىك مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە تىلى بىلەن، قولى ۋە ھەرىكىتى بىلەن كۆپ ئەزىيەتلەرنى قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن شىكايەت قىلاتتى. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىۋەردى. بۇ ئارىدا مۇشرىكلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى، مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ بەك بوزەك قىلىدىغان، تېخىمۇ خورلايدىغان، خالىغانچە تۇتۇپ ئۇلتۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىداپ بولالمىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى

قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە)، يەنە بىر تۈركۈمى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بەرپا قىلدى. ئەمما مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىگە ۋە ھەبەشىستانغا كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆي-ۋارانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مال-مۈلۈكلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، بالىچاقىلىرىنى قاتتىق قىيىن-قىستاقلارغا ئالغىلى تۇردى. مەدىنىدە بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئاڭلاپ تۇرغان ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ بۇ جەۋر-زۇلۇملىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تەكرار-تەكرار ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بىر ئەمر-پەرمان بولمىغۇچە ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى ۋە سەۋر قىلىش لازىملىقىنى ئېيتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرەپتىن رەسمي رۇخسەت كەلگەن بولدى.

ئۇرۇش قىلىش ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇپ، ئىسلام دىنى مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. مۇسۇلمانلار بىكاردىن بىكارغا ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەمەس، چۈنكى، مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغان، مال-مۈلۈكىنى تالان-تاراج قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئەڭ ۋەھشي شەكىلدە ئازابلىغان بولۇپ، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى كۈتتى، سەۋر قىلدى، ساھابىلىرىنىمۇ سەۋر قىلىشقا بۇيرىدى. نىھايەت زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاللاھ تائالا رەسمي رۇخسەت بەردى. ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشقا ۋە ئۇرۇشسىزمۇ ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە قادىردۇر. لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتائەتچانلىقىنى سىناش، ئۇلارنىڭ ھەق يولدا قان-تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر سىڭدۈرۈش

ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا سازاۋەر بولۇشىنى خالىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە تائەت-ئىبادەت ئۈچۈن جاپا چېكىشكە بۇيرۇغان. ئەڭ مۇھىمى بۇ سىناق دۇنياسىدا ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ۋە ساداقىتىنى سىناپ كۆرۈشنى خالىغان.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى﴾ دېگەن. توغرا، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش يولىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا يۇرتىدىن ۋە بالىچاقىلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇرج سۈرىسىدىكى بىر ئايەتتە: ﴿وَمَا نَقَمُواْ مِنۡهُمۡ إِلَّآ أَن يُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡحَمِيدِ ۝٨ ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ﴾ يەنى ﴿(ئۇ زالىملار) مۇئمىنلەردىن پەقەت ئۇلارنىڭ غالىب، مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى﴾[1] دەپ كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بەرگەنلىكى ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى ھەق ۋە راستتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى زالىم كۈچلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولسا ئىدى، دۇنيانى يولسىزلىق ۋە جەۋر-زۇلۇم قاپلىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار يەر يۈزىدىن يوق قىلىنغان، خرىستىيانلارنىڭ چېركاۋلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىدىغان مەسجىدلىرى ئاللىبۇرۇن يەر بىلەن يەكسان بولغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلەرگە ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش، ئىخلاس قىلىش ۋە بۇ دىنغا ھەقىقىي تەۋە بولۇش، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

[1] بۇرۇج سۈرىسى: 8-ئايەت.

ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىش، «قۇرئان كەرىم»گە تولۇق ئەمەل قىلىش، دىنىنى بار كۈچى بىلەن قوغداش دېگەنلىكتۇر. شۇنداق قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ئىسلام دىنىنى شۇنداق مۇستەھكەم تۇتۇپ ماڭغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. بۇ شەك -شۈبھىسىز ھەقىقەتتۇر. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرۡكُمۡ وَيُثَبِّتۡ أَقۡدَامَكُمۡ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾ [1] .

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئوچۇق ۋە ئېنىق بايانلىرىدىن كېيىن، ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، قايسى يۈزىمىز بىلەن «ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلمىدى» دېيەلەيمىز؟ بىز ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان شەكىلدە مۆئمىن بولالىدۇقمۇ؟ بىز راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا لايىقىدا ياردەم قىلدۇقمۇ؟ ياق! بىز پەقەت «مۇسۇلمان»دېگەن ئىسىم بىلەنلا بۇ دىنغا ئۆزىمىزنى مەنسۇپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما ئىسلامنىڭ روھى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرى كۆپىنچە ئىشلاردا كىتاب يۈزىدىلا قالغان. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَقَلِيلٞ مِّنۡ عِبَادِيَ ٱلشَّكُورُ﴾ يەنى ﴿بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز﴾ [2] دېگەن سۆزى بىزدە تولۇق مەنىسى بىلەن ئىپادىسىنى تاپماقتا.

بىز مۇسۇلمانلاردا رىياكارلىق ئىللىتى شۇنچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى شەكىللۋازلىقتىنلا ئىبارەت بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئىخلاس ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلىش دېگەنلەر بىزدە يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغان. ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزگىچىلىك ۋە خىسلەتلەرنى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلاردىن تېپىش ئىنتايىن قىيىن. شۇڭا بىزنىڭ ھالىمىز خاراب، تەلىيىمىز كاج بولۇپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولغان مۆئمىنلەر يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنسا، ئۇلار تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى تولۇقى بىلەن ئورۇندايدۇ:

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 7-ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى: 13-ئايەت.

**1.** بەش ۋاخ نامازنى پۈتۈن شەرتلىرى ۋە قائىدە-تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. چۈنكى، ناماز ئىسلام دىنىدا ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان بىرىنچى ئىبادەت ۋە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كۈنلۈك پەرزدۇر. ناماز بەندە بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئۇ نەپسنى پاكلايدىغان، روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان، تەرتىپ ۋە ئىنتىزامنى ئۆگىتىدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەتتۇر. ﴿إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1]. قىسقىسى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئىبادەتنىڭ بېشىدۇر.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، «ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئەخلاقى تۈزەلمىگەن، بىرىنى ئالدايدىغان، بىرىگە قارا چاپلايدىغان، بىرىگە ئەزىيەت بېرىدىغان مۇسۇلمانلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئۇلارنى ناماز نېمىشقا يامان ئىشتىن توسالمىدى؟» بىز دەيمىزكى، نامازنى ئوقۇپ قويغانلىق يېتەرلىك ئەمەس، بەش نامازغا مەسجىدكە بېرىپ مەسجىدنى تولدۇرغانلىقمۇ يېتەرلىك ئەمەس، ناماز ئوقۇغان ئادەم ئۇنى ئادا قىلىشتىكى مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە قاراپ مەنپەئەت ئالالايدۇ. بەزى كىشىلەر ناماز ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، بۇ نامازدىن قىلچە نەپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى پۇل-مېلىنىڭ ھېساباتىنى، بىراۋلاردىن قانداق ئۆچ ئېلىشنى، بىرلىرىنى قانداق ئالداپ پۇلىنى ئېلىۋېلىشنى، يەنە نۇرغۇنلىغان يامان غەرەزلەرنى نامازغا تۇرغىنىدا پىلانلايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىمامنىڭ قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭقىرالماي نامازنى تۈگىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇلغان ناماز كىشىنى قانداقمۇ يامان ئىشتىن توسالىسۇن؟! بۇ ناماز ئۇ كىشىنى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يامان خىياللاردىن توسالمىسا، نامازنىڭ سىرتىدا يامان ئىشتىن قانداق توسالىسۇن؟!

## نامازدىن مەنپەئەت ئېلىش خۇشۇ دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ

خۇشۇ — نامازدا تۇرغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋە ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەن، كۆڭۈلنى ناماز بىلەنلا بەند قىلغان ۋە پۈتۈن پىكىر-خىيالىنى ئاللاھ تائالاغىلا بېغىشلىغان ھالدا، كەمتەرلىك ۋە ھۇشيارلىق بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. خۇشۇ نامازنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45-ئايەت.

ئالالمىغان ناماز ئۆلۈك نامازدۇر. چۈنكى، ھەركىمنىڭ نامازدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى پەقەت ئۇنىڭدا ئەقلى ئويغاق تۇرغانلىقىغا قاراپ بولىدۇ. شۇڭا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «لَيْسَ لَكَ مِنْ صَلَاتِكَ إِلَّا مَا عَقَلْتَ مِنْهَا» يەنى «نامىزىڭدىن پەقەت نېمە دېگەنلىكىڭنى ۋە نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلا ساڭا ھېسابتۇر» دېگەن[1] .

ناماز ئوقۇغانغا بېرىلىدىغان ساۋاب خۇشۇغا قاراپ بولىدۇ. ناماز ئوقۇغانلارنىڭ بەزىسى تولۇق ساۋابقا ئېرىشسە، بەزىسى يېرىم ساۋابقا ۋە بەزىسى يېرىمدىنمۇ ئاز ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەمما نامازدا نېمە ئوقۇلغانلىقىنىمۇ بىلمەستىن، ئۇنىڭغا كىرگەن پېتى چىققان كىشى ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇشۇنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەن كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الْعَبْدَ لَيُصَلِّي الصَّلاةَ مَا يُكْتَبُ لَهُ مِنْهَا إِلاَّ عُشْرُهَا ، تِسْعُهَا ، ثُمُنهَا ، سُبعها ، سُدُسها ، خمُسُها ، رُبعهَا ، ثُلُثُهَا نصفها» يەنى «بەندە ناماز ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان ساۋاب يا ئوندىن بىرى، يا توققۇزدىن بىرى، يا سەككىزدىن بىرى، يا يەتتىدىن بىرى، يا ئالتىدىن بىرى، يا بەشتىن بىرى، يا تۆتتىن بىرى، يا ئۈچتىن بىرى، يا يېرىمىدۇر»[2] .

2. ئۇلار زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. زاكات مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ئىبادەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشنىڭ يولى ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر-بىرىنىڭ يۈكىنى بىللە كۆتۈرۈش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان زاكات بۇ مەقسەت بىلەن بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى چوڭ ئىبادەتتۇر.

زاكات بەرگۈچى ئۇنى ئالغۇچىغا مىننەت قىلماستىن، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، كۆرەڭلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزنى ئادا قىلدىم دېگەن ئېتىقادتا بېرىدۇ ۋە ئالغۇچىمۇ ئۆزۈمنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئالدىم دېگەن ئېتىقادتا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەمئىيەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە شۇنداق ياردەم قولىنى سۇنۇشى ئارقىلىق دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە ئىناقلىق ئاشىدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، ئۇنىڭ ئادالەتلىك شەرىئىتىدىن

---

[1] «مجموع الفتاوى لابن تيمية» 7-توم 31-بەت.

[2] «مسند الإمام أحمد» 31- توم 18-بەت 18894 -ھەدىس.

يۈز ئۆرۈپ، تەڭسىزلىكنى يوق قىلىش دەۋاسى بىلەن سوتسىيالىزمنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئەمما سوتسىيالىزمدا بايلار كەمبەغەللەرگە، كەمبەغەللەر تېخىمۇ كەمبەغەللەرگە ئايلاندى. خەلقنىڭ پۇل-مېلى ۋە ۋەتەننىڭ بايلىقى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قىرغۇچى قورال‌لارنى سېتىپ ئېلىشقا ياكى ياساشقا كەتتى. خەلق بىر نانغا زار بولدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار چىقىش يولى ئىزدەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس دىنىغا ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىگە قايتىشقا باشلىدى. شۇڭا ھازىر دۇنيادا ئېتىقاد قىلغۇچىلىرىنىڭ سانى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان ۋە كىشىلەر ئەڭ قىزىقىۋاتقان دىن ئىسلام دىنى بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ بارلىق كاپىرلىرى بۇ دىننىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى ئارتىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانلارنى سەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغدىغۇچىدۇر، كاپىرلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى خۇددى ئۆتمۈشلەردە بەربات قىلغاندەك بەربات قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

**4.3.** ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنىڭ ۋە يوللۇق تەنقىد قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەركىم ئۆز دەردىنىلا ئويلايدىغان ۋە ھەممە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش كويىدا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا، مۇسۇلماننىڭ رولى چوڭ ۋە ۋەزىپىسى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان دېگەن باشقىلارنىڭمۇ غېمىنى يەيدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيان ۋە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن توسىدىغان ۋە ئۇلارغا بارچە ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولىدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىناقلىقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. چۈنكى، كۈچ-قۇۋۋەت ئىناقلىقتىن تۇغۇلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ھەركىمگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئورۇندىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن «ئەمر-مەرۇپ، نەھى مۇنكەر» يەنى (كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش) ھۆررىيەتنىڭ جاكارچىسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىپ، يامانلىقنى سۆكۈش ۋە تەنقىدلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ھۆررىيەت باشقىلار دەۋا قىلغاندەك قەيتسىز ۋە چەكسىز ھۆررىيەت ئەمەس. بەلكى مەلۇم ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئىچىدە ئېلىپ

بېرىلىدىغان ھۆرىيەتتۇر. بۇ خۇددى بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئائىلە ئەزالىرىنى قوغدىشى، ھىمايە قىلىشى، بىر-بىرىگە يول كۆر-سىتىشى، خاتالىقلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى قاتارلىق ئىشلىرىغا ئوخشاشتۇر.

«ئەمر-مەرۇپ، نەھى مۇنكەر» ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىناقلىقى ۋە بىرلىكى گۈللەپ ياشنايدۇ. بۇزغۇنچىلار ۋە دۈشمەنلەر ئۇلارنى پارچىلاش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. قاچانىكى بىرەر جەمئىيەتتە، «ئەمر-مەرۇپ، نەھى مۇنكەر» ئىشلىرى ئاجىزلىشىپ قالىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتمۇ ئاجىزلىققا قاراپ يۈز تۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تارىختىكى مەشھۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ، پارچىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىلنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەمر-مەرۇپ، نەھى مۇنكەر»نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿كَانُواْ لَا يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُۚ لَبِئۡسَ مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾ [1] .

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم قىلغانلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان مۆئمىنلەرنى ئەلۋەتتە قوغدايدۇ. قانداقلا بىر ئۇممەت بۇ تۆت ئاساسنىڭ بىرەرسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، ئۇنداق ئۇممەت ئۆزىنى خار ۋە زەبۇنلۇققا ئىتتىرگەن بولىدۇ.

مەلۇمكى، بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەزكۇر تۆت ئەمەلنىڭ كۆپلىرىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، خورلۇققا، ئېزىلىشكە ۋە بوزەك قىلىنىشقا مەھكۇم بولدۇق، كۆپلىرىمىز دۈشمەنلىرىمىزگە بېقىندى بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ۋە بۇ ئىككى مەنبەگە چىڭ ئېسىلىشتىن باشقا يولىمىز يوقتۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 79-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقى ھەقتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان گۇناھ خىيانەتتۇر. ئاللاھ تائالا خائىنلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

3. جىھاد ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان.

4. ھەق دىنىنى چىڭ تۇتقان ۋە ئۇنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر.

5. نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىبادەت پاراۋان بىر دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.

### ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش

﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدْ كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ نُوحٍ وَعَادٌ وَثَمُودُ ﴿٤٢﴾
وَقَوْمُ إِبْرَٰهِيمَ وَقَوْمُ لُوطٍ ﴿٤٣﴾ وَأَصْحَـٰبُ مَدْيَنَ ۖ وَكُذِّبَ مُوسَىٰ ۖ
فَأَمْلَيْتُ لِلْكَـٰفِرِينَ ثُمَّ أَخَذْتُهُمْ ۖ فَكَيْفَ كَانَ نَكِيرِ ﴿٤٤﴾ فَكَأَيِّن
مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَـٰهَا وَهِىَ ظَالِمَةٌ فَهِىَ خَاوِيَةٌ عَلَىٰ عُرُوشِهَا وَبِئْرٍ
مُّعَطَّلَةٍ وَقَصْرٍ مَّشِيدٍ ﴿٤٥﴾ أَفَلَمْ يَسِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ
قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَآ أَوْ ءَاذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا ۖ فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى ٱلْأَبْصَـٰرُ
وَلَـٰكِن تَعْمَى ٱلْقُلُوبُ ٱلَّتِى فِى ٱلصُّدُورِ ﴿٤٦﴾ وَيَسْتَعْجِلُونَكَ
بِٱلْعَذَابِ وَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ وَعْدَهُۥ ۚ وَإِنَّ يَوْمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلْفِ سَنَةٍ
مِّمَّا تَعُدُّونَ ﴿٤٧﴾ وَكَأَيِّن مِّن قَرْيَةٍ أَمْلَيْتُ لَهَا وَهِىَ ظَالِمَةٌ ثُمَّ
أَخَذْتُهَا وَإِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ ﴿٤٨﴾﴾

### تەرجىمىسى

42-44- ئەگەر ئۇلار سېنى يالغانچى دېسە (بۇنىڭغا بىئارام بولمىغىن)، ئۇلاردىن بۇرۇن نۇھنىڭ قەۋمى، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرى، ئىبراھىمنىڭ قەۋمى، لۇتنىڭ قەۋمى ۋە مەديەن ئاھالىسىمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) يالغانچى دېگەن، مۇسامۇ يالغانچى دېيىلگەن. كاپىرلارغا مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى جازالىدىم، مېنىڭ جازايىم قانداق ئىكەن؟

45-بىز نۇرغۇنلىغان يۇرتلارنى ئاھالىلىرى زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ھالاك قىلدۇق. (ئۇ جايلاردا) ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، تاملىرى ئۈستىگە يىقىلغان نۇرغۇن شەھەرلەر، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە (ئاھالىسىز قالغان) ئېگىز قەسىرلەر قالدى.

46-ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار قەدىمي شەھەر خارابىلىرىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن) يەر يۈزىنى كەزمىدىمۇ؟ (شۇنداق قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ چۈشىنىدىغان ئەقىللىرى ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، بەلكى كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر (ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن) كور بولىدۇ.

47-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ تېز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ (ئۇنى چوقۇم چۈشۈرىدۇ). ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر ساناۋاتقان مىڭ يىلچىلىكتۇر.

48- نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولسىمۇ، ئۇلارغا مەن مۆھلەت بەردىم، ئاندىن ئۇلارنى ئازابقا تۇتتۇم، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇ مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلىپ، سۆزۈڭنى يالغان دەپ، ھەق دىننى قوبۇل قىلمىسا ۋە مەككە زېمىنىدە زوراۋانلىق قىلىپ، ساڭا ۋە سېنىڭ ساھابىلىرىڭگە ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى، يامانلىقلارنى قىلىۋەرسە، سەن بۇنىڭغا غەمكىن بولۇپ كەتمە، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما، ساھابىلىرىڭمۇ غەمكىن بولمىسۇن. چۈنكى، سەندىن ئىلگىرى كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرىمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن ۋە ئۇلارغا قارشى تويلانغان، ئەمما ئاخىرقى غەلىبە پەيغەمبەر-لەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ بولغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەمىشە

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. ﴿حَتَّىٰٓ إِذَا ٱسْتَيْـَٔسَ ٱلرُّسُلُ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُواْ جَآءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَن نَّشَآءُ ۖ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ ٱلْقَوْمِ ٱلْمُجْرِمِينَ﴾ يەنى ﴿ھەتتا پەيغەمبەرلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە يالغانغا چىقىرىلىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغاندا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ﴾ [1] .

ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى ۋە كاپىرلار بىلەن ئېلىشقان تۇنجى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۇنىڭ قەۋمى يالغانغا چىقارغان، ئۇنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە كۆپ ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن ئىدى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاد قەۋمىنى، سالىھ ئەلەيھىسسالام سەمۇد قەۋمىنى، ئىبراھىم، لۇت، شۇئەيب قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھارماي-تالماي دەۋەت ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قەۋملىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان، ئۆزلىرى نۇرغۇن ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەمما پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن ئاز ساندىكى مۇئمىنلەر سەۋرچانلىق، چىدامچانلىق ۋە مۇستەھكەم ئىمان بىلەن قوراللانغانلىقتىن، دەۋەت ئىشىدىن ۋاز كەچمەي ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇلارغا قارشى تۇرغان كاپىر قەۋملەر مەغلۇپ قىلىنغان. ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ جۈملىسىدىنسەن. ئىنسانلار يەنىلا شۇ ئىنسانلاردۇر، زامان ئۆزگەرگەن بولسىمۇ بۇددىستلىقنىڭ مەنتىقىسى ئۆزگەرگىنى يوق، كاپىرلار يەنە شۇ ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ بەئەينىسىدۇر. شۇڭا سەن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ كەتمىگىن ۋە ئۈمىدسىزلەنمىگىن. سەۋرچانلىقنى ۋە چىدامچانلىقنى قورال قىلغىن، غەلىبە چوقۇم ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەنلەرگە مەنسۇپتۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە قارىساڭمۇ، ئەھۋال يەنە شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان روشەن مۆجىزىلىرى نەق مەيداندا كۆرسىتىلگەن، بارلىق سېھىرگەرلەرنى يېڭىپ چۈشكەن تۇرسىمۇ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى، ئۇنى «يالغانچى»، «سېھىرگەر» دېدى. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بېكىتىۋەتكەن ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ۋە زالىملارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇلارغا توغرا

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 110-ئايەت.

يولغا قايتىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىدۇ-يۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار بۇ پۇرسەت ئىچىدە ئىمان ئېيتىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىۋالسا، ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، كۇفرىلىقتا، زالىملىقتا ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ئىلگىرىلەپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تۇيۇقسىز تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئەڭ ئىبرەتلىك ئازابلار بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى راستتىنلا قاتتىقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قانداق ئىكەن؟ ئۇ نېمىتىنى جازاغا قانداق ئۆزگەرتىدىكەن؟ كاپىرلارنىڭ خۇشاللىقىنى قانداق غەمكىنلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن؟ ئۇلارنىڭ كاتتا سارايلىرىنى قانداق خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن؟ ﴿إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[1] .

﴿بىز نۇرغۇنلىغان يۇرتلارنى ئاھالىلىرى زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە ھالاك قىلدۇق. (نىھايەت، ئۇ جايلاردا) ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، تاملىرى ئۈستىگە يىقىلغان نۇرغۇن شەھەرلەر، نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە (ئاھالىسىز قالغان) ئېگىز قەسىرلەر قالدى﴾ يەنى ئاللاھ تائالا كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى خاراب قىلغان، ئىمان ئېيتماي ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان قەۋملەرنى يۇرتلىرى بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلىۋەتكەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ۋە قاتتىق ئازابتىن خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى مەسخىرە قىلىپ، پەيغەمبىرىگە: «قېنى ئۇ ئازاب؟ ئەگەر سەن سۆزۈڭدە راستچىل بولساڭ، سەن بىزگە تەھدىت سېلىۋاتقان شۇ ئازابنى بىر كەلتۈرۈپ باقمامسەن؟» دېگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئەزىيەت بەرگەن بۇ مۇشرىكلار يەر يۈزىنى كېزىپ كۆرمىدىمۇ؟ ئىلگىرى ھالاك قىلىنغانلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ سەپەرلىرىدە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىدىن ئۆتمىدىمۇ؟ ئەگەر ئۇلار ئەقىل كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ھەق سۆزگە

[1] بۇرۇج سۈرىسى: 12-ئايەت.

قۇلاق سالغان، ھەقىقەتلەرنى چۈشەنگەن ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنكارچىلارغا قارىتا بەلگىلىگەنلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولىدۇ. ﴿وَلَن تَجِدَ لِسُنَّتِ ٱللَّهِ تَحۡوِيلًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە ھېچقانداق يۆتكىلىش تاپالمايسەن (يەنى ئاللاھتىن كەلگەن ئازابنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ياكى ئۆزىدىن باشقىسىغا يۆتكەپ قويالمايدۇ)﴾[1].

ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، بەلكى دىلنىڭ كورلۇقىدۇر. چۈنكى، دىلى كور ئادەمنىڭ ئەھۋالى كۆزى كور ئادەمنىڭ ئەھۋالىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر ۋە خەتەرلىكتۇر. ئىنساندا كۆز، قۇلاق، تىل، بۇرۇن قاتارلىق سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بىلىش ئىقتىدارى بار. بۇ ئىقتىدار ئىنسانلارغىلا خاس بولماستىن، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ ئورتاقتۇر، چۈنكى، ئۇلارمۇ كۆرەلەيدۇ، تېتىيالايدۇ ۋە ئاڭلىيالايدۇ. ئەمما ئەقىل-ئىدراك، تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتى ئىنسانلارغىلا ئاتا قىلىنغان كاتتا نېمەتلەردۇر. ئەگەر ئىنسان ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان بۇ نېمەتلەرنى جايىدا ئىشلەتمىسە، ئۇنىڭ باشقا جانلىقلاردىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ مۆئمىن ئادەمدە يەنە مەنىۋى قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىدىن ئىبرەت ۋە دەرس ئالىدۇ. شۇڭا مۆئمىن ئىنسان خارابىگە ئايلىنىپ قالغان شەھەرلەرنى، سۈيى قۇرۇپ تاشلاندۇق بولۇپ قالغان قۇدۇقلارنى ۋە يەر بىلەن يەكسان بولغان قەسىرلەرنى كۆرگىنىدە، ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ ۋە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ.

ئىنسانلاردا ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى كۆزى بىلەن مەنىۋى قۇلىقى ئىشقا يارىمىسا، ئۇلار ھەقىقەتنى كۆرەلمەيدۇ، ھەق سۆزنى ئاڭلىيالمايدۇ. ﴿وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ إِلَيۡكَ وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ساڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار كۆرمەيدۇ﴾[2].

ئىنكارچىلارنىڭ ھالىغا ئەجەبكى، ئۇلار پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالايدىغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ.

---

[1] فاتىر سۈرىسى: 43-ئايەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 198-ئايەت.

ئۇلارنى ئەلۋەتتە جازالىماي قالمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىنكارچىلارغا ۋەدە قىلغان ئازابى كەلگەندە، بۇ ئازابلىق كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ مىڭ يىلىغا تەڭ كېلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈۋاتىمىزكى، ۋاقىت تېزرەك ئۆتسىكەن دېگەن ۋاقىتلىرىمىزدا بۇ ۋاقىت بىزگە شۇنچىلىك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما خۇشاللىق چاغلىرىمىزدا ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتىدۇ.

يەنە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى كۇفرىلىقنى ۋە زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتسىمۇ، ئاللاھ تائالا يەنىلا ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنى ھېسابسىز قويۇۋەتكەنلىك ياكى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا قەدەر ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش ئۈچۈندۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئازابنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، بۇ ئازاب دەرھال ئۇلارغا چۈشىدۇ، ئۇ بىر مىنۇت ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى بەكمۇ شىددەتلىك، ئازابى بەكمۇ قاتتىقتۇر. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر، ھەممە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنى، ئىسلاھاتقا چاقىرغۇچىلارنى، ناھەقچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلارنى جەمئىيەتتىن يەكلەش، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ۋە ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش دەرىجىسىگىچە يېتىپ بېرىش قاتارلىق قىلمىشلار ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى شەخسىي مەنپەئەت، نادانلىق، قاتماللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتۇر.

2. زالىملىقتا ۋە تەكەببۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققانلارنى قاتتىق جازالاش، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت ۋە ساۋاق بولسۇن دەپ ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنى قالدۇرۇش ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. قارۇن، پىرئەۋن، ئەبۇ جەھل قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

3. قەلب كۆزى ئوچۇق بولغانلار ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. ئەمما كۆزى ئوچۇق بولسىمۇ، قەلب كۆزى كور بولغانلار نە ئىبرەت ئېلىشنى، نە ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشنى بىلمەيدۇ.

4. ئالدىراقسانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان ئازابنى ئالدىرىتىش كۇفرىلىق ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ

ئالامەتتۇر. چۈنكى، بۇنداق تەلەپنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىمىغانلار قىلىدۇ.

5. زۇلۇمنىڭ جازاسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بولىدۇ. كۇفرى ۋە زۇلۇم سەۋەبلىك ئاۋات شەھەرلەر زاۋاللىققا يۈزلىنىپ چۆلگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى

﴿قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَآ أَنَا۠ لَكُمْ نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿٤٩﴾ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟
وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴿٥٠﴾ وَٱلَّذِينَ سَعَوْا۟ فِىٓ
ءَايَـٰتِنَا مُعَـٰجِزِينَ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿٥١﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

49ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن پەقەت سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئوپئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن».

50ـئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

51ـبىز بىلەن قارشىلىشىپ، ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغۇچىلار – ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر.

#### ◄ تەپسىرى

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ كاپىرلارغا ئازاب كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرىنى يالغان دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدۈكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا مېنى سىلەرگە كېلىۋاتقان قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ئەۋەتتى. مېنىڭ سىلەرنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپەم بار، كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىش مېنىڭ قولۇمدا ئەمەس، مەن پەقەت سىلەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلالايمەن، ئەمما ھىدايەتنى نېسىپ قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ ۋاقتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خالىسا دەرھال چۈشۈرىدۇ، خالىسا مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك كېچىكتۈرىدۇ، ئەمما شۇ ناھايىتى ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا «كاپىرلارنى چوقۇم جازالايمەن» دېگەن

ۋەدىسىگە قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئى كاپىرلار! سىلەرنى جازالىماي قالمايدۇ.

ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھكار ئۈممەتلەرنى قانداق جازالىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ۋە ساۋاق ئالمىغان كاپىرلاردۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ دىگەنلىرىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ھەقىقىي ئىمانى بار ۋە شۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مەغپىرىتىگە، مۇكاپاتىغا ۋە مەڭگۈلۈك بېمەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. ﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً ۖ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، كىمكى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى ھاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بويىچە مۇكاپاتلايمىز﴾ [1] .

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش، ئۇنىڭ تەسىرىنى ئازايتىش، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇرۇنغان كاپىرلارغا كەلسەك، دوزاخ ئەھلى بولىدىغانلار ئەنە شۇلاردۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ، دوزاختىن قەتئىي چىقالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈش، ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش، ئىنكار قىلغانلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.
2. مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ ئورنى قىيامەت كۈنى ئېنىق ئايرىلىدۇ.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا شەك يوق

﴿وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّآ إِذَا تَمَنَّىٰٓ أَلْقَى

[1] نەھل سۈرىسى: 97ـئايەت.

ٱلشَّيْطَٰنُ فِىٓ أُمْنِيَّتِهِۦ فَيَنسَخُ ٱللَّهُ مَا يُلْقِى ٱلشَّيْطَٰنُ ثُمَّ يُحْكِمُ
ٱللَّهُ ءَايَٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٥٢﴾ لِّيَجْعَلَ مَا يُلْقِى ٱلشَّيْطَٰنُ
فِتْنَةً لِّلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ وَٱلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُمْۗ وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ
لَفِى شِقَاقٍۭ بَعِيدٍ ﴿٥٣﴾ وَلِيَعْلَمَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْعِلْمَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكَ
فَيُؤْمِنُوا۟ بِهِۦ فَتُخْبِتَ لَهُۥ قُلُوبُهُمْۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِلَىٰ
صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ ﴿٥٤﴾ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فِى مِرْيَةٍ مِّنْهُ حَتَّىٰ
تَأْتِيَهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً أَوْ يَأْتِيَهُمْ عَذَابُ يَوْمٍ عَقِيمٍ ﴿٥٥﴾ ٱلْمُلْكُ
يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فِى
جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا فَأُو۟لَٰٓئِكَ لَهُمْ
عَذَابٌ مُّهِينٌ ﴿٥٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

52-(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل (كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەر)، قايسىبىر نەبى (كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر) بولسۇن، ئۇ (ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) تىلاۋەت قىلغان چاغدا، شەيتان ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە (شەك-شۈبھىلەرنى) تاشلايتتى. ئاللاھ شەيتان تاشلىغان شەك-شۈبھىلەرنى بەربات قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

53-(ئاللاھنىڭ شەيتانغا مۇنداق يول قويۇشى) دىللىرىدا (شەك ۋە مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارنى، دىللىرى قاساۋەتلىشىپ كەتكەنلەرنى شەيتاننىڭ تاشلىغان شۈبھىسى بىلەن سىناش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، بۇ زالىملار (ھەقتىن) تامامەن يىراق، (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) چوڭقۇر قارشىلىق ئىچىدىدۇر.

54-(ئاللاھنىڭ بۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ۋە دىللىرىنىڭ ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

55-كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار تاكى ئۇلارغا قىيامەت ئۇشتۇمتۇت كەلگەنگە

ياكى ئۇلارغا دەھشەتلىك كۈننىڭ ئازابى چۈشكەنگە قەدەر داۋاملىق قۇرئاندىن شەكلىنىدۇ.

56ـئۇ كۈندە ھۆكۈمرانلىق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە بولىدۇ.

57ـكاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغان دېگەنلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

### تەپسىرى

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجىم سۈرىسىنىڭ بېشىدىن تىلاۋەت قىلىپ: ﴿أَفَرَءَيۡتُمُ ٱللَّٰتَ وَٱلۡعُزَّىٰ ١٩ وَمَنَوٰةَ ٱلثَّالِثَةَ ٱلۡأُخۡرَىٰٓ ٢٠﴾ يەنى ﴿(ئى مۇشرىكلار!) ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان مانات (قاتارلىق بۇتلار پايدا-زىيان يەتكۈزەلەمدۇ؟)﴾ دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، مۇشرىكلار بۇ ئايەتلەرنى «بۇ ئېسىل تۇرنىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئۈمىدلىكتۇر» دەپ ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەمنۇن بولۇپ بەك خۇشاللىنىپ كېتىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دەيدۇ، يەنى سىلەرنىڭ ئاڭلاپ قالغىنىڭلار سىلەرگە شەيتان ئارىلاشتۇرۇپ قويغان نەرسىلەردۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل (كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەر)، قايسىبىر نەبى (كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر) بولسۇن، ئۇ (ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەرنى) تىلاۋەت قىلغان چاغدا، شەيتان ئۇنىڭ تىلاۋىتىگە (شەك-شۈبھىلەرنى) تاشلايتتى. ئاللاھ شەيتان تاشلىغان شەك-شۈبھىلەرنى بەربات قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىدۇ[1].

يەنە بەزى رىۋايەتلەر باركى، ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئى پەيغەمبەر! بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل، قايسىبىر نەبى بولسۇن، ئۇ پەيغەمبەر ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى ئوقۇغان چاغدا، شەيتان ھامان ئۇنىڭ قىرائىتىگە بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قوياتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا شەيتان

[1] «تفسير القرطبي» 12ـتوم 80ـبەت.

قوشقانلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تامامەن يوق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلاتتى.

بۇ رىۋايەتلەر ئەلۋەتتە باتىل ۋە ئويدۇرمىدۇر. گەرچە بۇنى بەزى مۇپەسسىرلەر ئۆز تەپسىرلىرىدە نەقىل كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئەگەر بىز شەيتان پەيغەمبەرلەرنىڭ قىرائىتىگە، جۈملىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرائىتىگە بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قويالايتتى دېگەن تۆھمەتنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، ئەسلىدىكى ساماۋى كىتابلارغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ئىشەنچىمىز يوقالغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى ئايەتلىرىگە شەيتان تەرىپىدىن بىر نەرسىلەر قوشۇپ قويۇلغان دەپ ئېتىقاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۆھمەت قىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇشى ئۈچۈن يول ئېچىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دۈشمەنلىرى جىم ياتمايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش يولىدا تۇرماستىن تىرىشىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق بىر شۈبھىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغان چاغدا، ئۇلار بۇنداق شۈبھىلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قورال قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىۋايەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلار مەزكۇر رىۋايەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر سەھىھ ھەدىس كەلتۈرەلمىگەن. مۇھەددىس ئالىملار قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەرنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىپ كەلگەن. چۈنكى، بۇ رىۋايەتلەر مەشھۇر ھەدىس توپلاملىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا رىۋايەت قىلىنمىغان، ھەتتا مەشھۇر مۇھەددىس ئەبۇ بەكرى بەززارمۇ «بۇ ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلغىلى بولغۇدەك شەكىلدە زەنجىرسىمان ھالدا رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى بىلمەيمىز»[1] دېگەن.

ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئى پەيغەمبەر! سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەر-لەردىن مەيلى بىز كىتاب نازىل قىلغان پەيغەمبەر بولسۇن ياكى كىتاب بەرمىگەن پەيغەمبەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەن چاغدا، شەيتان ھامان ئۇنىڭ يولىنى توسماقچى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ۋەسۋەسىلەرنى سېلىپ، باتىلنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى شەك-شۈبھىگە سالاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەمىشە شەيتاننىڭ ھىيلە-

[1] «الشفا للقاضي عياض» 2-توم، 110-بەت.

مىكىرلىرىنى بەربات قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى شەك-شۈبھىلەرنى يوق قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھىدايەت يوللىرىنى ئاچىدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى ماۋزۇسىدا ئۆز خاھىشىدىن سۆزلىمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ بارچە خاتالىقلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن خالىي ئىكەنلىكى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەت بولغان يەردە، ئۇنىڭ قىرائىتىگە شەيتاننىڭ بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ قويالىشى، ئۇنى ئالداپ كېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ۋەھيىنىڭ ئىنتايىن ساغلام ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينەن يەتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ﴿وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ ٱلْأَقَاوِيلِ ﴿٤٤﴾ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِٱلْيَمِينِ ﴿٤٥﴾ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ ٱلْوَتِينَ ﴿٤٦﴾ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَٰجِزِينَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) بىزنىڭ نامىمىزدىن بەزى سۆزلەرنى توقۇپ چىققان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالىغان بولاتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. ئۇ چاغدا، سىلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[1]، ﴿مَا يَكُونُ لِىٓ أَنْ أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلْقَآئِ نَفْسِىٓ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ ۖ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇنى ئۆزۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن﴾ [2]، ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ﴿٣﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْىٌ يُوحَىٰ ﴿٤﴾ عَلَّمَهُۥ شَدِيدُ ٱلْقُوَىٰ﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلەيدىغىنى پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىل) ئۆگەتتى﴾[3]، ﴿وَإِن كَادُوا۟ لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ ٱلَّذِىٓ أَوْحَيْنَآ إِلَيْكَ لِتَفْتَرِىَ عَلَيْنَا غَيْرَهُۥ ۖ وَإِذًا لَّٱتَّخَذُوكَ خَلِيلًا ﴿٧٣﴾ وَلَوْلَآ أَن ثَبَّتْنَٰكَ لَقَدْ كِدتَّ تَرْكَنُ إِلَيْهِمْ شَيْـًٔا قَلِيلًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ھەقىقەتەن سېنى بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈتۈپ، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى بىزنىڭ نامىمىزدىن ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى، (ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى يېقىن دوست قىلىۋالاتتى. بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، سەن ئۇلارغا ئازراق مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان

[1] ھاققە سۈرىسى: 44-47-ئايەتلەر.

[2] يۇنۇس سۈرىسى: 15-ئايەت.

[3] نەجم سۈرىسى: 3-5-ئايەتلەر.

ئىدى»﴾[1]. بۇ ئايەتلەر ۋەھىينىڭ ساغلاملىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ۋەھيىنى ئۆز ئەينى يەتكۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

﴿عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ فَلَا يُظۡهِرُ عَلَىٰ غَيۡبِهِۦٓ أَحَدًا ٢٦ إِلَّا مَنِ ٱرۡتَضَىٰ مِن رَّسُولٖ فَإِنَّهُۥ يَسۡلُكُ مِنۢ بَيۡنِ يَدَيۡهِ وَمِنۡ خَلۡفِهِۦ رَصَدٗا ٢٧ لِّيَعۡلَمَ أَن قَدۡ أَبۡلَغُواْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّهِمۡ وَأَحَاطَ بِمَا لَدَيۡهِمۡ وَأَحۡصَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ عَدَدَۢا ٢٨﴾ يەنى ﴿«ئاللاھ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس سىرلارنى ھېچكىمگە ئاشكا-رىلىمايدۇ. پەقەت ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبلەرنى) ئاشكارىلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا چوقۇم مۇھا-پىزەتچى (پەرىشتىلەرنى) سېلىپ قويىدۇ. (بۇنداق قىلىش) پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ سۆز- ھەرىكەت-لىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) بىلىشى ئۈچۈندۇر»﴾[2].

قازى ئىياز «شىفا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئۈممىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يەتكۈزگەنلىرىنىڭ شەكسىز راست ئىكەنلىكىگە، كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالىي، خاتا-لىقلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە، دىنىي يەتكۈزۈشتە قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن كەم ـ زىيادە قىلمىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن»[3].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەي-دىغانلىقىنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداشقا كۈچى يەتمەيدىغان ئاجىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى مۇشرىكلارنىڭ غەزىپىنى قايناتتى. ئۇلار ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىشقا ئۇرۇناتتى. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن بەزى يالغان سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «مۇھەممەد بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەن بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنى سۆكمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ شاپائەتچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى» دەيدىغان يالغان سۆزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان قىرائەتكە ئۆزلىرى بىر نەرسىلەرنى قوشۇپ چىققان ۋە ئۇنى ئاڭلىغان باشقا مۇشرىكلار خۇشال بولغان. ئەمما مۇسۇلمانلار بۇنداق يالغان سۆزلەرگە ھەرگىز ئالدانمىغان ۋە

---

[1] ئىسرا سۈرىسى: 73ـ74ـ ئايەتلەر.
[2] جىن سۈرىسى: 26ـ28ـ ئايەتلەر.
[3] «الشفا للقاضي عياض» 2ـ توم، 285ـ بەت.

ئىشەنمىگەن. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسى سۈرىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى تولۇق يادلىۋالاتتى، مۇشرىكلارنىڭ قوشۇۋالغان سۆزلىرىنى ئەلۋەتتە پەرق ئېتەتتى ۋە ھامان رەت قىلاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلارنىڭ شۇنداق يالغان ئىغۋا تارقىتىشىغا يول قويغانلىقى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، بۇنداق سىناقلاردا ئىچى بۇزۇق، نىيىتى يامان، كۆڭلى قارا ئادەملەر مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرگەن سۆز-چۆچەكلىرىنى ئاللاھتىن كەلگەن ھەق سۆز دەپ بىلىدۇ ۋە «مۇھەممەد بىزنىڭ بۇتلىرىمىزنى سۆككەن بىلەن، ئاللاھ بۇ بۇتلارنى ماختايدۇ» دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشىدۇ.

ئەمما مۇئمىنلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شەيتاننىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشىنىڭ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋە مەغلۇپ بولىدىغان بىر ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئايەت شەيتاننىڭ ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى، ئەمما ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىدۇ.

مۇشرىكلاردىن، مۇناپىقلاردىن ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلىپ، توغرا يولدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ناھايىتى چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا بولۇپ، چوڭ ئازاب ئۇلارنى كۈتىدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئۇلاردەردلىك ئازابقا قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىلىم بېرىلگەن ۋە ئىسلام دىنىغا ئەگىشىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاللىغان كىشىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ قوغدالغان، شەك-شۈبھىلەردىن خالىي ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمانى ھەقىقىي ئىمان بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قەلبى ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش بىلەن تولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقانلارنى بۇ «قۇرئان كەرىم» بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىمانىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ.

كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى توغرۇلۇق قانچىلىك كۆپ دەلىل-ئىسپاتلار كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا شەك-شۈبھە ئىچىدە يۈرۈپ، ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە شۇ كۇفرىلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار تاكى ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرغان ئازاب كەلگۈچىلىك ياكى قىيامەت قايىم بولۇپ ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىغا قالغانغا قەدەر شۇنداق ئىككىلىنىش

ۋە شەك قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كاپىرلار ۋە زالىملار مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، چوقۇم تېگىشلىك جازاسىنى تېتىيدۇ.

بۇ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ھەرگىز قىيىن ئەمەس، چۈنكى، ھەقىقىي پادىشاھلىق ۋە مۇتلەق ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس بولۇپ، قىيامەت كۈنىنىڭ يېگانە ھاكىمى ئاللاھ تائالا ھېسابنى بىۋاستە ئۆزى ئالىدۇ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانىنىڭ تەلپى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۇئمىنلەر نازۇنېمەتلىك ئېسىل جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردىن ھەرگىز چىقىرىلمايدۇ.

ئەمما بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلار دوزاختا ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ خار قىلغۇچى ئازابلارغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئازابلار ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرى ۋە ئېغىر قىلمىشلىرى سەۋەبىدىندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. شەيتانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقى ئېنىقتۇر. شەيتانلار پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ۋەھيىنى كىشىلەرگە باشقىچە ئاڭلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار غەرىزىگە يېتەلمىگەن.

2. كاپىرلار ياكى شەيتانلار تەرىپىدىن كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا تاشلىنىدىغان شەك-شۈبھىلەر بىر سىناق بولۇپ، بۇنىڭدا ھەقىقىي مۇئمىنلەر تاۋلىنىپ چىقىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرنى ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئىززەتلەيدۇ. ئەمما كاپىرلارنى، مۇناپىقلارنى قاتتىق جازالايدۇ، خار قىلغۇچى ئازابلارغا تاشلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى گەپ سورىماستىنلا دوزاخقا تاشلايدۇ.

4. قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ ئىچىدىكى كاتتىباشلارنىڭ بەدرى غازىتىدا پۈتۈنلەي يوقۇتۇلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرى بەرگەن ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان ئالاھىدە چوڭ ۋەقەلىكتۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرىمى ۋە ئومۇمىي رەھمىتى

﴿وَٱلَّذِينَ هَاجَرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوٓاْ أَوۡ مَاتُواْ لَيَرۡزُقَنَّهُمُ ٱللَّهُ

رِزْقًا حَسَنًا ۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿٥٨﴾ لَيُدْخِلَنَّهُم مُّدْخَلًا
يَرْضَوْنَهُۥ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ ﴿٥٩﴾ ۞ ذَٰلِكَ ۖ وَمَنْ عَاقَبَ بِمِثْلِ مَا
عُوقِبَ بِهِۦ ثُمَّ بُغِىَ عَلَيْهِ لَيَنصُرَنَّهُ ٱللَّهُ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَعَفُوٌّ غَفُورٌ ﴿٦٠﴾
ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ يُولِجُ ٱلَّيْلَ فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيْلِ وَأَنَّ
ٱللَّهَ سَمِيعٌۢ بَصِيرٌ ﴿٦١﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ
مِن دُونِهِۦ هُوَ ٱلْبَٰطِلُ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْعَلِىُّ ٱلْكَبِيرُ ﴿٦٢﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ
ٱللَّهَ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَتُصْبِحُ ٱلْأَرْضُ مُخْضَرَّةً ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَطِيفٌ
خَبِيرٌ ﴿٦٣﴾ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَهُوَ ٱلْغَنِىُّ
ٱلْحَمِيدُ ﴿٦٤﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ سَخَّرَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ وَٱلْفُلْكَ
تَجْرِى فِى ٱلْبَحْرِ بِأَمْرِهِۦ وَيُمْسِكُ ٱلسَّمَآءَ أَن تَقَعَ عَلَى ٱلْأَرْضِ إِلَّا
بِإِذْنِهِۦٓ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِٱلنَّاسِ لَرَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٥﴾ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَحْيَاكُمْ ثُمَّ
يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَكَفُورٌ ﴿٦٦﴾

### تەرجىمىسى

58ـئاللاھنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (جىھاد مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى (باشقا جايلاردا) ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ چوقۇم ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

59ـئاللاھ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر.

60ـئىش ئەنە شۇنداقتۇر، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

61ـبۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

62ـ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئاللاھ ھەقتۇر، مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى باتىلدۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ (ھەممىدىن) ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر.

63ـ ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئاندىن ئاشۇ يامغۇر بىلەن زېمىننى يېشىللىقلا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

64ـ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

65ـ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئاسمان (جىسىم-لىرى)نى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىسىز يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ تۇتۇپ تۇ-رىدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپ-قەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

66ـ ئاللاھ سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدىغان، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان، ئاندىن يەنە سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. ئىنسان ھەقىقەتەن بەكمۇ تۇزكوردۇر.

### ◄ تەپسىرى

قىيامەت كۈنىدىكى پادىشاھلىق ۋە مۇتلەق ھاكىمىيەت يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈندە بەندىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىپ ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھيىگە ئىشەنمىگەنلەر دوزاخقا كىرىدۇ ۋە ئۇ جايدا مەڭگۈ قالىدۇ.

ئاللاھنىڭ يولىدا يۇرتىنى، بالىچاقىلىرىنى، ئىسسىق ئۆيىنى، قەۋم-قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ، پەيغەمبەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ياكى بۇ يولدا ھاياتىنى قۇربان قىلىپ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدا ناھايىتى ئېسىل رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، بەندىلىرىگە ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئېسىل رىزىقلارنى ئاتا

قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مۇئمىنلەرنى قىيامەت كۈنىدە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئالىي مەرتىۋىلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ۋە ئەڭ ئېسىل نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان بولغانلىقتىن، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ئۇلارغا تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. ئەمما گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلمىغان، ئازغۇنلۇقتىن قايتمىغان زالىملارنى جازالىماي قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار مەيلى جىھاد مەيدانىدا شېھىت بولغان بولسۇن، ياكى كېيىن ۋاپات بولغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنى يۇقىرى، مەرتىۋىسى يەنىلا ئۈستۈندۇر. چۈنكى، بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېتىپ بېرىشى پەقەت شۇ مۇئمىنلەرنىڭ پىداكارلىقى سايىسىدا ئەمەلگە ئاشقان.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «يا-رەسۇلۇللاھ! نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولدى. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئەجىر بېرىدىغانلىقى ئېنىق. بىزمۇ ئۇلارنى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىۋاتىمىز. ئەگەر بىز ئۇرۇش مەيدانىدا شېھىت بولماي، باشقا سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتسەك ھالىمىز قانداق بولىدۇ؟ دەپ سوراشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: ئاللاھنىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (جىھاد مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ياكى (باشقا جايلاردا) ئۆلگەنلەرگە ئاللاھ چوقۇم ياخشى رىزىق ئاتا قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر﴿ دېگەن ئىككى ئايەتنى نازىل قىلغان»[1]. بۇ ئايەتلەر ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىقىپ، مەيلى جىھاد مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن، مەيلى ياتقان يېرىدە ئۆلگەن بولسۇن، ھەر ئىككىلا ھالەتتە ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان ئادەمنىڭ قايسى جايدا ئۆلۈشى مۇھىم ئەمەس،

[1] «مفاتيح الغيب للرازي» 23ـتوم، 244ـبەت، «التفسير الواضح» 2ـتوم 601ـبەت.

مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۆلۈشتۇر.

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتكە ﴿ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، كىمكى قانچىلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ شۇنچىلىك ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، ئاندىن يەنە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئۇلىنىپ كەلگەنلىكى شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇكى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ئاشۇ مۇجاھىدلار ئاخىرەتتە ۋەدە قىلىنغان كاتتا مۇكاپاتلارغا نائىل بولغاندىن باشقا، بۇ دۇنيادىمۇ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ياردەمگە ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلىشىدۇر. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرۡكُمۡ وَيُثَبِّتۡ أَقۡدَامَكُمۡ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھقا (ئۇنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾ [1] .

ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، مۇسۇلمانلارنى، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قايتارما زەربە بېرىش ئۈچۈن، جىھادقا ئاتلانغان مۆئمىنلەرگە ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش سىلەرگە پەرزدۇر. ئەمما كاپىرلار گەرچە سىلەرگە دۈشمەن بولسىمۇ، سىلەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان ياكى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان بولسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، كەڭ قورساق بولۇڭلار.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئاللاھ تائالا كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ. يەنى كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن شۇنداق تەرتىپ بىلەن كېلىدىغان قىلىشقا قادىر بولغان زات زۇلۇمغا ۋە ئۇۋۋالچىلىققا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىشقا، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالاشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى، ياردەم تىلىگۈچىنىڭ مۇناجاتىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ،

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 7-ئايەت.

ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەس.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقتۇر، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا قىلچە شەك بولمىغاندەك، ئۇنىڭ بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە، ھەرقانداق نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىدىمۇ قىلچە شەك يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلۇغلىنىشقا، ئىبادەت قىلىنىشقا ۋە مۇناجات قىلىنىشقا تامامەن لايىق بولغان بىردىنبىر يېگانە زاتتۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى باتىل ۋە ساختىلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرى ئۆزلىرى قوللىرى بىلەن ياساپ تىكلىۋالغان ساختا ئىلاھلار بولۇپ، ئۇلار چوقۇنغۇچىلىرىغا ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، ﴿ئاللاھنىڭ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾ دېيىش ئارقىلىق بىزنىڭ نەزىرىمىزنى كائىنات دەلىللىرىگە قارىتىدۇ. مەلۇمكى، سۇ ھاياتلىقنىڭ جېنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىدۇر. جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر سۇسىز ياشىيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلۇتلاردىن ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر سايىسىدا بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتى ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالغاندەك، سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتكەن، قاقاسلىقتىن ئۆلگەن زېمىنلارمۇ شۇ يامغۇر بىلەن تىرىلىپ ياپيېشىل ھالەتكە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر بىلەن زېمىندىن ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغاندەك، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، ھەممە مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھېچكىمگە موھتاج بولۇپ قالمايدۇ، ياردەمچىگە ياكى شېرىككە ھاجىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەمىشە ۋە ھەممىلا يەردە مەدھىيەگە لايىقتۇر، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئۇنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانىنىڭ مەنپە-ئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەردى، ئىنسانلارغا يەر يۈزىدىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈك، تاغ-دەريا قاتارلىقلارنى ۋە تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، ھەتتا پەن-تېخنىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگىچە يېتىش

ئىمكانىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدى. «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان زامانلاردا ئىنسانلار كىملەرنىڭ دېڭىزلاردا سۇ ئۈستىدە مېڭىۋاتقانلىقىنىلا كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردىكى تەرەققىيات شۇنچىلىك ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە دېڭىزلاردا يۈرگەن كېملەر بايان قىلىنغان. ئەمما ھازىر بۇرۇنقىلار خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: ئايروپىلان، سۇ ئاستى پاراخوتى، ئاتوم بومبىسى، راكېتا، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت ۋە باشقىلار.

ئاللاھ تائالا ئاسماننى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ ئۆز قۇدرىتى بىلەن تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاسماننى تۈۋرۈكسىز تۇرغۇزغان زات ئۇنى چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەمما بۇ ئاسمان قىيامەت قايىم بولغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن يىقىلىدۇ ۋە باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ﴿يَوۡمَ تُبَدَّلُ ٱلۡأَرۡضُ غَيۡرَ ٱلۡأَرۡضِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُۖ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ﴾ [1].

دۇنيا تاسادىپىيلىق بىلەن پەيدا بولۇپ قالغان ياكى ئۇنى تەبىئەت ياراتقان دەيدىغان سەپسەتە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان چۈپرەندىلەرنىڭ سەپسەتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قىلچىلىك قىممىتى يوقتۇر. ھەقىقەت شۇكى، ھەممىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.

﴿چۈنكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دېگەن ئايەتتىن كېيىن، ﴿ئاللاھ سىلەرگە ھاياتلىق بېرىدىغان، ئاندىن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان، ئاندىن يەنە سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر. ئىنسان ھەقىقەتەن بەكمۇ تۇزكوردۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ كەلگەنلىكى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ھاياتلىق قانچىلىك چوڭ نېمەت بولسا، ئۆلۈممۇ شۇنداق كاتتا نېمەتتۇر، ئاخىرەتتە تىرىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىش تېخىمۇ كاتتا نېمەتتۇر. كۆرۈۋاتىمىزكى، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەر تېزرەك ئۆلۈپ كېتىپ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى تىلەيدۇ. بەك ياشىنىپ قالغان ئادەممۇ خارلىنىپ قالىدۇ. بەزىسى قېرىلىقنىڭ خارلىقىدىن خالاس بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ناھەقچىلىككە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ، ئەمما بۇ دۇنيادا ھەققىنى ئالالمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە ئېلىپ بېرىشىنى كۈتىدۇ. شۇڭا ئۆلۈممۇ

---

[1] ئىبراھىم سۈرىسى: 48-ئايەت.

نېمەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. مۇئمىن ئادەم ئۆلۈمنى تۈگىشىش دەپ سانىمايدۇ، بەلكى ئۇنى يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرى سايىسىدا بۇ دۇنيادىكىدىنمۇ ياخشى بىر ھاياتقا ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكتىن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالمايدۇ. پەقەت ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارلا ئۆلۈمدىن قورقىدۇ ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي تۈگىشىش دەپ بىلىدۇ.

دېمەك، ئىنسان سانسىزلىغان نېمەتلەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يېگانە مەۋجۇداتتۇر. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىدە نېمەتكە ناشۈكۈرلۈك قىلىش ۋە نېمەت بەرگۈچىنى تونۇماسلىقتەك تۇزكورلۇق ئىللىتى بولغانلىقتىن، بەزى ئىنسانلار نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىدۇ، رەببىنىڭ پەزل-كەرەملىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەققىنى تونۇيدۇ ۋە جايىدا ئادا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتلىرىمۇ ئالاھىدە كاتتا بولىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلىش ساۋابلىق ئەمەلدۇر. مۇسۇلمانلىقنى ئىزھار قىلغىلى ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە دىنىي بېسىم بار كاپىر دۆلەتتىن مۇسۇلمان دۆلەتكە ھىجرەت قىلىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تۆۋەنىدىكى بېسىملار سەۋەبلىك ۋەتەننى تاشلاش پەرز ئەمەس. ئەپسۇسكى، ھازىرقى زاماندا دىنىي سەۋەبتىن ھىجرەت قىلغانلارنى ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قوبۇل قىلمايدۇ. پەقەت خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەرلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ دۆلەتلەر مۇھاجىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قىلىشقا تىرىشىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇلارنىڭ دىنىغا قايىل بولۇش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى دىنىي بېسىملارنى دەپ خىرىستىيانلارنىڭ دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىش خەتەرلىكتۇر.

2. قىساس ئېلىش ھەركىمنىڭ نورمال ھەققىدۇر. ئەمما كەچۈرۈۋېتىش ياخشى ئەمەل قاتارىدىن سانىلىدۇ.

3. خالىس ئىبادەت قىلىنىش كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ، مەخلۇقاتنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن كامالىي سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئىسىملىرى بار. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىش ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

5. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى، كامالىي قۇدرىتى ۋە مۇكەممەل سەنئەتلىرى بىلەن خۇددى كۆندۈزدىكى قۇياشتەك ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەقىل كۆزلىرى كور بولغانلار ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۇفرىلىق دېگەن پالاكەت مەۋجۇتتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرى، نېمەتلىرى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرى ھەقىقەتەن سان-ساناقسىزدۇر. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تولىسى تۈزكورلۇق قىلىپ شۈكۈر قىلمايدۇ.

### ◄ ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىبادەتلىرى بولغان

﴿لِّكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلۡنَا مَنسَكًا هُمۡ نَاسِكُوهُۖ فَلَا يُنَٰزِعُنَّكَ فِي ٱلۡأَمۡرِۚ وَٱدۡعُ إِلَىٰ رَبِّكَۖ إِنَّكَ لَعَلَىٰ هُدٗى مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٦٧﴾ وَإِن جَٰدَلُوكَ فَقُلِ ٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٦٨﴾ ٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كُنتُمۡ فِيهِ تَخۡتَلِفُونَ ﴿٦٩﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِۚ إِنَّ ذَٰلِكَ فِي كِتَٰبٍۚ إِنَّ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرٞ ﴿٧٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

67-ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) مۇشرىكلار شەرىئەت ئىشىدا سەن بىلەن جېدەللەشمىسۇن، (كىشىلەرنى) رەببىڭنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن توپتوغرا يولدىسەن.

68-ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن جېدەللەشسە، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

69-ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ».

70-(ئى پەيغەمبەر!) بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا

يېزىلغاندۇر. بۇ (يەنى ئۇلارنى بىلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاساندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش بىلەن تاكامۇللاشتۇرغاندەك، ساماۋى كىتابلارنىمۇ ئاۋۋال مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان «تەۋرات» بىلەن، ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان «ئىنجىل» بىلەن، ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن تاكامۇللاشتۇرغان. «تەۋرات» قانۇن-تۇزۇملىرىدە قاتتىقلىقنى تەشەببۇس قىلسا، «ئىنجىل» يۇمشاقلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمما «قۇرئان كەرىم» بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال يولنى تۇتقان. ئۆزگەرتىلگەن «تەۋرات»تا ماددىغا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسا، ئۆزگەرتىلگەن «ئىنجىل»دا روھانىيلىق تەرەپكە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالادىن كەلگەن پېتى داۋاملىشىپ كەلگەن بىردىنبىر ساماۋى كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن ماددا ۋە روھ ھەر ئىككى تەرەپنى، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر ئىككىسىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان، بۇلارغا ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەن. ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَٰكُمۡ أُمَّةٗ وَسَطٗا لِّتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيۡكُمۡ شَهِيدٗاۗ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى ئى مۇسۇلمانلار! بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك)، سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭمۇ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئادالەتلىك ياخشى ئۇممەت قىلدۇق﴾ [1] .

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئۆتكەنكى ئۇممەتلەردىن ھەربىرىگە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا دەستۇر قىلسۇن، ئىبادەتلىرىنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئادا قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا مەخسۇس شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن ئىدۇق. بۇ شەرىئەتلەر ئۇلارنىڭ شارائىتىغا ۋە زامانىغا مۇناسىپ ئىدى. «تەۋرات» ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگۈچىلىك ئارىلىقتىكى دەستۇرى ئىدى. «ئىنجىل» ئۇلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگۈچىلىك ئارىلىقتىكى دەستۇرى ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم» تا قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلەرنىڭ مەڭگۈلۈك دەستۇرىدۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»مۇ

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 143ـئايەت.

ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دىن كېيىن ساماۋى كىتاب كەلمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ قائىدە- تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ بەرگەن ئۇلۇغۋار دەستۇردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ رەھمەت مەنبەسى بولۇپ نازىل بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت رەھبىرى بولسا، «قۇرئان كەرىم» دىللارنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر. ﴿لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا﴾ يەنى ﴿سىلەردىن ھەربىر ئۈممەتكە بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوپئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾ [1] .

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى پەيغەمبەر! ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان بۇ نادان مۇشرىكلار سەن بىلەن شەرىئەت توغرىسىدا مۇنازىرىلەشمىسۇن! بۇ قۇرئان ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇ-رىدىغان دەستۇردۇر. سەن ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشلىرىغا ۋە جېدەللىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمە. دىنىڭدا مۇستەھكەم بولغىن ۋە كىشىلەرنى رەببىڭنىڭ يولىغا ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا چاقىرغىن. ئاللاھنىڭ دىنى ھەق ۋە توغرا دىندۇر. سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىسەن. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغىن. ئەگەر ئۇلار سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ ساقا ئەگەشسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنى تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سەن چاقىرغان دىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئۆزلىرىگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەر ۋە قۇياشتەك روشەن دەلىل-ئىسپاتلار كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە سەن بىلەن دىن توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىشنى تاشلىمىسا ۋە ساڭا ئەگەشمىسە، ئۇلارنىڭ ئىشىنى قۇدرەتلىك رەببىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغىن، ئۇلارنى ئۇنىڭغا قويۇپ بەرگىن، ئاندىن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، سىلەر تالاش-تارتىش قىلغان ئىش ھەققىدە قىيامەت كۈنى ئەڭ ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالانىڭ ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەن. كائىناتتىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەس. شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە كائىناتتا بو-

[1] مائىدە سۈرىسى: 48-ئايەت.

لىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا ئالدىنئالا پۈتۈلۈپ بولغان بولۇپ، بۇلارنى ئالدىن بىلىش ۋە تەقدىر قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئاساندۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بۇرۇن ھەربىر ئۈممەتكە مەخسۇس پەيغەمبەر كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر كەلمىگەن مىللەت يوقتۇر. ئۆتمۈشلەردىكى پەيغەمبەرلەر مەلۇم بىر قەۋمگە پەيغەمبەر بولۇپ كېلەتتى. ئەمما ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن ئومۇمىي پەيغەمبەردۇر.

2. ھەربىر ئىشنى كىشىلەر بىلەن جېدەللەشمەستىن سىلىق مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىسلام ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ئىنتايىن چەكسىز بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاشكارا-يوشۇرۇن، چوڭ-كىچىك ھېچقانداق بىر ئىش ئاللاھ تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ.

4. كائىناتتا بولىدىغان ئىشلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالدىنئالا تەقدىر قىلىنىپ بولغان بولۇپ، ھەممىسى «لەۋھۇلمەھپۇز»دا يېزىلغاندۇر.

## ◄ كاپىرلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرى

﴿وَيَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَمَا لَيۡسَ لَهُم
بِهِۦ عِلۡمٞۗ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٖ ﴿٧١﴾ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا
بَيِّنَٰتٖ تَعۡرِفُ فِي وُجُوهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلۡمُنكَرَۖ يَكَادُونَ يَسۡطُونَ
بِٱلَّذِينَ يَتۡلُونَ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِنَاۗ قُلۡ أَفَأُنَبِّئُكُم بِشَرّٖ مِّن ذَٰلِكُمُۚ
ٱلنَّارُ وَعَدَهَا ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٧٢﴾ يَٰٓأَيُّهَا
ٱلنَّاسُ ضُرِبَ مَثَلٞ فَٱسۡتَمِعُواْ لَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ
لَن يَخۡلُقُواْ ذُبَابٗا وَلَوِ ٱجۡتَمَعُواْ لَهُۥۖ وَإِن يَسۡلُبۡهُمُ ٱلذُّبَابُ شَيۡـٔٗا لَّا
يَسۡتَنقِذُوهُ مِنۡهُۚ ضَعُفَ ٱلطَّالِبُ وَٱلۡمَطۡلُوبُ ﴿٧٣﴾ مَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ

قَدۡرِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿٧٤﴾ ٱللَّهُ يَصۡطَفِي مِنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ رُسُلٗا
وَمِنَ ٱلنَّاسِۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعُۢ بَصِيرٞ ﴿٧٥﴾ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا
خَلۡفَهُمۡۚ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ﴿٧٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

71ـئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، (مەبۇدلىقى ھەققىدە) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە ۋە ئۆزلىرى ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار يوقتۇر.

72ـكاپىرلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە يامان كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرىسەن، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى تاس قالىدۇ. ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، ئاللاھ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان دوزاختۇر. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!».

73ـئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شەكسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار (ھەممىسى) يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ، ئەگەر چىۋىن ئۇلاردىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تار-تىۋالالمايدۇ. (دېمەك) تەلەپ قىلغۇچىمۇ، تەلەپ قىلىنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر.

74ـئۇ كاپىرلار ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، (ھەممىدىن) غالىبتۇر.

75ـئاللاھ پەرىشتىلەردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ ئەلچىلەرنى تاللايدۇ. شەكسىز-كى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

76ـئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنىمۇ ۋە ئارقىسىدىكىنىمۇ (يەنى ھازىرقى ئەھۋالىنىمۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنىمۇ) بىلىپ تۇرىدۇ. (بارلىق) ئىشلار ئاللاھقىلا قايتۇرۇلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئەڭ مۇكەممەل ئىلاھىي سۈپەتلەرگە ئىگە زات بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن

كېلىدىغان قىلغان، شاماللارغا ئەمر قىلىپ بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق قاقاس زېمىننى تىرىلدۇرۇپ ئۇنىڭدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىپ بېرىدىغان، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، ھەممىگە قادىر، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى تەمىنلەپ تۇرىدىغان، يەر يۈزىدىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن، ھەتتا بەزى تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن يېگانە زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان بارلىق ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب ئالىدۇ. ياخشىلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلار يەنىلا ئاللاھ تائالانى تونۇمايدۇ، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا لايىقىدا ئىبادەت قىلمايدۇ، ئۇنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمايدۇ ۋە ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئاللاھ تائالانى قويۇپ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ھەققىدە ئاللاھ تائالا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرگە - بۇتلارغا، ھەيكەللەرگە، ھايۋانلارغا ۋە بەزى تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنىدۇ. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغانلىقتىن، بۇتلارغا ۋە ھەرقانداق ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇشتا ئاساسلانغان دەلىللىرى ئۆزلىرىنىمۇ قايىل قىلالمايدىغان، ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز سەپسەتىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىكى بىردىنبىر مۇددىئاسى ﴿بَلۡ وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا كَذَٰلِكَ يَفۡعَلُونَ﴾ يەنى ﴿لېكىن بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق﴾[1]، ﴿إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّهۡتَدُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپقۇچىلارمىز﴾[2]، ﴿مَا نَعۡبُدُهُمۡ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلۡفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 74-ئايەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 22-ئايەت.

چوقۇنىمىز﴾[1] دېيىشتىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ قاتتىق زالالەتكە پاتقان، ئەقىلسىز مەخلۇقلار ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا چوقۇنۇۋاتقان بۇ زالىملارغا ئۇلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن، دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان، ئۇلارغا شاپائەت قىلالايدىغان بىرەر مەدەتكار چىقمايدۇ. ئۇلار شۇنداق زالالەتكە پاتقان ئادەملەركى، ئۇلارغا «توغرا دىنغا ئەگىشىڭلار، ياخشى ئىش قىلىڭلار» دېيىلسە، ھەق دىنىنىڭ چاقىرىقى يەتكۈزۈلسە، ئاللاھ تائالانىڭ روشەن ئايەتلىرى ئۇلارغا ئوپئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن يامان كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنىدۇ، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. ئۆزلىرىنى ياخشىلىققا چاقىرىۋاتقانلارنى چىشلەپ، چايناپ يۇتۇۋەتكۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەلبى يامانلىق بىلەنلا تولغان بەختسىزلەردۇر.

ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ، ﴿مەن سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ يامانراقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، ئاللاھ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان دوزاختۇر. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان!﴾ دېيىشكە ئەمر قىلىدۇ. يەنى ھەق دىنغا بولغان ئاداۋىتىڭلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلارنى سىقىۋاتقان، غەزىپىڭلارنى ئۆرلىتىۋاتقان مۇشۇ ئاچچىقتىنمۇ يامانراق بىر ئاچچىقنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ دوزاختۇر! ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەرگە ئوخشاش ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلارغا چىش، تىرناقلىرى بىلەن قارشى تۇرىدىغان زالىملار ئۈچۈن تەييارلىدى. بۇ نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! نېمىدېگەن يامان قارارگاھ!

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ چوقۇنۇلۇشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇ نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ ئەقلىي جەھەتتىنمۇ، دىنىي جەھەتتىنمۇ ھېچقانداق قايىل قىلارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ساختا ئىلاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاجىز، چارىسىز نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە چوقۇنۇلۇشقا ھەرگىزمۇ لايىق ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەسىلىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبلىرىدىن بىرىدۇر. مۇنداق قىلىشنىڭ تەسىرى

[1] زۇمەر سۈرىسى: 3ـئايەت.

كۆچلۈك بولىدۇ، بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلە تېخىمۇ روشەن چۈشەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

﴿ئى ئىنسانلار! (سىلەرگە) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار﴾، بۇنى ياخشى ئويلاپ، ئوبدان چۈشىنىپ ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ بىر مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ياراتقان ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلار بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ. بۇ ئورۇندا چىۋىننى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش چىۋىننىڭ ئاجىزلىقى، ئۇنىڭ ھەر جايدا تېپىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كىچىك، ئاددىي بىر مەخلۇق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قونغان چىۋىن ئېلىپ قاچقان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدىغان، قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان نەرسىلەردۇر.

بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تەسۋىرلەش! نېمىدېگەن مەنىلىك ئوخشىتىش-ھە!

بۇ ئەھۋالدا تەلەپ قىلغۇچىمۇ، تەلەپ قىلىنغۇچىمۇ، يەنى چوقۇنغۇچى مۇشرىكلارمۇ چوقۇنۇلغۇچى بۇتلارمۇ ئوخشاشلا ئاجىزدۇر. بۇ نېمىدېگەن ئاجىز ھەمراھلار!

بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇلار بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋاسىتە قىلىۋالاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، بۇتلار ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېتىپ بېرىشىغا كېپىللىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ئىبادەتلەرنى بۇتلارغا قىلىپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى توغرا ئىش قىلىۋاتقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ئادەملەر دەپ ھېسابلايتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ خاتا ئېتىقادىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان زاتقا خالىس ئىبادەت قىلماي، بۇتلارغا چوقۇنۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى لايىقىدا قەدىر-لىمىگەنلىكىنى، ئۇنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقىنى، ياغاچ، تاش، لاي ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان بۇتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىۋېلىپ ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چوقۇنغۇ-چىلىرىغا پايدا يەتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىمۇ مۇداپىئە قىلالمايدىغان بۇ ئاجىز مەبۇدلار قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا تەڭ بولالىسۇن؟!

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ «ئىنساندىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» دەيدىغان پۇچەك سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت ئىنسانلاردىنلا كېلىدىغانلىقىنى، يەنە جىبرىلغا ئوخشاش بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئەلچى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. يەنى پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەر بولسا، پەرىشتىلەردىن بولغان ئەلچىلەر ئاللاھ تائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەردۇر.

مەيلى پەرىشتىلەردىن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر بولسۇن، مەيلى ئىنسانلاردىن چىقىرىلىدىغان پەيغەمبەرلەر بولسۇن، ئۇلارنى تاللاش ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كىمنى ئەلچى ياكى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق دۇئا، مۇناجات ۋە تىلەكلەرنى ئاڭلىغۇچى، ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ئاشكارا-يوشۇرۇن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زات بولۇپ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ بىلىشىدىن مەخپىي قالمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىدۇ. بارلىق مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، ھەممە ئىشلار ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرىدىغانلىقى قەدىمىي دۈشمەنلىك بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم»دە بېرىلگەن مىساللار بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىنى كىشىلەرگە تېخىمۇ روشەن چۈشەندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

3. باتىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەگەر ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاتا-بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتىن قۇتۇلۇپ ھەقىقەتنى تاپقان بولاتتى.

4. ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغانلار ياكى ئۇنىڭ قايسىبىر سۈپىتىگە مەخلۇقاتنى ئوخشاتقانلار ئاللاھ تائالانى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىغان بولىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىلىرىنى پەرىشتىلەردىن تاللىغاندەك، ئىنسانلارغا ئەۋەتىدىغان ئەلچىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن تاللىغان.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمايدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

### ◄ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ خۇلاسىسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱرۡكَعُواْ وَٱسۡجُدُواْ وَٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمۡ وَٱفۡعَلُواْ ٱلۡخَيۡرَ لَعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ۩ ٧٧ وَجَٰهِدُواْ فِي ٱللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِۦۚ هُوَ ٱجۡتَبَىٰكُمۡ وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلدِّينِ مِنۡ حَرَجٖۚ مِّلَّةَ أَبِيكُمۡ إِبۡرَٰهِيمَۚ هُوَ سَمَّىٰكُمُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ مِن قَبۡلُ وَفِي هَٰذَا لِيَكُونَ ٱلرَّسُولُ شَهِيدًا عَلَيۡكُمۡ وَتَكُونُواْ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِۚ فَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱعۡتَصِمُواْ بِٱللَّهِ هُوَ مَوۡلَىٰكُمۡۖ فَنِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ٧٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

77ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار.

78ـ ئاللاھنىڭ يولىدا لايىق رەۋىشتە (خالىس نىيەت بىلەن) جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (بۇ ئەمەلگە) سىلەرنى تاللىدى. دىندا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىق قىلمىدى. (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر. پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان ئىدى، بۇنىڭدىمۇ (يەنى قۇرئاندىمۇ) شۇنداق دەپ ئاتىدى. شۇڭا سىلەر نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا چىن دىلىڭلار بىلەن باغلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!.

### ◄ تەپسىرى

ئەي ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەر! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ۋە بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، رۇكۇ ۋە سەجدىلەرنى تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلغان ھالدا نامىزىڭلارنى دۇرۇس

ئوقۇغۇلار، رەببىڭلارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىڭلار.

ئايەتتە تەلەپ قىلىنغان ياخشى ئىشلار ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلار بولۇپ، ئۇلار تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش، موھتاجلارغا خەير-ساخاۋەت قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ئەمەللەرنى، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە دىندا تەشەببۇس قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

﴿نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن...﴾ دېگەن ئايەت مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نىجاتلىق دوزاختىن يىراق قىلىنىپ جەننەتكە كىرىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جەننەتكە ئەمەللەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا كىرگىلى بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: «فَإِنَّهُ لا يُدْخِلُ أَحَدًا الجَنَّةَ عَمَلُهُ» يەنى «شەكسىزكى، ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ ئەمەلى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر «يارەسۇلۇللاھ! ئۆزلىرىمۇ شۇنداقمۇ؟» دېگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «وَلا أَنَا ، إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِي اللَّهُ بِمَغْفِرَةٍ وَرَحْمَةٍ» يەنى «مەنمۇ شۇنداق، پەقەت ئاللاھ مېنى مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى بىلەن قورشىغان چاغدىلا كىرەلەيمەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ يولىدا كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئۇنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش ۋە كۆرسەتكەنلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بارلىقىڭلار بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار.

جىھادنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئاللاھ يولىدا قولغا قورال ئېلىپ ئۇرۇش قىلىش، نەپسى شەيتان بىلەن ئېلىشىش، دىنسىزلارغا ۋە بىدئەتچىلەرگە رەددىيە بېرىش، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش، ئۆزىمىزنى ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى يامان دوست ۋە يامان ھەمراھلاردىن يىراق تۇتۇش يولىدا ھىممەت كۆرسىتىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جىھادنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ. كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا

[1] «صحيح البخاري» 8-توم 98-بەت 6467 -ھەدىس.

تەشەببۇس قىلىشمۇ جىھادنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالا سىلەرنى تاللىدى، سىلەرنى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشقا بۇيرىدى. ھەرقانداق بىر دىنىي مەجبۇرىيەت ئاز-تولا قىيىنچىلىق ۋە جاپالاردىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت سىستېمىلىرىدە كىشىلەرنى قىيىنچىلىققا قويىدىغان دىنىي مەجبۇرىيەتلەر يوق. ﴿ئاللاھ دىندا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىق قىلمىدى﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. راستتىنلا ئاللاھ تائالا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ناھايىتى ئاسان قىلىپ نازىل قىلغان، بۇيرۇغان ئىبادەتلىرىدىمۇ ئاسانلىق كۆزدە تۇتۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە دىننى قىيىنلاشتۇرماستىن ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ: «إِنَّ الدِّينَ يُسْرٌ ، وَلَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ إِلَّا غَلَبَهُ» يەنى «دىن ئاسانچىلىقتۇر، كىمكى ئۇنى قىيىنلاشتۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم يېڭىلىدۇ»[1] دېگەن. ﴿لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ﴾ [2] . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ أَنْ تُؤْتَى رُخَصُهُ كَمَا يحب أن تؤتى عزائمه» يەنى «ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ئېجرا قىلىنىشىنى ياقتۇرغاندەك، رۇخسەتلىرىنىڭمۇ ئەمەلگە ئېشىشىنى ياقتۇرىدۇ»[3] دېگەن.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشتا ۋە ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى قىلىشتا ھېچبىر قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت يوقتۇر. ئاددىيسى، تاھارەت ئېلىشقا سۇ تاپالمىغان ياكى ھاۋا سوغۇق بولغانلىق ۋەياكى كېسەللىك سەۋەبتىن سوغۇق سۇنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلغان ئادەم تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ، تەيەممۇم بۇ ۋاقىتتا تاھارەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم تەيەممۇم ئارقىلىق تاھارەت بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ. دىنىمىز مۇساپىرنىڭ، كېسەل ئادەمنىڭ رامىزان روزىسىنى تۇتماسلىقىغا رۇخسەت قىلىدۇ، نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا ماجالى يوق كېسەلنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان ئادەمگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېيىشنى رۇخسەت قىلىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىقنىڭ دىنىمىزدا چىقىش يولى بار.

---

[1] «صحيح البخاري» 1-توم 16-بەت 39 -ھەدىس.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 286-ئايەت.

[3] «صحيح ابن حبان» 2- توم 69-بەت 354 -ھەدىس.

قىسقىسى، ئىسلام دىنىدا رۇخسەتلەر كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە قىيىنچىلىق بولمىسۇن دەپ، كۆپلىگەن رۇخسەتلەرنى ئۆزى قىلىپ كۆرسەتكەن﴿ئاللاھ دىنىدا سىلەرگە ھېچقانداق قىيىنچىلىق قىلمىدى ﴾ دېگەن ئايەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا ئاساستۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى بولغان ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلاردا مۇسۇلمان دەپ ئاتىغان، «قۇرئان كەرىم»دىمۇ شۇنداق ئاتىدى. مانا بۇ قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سىلەرگە دىنىنى تولۇق يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭمۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزگەنلىكى توغرۇلۇق مۇسۇلمانلاردىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەزكۇر ئۈممەتلەر مۇسۇلمانلاردىن «سىلەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىنى نەدىن بىلدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا: «بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىزگە شۇنداق خەۋەر بەرگەن ئىدى» دەيدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. چۈنكى، بۇ ئىككىسى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر. ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىڭلار بىلەن باغلانغان ھالدا، ئۇنىڭ دىنىغا، كىتابىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ بىردىنبىر ئىگەڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار! نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى-ھە!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ناماز بىلەن زاكات ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىبادەتلەردۇر. كۆپلىگەن ئايەتلەردە بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە ياندىشىپ كەلگەنلىكى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ناماز شەخسكە، زاكات جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك پەرزلەردۇر.

ياخشىلىقنىڭ دەرىجىسى ۋە تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلىشمۇ ئىبادەت قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغان بىر ياخشىلىقتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»دە 14 ئورۇندا سەجدە ئايىتى بولۇپ، سەجدە ئايەتلىرى

ئوقۇلغاندا سەجدە قىلىش ھەنەفىي مەزھىپىدە ۋاجىپ، باشقا مەزھەپلەردە «سۈننەت»تۇر.

3. جىھاد دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جاننى ۋە مالنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىشتۇر.

4. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خىسلەتلىرى كۆپتۇر. ئەڭ ئۇبرازلىقى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش خىسلىتىدۇر. چۈنكى، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ھەركىم ئۇنى كۈچىنىڭ ۋە ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە ئورۇندايدۇ.

5. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش دىننى جانلىق تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ يولىدۇر.

# مۇئمىنۇن سۈرىسى

مۇئمىنۇن سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 118 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، سۈرىنىڭ بېشىدا مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن 10 سۈپەت بايان قىلىنغان. بۇ سۈرىدە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى، كىشىلەرنى ئۇلارغا چاقىرىش يولىدا تارتقان جاپالىرى بايان قىلىنغاندەك، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمەللىرى، خىسلەتلىرى، كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە رەزىللىكلىرىمۇ بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بىر قىسىم تەۋسىيەلىرى بايان قىلىنغان. بۇ سۈرە قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى، مېۋىسىنى، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە كاپىرلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر ئىمان مەسىلىسى ۋە مۇئمىنلەر ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدا بەختكە ئېرىشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئىبادەتلىرى، ئەخلاقى ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان مۇكاپاتلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى بىرىنچى ئايەتتە كەلگەن ﴿ٱلۡمُؤۡمِنُونَ﴾ يەنى «مۇئمىنلەر» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ ھەقىقىي مۇئمىنلەر كىملەر؟

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿قَدۡ أَفۡلَحَ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ١ ٱلَّذِينَ هُمۡ فِي صَلَاتِهِمۡ خَٰشِعُونَ ٢
وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَنِ ٱللَّغۡوِ مُعۡرِضُونَ ٣ وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِلزَّكَوٰةِ فَٰعِلُونَ
٤ وَٱلَّذِينَ هُمۡ لِفُرُوجِهِمۡ حَٰفِظُونَ ٥ إِلَّا عَلَىٰٓ أَزۡوَٰجِهِمۡ أَوۡ مَا

مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ﴿٦﴾ فَمَنِ ٱبْتَغَىٰ وَرَآءَ ذَٰلِكَ
فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْعَادُونَ ﴿٧﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ لِأَمَٰنَٰتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَٰعُونَ
﴿٨﴾ وَٱلَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَوَٰتِهِمْ يُحَافِظُونَ ﴿٩﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْوَٰرِثُونَ
﴿١٠﴾ ٱلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿١١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 ـ مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتتى.

2 ـ ئۇلار نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.

3 ـ ئۇلار بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر.

4 ـ ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر.

5 ـ ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچىلاردۇر.

6 ـ پەقەت ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلارغا (ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك) مالامەت قىلىنمايدۇ.

7 ـ كىمكى بۇلارنىڭ باشقىسىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) ئىزدەيدىكەن، ئەنە شۇلار چەكتىن ئاشقۇچىلاردۇر.

8 ـ ئۇ مۇئمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

9 ـ ئۇلار نامازلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردۇر.

10 ـ ئەنە شۇلار ۋارىسلاردۇر.

11 ـ ئۇلار فىردەۋس جەننىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، شۇ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

### تەپسىرى

مۇئمىنلەر راستتىنلا مەقسىتىگە ئېرىشتى، مۇرادىغا يەتتى، ھەقىقىي نىجاتلىقنى ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشتى. بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

﴿ئۇلار نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇ مۇئ-

ـمىنلەر نامازغا تۇرغان چاغلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئەيمەنگەن ۋە قورققان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلاپ خۇشۇئ[1] بىلەن تۇرغۇچىلاردۇر. تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ھەسەن بەسرى ساھابىلەرنىڭ نامازدا قانداق تۇرىدىغانلىقىنى تەرىپلەپ: «ئۇلار نامازدا قەلبىنى ۋە بارچە ئوي-پىكرىنى ئاللاھقىلا بېغىشلاپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئۇيان-بۇيانغا قاراشتىن، بارچە ئەزالىرى ھەرىكەتتىن توسۇلغان ھالدا تۇراتتى»[2] دېگەن.

نامازدىكى خۇشۇ كۆڭۈلنى ۋە بارلىق پىكىر-خىيالنى يىغىپ پەقەت نامازغىلا بېغىشلىغان، نامازنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ھالدا خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇرغان ئادەمدىلا ھاسىل بولىدىغان خىسلەتتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقان ۋە دىلى ھۇزۇرلانغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقلا بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ناماز ئوقۇيتتى. ھەتتا مۇئەززىن بىلالغا: «يَا بِلَالُ ، أَرِحْنَا بِالصَّلَاةِ» يەنى «ئەي بىلال! بىزنى ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن»[3] دەيتتى.

نامازدا تۇرۇپ ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇش، كىيىم-كېچەكنى تۈزەش، ساقالنى سىلاش، بارماقلارنى قاراسلىتىش، قولنىڭ بارماقلىرىغا قاراش قاتارلىق ھەرىكەتلەر مەكرۇھ (ياقتۇرۇلمايدىغان) ئەمەللەر بولۇپ، نامازدىكى خۇشۇغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. خۇشۇ بولمىغان ناماز جانسىز تەنگە ئوخشاپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتى يوقىلىپ كېتىدۇ. نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن، خۇسۇسەن، مەسجىدلەردە يانفوننى تاقىماسلىقنىڭ ياكى ئاۋازىنى يېپىۋەتمەسلىكنىڭ گۇناھ ۋە ھارام ئىكەنلىكىگە ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن.

﴿ئۇلار بىھۇدە سۆز-ھەرىكەتتىن يىراق تۇرغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇ مۇئـ-
ـمىنلەر ياخشىلىق بولمىغان، پايدىسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلمايدۇ. پەقەت ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولغان سۆزلەرنىلا قىلىدۇ. چۈنكى، مۇئمىن ئادەم ئۆز ئۈستىدىكى دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيەتلەرنى، دىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ھېس قىلغان ئادەم بىھۇدە ئىش ۋە بىھۇدە گەپ-سۆزدىن ئەلۋەتتە يىراق تۇرىدۇ.

---

[1] خۇشۇئ-نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا، ئەقلىنى، پىكىر-خىيالىنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھ تائالاغىلا بېغىشلاپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

[2] «تفسير الطبري» 19-توم، 8-9-بەت.

[3] «مسند الإمام أحمد» 38-توم 178- بەت 23088 -ھەدىس.

چۈنكى، مۇنداق كىشىنىڭ بىھۇدە سۆز ۋە بىھۇدە ئىش قىلىشقا ۋاقتى يوقتۇر.

شۇنىمۇ ئېنىق بىلىش كېرەككى، ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىش، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، پائالىيەتسىزلىك ۋە تەييارتاپلىق دۇنيانىڭ كەينىدە قالغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە ئومۇملاشقان بىر پاسسىپلىقتۇر. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرى مەسئۇلىيەتچان، پائالىيەتچان ۋە تىرىشچان كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىھۇدە سۆز قىلىشقا ۋە مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا ۋاقتى يوق. شۇڭا ئۇلار تەرەققىي قىلىدۇ. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ﴿وَإِذَا مَرُّواْ بِٱللَّغۡوِ مَرُّواْ كِرَامٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە تەرىپلەنگەن ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە تولۇق سىڭدۇرگەندىلا ئاندىن قەد كۆتۈرىدۇ.

﴿ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر﴾ يەنى ئۇ مۇئمىنلەر زاكات، سەدىقە، خەير-ئېھسان ۋە خالىسانە ياردەم قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن يوقسۇللارنىڭ، خۇسۇسەن يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان كىشىلەردۇر. ئايەتنىڭ سىياقىدىن بۇ ئورۇندىكى «زاكات» سۆزىنىڭ بارلىق ياردەم ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ئىككىنچى پەرزى بولغان زاكات ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە پەرز قىلىنغان. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار ئۇ-نىڭدىن ئىلگىرى مەككىدىكى چاغلىرىدىمۇ سەدىقە، خەير-ساخاۋەت ۋە ياردەم قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان.

﴿ئۇلار ئىپپەتلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئۇلارغا (ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقى سەۋەبلىك) مالامەت قىلىنمايدۇ﴾ يەنى ئۇ مۇئمىنلەر ئۆزلىرىنى ھارامدىن ساقلايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ياكى چۆرىلىرىدىن باشقا ئاياللار بىلەن جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ھالال قىلغان يول بىلەن جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلار ھەرگىز ئەيىبلەنمەيدۇ، مالامەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن چەك-چېگرادىن ھالقىپ، ھارام يوللار بىلەن، ئۆزلىرىگە ھالال بولمىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار چوقۇم گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، مۇنداق

[1] فۇرقان سۈرىسى: 72-ئايەت.

قىلىش زىنا قىلغانلىقتۇر. مۇنداقلار ئەلۋەتتە دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلەردۇر. مەلۇمكى، زىنا-پاھىشە، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش[1]، جىنسىي فىلىملەرنى كۆرۈش قەتئىي هارام قىلىنغان قىلمىشلاردۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىسلام دىنىدا ھۆر ئىنسانلارنى قۇل ياكى چۆرە قىلىش قەتئىي چەكلەنگەن بولۇپ، پەقەت ئۇرۇشلاردا ئەسىرگە چۈشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆتمۈشلەردە كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئەسىرگە چۈشكەنلەر غەنىيمەت قاتارىدا مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئۇلار تەقسىماتتا قولىغا كەلگەنلەرنى قۇل ياكى چۆرە قىلىپ ئىشلىتەتتى. بىراق قۇللۇقنى يوق قىلىش، قۇللارنى ۋە چۆرىلەرنى ئازاد قىلىش يولىدا ئىسلام دىنىنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە تەشەببۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. شۇڭا بەزى گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى، قەسەمنىڭ كاپارىتى ۋە بەزى ئىبادەتلەردىكى نۇقسانلارنىڭ تولۇقلىنىشى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىش شەرت قىلىنغان.

﴿ئۇ مۇئمىنلەر يەنە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇ مۇئمىنلەر ئامانەت قويۇلسا ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرىدىغان، ئەھدە تۈزسە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان، بىرەر ئىشنى قىلىشقا ياكى بىرەر ۋاقىتتا ھازىر بولۇشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان، قىلغان ۋەدىسىگە، تۈزگەن ئەھدىسىگە، بەرگەن سۆزىگە قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدىغان ۋاپادار كىشىلەردۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما سۆزىدە تۇرمايدىغانلار، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغانلار، تۈزگەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلمايدىغانلار، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدىغانلار، بىراۋغا پالانى ۋاقىتتا، سائەت مانچىدە ئۇچرىشىمىز، دەپ قويۇپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغانلار مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىنى قىلغانلاردۇر. مۇنداقلارنى ھەقىقىي مۇئمىن دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداقلار گەرچە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان، مۇئمىن دەپ ساناپ يۈرسىمۇ، بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇپ تۇرسىمۇ، كۆپلىگەن ئىبادەتلەرنى تولۇق قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەقىقىي مەنىدە مۇئمىن ۋە مۇسۇلمان ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش-مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئەر- خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشكە كېلىشىپ نىكاھلىنىش دېمەكتۇر. گەرچە نىكاھلىنىشتا ئايرىلىدىغان ۋاقىتنى ئېنىق قىلىپ بەلگىلىمىگەن بولسىمۇ، ۋاقىتلىق ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيلەنگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ نىكاھى چۈشمەيدۇ، بۇنداق نىكاھ ھارامدۇر.

مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» يەنى «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر. ئۇلار: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1] . مۇناپىقلارنىڭ ئىشىنى قىلغان ئادەمنى ھەقىقىي مۆئمىن، مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ.

﴿ئۇلار نامازلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردۇر﴾ يەنى ئۇ مۆئمىنلەر نامازلىرىنى پۈتۈن شەرتلىرىگە ۋە قائىدە-تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، ناماز بىلەن روھىي ئازادىچىلىك ھېس قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشتا، ئەڭ ئاۋۋال نامازدىن باشلاپ يەنە ناماز بىلەن تۈگەتكەن. مانا بۇ نامازنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئىبادەتنىڭ بېشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رَأْسُ الْأَمْرِ الْإِسْلَامُ وَعَمُودُهُ الصَّلَاةُ ، وَذِرْوَةُ سَنَامِهِ الْجِهَادُ» يەنى «دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى جىھادتۇر»[2] .

يۇقىرىقى سۈپەتلەر ھەربىر مۇسۇلمان شەخستە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر بولۇپ، بۇ سۈپەتلەردە مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئىبا-دەتلەرنى جايىدا قىلىدىغان، ئەخلاقى گۈزەل ئادەمدۇر. ئەمما مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەۋبە سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت بېتەرلىكتۇر: ﴿وَٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ﴾ يەنى ﴿مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ﴾[3] .

[1] «صحيح البخاري» 1-توم 16-بەت 33 -ھەدىس.

[2] «مسند الإمام أحمد» 36-توم 344- بەت 22016 -ھەدىس..

[3] تەۋبە سۈرىسى: 71-ئايەت.

يۇقىرىدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان مۇئمىنلەر جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولغان، جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان فىردەۋس جەننەتلىرىگە لايىق بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىمانى ۋە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى يۈزىسىدىن فىردەۋس جەننەتلىرىنى خۇددى ئاتىدىن بالا مال-دۇنيانى مىراس ئالغاندەك مىراس قىلىپ ئالىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار شۇنىڭغا ھەقلىقتۇر. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا: ﴿وَتِلۡكَ ٱلۡجَنَّةُ ٱلَّتِيٓ أُورِثۡتُمُوهَا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر قىلغان ئەمەللەرلار يۈزىسىدىن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر﴾[1] دېيىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.نامازنى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغان، ئۇنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ تۇرۇپ ئوقۇش پەرزدۇر.

2. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ھارامدۇر. چۈنكى، نىكاھلىنىشتا مەڭگۈلۈك ئەر-خوتۇن بولۇشنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنى بەزى شىئەلەر جائىز سانىغان بولسىمۇ، ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدە ھارامدۇر.

3. قول بىلەن ياكى قايسىبىر ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىدىن ئىسپېرما چىقىرىش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان قىلىقتۇر.

4. زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ساقلاش ۋە بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش قاتارلىقلار ئەڭ ئەھمىيەتلىك پەرز ئەمەللىرى بولۇپ، ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.

5. قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە مەڭگۈلۈك تۇرۇش ئۈچۈن كىرگەنلىكى ئۈچۈن، گويا ئۇلار جەننەتنى مىراس ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى فىردەۋس جەننەتلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغاي، ئامىن.

## ◄ ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچلىرى

﴿وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ مِن سُلَٰلَةٖ مِّن طِينٖ ١٢ ثُمَّ جَعَلۡنَٰهُ نُطۡفَةٗ

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 72-ئايەت.

فِي قَرَارٖ مَّكِينٖ ﴿١٣﴾ ثُمَّ خَلَقۡنَا ٱلنُّطۡفَةَ عَلَقَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡعَلَقَةَ
مُضۡغَةٗ فَخَلَقۡنَا ٱلۡمُضۡغَةَ عِظَٰمٗا فَكَسَوۡنَا ٱلۡعِظَٰمَ لَحۡمٗا ثُمَّ أَنشَأۡنَٰهُ
خَلۡقًا ءَاخَرَۚ فَتَبَارَكَ ٱللَّهُ أَحۡسَنُ ٱلۡخَٰلِقِينَ ﴿١٤﴾ ثُمَّ إِنَّكُم بَعۡدَ
ذَٰلِكَ لَمَيِّتُونَ ﴿١٥﴾ ثُمَّ إِنَّكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ تُبۡعَثُونَ ﴿١٦﴾ وَلَقَدۡ خَلَقۡنَا
فَوۡقَكُمۡ سَبۡعَ طَرَآئِقَ وَمَا كُنَّا عَنِ ٱلۡخَلۡقِ غَٰفِلِينَ ﴿١٧﴾ وَأَنزَلۡنَا
مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءَۢ بِقَدَرٖ فَأَسۡكَنَّٰهُ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ وَإِنَّا عَلَىٰ ذَهَابِۭ بِهِۦ
لَقَٰدِرُونَ ﴿١٨﴾ فَأَنشَأۡنَا لَكُم بِهِۦ جَنَّٰتٖ مِّن نَّخِيلٖ وَأَعۡنَٰبٖ لَّكُمۡ
فِيهَا فَوَٰكِهُ كَثِيرَةٞ وَمِنۡهَا تَأۡكُلُونَ ﴿١٩﴾ وَشَجَرَةٗ تَخۡرُجُ مِن طُورِ
سَيۡنَآءَ تَنۢبُتُ بِٱلدُّهۡنِ وَصِبۡغٖ لِّلۡأٓكِلِينَ ﴿٢٠﴾ وَإِنَّ لَكُمۡ فِي ٱلۡأَنۡعَٰمِ
لَعِبۡرَةٗۖ نُّسۡقِيكُم مِّمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمۡ فِيهَا مَنَٰفِعُ كَثِيرَةٞ وَمِنۡهَا
تَأۡكُلُونَ ﴿٢١﴾ وَعَلَيۡهَا وَعَلَى ٱلۡفُلۡكِ تُحۡمَلُونَ ﴿٢٢﴾

### تەرجىمىسى

12-بىز (تۇنجى) ئىنسان (ئادەم)نى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق.

13-ئاندىن بىز ئۇ (ئادەمنىڭ ئەۋلادى)نى پۇختا قارارگاھتا (بالىياتقۇدا) ئابىمەنىي قىلدۇق.

14-ئاندىن ئابىمەنىينى ئەلەققە [1] ئايلاندۇردۇق، ئاندىن ئەلەقنى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى باشقىچە (مۇكەممەل) بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق [2]. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرى كۆپتۇر.

---

[1] ئەلەق-تاللانغان ئۇرۇق دېگەنلىك بولۇپ، ھەج سۈرىسىنىڭ 5-ئايىتىگە بەت ئاستىدا بېرىلگەن ئىزاھاتتا چۈشەندۈرۈش بېرىلدى.

[2] بۇ ئايەتنى ئايرىم بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق، دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار. مۇنداق تەپسىر قىلغانلارغا كۆرە، بۇ ئايەتتە ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئانىسىدىن مۇستەقىل بىر ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاققا قالماي ئانىسىدىن ئايرىلىپ دۇنياغا كۆز ئاچىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

15-ئاندىن شەكسىزكى سىلەر ئاشۇ (باسقۇچلاردىن) كېيىن چوقۇم ئۆ-لىسىلەر.

16-ئاندىن سىلەر قىيامەت كۈنى چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر.

17-بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قات ئاسماننى ياراتتۇق، بىز ھېچبىر مەخلۇقاتتىن خەۋەرسىز ئەمەسمىز.

18-بىز بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، بىز ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىرمىز.

19-شۇ يامغۇر بىلەن سىلەرگە خورما باغلىرى ۋە ئۈزۈم باغلىرىنى يېتىشتۈ-رۈپ بەردۇق، سىلەر ئۈچۈن ئۇ باغلاردا نۇرغۇن مېۋىلەر بار، سىلەر ئۇلاردىن يەيسىلەر.

20-يەنە شۇ يامغۇر بىلەن تۇرسىنادىن چىقىدىغان (زەيتۇن) دەرىخىنى (يېتىشتۈرۈپ بەردۇقكى) ئۇنىڭدىن ماي چىقىدۇ ۋە (تاماق) يېگۈچىلەر ئۈچۈن تېتىتقۇ چىقىدۇ.

21-چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، سىلەرنى ئۇلارنىڭ قور-سىقىدىكى نەرسە (سۈت) بىلەن سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر.

22-(قۇرۇقلۇقتا) ئۇلارغا مىنىسىلەر، (دېڭىزدا) كېمىلەرگە ئولتۇرىسىلەر.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى يارىتىپ، ئۇنى بىر قانچە باسقۇچ بويىچە پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرگەنلىكى ۋە ئاندىن ئۇنى راۋرۇس ئىنسان قىلغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، مۇكەممەللىكىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دەلىل بولالامدۇ؟ مەلۇمكى، بۇ باسقۇچلار بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولماستىن، ھەممىسى مۇستەقىل باسقۇچلاردۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ لايدىن يارىتىلغانلىقى ئېنىقتۇر. ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي خَٰلِقُۢ بَشَرٗا مِّن صَلْصَٰلٖ مِّنْ حَمَإٖ مَّسْنُونٖ ۝٢٨ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُۥ سَٰجِدِينَ ۝٢٩ فَسَجَدَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ كُلُّهُمْ أَجْمَعُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن چوقۇم لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى تاماملاپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا، دەرھال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار»

دېۋىدى. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى سەجدە قىلدى﴾ [1] .

ئەمما ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار مەنىيدىن (يەنى ئىسپېرمىدىن) يارىتىلغان بولۇپ، مەنىي قاندىن، قان ئۆسۈملۈك، زىرائەت ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشى، سۈتى قاتارلىق غىزا ماددىلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانلارنىڭ بەدىنى تۇپراقتىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان لاي بىلەن ئىنسانلارنىڭ جىسمىنى ئۆستۈرگەن غىزا ماددىلىرى ھەممىسى تۇپراقتىن كەلگەن. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿فَلْيَنظُرِ ٱلْإِنسَـٰنُ مِمَّ خُلِقَ ۝٥ خُلِقَ مِن مَّآءٍ دَافِقٍ ۝٦ يَخْرُجُ مِنۢ بَيْنِ ٱلصُّلْبِ وَٱلتَّرَآئِبِ﴾ يەنى ﴿ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قاراپ باقسۇن. ئۇ ئومۇرتقا بىلەن كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان مەنىيدىن يارىتىلغان﴾ [2] دېگەن سۆزىدىن مەنىينىڭ ئەرنىڭ ئومۇرتقىسىنىڭ ئارىسىدىن ۋە ئايالنىڭ كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، دەسلەپكى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىنسانلار مەنىيدىن يارىتىلغان. «قۇرئان كەرىم» بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ٱلَّذِىٓ أَحْسَنَ كُلَّ شَىْءٍ خَلَقَهُۥ ۖ وَبَدَأَ خَلْقَ ٱلْإِنسَـٰنِ مِن طِينٍ ۝٧ ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُۥ مِن سُلَـٰلَةٍ مِّن مَّآءٍ مَّهِينٍ﴾ يەنى ﴿ئۇ ھەممە نەرسىنى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان زاتتۇر. ئۇ ئىنساننى يارىتىشنى دەسلەپتە لايدىن باشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ (مەنىينىڭ) جەۋھىرىدىن ياراتتى﴾ [3] .

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىنساننىڭ يارىتىلىش باسقۇچىنى شۇنداق ئېنىق ۋە روشەن بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بايانلىرى ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. دارۋىنىزمچىلارنىڭ ئىنسان ئادەمسىمان مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دەيدىغان سەپسەتىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بايانلىرىغىمۇ، ھازىرقى ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان خۇراپاتتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەبىرى بويىچە، ئىنسان بارلىق مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن ۋە ھۆرمەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەرگە: ﴿إِنِّى خَـٰلِقٌۢ بَشَرًا مِّن طِينٍ ۝٧١ فَإِذَا سَوَّيْتُهُۥ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِى فَقَعُوا۟ لَهُۥ سَـٰجِدِينَ﴾ يەنى ﴿مەن چوقۇم لايدىن بىر

[1] ساد سۈرىسى: 71ـ72ـئايەتلەر.
[2] تارىق سۈرىسى: 5ـ6ـ7ـئايەتلەر.
[3] سەجدە سۈرىسى: 7ـ8ـئايەتلەر.

ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى تاماملاپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا، دەرھال ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾[1] دەپ بۇيرۇغانلىقىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

﴿ئاندىن بىز ئۇ (ئادەمنىڭ ئەۋلادى)نى پۇختا قارارگاھتا (بالىياتقۇدا) ئابىمەنىي قىلدۇق﴾ يەنى بىز ئىنساننى ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىن ئىبارەت ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ پۇختا قارارگاھتا ئۇنىڭغا تۆكۈلگەن مىليونلارچە ئىسپېرما دانچىلىرى ئىچىدىن ھاياتلىققا تاللاپ چىقىپ، ياشايدىغان ئابىمەنىي قىلدۇق.

ئانىنىڭ بالىياتقۇسى راستتىنلا ئەڭ پۇختا ۋە ئەڭ ساغلام قارارگاھ بولۇپ، تۆرەلمە بالا ھەمرىيىدىن ئىبارەت مەزمۇت بىر خالتىنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بولىدۇ، بۇ خالتىنىڭ ئىچىدە مەلۇم مىقداردا سۇمۇ بولىدۇ، بۇ خالتا بالىياتقۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، بۇ خالتا تۆرەلمىنى ئانىنىڭ ھەرقانداق قاتتىق ھەرىكەتلىرىدە، ئوڭ-سولغا ئۆرۈلۈشلىرىدە بىرەر زىيان-زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ساقلاپ تۇرىدۇ. كېيىنچە تۆرەلمە شۇ خالتىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ نەپەس ئالىدۇ ۋە ئوزۇقلىنىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئېغىزى يېپىقلىق، بالا ھەمرىيىمۇ يېپىقلىق تۇرۇقلۇق، تۆرەلمە نەپەس ئالىدۇ ۋە ئوزۇقلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلمامدۇ؟! بۇ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟!

﴿ئاندىن ئابىمەنىينى ئەلەققە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن ئەلەقنى بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن بۇ بىر پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى باشقىچە (مۇكەممەل) بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردۇق﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بېشىدىن ئەنە شۇنداق باسقۇچلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاڭلايدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان، نەپەس ئالىدىغان باشقىچە مۇكەممەل بىر ئىنسانغا ئايلاندۇردى. بىر پارچە گۆشتىن ئىبارەت بولغان بۇ تۆرەلمە ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭغا جان كىرىپ، ئۆسۈپ، ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپ، ھەرىكەت قىلىپ، بىر قانچە ئاينى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئىلاھىي قۇدرەت ئۇنى شۇنداق يېتىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ماھىر ياراتقۇچى! نېمىدېگەن ئېسىل پەرۋىشچى-ھە! ئاللاھ تائالا پارچە مەدھىيەگە ۋە ماختاشلارغا لايىق بولغان يېگانە زاتتۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئىبادەتكە

[1] ساد سۈرىسى: 71-72-ئايەتلەر.

لايىق بولغان ھېچقانداق ئىلاھ ياكى مەبۇد يوقتۇر.

ئىنسان بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مۇددەتكىچە ياشىغاندىن كېيىن، چوقۇم ئۆلىدۇ. ئەمما ئۆلۈم ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. چۈنكى، ئۆلۈم پەقەتلا بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشتۇر. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بەرزەخ ھاياتى ۋە ئاخىرەت بار. ئىنسانلار قىيامەت قايىم بولغان كۈنىدە قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىپ، ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. ئۇلار ھېساب مەيدانىدا بۇ دۇنيادىكى ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىدىن تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە ھېساب بېرىدۇ. ئاندىن جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتتە، دوزاخقا مەھكۇم بولغانلار دوزاختا ئورۇنلىرىنى تاپىدۇ. ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرەتتە تىرىلدۈرۈش ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا قۇدرىتىگە دالالەت قىلمامدۇ؟!

### ◄ ئاسمانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى روشەن دەلىللەر

﴿بىز ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا يەتتە قات ئاسماننى ياراتتۇق، بىز ھېچبىر مەخلۇقاتتىن خەۋەرسىز ئەمەسمىز﴾ . ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەر بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى ئاددىي سانىماڭلار، بىز ھەقىقەتەن ئۈستۈڭلاردا يەتتە قات ئاسماننى ياراتتۇق، مەخلۇقاتىمىزنىڭ ئىشلىرىدىن ھەرگىز غەپلەتتە ئەمەسمىز، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرىمىز ۋە بەندىلىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن چوقۇم ھېساب ئالىمىز.

ئايەتتىكى﴿سَبۡعَ طَرَآئِقَ﴾نى «يەتتە يول» ياكى «يەتتە پارچە» دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ، ھەتتا «قۇياش سىستېمىسىدىكى ئوربىتىلار» دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار[1].

ئەمدى تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلى:

﴿ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فِرَٰشٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ﴾ يەنى ﴿ئۇ سىلەرگە زېمىننى سېلىنجا ۋە ئاسماننى تورۇس قىلىپ بەرگەن زاتتۇر﴾ [2]، ﴿وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٖ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز (ئۇنى) ئەلۋەتتە كېڭەيتكۈچىمىز﴾ [3]، ﴿إِنَّا زَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِزِينَةٍ

[1] «التفسير الواضح» 2- توم، 618- بەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 22-ئايەت.
[3] زارىيات سۈرىسى: 47-ئايەت.

ٱلْكَوَاكِبِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بىز ئەڭ يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق﴾ [1]، ﴿وَزَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنْيَا بِمَصَٰبِيحَ وَحِفْظًا﴾ يەنى ﴿ئەڭ يېقىن ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق﴾[2]، ﴿وَإِن يَرَوْا۟ كِسْفًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ سَاقِطًا يَقُولُوا۟ سَحَابٌ مَّرْكُومٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ (ئۆزلىرىگە ئازاب بولۇپ) چۈشۈۋاتقان بىرەر پارچىسىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ﴾[3]، ﴿أَلَمْ تَرَوْا۟ كَيْفَ خَلَقَ ٱللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾ وَجَعَلَ ٱلْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ ٱلشَّمْسَ سِرَاجًا﴾ يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ يەتتە ئاسماننى قانداق قەۋەت-قەۋەت قىلىپ ياراتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى﴾[4]، ﴿وَبَنَيْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعًا شِدَادًا﴾ يەنى ﴿ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق﴾[5]، ﴿ءَأَنتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ ٱلسَّمَآءُ ۚ بَنَىٰهَا ﴿٢٧﴾ رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّىٰهَا﴾ يەنى ﴿سىلەرنى يارىتىش قىيىنمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىشمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى. ئۇنى ئېگىز ۋە كەم-كۈتىسىز قىلدى﴾ [6] .

## ◄ يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش دەلىللىرى

﴿بىز بۇلۇتتىن ئۆلچەملىك مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئۇنى زېمىندا توختاتتۇق، بىز ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىرمىز﴾ . ئاللاھ تائالا بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتى بولغان سۈنى ئاسماندىكى بۇلۇتلار ئارقىلىق يامغۇر ھالىتىدە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئاجايىپ بىر قانۇنىيەت بولۇپ، دېڭىز، ئوكيان ۋە دەريالارنىڭ سۈيى ھورغا ئايلىنىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، ئاسماندا بۇ ھور توڭلاپ بۇلۇتقا ئايلىنىدۇ. بۇ بۇلۇتلار شاماللارنىڭ ھەيدىشى بىلەن بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پارچىلىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغدۇرۇشنى خالىغان جايلارغا يامغۇر بولۇپ چۈشىدۇ. سۇنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەپ يەنە يەرگە چۈشۈشىگىچە بولغان باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان بولۇپ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئىلمى، قۇدرىتى

---

[1] سافقات سۈرىسى: 6-ئايەت.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 12-ئايەت.
[3] تۇر سۈرىسى: 44-ئايەت.
[4] نۇھ سۈرىسى: 15-16-ئايەتلەر.
[5] نەبەئ سۈرىسى: 12-ئايەت.
[6] نازىئات سۈرىسى: 27-28-ئايەتلەر.

ۋە ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يامغۇرنى ھەرقانداق جاينىڭ ھاجىتىگە يېتەرلىك ھالدا ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمەي ئېتىزلىقلارنى قاقاسلىقتا ئايلاندۇرۇپ قويمىغىنىدەك، ھەددىدىن ئارتۇق ياغدۇرۇۋېتىپ زىرائەتلەرنى ۋە ئىنسانلارنى نابۇت قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئېھتىياجغا قاراپ مەلۇم مىقداردا ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە بۇ يامغۇر بىلەن بىزگە تولىمۇ چىرايلىق بوستانلارنى، ئۈزۈم، ئانار، خورما ۋە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بولغان باغلارنى بەرپا قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ياغدۇرۇپ بەرگەن يامغۇر سۈيىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مىسىردىكى تۇرسىناغا ئوخشاش قاقاسلىق چۆللەردىمۇ ئىنسانلار كۆندىلىك تائاملىرىدا ئىشلىتىدىغان ۋە مېيىنى نانغا سۈركەپ يەيدىغان زەيتۇن دەرەخلىرى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. زەيتۇن يېغىنىڭ پايدىسى ۋە نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە شىپا ئىكەنلىكى ھازىرقى ئىلىم-پەن سايىسىدا ئىسپاتلانماقتا. سۈسىزلىقتىن ئۆلگەن قاقاسلىق جايلارنى يامغۇر سۈيى بىلەن تىرىلدۈرگەن ئاللاھ تائالا ياپ يېشىللىق باغلارنى ۋە مۇنبەت ئېتىزلارنى قاقاسقا ئايلاندۇرۇۋېتىشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ﴿قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَصۡبَحَ مَآؤُكُمۡ غَوۡرًا فَمَن يَأۡتِيكُم بِمَآءٖ مَّعِينِۭ﴾ يەنى ﴿دەپ بېقىڭلارچۇ، سۈيۈڭلار سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ؟﴾[1].

### ◄ ھايۋانلارنى يارىتىش دەلىللىرى

ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى بىز ئۈچۈن يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. بىز ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن خالىغانچە ئىشلىتىمىز، باشقۇرىمىز ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىمىز. بۇ ھايۋانلارنىڭ سۈتىمۇ ئاجايىپ بىر مۆجىزە. بۇ سۈت ھايۋانلارنىڭ قارنىدىكى سىڭدۈرۈلگەن ئوزۇقتىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى قان، تېزەك ۋە سۈت قاتارلىق ئۈچ نەرسىگە ئايرىلىدۇ. ئايرىلغاندىمۇ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە ئايرىلىدۇ. ئايرىلغان سۈت ناھايىتى ساپ ۋە پاكىز بولۇپ ئايرىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ مۆجىزە ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە پۇختا تەدبىرىگە دالالەت قىلماي قالمايدۇ.

بىز ئىنسانلار تۆگە، كالا، ئات قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچكەنلىكىمىز ۋە گۆشلىرىنى يېگەنلىكىمىز سىرتىدا، بۇ ھايۋانلارنى قاتناش

[1] مۇلك سۈرىسى: 30-ئايەت.

قورالى قىلىپ ئىشلىتەلەيمىز. يۇك-تاقلىرىمىزنى ئارتىپ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئېلىپ بارالايمىز، ئۈستىگە مىنىپ شەھەر ئايلىنالايمىز، يۈڭلىرىنى قىرقىپ ئۇنىڭدىن كىيىم-كېچەكلەرنى توقۇپ كىيىمىز. دېمەك، بۇ هايۋانلاردىن كۆپ جەھەتتىن پايدىلىنىمىز. لېكىن بىز ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە شۈكۈر قىلالىدۇقمۇ؟ ﴿أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّا خَلَقْنَا لَهُم مِّمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَآ أَنْعَٰمًا فَهُمْ لَهَا مَٰلِكُونَ ﴿٧١﴾ وَذَلَّلْنَٰهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ ﴿٧٢﴾ وَلَهُمْ فِيهَا مَنَٰفِعُ وَمَشَارِبُۚ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن چارۋىلارنى ياراتتۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ چارۋىلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ چارۋىلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ چارۋىلاردىن پايدىلىنىدۇ، سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾[1].

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز قۇدرەتلىك، پۇختا تەدبىرلىك، ئىلىم -ھېكمەتلىك ۋە ئىنتايىن ماھىر بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلمامدۇ؟

ئىنسانىيەت ئۈچۈن بۇنداق بىر ياراتقۇچىغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشتىن ئارتۇق ياخشىلىق بارمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنساننىڭ ئانا قورسىقىدا تۆرەلگەندىن باشلاپ بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇچە بولغان باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسى مۆجىزىلىك باسقۇچلاردۇر. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، تەڭداشسىز ئىلىم-ھېكمىتىنى ۋە رەھىم-شەپقىتىنى نامايان قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

2. ئۆلۈم پۈتۈنلەي يوقىلىش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك بىر دۇنياغا يۆتكىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

3. كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلەر، ھەر نەرسىدىكى مۇكەممەللىك، قۇياش، ئاي، يەرشارى قاتارلىقلاردىكى ئىنتىزامچانلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

---

[1] ياسىن سۈرىسى: 71-73-ئايەتلەر.

4. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتىنىڭ رىزقىنى بەلگىلىگەندەك، بۇلۇتلاردىن چۈشۈرۈپ بېرىدىغان يامغۇر مىقدارىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىگە ئاساسەن بەلگىلەپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان جايلارغا تەقسىملەپ چۈشۈرىدۇ.

5. زەيتۇن يېغى شىپالىق ياغ بولۇپ، ياغلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سانىلىدۇ. زەيتۇن يېغىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە بولغان پايدىلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە ئىنئاملىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. قۇرۇقلۇقتا ئىنسانلارنىڭ يۈكلىرىنى توشۇيدىغان ھايۋانلاردىن ئەڭ زامانىۋى قاتناش قورallىرىغىچە، دېڭىزلاردا ئىنسانلارنىڭ يۈكلىرىنى توشۇيدىغان كېمىلەردىن پاراخوتلارغىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ مىسالى.

7. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. شۈكۈر - تىل، دىل ۋە ئەمەل بىلەن، شۇنداقلا خەير-ئېھسان قىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ.

### ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن بىر ئىبرەت

﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ ۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٢٣﴾ فَقَالَ ٱلْمَلَؤُا۟ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُرِيدُ أَن يَتَفَضَّلَ عَلَيْكُمْ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَأَنزَلَ مَلَٰٓئِكَةً مَّا سَمِعْنَا بِهَٰذَا فِىٓ ءَابَآئِنَا ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٤﴾ إِنْ هُوَ إِلَّا رَجُلٌۢ بِهِۦ جِنَّةٌ فَتَرَبَّصُوا۟ بِهِۦ حَتَّىٰ حِينٍ ﴿٢٥﴾ قَالَ رَبِّ ٱنصُرْنِى بِمَا كَذَّبُونِ ﴿٢٦﴾ فَأَوْحَيْنَآ إِلَيْهِ أَنِ ٱصْنَعِ ٱلْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا وَوَحْيِنَا فَإِذَا جَآءَ أَمْرُنَا وَفَارَ ٱلتَّنُّورُ فَٱسْلُكْ فِيهَا مِن كُلٍّ زَوْجَيْنِ ٱثْنَيْنِ وَأَهْلَكَ إِلَّا مَن سَبَقَ عَلَيْهِ ٱلْقَوْلُ مِنْهُمْ ۖ وَلَا تُخَٰطِبْنِى فِى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓا۟ ۖ إِنَّهُم مُّغْرَقُونَ ﴿٢٧﴾ فَإِذَا ٱسْتَوَيْتَ أَنتَ وَمَن مَّعَكَ عَلَى ٱلْفُلْكِ فَقُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى نَجَّىٰنَا مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٨﴾ وَقُل رَّبِّ أَنزِلْنِى مُنزَلًا

مُّبَارَكًا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْمُنزِلِينَ ﴿٢٩﴾ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَأَيَٰتٍ وَإِن كُنَّا لَمُبْتَلِينَ ﴿٣٠﴾

## تەرجىمىسى

23ـ شەكسىزكى، بىز نۇھنى ئۆز قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر ئۇنىڭدىن قورقماسسىلەر؟».

24ـ ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغان كاتتىباشلار ئېيتتى: «بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى، ئەگەر ئاللاھ (پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى) خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن بولاتتى، بۇنداق سۆزنى بىز بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئەمەسمىز.

25ـ ئۇ پەقەت بىر مەجنۇن (ئەقلىدىن ئازغان) ئادەمدۇر، سىلەر ئۇنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ بېقىڭلار».

26ـ نۇھ: «ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى.

27ـ بىز نۇھقا: «بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. (كۇفرىلىق قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلار (نى قوغداپ قېلىش) توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن، ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

28ـ سەن بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر بىلەن كېمىگە چىققان چېغىڭدا: «بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگىن.

29ـ ھەمدە: «ئى رەببىم! مېنى بەرىكەتلىك بىر مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن» دېگىن.

30ـ ئەلۋەتتە بۇنىڭدا (ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن) نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. بىز (بەندىلىرىمىزنى) ئەلۋەتتە (مۇشۇنداق) سىنايمىز.

### تەپسىرى

شەكسىزكى، بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ قەۋمىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي قەۋمىم! سىلەر ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە سانسىزلىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان زاتتۇر، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلارنى زىيان-زەخمەتلەردىن ساقلىيالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر ئاللاھ تائالانى قويۇپ يەنىلا بۇتلارغا چوقۇنساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىنى ئەنە شۇنداق يەتكۈزدى، ئۇلارنى ئىمانغا ۋە ھەق دىنغا چاقىردى، ئەمما بۇ دەۋەت ئۇنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى كۇفرىدا چىڭ تۇرىدىغان كاتتىباشلارغا قەتئىي ياقمىدى، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ۋە دۈشمەنلىكىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، يېڭى دىن بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يوق قىلاتتى، كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا چاقىراتتى، يولسىزلىققا، زۇلۇمغا قارشى تۇراتتى، قەۋم ئىچىدىكى كاتتىباشلارنىڭ ئىمتىيازى يوقىلىپ ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن تەڭ دەرىجىگە چۈشۈپ قالاتتى. بۇنداق بولغاندا، ئۇلار قەۋمىنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكۈچىلەردىن بولۇپ قالاتتى. مانا بۇ كاتتىباشلارنى ئەڭ كۆپ بىئارام قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرى ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يا ھەق دىنغا ئەگىشىپ مۇتەكەببىرلىكتىن ۋاز كېچىش ياكى قەۋمى ئىچىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يېڭى دىنغا قارشى چىقىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول بار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئىككىنچىسىنى تاللىدى ۋە بارچە كۈچى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقتى. چۈنكى، بۇ كاتتىباشلاردىكى مۇتەكەببىرلىك، ھەسەتخورلۇق، چوڭلۇق تالىشىش قاتارلىق ئىللەتلەر ئۇلارنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا بەل باغلاپ، ئىغۋاگەرلىك يولىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ نۇھ دېگەن ئادەم سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئىنسان تۇرسا، قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلسۇن؟ راستىنى ئېيتساق، ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ سىلەردىن

ئۇستۇن بولۇش تەمەسىدە بۇ دىننى ئويدۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭ سىلەردىن ھېچقانداق ئارتۇق تەرىپى بولمىسا، سىلەر قەۋمىڭ يولباشچىلىقىنى قانداقمۇ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىسىلەر؟ ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسماندىن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا بىزمۇ ئۇنىڭغا قىلچە شەك قىلماي ئەگىشەتتۇق».

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى ۋە خاتا تەسەۋۋۇرى تۈپەيلىدىن ئىنساندىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇلار يەنە: «نۇھنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىنى بىز ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىمىزدىن ئاڭلاپ باققان ئەمەسمىز. چۈنكى، نۇھ ئەقلى جايىدا بولمىغان بىر ئادەمدۇر. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەۋاتىدۇ. سىلەر ئۇنى كۆزىتىڭلار، ئۇنىڭ بېشىغا چوقۇم بىرەر چوڭ بالا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈڭلار، سىلەر شۇ چاغدىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇسىلەر».

ئۇلارنىڭ ھەق دىنغا ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەسى ئەنە شۇنداق بولدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرى ئۇمۇچۇكنىڭ تورىدىنمۇ ئاجىز سۆزلەر بولغانلىقتىن «قۇرئان كەرىم» ئۇلارغا رەددىيە بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سۆزلىرىنىڭ ۋە شۈبھىلىرىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى شۇنچىلىك كۆپ دەۋەت قىلغان ۋە ئۇلارغا بۇنداق كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ خەتىرىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئىنكار بىلەن دۈشمەنلىكتىن باشقا جاۋاب كەلمىگەن ۋە ئىنتايىن ئاز كىشىدىن باشقىلىرى ئىمان ئېيتمىغاندىن كېيىن، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۇلارغا قارشى ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشنى تىلەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى بىر كېمە ياساشقا ئەمر قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جىبرىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ كېمىنى قانداق ۋە قايسى شەكىلدە ياساشنى ئۆگىتىدۇ. كېمە پۈتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلگەن ۋە يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەربىر جانلىقتىن ئەركەك-چىشى قىلىپ بىر جۈپتىن كېمىگە ئېلىۋېلىشنى ۋە مۇئمىنلەرنى، ئائىلىسىدىكىلەردىن ھالاك بولىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەردىن باشقا ھەممىسىنى كېمىگە چىقىرىشنى بۇيرۇيدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ھالاك بولىدىغانلىقى پۈتۈلۈپ كەتكەنلەر ئۇنىڭ ئايالى بىلەن

بىر ئوغلى ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ كاپىرلىقى تۇپەيلىدىن توپان بالاسىدا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تائالا ئالدىن بەلگىلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى ئائىلىسىدىكى كاپىر بولغانلارنى قۇتقۇزۇش توغرۇلۇق سۆز ئاچماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىجاتلىق پەقەت ئىمان ئېيتقانلارغىلا خاس ئىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا يەنە تەلىمات بېرىپ، نۇھ ئەلەيھىسسالام، مۇئمىنلەر ۋە بىر جۈپتىن تاللانغان جانلىقلار ھەممىسى كېمىگە چىقىپ، ئوبدان ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن كېمە قوزغالغاندا، ھەممە بىرلىكتە: ﴿بىزنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!﴾ دېيىشكە ۋە كېمە توختاپ ئۇنىڭدىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا: ﴿ئى رەببىم! مېنى بەرىكەتلىك بىر مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇر-غۇچىسەن﴾ دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى قاتناش قوراللىرىغا چىققان ۋاقتىمىزدا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغان. ﴿وَٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْأَزْوَٰجَ كُلَّهَا وَجَعَلَ لَكُم مِّنَ ٱلْفُلْكِ وَٱلْأَنْعَٰمِ مَا تَرْكَبُونَ ﴿١٢﴾ لِتَسْتَوُۥا۟ عَلَىٰ ظُهُورِهِۦ ثُمَّ تَذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا ٱسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا۟ سُبْحَٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقْرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (مەخلۇقاتلاردىن) بارلىق تۈرلەرنى ياراتقان، سىلەرنىڭ چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمىلەرنى ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاغلارنى يارىتىپ بەرگەن زاتتۇر. بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چىققاندا ۋە مىنگەندە رەببىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (چىقىشقا ۋە مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئەلۋەتتە رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» دېيىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾[1] .

بۇ قىسسىلەردە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، كۇفرىلىقنى تاللاش ۋە ھەقىقەتكە قارشى چىقىش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان زالىملارنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق ھالاك قىلىدىغانلىقىنى، مۇئمىنلەرنى قانداق قۇتقۇزىدىغانلىقىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلاھىي ئادالىتىنى، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر ۋە كۆپلىگەن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھ تائالانىڭ دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈپ كەلگەن قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداقتۇر. ئاللاھ تائالا ھەمىشە ياخشىلار بىلەن بىللىدۇر. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تَنصُرُوا۟ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ﴾

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 12-13-14-ئايەتلەر.

يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھقا (ئۇنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ﴾[1]، ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ (ھەقىقىي) مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ﴾[2] .

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەھىيدىن باشقا يول بىلەن بىلىش مۇمكىن بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەنلىكى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

2. كەلىمە تەييىبە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقىدۇر.

3. ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە ئەڭ دەسلەپ قارشى چىققانلارنىڭ تولىسى مۇتەكەببىر بايلار بىلەن قەۋم ئىچىدىكى ھاكاۋۇر چوڭلار تەبىقىسى ئىدى.

4. ھەقىقەت تەرەپدارلىرىغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ باھانىلىرى ۋە چاپلايدىغان تۆھمەتلىرى ھەر زامان كۆپ بولۇپ كەلگەن.

5. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئالىدىغان تەلىماتلىرى پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا بولغان.

6. زۇلۇم ۋە يولسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

7. قاتناش قوراللىرىغا چىققاندا سەپەر دۇئاسىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغقا مىنگەندە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقۡرِنِينَ ۝١٣ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ ۝١٤﴾، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ اِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْلِي فَاِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ اِلَّا اَنْتَ»[3].

8. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش ئەڭ سەمىمىي ئىبادەتتۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى تىلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن بولىدۇ. مانا بۇ – ئىبادەتتۇر.

9. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگۈدۇر.

---

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 7-ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى: 38-ئايەت.
[3] «مسند الإمام أحمد» 2-توم 148-بەت 753 ـ ھەدىس.

### هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قَرۡنًا ءَاخَرِينَ ٣١ فَأَرۡسَلۡنَا فِيهِمۡ رَسُولٗا
مِّنۡهُمۡ أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنۡ إِلَٰهٍ غَيۡرُهُۥٓۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ ٣٢ وَقَالَ
ٱلۡمَلَأُ مِن قَوۡمِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱلۡأٓخِرَةِ وَأَتۡرَفۡنَٰهُمۡ فِي
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مَا هَٰذَآ إِلَّا بَشَرٞ مِّثۡلُكُمۡ يَأۡكُلُ مِمَّا تَأۡكُلُونَ
مِنۡهُ وَيَشۡرَبُ مِمَّا تَشۡرَبُونَ ٣٣ وَلَئِنۡ أَطَعۡتُم بَشَرٗا مِّثۡلَكُمۡ إِنَّكُمۡ
إِذٗا لَّخَٰسِرُونَ ٣٤ أَيَعِدُكُمۡ أَنَّكُمۡ إِذَا مِتُّمۡ وَكُنتُمۡ تُرَابٗا وَعِظَٰمًا
أَنَّكُم مُّخۡرَجُونَ ٣٥ ۞ هَيۡهَاتَ هَيۡهَاتَ لِمَا تُوعَدُونَ ٣٦ إِنۡ هِيَ إِلَّا
حَيَاتُنَا ٱلدُّنۡيَا نَمُوتُ وَنَحۡيَا وَمَا نَحۡنُ بِمَبۡعُوثِينَ ٣٧ إِنۡ هُوَ إِلَّا رَجُلٌ
ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا وَمَا نَحۡنُ لَهُۥ بِمُؤۡمِنِينَ ٣٨ قَالَ رَبِّ ٱنصُرۡنِي
بِمَا كَذَّبُونِ ٣٩ قَالَ عَمَّا قَلِيلٖ لَّيُصۡبِحُنَّ نَٰدِمِينَ ٤٠ فَأَخَذَتۡهُمُ
ٱلصَّيۡحَةُ بِٱلۡحَقِّ فَجَعَلۡنَٰهُمۡ غُثَآءٗۚ فَبُعۡدٗا لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ٤١﴾

### تەرجىمىسى

31ـ ئاندىن (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن) كېيىن باشقا بىر قەۋمنى بارلىققا كەلتۈردۇق.

32ـ بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. (ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى) «ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقي) ئىلاھ يوقتۇر. سىلەر ئاللاھتىن قورقمامسىلەر؟».

33ـ ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرغان، ئاخىرەتتىكى ئۇچرىشىشنى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ دۇنيادا بىز باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلغان كاتتىباشلىرى ئېيتتى: «ئۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ سىلەر يېگەننى يەيدۇ، سىلەر ئىچكەننى ئىچىدۇ.

34ـ ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئىتائەت قىلساڭلار، شەكسىزكى، ئۇ چاغدا سىلەر چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر.

35ـ ئۇ سىلەرنى ‹سىلەر ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغاندىن

كېيىن تىرىلىسىلەر، دەپ قورقۇتامدۇ؟

36-سىلەر قورقۇتۇلغان ئىش تولىمۇ يىراقتۇر، تولىمۇ يىراقتۇر.

37-ھايات پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر. بىز (بىر تەرەپتىن) ئۆلۈپ تۇرىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن) تۇغۇلۇپ تۇرىمىز، بىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز.

38-ئۇ پەقەت ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەمدۇر، بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز».

39-ھۇد ئېيتتى: «ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ مېنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن، (ئۇلارغا قارشى) ماڭا ياردەم بەرگىن».

40-ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ»

41-(دېگەندەك) قاتتىق بىر ئاۋاز ئۇلارنى ھەقلىق رەۋىشتە ھالاك قىلىۋەتتى. ئۇلارنى بىز سەل سۈپۈرۈپ كەتكەن ئەخلەتلەردەك قىلىۋەتتۇق. بۇ زالىم قەۋم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

### ◄ تەپسىرى

بىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا توپان بالاسىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ساق قالغان مۇئمىنلەرنىڭ نەسلىدىن بولغان باشقا بىر قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق. ئەمما ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نامازنى زايە قىلىۋېتىدىغان، نەپسى ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان قەۋملەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ قەۋملەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرى ئوبدان تونۇيدىغان، راستچىللىقىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە پۈتۈن ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ چىقاردى. چۈنكى، پەيغەمبەرنى خەلق ياخشى بىلىدىغان ۋە ئەخلاقىغا قايىل بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىش خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى، ئىمان ئېيتىشى، سۆزىنى تەستىقلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.

ئۆتمۈشلەردىكى ئىنسانلاردا بۇتپەرەسلىك خۇددى مىكروب بەدەنگە تارقالغاندەك تارقىلىپ كەتكەن بىر ئىللەت ئىدى. ئاللاھ تائالا ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەۋەتكەندىن كېيىن، بۇ بۇتپەرەسلىك ئىللىتى بىر مەزگىل يوقىلاتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن باش

كۆتۈرەتتى. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ساقلاپ كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭكىدىن پەرقلەنمىگەن بولۇپ قالاتتى. ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆزىمىز قوغدايمىز﴾ [1]. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەقىدىسى بەزى ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ خۇراپاتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خۇددى ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرىدىكىدەكلا ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئايەتتە بايان قىلىنغانلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ نەسلىدىن كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ھەق دىنىدىن ئېزىپ كېتىپ، بۇتپەرەسلەرگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى قەۋمىم! ئىبادەتنى يالغۇز ئاللاھقىلا قىلىڭلار، بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق بولغان ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر بۇ شېرىك ئەمەلىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغان قەۋمنى مۇنداق ئۈچ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن: بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغانلىقى، ئۈچىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرى پۈتۈنلەي يېپىلىپ قېلىپ، چوڭقۇر غەپلەتكە ۋە ئىسراپخورلۇققا چۆكۈپ كەتكەنلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى تۈپەيلىدىن دىلى قارىيىپ ياخشىلىقنى قەتئىي قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىقلىشىپ كەتكەن.

كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشتا تايانغان سەپسەتىلىرىنىڭ بىرى «ئىنساندىن پەيغەمبەر كېلەمدۇ؟» دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىنسان ئىدى. ئىنسانلارغا پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەر كەلمىگەن. ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئىچىدىكى ھاكاۋۇر كاتتىباشلار كىشىلەرنى پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنىڭ

[1] ھىجر سۈرىسى: 9-ئايەت.

ھەممىسىنى قىلاتتى. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىشتا: «ئاراڭلاردا ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ يۈرگەن بۇ ئادەم سىلەرگە ئوخشاش يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە ئىنسانلىق خىسلەتلىرىدە سىلەرگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئۇنىڭغا ئىشىنىسىلەر؟ ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئوخشايدىغان بىر ئادەمنى پەيغەمبەر دەپ ئىشەنسەڭلار، سىلەر چوقۇم زىيان تارتىپ قالىسىلەر» دەيتتى.

كاپىرلارنىڭ يەنە بىر سەپسەتىسى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئەمەلىيەتتىن يىراق ساناش ئىدى. ئۇلار: «ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان بۇ ئادەم سىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىسىلەر دەپ، سىلەرنى تېخى قورقۇتۇۋاتامدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، سۆڭەكلىرىڭلار چىرىپ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتسە، سىلەر قانداق تىرىلىپ قوپىسىلەر؟ سىلەرنىڭ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بەدىنىڭلار قانداق ئەسلىگە كېلىدۇ؟ سىلەر ئاگاھلاندۇرۇلغان بۇ تىرىلىش ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق بىر ئىشتۇر» دەيتتى.

ئاندىن بۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى مۇنداق سەپسەتىلەر بىلەن ئىپادىلەيتتى: «ھايات دېگەن پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتتۇر، خالاس. باشقا ھاياتلىق يوق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش يوق. بىز بۇ دۇنياغا بىر قېتىم كېلىمىز ۋە ئاخىر ئۆلىمىز. بىز زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز. بىز ئۆلگەندىن كېيىن ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز. ئەمما ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەۋالغان ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتلىقتىن سۆز ئېچىۋاتقان بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىۋاتقان بىر يالغانچىدۇر. بىز ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغاندۇر».

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى چوڭ-كىچىك بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش تەرەپدارى بولۇۋېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، ئۇنىڭدىن زالىم قەۋمگە قارشى ياردەم تىلەيدۇ ۋە بۇ زالىم قەۋمنى ھالاك قىلىۋېتىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭغا: ﴿ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ﴾ دەپ ۋەھيى قىلىدۇ.

راست دېگەندەك، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىلىدۇ. ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمگە ئەۋە-تىلگەن جازا قاتتىق ئاۋازدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ

قاتتىق ئاۋاز بىلەنلا تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا ئارقىدىنلا قاتتىق ھالاكەت يۈزلىنىپ خۇددى سەل سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلەرگە ئوخشاش سۈپۈرۈلۈپ ھەر تەرەپكە ئېتىلىپ تۈگىشىدۇ.

كۇفرى ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان زالىملار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنى ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن توساتتى. مۇنداق زالىملارغا ھالاكەت ئەلۋەتتە تېگىشلىكتۇر.

تارىخ تەكرارلىنىپ تۇرماقتا، ۋەقەلىكلەر قايتىلىنىپ كەلمەكتە. ئىنكار بابىدا يېڭىلىق يوق. ئىنكار يەنىلا شۇ ئىنكار. ئىنكار بىر خىل بولسىمۇ جازا ھەر خىل بولغان. ھەمىشە پەيغەمبەرلەر غەلبە قىلىپ، ئىنكارچىلار مەغلۇپ بولغان. گويا «قۇرئان كەرىم» شۇنداق نىدا قىلماقتا: ئىبرەت ئېلىڭلار ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! ئەي مەككىلىك كاپىرلار! ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ بېقىڭلار. چۈنكى، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ھاكاۋۇر كاپىرلار ئىدى، ئېتىقادتا ۋە بۇتپەرەسلىكتە سىلەردەك ئىدى. ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىشى ھەرگىز يىراق ئەمەس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بىر خىل، شەرىئەت ئەھكاملىرى پەرقلىق ئىدى.

2. كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىسىنى ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ، چۈنكى، شەيتان ئۇلارغا باتىلنى ھەق، ياماننى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

3. ئىسراپچىلىقتىن تۇرلۇك يامان ئاقىۋەتلەر ۋە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئىقتىسادچانلىق ئەڭ توغرا يولدۇر.

4. قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

5. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان جىنسىدىن كەلگەن.

6. ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ.

## بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى

﴿ثُمَّ أَنشَأۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِمۡ قُرُونًا ءَاخَرِينَ ٤٢ مَا تَسۡبِقُ مِنۡ أُمَّةٍ
أَجَلَهَا وَمَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ ٤٣ ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا رُسُلَنَا تَتۡرَاۖ كُلَّ مَا جَآءَ أُمَّةً
رَّسُولُهَا كَذَّبُوهُۖ فَأَتۡبَعۡنَا بَعۡضَهُم بَعۡضًا وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَحَادِيثَۚ فَبُعۡدًا
لِّقَوۡمٍ لَّا يُؤۡمِنُونَ ٤٤ ثُمَّ أَرۡسَلۡنَا مُوسَىٰ وَأَخَاهُ هَٰرُونَ بِـَٔايَٰتِنَا
وَسُلۡطَٰنٍ مُّبِينٍ ٤٥ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمًا
عَالِينَ ٤٦ فَقَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ لِبَشَرَيۡنِ مِثۡلِنَا وَقَوۡمُهُمَا لَنَا عَٰبِدُونَ ٤٧
فَكَذَّبُوهُمَا فَكَانُواْ مِنَ ٱلۡمُهۡلَكِينَ ٤٨ وَلَقَدۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ
لَعَلَّهُمۡ يَهۡتَدُونَ ٤٩ وَجَعَلۡنَا ٱبۡنَ مَرۡيَمَ وَأُمَّهُۥٓ ءَايَةً وَءَاوَيۡنَٰهُمَآ إِلَىٰ
رَبۡوَةٖ ذَاتِ قَرَارٖ وَمَعِينٖ ٥٠﴾

### تەرجىمىسى

42ـ ئاندىن (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن) كېيىن، باشقا قەۋملەرنى پەيدا قىلدۇق.

43ـ (ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەردىن) ھېچقانداق بىر ئۈممەت (ھالاك بولۇشى ئۈچۈن) بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھالاك بولمايدۇ، (ھالاك بولۇش ۋاقتىدىن) ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ.

44ـ ئاندىن بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتۇق. ھەر ئۈممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئارقىمۇئارقا ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى سۆز-چۆچەككە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) يىراق بولسۇن!

45ـ46ـ ئاندىن مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز بىلەن ۋە روشەن پاكىت بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئەۋەتتۇق، ئۇلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتتى. ئۇلار تەكەببۇر قەۋم ئىدى.

47ـ ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزگە قۇل تۇرسا» دېيىشتى.

48ـ ئاندىن ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى يالغانغا چىقاردى، (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلار هالاك بولغۇچىلاردىن بولدى.

49ـ ئۇلارنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) هىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز ھەقىقەتەن مۇساغا (تەۋراتتىن ئىبارەت ساماۋى) كىتابنى ئاتا قىلدۇق.

50ـ بىز مەريەم ئوغلى (ئىيسا)نى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (قۇدرىتىمىزنىڭ) دەلىلى قىلدۇق، ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

## تەپسىرى

بىز ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاد قەۋمىنى هالاك قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قەۋملەرنى دەسسەتتۇق، ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىغا بۇ قەۋملەرنى يەرلەشتۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايلار يەنىلا ئادەمسىز قالمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر قەۋمنى ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى، گۇناھ-مەسىيەتلىرى ۋە زۇلۇم-سىتەملىرى تۈپەيلىدىن هالاك قىلىۋەتسە، يەر يۈزىنى گۈللەندۈرىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، پەيغەمبەرگە بويسۇنىدىغان يەنە بىر قەۋمنى پەيدا قىلىدۇ.

شۇمۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرگە قارشى چىققان ئۈممەتلەردىن ھېچقانداق بىر ئۈممەت هالاك بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ هالاك بولمايدۇ، هالاك بولۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپمۇ كەتمەيدۇ، بەلكى دەل ۋاقتىدا هالاك بولىدۇ. ﴿فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَئْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ (جازالىنىش) ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار قىلچە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ئالدىغىمۇ سۈرۈلمەيدۇ﴾[1]. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، ئىشلار ئالدىرىغانغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى تەقدىردە بەلگىلەنگەنگە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاندىن شۇ قەۋملەرگە پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇئارقا ئەۋەتىپ تۇردۇق. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى ئىرادىمىز بويىچە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىنلا ئەۋەتتۇق، يەنە بەزىسىنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز ھىدايەتنىڭ يېتەكچىلىرى بولغان بۇ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىپ تۇردۇق، ئۇلارنى بۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كۇفرى

[1] نەھل سۈرىسى: 61ـ ئايەت

ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقاقلىرىدىن ئىمانىنىڭ نۇرىغا چىقىرىپ تۇردۇق. ئىنسانلارغا قانداقلا بىر پەيغەمبەر كەلسە، ئۇلار هامان ئۇنى يالغانغا چىقاردى ۋە ئۇ دەۋەت قىلغان دىننى ئىنكار قىلدى. كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ ئىنكار بابىدا ئىلگىرىكىلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ ھەق دىننى ئىنكار قىلدى، ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى بولسا ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە زالىملىقى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئاندىن ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى كېيىنكى ئىنسانلارغا ئىبرەت قىلىپ قالدۇردۇق. بىز ئۇ كاپىر قەۋملەرنى ھالاك قىلغان چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنىمۇ ھالاك قىلىپ خارابىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىزىنى يوق قىلىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا سۆزلىنىدىغان ئۆتمۈش رىۋايەتلىرىگە ۋە ئىبرەتلىك قىسسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن، ھالاكەت مۇشۇنداق قەۋمگە بولسۇن!

بۇ ھەرقانداق بىر ئىمانسىز قەۋمگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، مۇئمىنلەرگە قانداق ياردەم قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلسۇن دەپ، ئۇلارغا روشەن مۆجىزە ۋە كەسكىن دەلىل - پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق. بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ راستتىنلا بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى پىرئەۋنىنىڭ ئالدىدا ئىسپاتلىسۇن دەپ، ئۇلارغا توققۇز خىل مۆجىزە ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنى ئەڭ كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن كۈچلەندۈردۇق.

ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قانداق ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنمەسلىكتە باھانە قىلىپ كۆرسەتكەن سەپسەتىلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىبرەت ئالىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمگە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان، ئىسرائىل ئەۋلادىنى ناھايىتى تۆۋەن كۆرىدىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەرنى يەكلەيدىغان، ئىنتايىن مۇتەكەببىر قەۋم

ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئىلىم-مەرىپەت، بايلىق، ھاكىمىيەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۈستۈن ئىدى. تارىختىي رىئاللىق بۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ بۇ ئىككى پەيغەمبەرگە ئەگەشمەسلىكتە ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار: ﴿بىزگە ئوخشاش ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق؟﴾ دېگەن. بۇ ماددىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان، مۇتەكەببىر قەۋمنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ ئۆتمۈشلەردىكى كاپىر ئۇممەتلەردە كەڭ تارقالغان ئومۇمىيۈزلۈك سەپسەتىدۇر. ھازىرمۇ شۇنداق دەيدىغانلار بار. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان جىنسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارغا پەرىشتىدىن ياكى باشقا تائىپىلەردىن پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر سەپسەتىسى ﴿ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزگە قۇل تۇرسا﴾ دېگەن سۆزىدۇر. يەنى «بىز مۇسا بىلەن ھارۇننى پەيغەمبەر دەپ تونۇپ، ئىشلىرىمىزنىڭ تىزگىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويامدۇق؟ ھالبۇكى، ئۇلار بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىققان تۇرسا، ئۇلار بىزنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى قۇللىرىمىز تۇرسا، بىز قانداقلارچە ئۆزىمىزنىڭ قۇللىرىغا ئىتائەت قىلغۇدەكمىز؟ ياق! بۇ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىققان ئويۇنىدۇر، بۇ مۇسا بىلەن ھارۇن ئىككىسىنىڭ ھىيلىسىدۇر. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ: ‹بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىمىز› دېگەن سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دېگەنىلىكتۇر.

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن چىققان قۇل-خىزمەتچىلەرگە بويسۇنۇشتىن كۆرە، ھەقىقەتنى رەت قىلىپ ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئەڭ ئوڭاي چىقىش يولى ھېسابلىناتتى.

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئەنە شۇنداق مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقاردى، ھەق دىننى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى سۇدا غەرق بولۇپ ھالاك بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ﴿فَٱلۡيَوۡمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنۡ خَلۡفَكَ ءَايَةٗۚ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ

ٱلنَّاسِ عَنْ ءَايَٰتِنَا لَغَٰفِلُونَ﴾ يەنى ﴿سېنىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر﴾ [1] .

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ۋەسىلە بولسۇن دەپ، بىز مۇساغا «تەۋرات»نى بەرگەن ئىدۇق. «تەۋرات» ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا پىرئەۋن غەرق بولغاندىن كېيىنكى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ئىلاھىي تەلىماتلار بار ئىدى. ﴿وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ مِنۢ بَعْدِ مَآ أَهْلَكْنَا ٱلْقُرُونَ ٱلْأُولَىٰ بَصَآئِرَ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا ئۇلار ئۈچۈن نۇر، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان كىتابنى (تەۋراتنى) بەردۇق ﴾ [2] .

ئەللامە ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: ««تەۋرات› بېرىلگەندىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئۈممەت پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنغىنى يوق. پەقەت مۇئمىنلەر كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغان»[3].

ھەزرىتى مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بۇ يەردە ئىخچام بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىمراننىڭ قىزى ھەزرىتى مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە تەڭداشسىز ئىلمىنى نامايان قىلىدىغان مۆجىزە قىلىپ كۆرسەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز ياراتقان، ھەزرىتى مەريەم ئاللاھ تائالانىڭ مۆجىزىسى سايىسىدا بىرەر ئەرنىڭ قولى تەگمەستىن ھامىلىدار بولغان.

﴿ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق ﴾ دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان جاي ھەقىقەتەن ياخشى، يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى ھەمىشە ئېقىپ تۇرىدىغان، بەرىكەتلىك بىر جايدۇر. بۇ جاي نەدە؟ بەلكى بۇ جاي بەيتۇلمۇقەددەس بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 92-ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى: 43-ئايەت.
[3] «تفسير ابن كثير» 5-توم، 476-بەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھېچكىم ئەجىلى توشماستىن ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر ئۈممەتنىڭ دەۋر سۈرىدىغان ۋاقتى بولۇپ، ۋاقتى تۈگىگەندە ئۇنىڭ دەۋرى ئاخىرلىشىدۇ ۋە دەرھال ھالاك بولۇپ يوقىلىدۇ.

2. ئۆزلىرىگە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان قەۋملەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ئازاب، جەڭدە مەغلۇپ بولۇش دېگەندەك ھەر خىل يوقىتىلىشلار بىلەنمۇ مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن.

3. بەزى ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلاردىكى تەكەببۇرلۇقتۇر.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى، زالىملارنىڭ ھالاك قىلىنىشى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

5. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز دۇنياغا كەلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ئايرىم بىر دەلىلدۇر.

### پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُواْ مِنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَٱعۡمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ
عَلِيمٞ ٥١ وَإِنَّ هَٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةٗ وَٰحِدَةٗ وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱتَّقُونِ
٥٢ فَتَقَطَّعُوٓاْ أَمۡرَهُم بَيۡنَهُمۡ زُبُرٗاۖ كُلُّ حِزۡبِۭ بِمَا لَدَيۡهِمۡ فَرِحُونَ ٥٣
فَذَرۡهُمۡ فِي غَمۡرَتِهِمۡ حَتَّىٰ حِينٍ ٥٤ أَيَحۡسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُم بِهِۦ مِن
مَّالٖ وَبَنِينَ ٥٥ نُسَارِعُ لَهُمۡ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِۚ بَل لَّا يَشۡعُرُونَ ٥٦﴾

### تەرجىمىسى

51ـ ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن.

52ـ سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار-مەن، شۇڭا سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار.

53ـ (ئىنسانلار) ئۆز ئارىسىدا (دىن) ئىشىدا نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى،

ھەربىر پىرقە ئۆزىدىكى (ئەقىدە ۋە قاراشلىرى) بىلەن خۇشالدۇر.

54 ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى (ئازاب چۈشىدىغان) مۇددەتكىچە ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويۇپ تۇرغىن.

55 ـ 56 ـ بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلار ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار (ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى) ئۇقمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ھالال ۋە پاك يېمەكلىكلەردىن يېيىشكە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن بۇ نېمەتلەرنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَيُّهَا النَّاسُ ، إِنَّ اللهَ طَيِّبٌ لَا يَقْبَلُ إِلَّا طَيِّبًا ، وَإِنَّ اللهَ أَمَرَ الْمُؤْمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسَلِينَ» يەنى «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە پەيغەمبەرلەرگە بۇيرۇغاننى بۇيرىدى» دېگەن، ئاندىن ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُواْ مِنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَٱعۡمَلُواْ صَٰلِحًاۖ إِنِّي بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ﴾ يەنى ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن﴾ دېگەن ئايەتنى ۋە ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان»[2] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ھالىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ ، يَمُدُّ يَدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ ، يَا رَبِّ ، يَا رَبِّ ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ ، وَمَشْرَبُهُ حَرَامٌ ، وَمَلْبَسُهُ حَرَامٌ ، وَغُذِيَ بِالْحَرَامِ ، فَأَنَّى يُسْتَجَابُ لِذَلِكَ؟» يەنى «بىراۋ تائەت ـ ئىبادەت يولىدا كۆپ سەپەرلەرنى قىلغان، ئۈستى بېشىنى چاڭ توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى رەببىم! ئى ئىگەم!›

[1] بەقەرە سۈرىسى: 172 ـ ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 2 ـ توم 703 ـ بەت 1015 ـ ھەدىس.

دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنى ھارامدىن، ئىچكىنى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[1] .

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھالال نەرسىلەرنى يېيىش، ھالال نەرسىلەرنى ئىچىش ئەمەل-ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر. يېمەك-ئىچمەكنى، كىيىم-كېچەكنى ھالالدىن قىلىش ۋە ھالال دائىرىسى ئىچىدە ئىش كۆرۈش ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ياردەمچى بولىدۇ ۋە ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشىغا، دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئادەمنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەرەپكە يۈزلەندۈرۈشتە چوڭ رولى بار. چۈنكى، يېمەك-ئىچمەكلەر بەدەننىڭ ئوزۇقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىدۇر. ئادەمنىڭ يېگەن، ئىچكەنلىرى ۋە كىيگەنلىرى ھالالدىن ۋە پاكىز بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ روھىنى سۈزۈكلۈككە ئېلىپ بارىدۇ، نەتىجىدە، ئۇ كىشى توغرا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئادەمنىڭ يېگەنلىرى، ئىچكەنلىرى ۋە كىيگەنلىرى ھارامدىن ۋە پاسكىنا بولسا، بۇ شۇ كىشىنى چۈشكۈنلۈككە ۋە ناچار كەيپىياتقا ئېلىپ بارىدۇ، نەتىجىدە، ئۇ كىشى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن﴾ دېگەن ئەمرى پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان ئومۇمىي پەرماندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇئمىنلەرنى ھالالدىن ئوزۇقلىنىپ، ھارامدىن يىراق تۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئوخشاش ئىشقا بۇيرۇغان.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئەزەلدىن بىرلا دىن بولۇپ، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرگە ئاشۇ دىنغا دەۋەت قىلغان. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان. گويا ئاللاھ تائالا دەيدۇ: ئى خالايىق! سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يېڭى بىر دىننى ئېلىپ كەلدى دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ۋە دىننى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى پەيغەمبەردۇر. مەن سىلەرنىڭ

[1] «صحيح مسلم» 2-توم 703-بەت 1015-ھەدىس.

رەببىڭلارمەن، شۇڭا سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار ۋە ماڭىلا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىڭلار!.

دېمەك، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى، دۇئانى ئاللاھ تائالاغىلا قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە دەۋەت قىلغان. لېكىن بۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ھەر خىل ئېقىملارنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك ئۆز ئارىسىدا بۆلۈنۈپ كۆپلىگەن پىرقىلەرگە ئايرىلىپ كەتكەن ۋە ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، باشقىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ھالغا كەلگەن. دىنىي جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى تېكىستلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ، ھەربىر پىرقە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە تۇتقان يولى بىلەن خۇشاللىنىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان.

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى بۇنداق چوڭ خەتەردىن ئاگاھلاندۇرغان. ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيش كاپىرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى بىر مۇددەت ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويغىن﴾ يەنى ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە ياكى ئۇلار ھالاك بولغانغا قەدەر ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قويغىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئازغۇنلۇققا ۋە خۇراپاتقا تازا پاتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش بولسۇن. بۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ كېچىككەنلىكىگە ئېچىڭ سىقىلمىسۇن. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مەلۇم ۋاقتى-سائىتى بار.

بۇ ھاكاۋۇر كاپىرلار بىزنىڭ ئۇلارغا بايلىق ۋە بالىچاقا ئاتا قىلغانلىقتىن ئىبارەت نېمەتلىرىمىزنى بىزنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىن ياكى ئۇلاردىن رازى بولغانلىقىمىزدىن ۋەياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىمىزدىن دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ﴿نَحۡنُ أَكۡثَرُ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا وَمَا نَحۡنُ بِمُعَذَّبِينَ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ پۇل-مېلىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابقا ئۇچرىمايمىز﴾[1] دېگەنلىرى بىكار. ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنى تەدرىجىيلىك بىلەن جازالاشقا ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى تۇيمايدۇ. ﴿فَلَا تُعۡجِبۡكَ أَمۡوَٰلُهُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُهُمۡۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَتَزۡهَقَ أَنفُسُهُمۡ وَهُمۡ كَٰفِرُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ

[1] سەبەئ سۈرىسى35-ئايەت.

كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾[1]، ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ خَيْرٌ لِّأَنفُسِهِمْۚ إِنَّمَا نُمْلِي لَهُمْ لِيَزْدَادُوٓاْ إِثْمًاۚ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّهِينٌ﴾ يەنى ﴿كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار ئۆزلىرىگە مۆھلەت بېرىشىمىزنى ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلارغا پەقەت گۇناھلىرىنى كۆپەيتىشى ئۈچۈنلا مۆھلەت بېرىمىز. ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازاب بار﴾[2] .

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نەسەبىڭلارنىڭ ئېسىللىكى بىلەن ياكى پۇل-مېلىڭلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ياكى بالىچاقىلىرىڭلار بىلەن ۋەياكى كىشىلەر ئارىسىدا قازانغان ئابرۇيۇڭلار بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋالىقىڭلار، ياخشى ئەمەللىڭلار ۋە گۈزەل ئەخلاقىڭلار بىلەنلا ھۆرمەتلىك بولىسىلەر. ﴿إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىرىڭلار ئەڭ تەقۋادارلىرىڭلاردۇر﴾ [3] .

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇمكى، يېمەك-ئىچمەكنى، كىيىم-كېچەكنى ھالالدىن قىلىش، ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئىنسانىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ھالالدىن يېيىشكە، ھالالدىن ئىچىشكە ۋە ھالالدىن كىيىشكە باغلىقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يول بىلەن پۇل تېپىپ ھالالدىن يېيىش پەرزدۇر.

2. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئومۇمىي دىن بولۇپ، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ نېگىزى ھېسابلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلەرنىڭ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىبرەتلىك جازا-لىنىشىنىڭ ئىشارىتىدۇر.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 55-ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 178-ئايەت.

[3] ھۇجۇرات سۈرىسى: 13-ئايەت.

## ◄ ياخشى ئىشقا ئالدىرايدىغان مۆئمىنلەر

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ هُم مِّنۡ خَشۡيَةِ رَبِّهِم مُّشۡفِقُونَ ٥٧ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِ
رَبِّهِمۡ يُؤۡمِنُونَ ٥٨ وَٱلَّذِينَ هُم بِرَبِّهِمۡ لَا يُشۡرِكُونَ ٥٩ وَٱلَّذِينَ يُؤۡتُونَ
مَآ ءَاتَواْ وَّقُلُوبُهُمۡ وَجِلَةٌ أَنَّهُمۡ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ رَٰجِعُونَ ٦٠ أُوْلَٰٓئِكَ
يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَهُمۡ لَهَا سَٰبِقُونَ ٦١ وَلَا نُكَلِّفُ نَفۡسًا إِلَّا
وُسۡعَهَاۚ وَلَدَيۡنَا كِتَٰبٞ يَنطِقُ بِٱلۡحَقِّ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٦٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

57-شەكسىزكى، رەببىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن (ئەيمىنىپ) تىترەپ تۇرىدىغان كىشىلەر،

58-رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگەن كىشىلەر،

59-رەببىگە شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر،

60-رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، بېرىدىغانلىرىنى دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ سەدىقە بېرىدىغان كىشىلەر،

61-ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلاردا بەسلەشكۈچىلەردۇر، ئۇنىڭدا (باشقىلارنىڭ) ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر.

62-بىز ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايمىز، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا راست سۆزلەيدىغان كىتاب (نامە-ئەمەل دەپتىرى) بار، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان سۈپەتلەر ھەقىقىي مۆئمىنلەر سۈپەتلىنىدىغان ئالاھىدە سۈپەتلەرنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇلار مۇشۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان توققۇز سۈپەت بىلەن بىرلىكتە مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئىماننىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋە مۇستەھكەملىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغانلىق ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ دىللىرى تىترەپ تۇرىدىغان، غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ۋە مۇكاپاتىنى ئۈمىد

قىلىپ، تائەت-ئىبادەتلەرنى، جىمى ياخشى ئەمەللەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايدىغان كىشىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بىرلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كائىنات دەلىللىرىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان كىشىلەر، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر ۋە رەببىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكتىن بارچە ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قوبۇل بولماسلىقىدىن، رىيا ئارىلىشىپ قېلىپ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان كىشىلەر — ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشىلىقتا بەسلەشكۈچىلەردۇر ۋە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكۈچىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار بۇ ئەۋزەللىكى يۈزىسىدىن ئاخىرەتنىڭ مۇكاپاتلىرىغا ئەڭ بۇرۇن ئېرىشكۈچىلەردۇر.

مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ﴾ دېگەن ئايەتكە قىلغان تەپسىرى بىر خىل بولمىغان. تەپسىرى بەغەۋىي ۋە تەپسىرى مۇيەسسەردە، ئايەتتىكى «فِي» (دە) دېگەن سۆزگە «إِلَى» (گە، كە، غا، قا) دەپ مەنە ئېيتىلغان بولۇپ، ئايەت «ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر» دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەبەرىي، قۇرتۇبىي ۋە جەزائىرىي قاتارلىق تەپسىرلەردە ئايەتتىكى«فِي» ئۆز مەنىسىدە «دە» دەپ ئېلىنىپ، ئايەت ﴿ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلاردا ئالدىرىغۇچىلاردۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلىنغان. ئەللامە جەزائىرىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ﴿أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ﴾ دېگەن ﴿أُوْلَٰٓئِكَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ﴾ دېمىگەن. چۈنكى، ﴿فِي ٱلۡخَيۡرَٰتِ﴾ يەنى ﴿ياخشى ئىشلاردا﴾ دېگەن سۆز مەزكۇر مۇئمىنلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلار دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى ۋە ئۇ ئىشلارنى بەس-بەستە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ﴿إِلَى ٱلۡخَيۡرَٰتِ﴾ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئەسلىدە ئۆزى ياخشى ئىشلار ۋە ياخشى ئەمەللەر ئۈستىدە بولمىسىمۇ، ئۇنى قىلىشقا يۈزلەنگەن كىشىلەر كىرىدۇ. بۇ ئايەت بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئورۇنداشنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. مەسىلەن: نامازنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇش، زاكاتنى يىل توشۇشى بىلەنلا كېچىكتۈرمەي بېرىش، ھەجنى قۇدرىتى يەتكەن ۋاقتىدا كېچىكتۈرمەي قىلىش، جىھادقا چاقىرىلغاندا ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىش، ماددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان مۇسۇلمانغا بىرىنچى بولۇپ ياردەم قولىنى

سۈنۈش قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى» [1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى مۆئمىنلەرنى تۆت سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئەمەل-ئىبادەتنى ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى بولۇپ، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن جىددىي قورقىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن ئەلۋەتتە يىراق تۇرىدۇ ۋە ئەمەل-ئىبادەتكە قىزغىن بولىدۇ.

2. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە چىن ئىشىنىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات ئالا-مەتلىرىگە ئەقىل كۆزلىرى بىلەن نەزەر سېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بارچە كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمانىنى كۈچەيتىپ تۇرىدىغانلىقى بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى ۋە قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلىرى ئۈستىدە ئىلىپ بېرىلغان توغرا تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

3. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغىلا خاس قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغانلىقى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلىرىدە رىيا قىلىشتىن ئەلۋەتتە يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئۇلارنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش، ئاتا-ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ۋە قانداقلا بىر ياخشى ئىشنى رىيادىن ۋە مەغرۇرلۇقتىن تامامەن يىراق بولغان ھالدا خالىس قىلىدىغانلىقى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ياخشى ئىشلارنى قوبۇل بولماسلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت سۈپەت بىر مۆئمىن ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك مۇكەممەللىك بولۇپ، بۇ قىيامەت كۈندە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدىغانلارنىڭ مەرتىۋىسىدۇر. چۈنكى، بىرىنچى سۈپەت تەقۋالىقنىڭ مۇكەممەللىكىگە، ئىككىنچى سۈپەت ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، ئۈچىنچى سۈپەت ئۇلارنىڭ رىيادىن

[1] «أيسر التفاسير» 3-توم، 525-بەتتىن.

ئىبارەت مەخپىي شېرىكتىن يىراق ئىكەنلىكىگە، تۆتىنچى سۈپەت ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتتىكى كەمتەرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت سۈپەتكە ئىگە بولغان مۆئمىنلەر ئەلۋەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىمۇ ئالدىنقىلاردىن بولۇپ، ئۇلار تاقىتىدىن تاشقىرى ئىشنى قىلغان ئادەملەرمۇ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى مۇكەممەل دەرىجىدە ئورۇندىغان ئادەملەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇغان ئەمەس.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نامە-ئەمەل دەپتىرىدە ھەربىر ئادەمنىڭ بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرى تولۇق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئاددىي بىر ئىشمۇ يېزىلىشتىن سىرتتا قالمايدۇ.

ئاخىرقى ئايەت ئىتائەتمەنلەرگە خۇش خەۋەر، ئاسىيلارغا ئاگاھلاندۇ-رۇشتۇر. ھەر ئىككى پىرقە قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ئېنىق ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ﴿وَوُضِعَ ٱلۡكِتَٰبُ فَتَرَى ٱلۡمُجۡرِمِينَ مُشۡفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيۡلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلۡكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةٗ وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحۡصَىٰهَاۚ وَوَجَدُواْ مَا عَمِلُواْ حَاضِرٗاۗ وَلَا يَظۡلِمُ رَبُّكَ أَحَدٗا﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكار-لارنىڭ ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەنلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي ئىست بىزگە! بۇ قانداق كىتاب؟ چوڭ-كىچىك ھېچبىر ئىشنى چالا قويماي تولۇق خاتىرىلەپتۇغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان- ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمەلىگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾ [1] .

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق ۋە شۇ چۈشەنچە بويىچە ھەرىكەت قىلىش تەقۋالىقنىڭ ئۆزىدۇر. مۇنداق ئادەم يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قولدىن بەرمەيدۇ. مەلۇمكى، يامان ئىشتىن ۋاز كېچىش تەقۋالىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.

2. دىندا قىيىنچىلىق يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى كۈچى

[1] كەھف سۈرىسى: 49-ئايەت.

يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس.

3. بەندىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئالىدىغان مۇكاپاتى ياكى ئۇچرايدىغان جازاسى ئۇلارنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىدە خاتىرىلەنگەن ئەمەللىرىگە ئاساسەن بولىدۇ.

### ◄ كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى

﴿بَلۡ قُلُوبُهُمۡ فِي غَمۡرَةٖ مِّنۡ هَٰذَا وَلَهُمۡ أَعۡمَٰلٞ مِّن دُونِ ذَٰلِكَ هُمۡ لَهَا
عَٰمِلُونَ ٦٣ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذۡنَا مُتۡرَفِيهِم بِٱلۡعَذَابِ إِذَا هُمۡ يَجۡـَٔرُونَ ٦٤
لَا تَجۡـَٔرُواْ ٱلۡيَوۡمَۖ إِنَّكُم مِّنَّا لَا تُنصَرُونَ ٦٥ قَدۡ كَانَتۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ
عَلَيۡكُمۡ فَكُنتُمۡ عَلَىٰٓ أَعۡقَٰبِكُمۡ تَنكِصُونَ ٦٦ مُسۡتَكۡبِرِينَ بِهِۦ
سَٰمِرٗا تَهۡجُرُونَ ٦٧ أَفَلَمۡ يَدَّبَّرُواْ ٱلۡقَوۡلَ أَمۡ جَآءَهُم مَّا لَمۡ يَأۡتِ
ءَابَآءَهُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٦٨ أَمۡ لَمۡ يَعۡرِفُواْ رَسُولَهُمۡ فَهُمۡ لَهُۥ مُنكِرُونَ ٦٩
أَمۡ يَقُولُونَ بِهِۦ جِنَّةُۢۚ بَلۡ جَآءَهُم بِٱلۡحَقِّ وَأَكۡثَرُهُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ
٧٠ وَلَوِ ٱتَّبَعَ ٱلۡحَقُّ أَهۡوَآءَهُمۡ لَفَسَدَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن
فِيهِنَّۚ بَلۡ أَتَيۡنَٰهُم بِذِكۡرِهِمۡ فَهُمۡ عَن ذِكۡرِهِم مُّعۡرِضُونَ ٧١ أَمۡ
تَسۡـَٔلُهُمۡ خَرۡجٗا فَخَرَاجُ رَبِّكَ خَيۡرٞۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ٧٢ وَإِنَّكَ
لَتَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ٧٣ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ
عَنِ ٱلصِّرَٰطِ لَنَٰكِبُونَ ٧٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

63-كاپىرلارنىڭ دىللىرى بۇ (قۇرئان)دىن غەپلەتتىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن يامان ئەمەللىرى باركى، ئۇلار ئۇنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

64-ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار پەرياد قىلىشقا باشلايدۇ.

65-(ئۇلارغا ئېيتىلىدۇ) «بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، چۈنكى، سىلەر بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر».

66-67-ھەقىقەتەن مېنىڭ ئايەتلىرىم سىلەرگە ئوقۇپ بېرىلەتتى، ئاندىن سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيتتىڭلار، كېچىلىك پاراڭ-لىرىڭلاردا (قۇرئان توغرۇلۇق) يامان سۆزلەرنى قىلاتتىڭلار.

68-ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمىدىمۇ؟ ياكى ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىغا كەلمىگەن نەرسە كەلدىمۇ؟

69-ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى تونۇماي قالغانلىقتىن، ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتامدۇ؟

70-ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ (پەيغەمبەر) ئۇلارغا ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى يامان كۆرىدۇ.

71-ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتلار بۇزۇلۇپ تۈگەشكەن بولاتتى. ئۇنداق بولغىنى يوق. بىز ئۇلارغا شان-شەرەپ (كەلتۈرىدىغان قۇرئاننى) ئاتا قىلدۇق، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان شان-شەرەپتىن يۈز ئۆرۈ-مەكتە.

72-(ئى پەيغەمبەر!) ياكى سەن ئۇلاردىن (دىنىي يەتكۈزگەنلىكىڭگە) ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلامسەن؟ رەببىڭنىڭ (ساڭا ئاتا قىلىدىغان) ئەجرى ھەممىدىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

73-سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىۋاتىسەن.

74-ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ھەقىقەتەن بۇ يولدىن چەتنىگۈچىلەردۇر.

### ◄ تەپسىرى

كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەردىن پۈتۈنلەي غەپلەتتە ۋە چوڭقۇر ئازغۇنلۇق ئىچىدىدۇر. ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە زالالەتتىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىلمىشلىرى بار. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى بۇ دۇنيادىكى ھاكاۋۇرلۇقى ۋە ھەق دىنغا قارشى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار بۇ ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن پەرياد قىلىدۇ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياردەم ۋە مەدەت سورايدۇ. ئەمما ئۇلارغا ھېچقانداق بىر مەدەتكار چىقمايدۇ. ئۇلارغا كايىغان ھالدا مۇنداق دېيىلىدۇ: سىلەر بۈگۈن پەرياد قىلماڭلار، بىزگە يالۋۇرماڭلار. چۈنكى، سىلەر بۈگۈن بىزنىڭ ھېچقانداق ياردىمىمىزگە ئېرىشەلمەيسىلەر،

سىلەر ئەمدى ئازابنى ئوبدان تېتىيسىلەر.

كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى قورقۇنچلۇق ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۇلارنىڭ كۇفرى ۋە زالالەتتىن توسۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى جازاسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ جازاغا لايىق بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

1. ئى كاپىرلار! سىلەرگە دۇنيا ھاياتىدا مېنىڭ ئايەتلىرىم تىلاۋەت قىلىنىپ، ھەقىقەت بايان قىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما سىلەر چوڭچىلىق قىلىپ، بۇ ئايەتلەرگە قۇلاق سالمايتتىڭلار، بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلاپ تەپەككۇر قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيتتىڭلار، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتاتتىڭلار.

2. ئەي مەككە كاپىرلىرى! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھەرەمنىڭ قوشنىلىرى دەپ پەخىرلىنىپ، كېچىلىرى ئۇ جايلاردا يامان گەپلەرنى ۋە يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان سورۇنلارنى ئۇيۇشتۇراتتىڭلار. بۇ سورۇنلىرىڭلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى سۆكەتتىڭلار، بۇ ئىككىسى ھەققىدە يالغان سۆزلەرنى، بىھۇدە گەپلەرنى قىلاتتىڭلار. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھەرەمنىڭ قوشنىلىرى دەپ پەخىرلىنىپ تۇرۇپ، ھەرەمنى ئۇلۇغلىمايتتىڭلار، ھەرەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلاتتىڭلار.

3. سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى «قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا «سېھىرگەر» ۋە «ئەقىلدىن ئازغان (مەجنۇن)» دەپ تۆھمەت قىلاتتىڭلار.

ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ كاپىرلارنىڭ مەزكۇر قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن بىرەرسى ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ:

1. ياكى ئۇ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نى بىلمەمدۇ؟ ياكى مەنىسىنى چۈشەنمەمدۇ؟ «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا سۆزلىشىۋاتقان ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان ناھايىتى چۈشىنىشلىك بىر كىتاب تۇرسا، ئۇلار قانداقسىگە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ؟! ئۇلار ئەلۋەتتە بىلىدۇ، مەنىسىنىمۇ چۈشىنىدۇ. ئەمما تەپەككۇر قىلمايدۇ. شۇڭا ھىدايەت تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەنگەن. ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَآ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر

يۈرگۈزمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار﴾ [1]. ئەگەر ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە ساغلام تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنى چۈشەنسە ئىدى، ھەرگىز بۇ يامان قىلمىشلارنى قىلمىغان بولاتتى.

2. ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر دىننى ئېلىپ كەلدىمۇ؟ ياق! ئۇنداق ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنىدۇر. ئۇلارمۇ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەر بىلەن ئىنكارچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كەسكىن كۈرەشلەرنى ۋە ئاخىرىدا ئىمان ئېيتقانلار غەلىبە قىلىپ، ئىنكارچىلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ؟

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أَمۡ جَآءَهُم مَّا لَمۡ يَأۡتِ ءَابَآءَهُمُ ٱلۡأَوَّلِينَ﴾ دېگەن ئايەتنى «ياكى ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىغا كەلمىگەن نەرسە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەمدۇ؟» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿أَمۡ﴾ (ياكى) دېگەن سۆزگە ﴿بَلۡ﴾ (بەلكى) دەپ مەنە ئېيتىپ، ئايەتنى «بەلكى ئۇلارغا ئاتا-بوۋىلىرىغا كەلمىگەن نەرسە كەلدى، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

3. ياكى ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي قالدىمۇ؟ ياق! ئەكسىچە، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ راستچىللىقىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى، ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغان راستچىل زات ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى باللىق چاغلىرىدا «ئىشەنچلىك ۋە راستچىل مۇھەممەد» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟!

4. ياكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جىن چاپلىشىۋالغان ياكى ئەقلىدىن ئازغان بىر مەجنۇن ئادەم دەپ ئويلاپ قالدىمۇ؟ ﴿كَبُرَتۡ كَلِمَةٗ تَخۡرُجُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 24-ئايەت.

سۆز ئېيتىدىغان چوڭ (كۇفرىلىق)! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ﴾ [1] .

ھەقىقەت شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىشىغا، ھەقىقەتنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈشىگە، كېچىلىرى سورۇنلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىسلام دىنىغا قارشى بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق ساغلام پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نادانلىقى، ئاسىيلىقى ۋە ئازغۇنلۇقى ئۇلارنى ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن توسۇپ قويغان، ئۇلار ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلاپ مەغرۇرلانغان.

ئۇلارنىڭ بۇ يامان قىلمىشلارنى سادىر قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەسلىكى ئىدى. ئۇلار ھالاكەتكە يۈزلەنسۇنكى، ئۇلار قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەيدۇ؟ ھالبۇكى ئۇلار ئۇنى كىچىكىدىنلا «راستچىل ۋە ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەپ ئاتايتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بىردىنلا ئۇ يالغانچى بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كاپىرلار تۆھمەت قىلغاندەك مەجنۇن ئەمەس، شائىرمۇ ئەمەس، سېھىرگەرمۇ ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ بارلىق ئىنسانىيەتكە ھەق دىننى ئېلىپ كەلگەن راستچىل پەيغەمبەردۇر. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقەتنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا قارشى چىقتى.

ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغان بولسا ئىدى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نىزامى بۇزۇلۇپ كېتەتتى، بۇ كائىنات قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى، كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇدات خاراب بولۇپ تۈگەشكەن بولاتتى. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا يامان خاھىشلارغا قەتئىي يول قويمايدۇ، كائىناتنىڭ ئىشىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ.

ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈۋاتقان بۇ ئەرەبلەرگە ئۆزلىرىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نى ئاتا قىلدۇق، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكتە. ﴿وَإِنَّهُۥ لَذِكۡرٞ لَّكَ وَلِقَوۡمِكَۖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، بۇ (قۇرئان) ساڭا ۋە قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە كاتتا شەرەپتۇر﴾ [2] .

ئەرەبلەر ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئېتىقاد جەھەتتە ئەڭ خۇراپىي، تۇرمۇش جەھەتتە ئەڭ قالاق، سىياسىي جەھەتتە ئەڭ مۇقىمسىز

---

[1] كەھف سۈرىسى: 5-ئايەت.

[2] زۇخرۇف سۈرىسى: 44-ئايەت.

ھاياتتا ياشايدىغان بىر خەلق ئىدى. باشقىلار ئۇلارنى مىللەت قاتارىدا كۆرمەيتتى. پەقەت ئىسلام بىلەن ئۇلارنىڭ شۆھرىتى ۋە مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلگەن، باشقا مىللەتلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدىغان بولغان، ئۇلار ئىسلامنىڭ بەرىكىتى بىلەن ھاكىمىيەت تۇتىدىغان بولۇپ، ئۈچ قىتئەدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زور كۈچكە ئايلانغان.

ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئىززەتكە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلغان بۇ ئۇلۇغ دىنغا سادىق بولمىغانلىقتىن، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە نوپۇزدىن ئايرىلىپ قېلىپ، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. ھازىرقى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى تولۇق مۇستەقىل دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار پىكىر ۋە سىياسەتتە چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ تۇرماقتا.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنى ئەزىز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بۇنداق بىر ئۇلۇغ دىننى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن كۆپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئۆزلىرىگە كەلگەن شان-شەرەپنى قايتۇرۇۋېتىش كويىدا يۈرۈپ، بۇ دىنغا توختىماي سۇيىقەستلەرنى پىلانلىغان ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ دىننى غالىب قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئەرەبلەر مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئۇلار ھەقىقەتكە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ جېڭىدە مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ھىدايەت تېپىپ بۇ دىنغا ئەگەشتى. نىھايەت، بۇ دىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېتىپ بېرىپ يىلتىز تارتتى.

ئى پەيغەمبەر! سەن قەۋمىڭگە دىننى يەتكۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ھەق بېرىشىنى تەلەپ قىلدىڭمۇ؟ سەنغۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمىدىڭ. ياكى ئۇلار سېنى شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ سەنمۇ بىلىسەنكى، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلىدىغان مۇكاپاتلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، چۈنكى، رەببىڭ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنى راستتىنلا توغرا يولغا دەۋەت قىلىۋاتىسەن. چۈنكى، سەن دەۋەت قىلىۋاتقان بۇ يول ئاللاھ تائالانىڭ يولى بولۇپ، بۇ ئىززەت-ھۆرمەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بارلىق ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغان يولدۇر. بۇ يولدا يۈرگەنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ياخشىلىققا قاراپ كېتىۋېرىدۇ.

شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئىسلام قانۇنىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئادالەتلىك قانۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام سايىسىدا دۇنيادىكى كۆپلىگەن قىيىن مەسى-

ـلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرمۇ بىلىپ يەتمەكتە.

ئىسلام دىنى شۇنچىلىك پايدىلىق، شۇنچىلىك ياخشى ۋە شۇنچىلىك ئىلغار بىر دىن تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلار ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارغا شەيتانلىرى خاتانى توغرا، باتىلنى ھەقىقەت قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار ھىدايەت تاپالمىغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاۋامنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن يۈز ئۆرۈتكەن ئاساسلىق ئامىل تەقلىدچىلىكتۇر.
2. سەكراتقا چۈشكەندە ياكى ھالاكەتنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.
3. پەيغەمبەرلەرنى مەسخىرە قىلغان ئۇممەتلەر ھالاكەتتىن ساق قالغان ئەمەس.
4. نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ، ئەقلىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانلار ئۆزلىرىنى ھالاكەتلەرگە ئاتقانلار بولۇپ، ئۇلار توغرا يول تاپالمايدۇ.
5. ئەڭ توغرا يول ئىسلام يولى ئىكەنلىكىنى ئىنسانىيەت ئاستا-ئاستا بىلىپ يېتىدۇ.
6. قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ئىنسانلار ھەرقانداق يامانلىقنى قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىقى

﴿۞ وَلَوۡ رَحِمۡنَٰهُمۡ وَكَشَفۡنَا مَا بِهِم مِّن ضُرّٖ لَّلَجُّواْ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ
يَعۡمَهُونَ ٧٥ وَلَقَدۡ أَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡعَذَابِ فَمَا ٱسۡتَكَانُواْ لِرَبِّهِمۡ وَمَا
يَتَضَرَّعُونَ ٧٦ حَتَّىٰٓ إِذَا فَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَابٗا ذَا عَذَابٖ شَدِيدٍ إِذَا
هُمۡ فِيهِ مُبۡلِسُونَ ٧٧ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ لَكُمُ ٱلسَّمۡعَ وَٱلۡأَبۡصَٰرَ

وَٱلۡأَفۡـِٔدَةَۚ قَلِيلٗا مَّا تَشۡكُرُونَ ﴿٧٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي ذَرَأَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ
وَإِلَيۡهِ تُحۡشَرُونَ ﴿٧٩﴾ وَهُوَ ٱلَّذِي يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَلَهُ ٱخۡتِلَٰفُ ٱلَّيۡلِ
وَٱلنَّهَارِۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٨٠﴾ بَلۡ قَالُواْ مِثۡلَ مَا قَالَ ٱلۡأَوَّلُونَ ﴿٨١﴾ قَالُوٓاْ
أَءِذَا مِتۡنَا وَكُنَّا تُرَابٗا وَعِظَٰمًا أَءِنَّا لَمَبۡعُوثُونَ ﴿٨٢﴾ لَقَدۡ وُعِدۡنَا نَحۡنُ
وَءَابَآؤُنَا هَٰذَا مِن قَبۡلُ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٨٣﴾ قُل لِّمَنِ
ٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨٤﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلۡ أَفَلَا
تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾ قُلۡ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبۡعِ وَرَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ
﴿٨٦﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِۚ قُلۡ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٨٧﴾ قُلۡ مَنۢ بِيَدِهِۦ مَلَكُوتُ كُلِّ
شَيۡءٖ وَهُوَ يُجِيرُ وَلَا يُجَارُ عَلَيۡهِ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨٨﴾ سَيَقُولُونَ
لِلَّهِۚ قُلۡ فَأَنَّىٰ تُسۡحَرُونَ ﴿٨٩﴾ بَلۡ أَتَيۡنَٰهُم بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿٩٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

75-ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلساق، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەكمۇ، ئۇلار ئەلۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا داۋاملىق تېڭىرقاپ يۈرۈشەتتى.

76-بىز ئۇلارنى ھەقىقەتەن (قەھەتچىلىك) ئازابى بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار يەنىلا رەببىگە بويسۇنمىدى، (ئۇنىڭغا) ئىلتىجا قىلىپمۇ باقمىدى.

77-نىھايەت، ئۇلارغا قاتتىق ئازابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان چېغىمىزدا، ئۇلار شۇ ھامان ئۈمىدىنى تامامەن يوقىتىدۇ.

78-ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتقان زاتتۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.

79-ئۇ سىلەرنى زېمىندا كۆپەيتىپ (تەرەپ- تەرەپكە) تارقىتىۋەتكەن زاتتۇر. (ئاخىر) ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

80-ئۇ تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان زاتتۇر، كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇلارنى ئويلاپ باقماسىلەر؟

81-بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېدى.

82-ئۇلار ئېيتتىكى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (چىرىگەن) سۆڭەككە ئايلىنىپ

كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە چوقۇم تىرىلەمدۇق؟

83ـ ھەقىقەتەن بىز (مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلدۇق)، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى، بۇ پەقەت قەدىمكىلەر-دىن قالغان ئەپسانىلەردۇر».

84ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىپ بې-رىڭلارچۇ) زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟».

85ـ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ» دەيدۇ. «ئۇنداقتا، سىلەر (بۇنىڭدىن) پەند ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟» دېگىن.

86ـ ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببى كىم؟».

87ـ ئۇلار «ئاللاھ» دەيدۇ. «(ئۇنداقتا، سىلەر ئۇنىڭدىن) قورقمامسىلەر؟» دېگىن.

88ـ ئېيتقىنكى، «ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قولىدا بولغان، (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولىدىغان ۋە (ئۇ ھالاك قىلماقچى بولغان بىرىگە) ئۇنىڭغا قارشى ھېچكىم پاناھ بولالمايدىغان زات كىم؟ ئەگەر بىلىدىغان بولساڭلار (ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟!)».

89ـ ئۇلار: «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) سىلەر نېمىدەپ ئالجىپ يۈرىسىلەر؟».

90ـ ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇلارغا ھەقىقەتنى كەلتۈرگەن ئىدۇق، شەكسىزكى، ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر.

### تەپسىرى

ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقان بۇ ئازغۇن كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا نازىل بولغان ساماۋى كىتاب ـ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىشى ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىقتۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ۋە جىمى ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبەردۇر، «قۇرئان كەرىم» بولسا ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي سوۋغاتتۇر.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەن تەقدىردە، ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كۇفرى ـ زالالەتكە چۆكۈپ كېتىپ كەتكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن بولاتتى.

﴿وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئاڭلىتاتتى، ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە (ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈپ باش تارتاتتى﴾ [1]. ﴿وَلَوۡ رُدُّواْ لَعَادُواْ لِمَا نُهُواْ عَنۡهُ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (دۇنياغا) قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى﴾ [2] .

ئۇلارنى توغرا يولغا قايتسۇن ۋە تەرسالىقتىن يانسۇن دەپ، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن جازالىدۇق، زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلدۇق ۋە ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن سىنىدۇق. ئەمما ئۇلارغا بۇلارنىڭ ھېچبىرى كار قىلمىدى. ئۇلار كۇفرىدىن ۋە بۇرۇنقى يامان ئىشلىرىدىن قول ئۈزمىدى، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنمىدى، قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئىلتىجامۇ قىلمىدى.

نىھايەت، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى تۇيۇقسىز كەلگەندە ئازابنىڭ دەرۋازىسى تولۇق ئېچىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ راھەت-پاراغەتلىك كۈنلىرى ئاخىرلاشتى، ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلىرى باشلاندى، ئازابتىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئۈمىدلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى، ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ھالدا تېڭىرقاپ قالدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ھالى راستتىنلا ئەجەبلىنەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا جىمى مەخلۇقاتقا نېمەت بەرگۈچى زاتتۇر. ئى ئىنسانلار! سىلەرنى كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلەرنى كۆرسۇن، مۇكەممەل قانۇنىيەتلەرنى بىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەببىنى تونۇسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا سىلەرگە قۇلاق، كۆز ۋە دىل قاتارلىق نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئەمما سىلەرگە ئاتا قىلىنغان بۇ نېمەتلەرنىڭ بەدىلىگە سىلەر ئىنتايىن ئاز شۈكۈر قىلىدىغانلار، ھەتتا ھېچ شۈكۈر قىلمايدىغانلار. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرى ئەتراپىڭلاردا ھەر ۋاقىت ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تىللىرىڭلارنى، رەڭگىڭلارنى ۋە شەكلىڭلارنى ھەر خىل قىلىپ ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى كۆپەيتىپ زېمىننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تارقىتىۋەتتى. سىلەر ئاخىر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئاللاھ تائالا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە

[1] ئەنفال سۈرىسى: 23-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 28-ئايەت.

تىرىكنىڭ جېنىنى ئالىدىغان زاتتۇر، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا بىر مۇنچە كىشىلەرنى يېڭىدىن ھاياتقا كۆز ئاچقۇزىدۇ ۋە ئەجىلى توگىگەنلەرنى ۋاپات قىلدۇرىدۇ. ئۇ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئارقا-ئارقىدىن نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغان قىلغان زاتتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز قىلىدۇ. كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇدات ئىنتايىن مۇكەممەل ئىنتىزام بىلەن داۋاملىشىدۇ. ﴿لَا ٱلشَّمۡسُ يَنۢبَغِي لَهَآ أَن تُدۡرِكَ ٱلۡقَمَرَ وَلَا ٱلَّيۡلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِۚ وَكُلّٞ فِي فَلَكٖ يَسۡبَحُونَ﴾ يەنى ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾ [1] .

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، كاپىرلار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىدى، ھەتتا قولىغا چىرىپ كەتكەن بىر سۆڭەكنى ئېلىپ ﴿مَن يُحۡيِ ٱلۡعِظَٰمَ وَهِيَ رَمِيمٞ﴾ يەنى ﴿بۇ چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۇرەلەيدۇ؟﴾ [2] دېدى. دېمەك، ئۇلار بۇرۇنقىلىرى نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېدى. ئۇلار دېدىكى، بىزنىڭ بەدىنىمىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن بىز قانداق تىرىلىمىز؟ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش بار دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلار بىزگە كەلگەندەك، ئىلگىرى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغىمۇ كەلگەن بولۇپ، بۇلار قەدىمكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنىۋاتقان ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئەنە شۇنداق مەسخىرە قىلدى.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقتا يېگانە ئىكەنلىكىنى، ھېچبىر شېرىكى يوقلۇقىنى، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىنىشقا تامامەن لايىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىك ئەرەبلەردىن دۇنيادىكى ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، تاغ، دەريا ۋە جىمى مەۋجۇداتنى كىم ياراتتى؟ دەپ سوراشقا بۇيرۇيدۇ.

مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ «ھەممىنى ئاللاھ ياراتقان» دەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. گەرچە ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ بۇتلارنى ۋە ھەرقانداق ساختا ئىلاھلارنى «بىزنى ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان ئىلاھلىرىمىز» دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە ئىبادەتلەرنى مەزكۇر ساختا

---

[1] ياسىن سۈرىسى: 40-ئايەت.

[2] ياسىن سۈرىسى: .78-ئايەت.

ئىلاھلىرىغا قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنداقتا، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى يېگانە ئىلاھ بولغان ئىكەن، ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇ ساغلام ئەقىلنىڭ ۋە ھەق دىنىنىڭ بىردەك تەقەززاسى ئەمەسمۇ؟!

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن «يەتتە قات ئاسمانىنىڭ ۋە ئەرشنىڭ ئىگىسى كىم؟» دەپ سورىسا، ئۇلار چوقۇم يەنە «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقمايدۇ؟ ياكى ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلاردىن سورىغىنكى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدار-چىلىقى ۋە ھەر شەيئىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ۋە بىرەر نەرسىنى ياراتماقچى بولغىنىدا ئۇنىڭغا: «بول!» دېيىش بىلەنلا ئۇ نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان زات كىم؟ پاناھ تىلىگەنلەرگە پاناھلىق بېرىدىغان، ھىمايىسىگە سىغىنغانلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالىدىغان زات كىم؟

ئۇلارنىڭ جاۋابى يەنە چوقۇم «ئاللاھ!»دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالادۇر. يارىتىش، بۇيرۇش، ھۆكۈم چىقىرىش يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا قارشى چىقىدىغان، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدىغان ھېچكىم يوق. ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى ھەرگىز بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بىز ئۇ كاپىرلارغا ھەقىقەتنى ۋە شەكسىز دەلىل-ئىسپاتلارنى كەلتۈرگەن ئىدۇق. ئەمما ئۇلار يەنىلا يالغانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بېشىغا كۈن كەلگەندە ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش، راھەت-پاراغەتلىك ۋاقىتلاردا ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرى ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلىشنى تەقەززا

قىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن پەرزدۇر.

3. ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشى ئۇنىڭ كېچىدىن كېيىن كۈندۈزنى كەلتۈرگىنىدىنمۇ ئاسان ئىشتۇر.

4. چۈشەنمەستىن تەقلىدچىلىك يولى بىلەنلا ئىمان ئېيتىپ قويغان ئادەمنىڭ ئىمانى ناقىستۇر. مۇنداق كىشى ئىماننى كۈچلەندۈرۈش يولىدا ئىسلامنى ئۆگىنىشكە موھتاجدۇر. چۈنكى، ئىسلام بىلىپ ئىشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندۇر.

5. ئاتېئىزم پەلسەپىسى قەدىمدە بولمىغان پەقەت كېيىنكى ئەسىرلەردە مەيدانغا چىققان ئېقىمدۇر. چۈنكى، قەدىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەقىدە ياكى پەلسەپە يوق ئىدى. چۈنكى، ئىنسانلار توغرا ئەقىدىدىن ئېزىپ بۇتلارغا، جانلىقلارغا ۋە ھەرخىل تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنغان بولسىمۇ، ئۆزلىرى چوقۇنغان نەرسىلەرنى «ياراتقۇچى» ياكى «رىزىق بەرگۈچى» دەپ ئېتىقاد قىلمايتتى. بەلكى ئۇلارنى ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان ۋاسىتىلەر دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار «ياراتقۇچى كىم؟» دەپ سورالسا «ئاللاھتۇر» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى ياكى شېرىكى يوق

﴿مَا ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ مِن وَلَدٖ وَمَا كَانَ مَعَهُۥ مِنۡ إِلَٰهٍۚ إِذٗا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَٰهِۭ
بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعۡضُهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖۚ سُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ ٩١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

91ـ ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن ھېچبىرىنى) بالا قىلىۋالمىدى، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە باشقا ھېچبىر ئىلاھمۇ بولمىدى. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن كېلەتتى (كائىناتنىڭ نىزامى بۇزۇلاتتى). ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىنى، چەكسىز ئىلمىنى بايان قىلىپ، يارىتىش ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنىڭ

ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ۋە مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۇشرىك ئەرەبلەر مەنسۇپ قىلغان نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاك ئىكەنلىكىنى، بالىسى بولۇشتىن ۋە ھەرقانداق بىر شېرىكتىن پۈتۈنلەي خالىي ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇ كىشىلەرنى توغرا ۋە ساغلام ئېتىقادقا يېتەكلەش ئۈچۈندۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوقتۇر. چۈنكى، بالىسى بولۇش ئۇنىڭ كاماـ لىغا ياراشمايدۇ. ئاللاھ تائالا كائىناتنىڭ ئىگىسى، ھەممىدىن بىھاجەت ۋە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان زات تۇرسا، بۇنداق بىر زاتنىڭ قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ بۇ ۋاقىتتا ئۇ مەخلۇقاتقا ئوخشاپ قالمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئىشتا مەخلۇقاتقا ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار پەرزەنت كۆرۈشكە موھتاجدۇر ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار پەرزەنت ئارقىلىق خۇشال بولۇشنى، ئۆزلىرىنىڭ نام-نىشانىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ياشانغان ۋاقتىدا پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈشنى خالايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە موھتاج ئەمەس.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر. چۈنكى، ئۇ يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەربىر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان نەرسىگە ئىگە بولغان، بىر-بىرىدىن چوڭلۇق تالىشىپ ئۇرۇشلارنى قىلغان، ئاندىن بىرى يەنە بىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولاتتى. بۇنداق بولغاندا كائىناتنىڭ نىزامى ئۆزگىرىپ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سىستېمىسى ئەلۋەتتە بۇزۇلغان بولاتتى. ﴿لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَاۚ﴾ يەنى ﴿ئەگەر (ئاسمان-زېمىن) ئىككىسىدە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىسى (نىڭ ۋە بارلىق كائىناتنىڭ نىزامى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾ [1] . كۆرۈۋاتىمىزكى، كائىنات ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئىنچىكە نىزام بىلەن داۋام قىلماقتا. ﴿إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقلى ساغلام كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 22-ئايەت.

قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئويئوچۇق دەلىللەر بار﴿[1]، ﴿مَّا تَرَىٰ فِي خَلْقِ الرَّحْمَٰنِ مِن تَفَاوُتٍ﴾ يەنى ﴿رەھمان ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايسەن﴾ [2].

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار ياكى شېرىك بار ۋەياكى ياردەمچىسى بار دېگۈچىلەر گەرچە ئىمان دەۋاسى قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس. شۇڭا خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ كاپىرلىقىدا شەك يوق.

2. كائىناتنىڭ ئىگىدارچىلىقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، بەزى ئازغۇن كىشىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ئاتالمىش ئەۋلىيا ۋە پىرلەرنىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. ئۇلارنى كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىي تەلىمات

﴿عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَتَعَالَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٩٢﴾ قُل رَّبِّ إِمَّا تُرِيَنِّي مَا يُوعَدُونَ ﴿٩٣﴾ رَبِّ فَلَا تَجْعَلْنِي فِي الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ ﴿٩٤﴾ وَإِنَّا عَلَىٰ أَن نُّرِيَكَ مَا نَعِدُهُمْ لَقَادِرُونَ ﴿٩٥﴾ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ السَّيِّئَةَ ۚ نَحْنُ أَعْلَمُ بِمَا يَصِفُونَ ﴿٩٦﴾ وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ ﴿٩٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

92ـ ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 190ـ ئايەت.

[2] مۇلك سۈرىسى: 3ـ ئايەت.

93-94- (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ئەگەر سەن ئۇلار ئاگاھ-لاندۇرۇلغان ئازابنى (ئۇلارغا چۈشۈرۈپ) ماڭا كۆرسىتىدىغان بولساڭ، ئى رەببىم! ئۇ ھالدا مېنى ئۇ زالىم قەۋم ئىچىدە قىلمىغىن».

95- بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىر-مىز.

96- سەن يامانلىققا ئەڭ ياخشى خىسلەت بىلەن تاقابىل تۇرغىن، ئۇلارنىڭ (بىز توغرۇلۇق) نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.

97- ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن.

98- ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ ئۇلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇ دۇئالارنى ئۆگەتكەن: «ئى رەببىم! ئەگەر سەن ماڭا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى چوقۇم كۆرسەتمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا مېنى ئازابىڭغا لايىق بولغان بۇ زالىم قەۋمنىڭ قاتارىدىن قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىلمىغىن. ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە تۈرلۈك ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى رەببىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن ۋە ھەمراھ بولۇۋېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئاللاھ تائالا بۇ دۇئالارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگىتىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ ئوقۇشىغا بۇيرۇغان.

بۇ دۇئالار ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا شۇنى تەكىتلەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ھالاك بولىدىغان زالىم قەۋمنىڭ قاتارىدىن قىلمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ساۋابلىق ئەمەللىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئۇنى بۇ دۇئانى قىلىشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۈممىتىگە شۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق كەمچىلىكلىرى ئەپۇ قىلىنغان، ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلىشتىن ساقلىغان، پاك پەيغەمبەر بۇ دۇئانى قىلغان يەردە،

بىزدەك ئاسىي-گۇناھكار بەندىلەرنىڭ بۇ دۇئاغا قانچىلىك ئېھتىياجىمىز بارلىقىنى بىلەمسىز؟!

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا قارىتا دەيدۇكى، بىز كاپىرلارنى جازالاش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان ئازابنى مۇشۇ دۇنيادىلا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ساڭا كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە قادىرمىز. سېنىڭ دەۋەت يولىدا كۆپلىگەن ئەزىيەتلەرگە ۋە نۇرغۇن جاپالارغا ئۇچرايدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمىز. شۇڭا سەن ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب بەرگىن، ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى ئۆزۈڭدىكى ياخشى خىسلەت بىلەن توسقىن. شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە قايىل قىلالايسەن. نەتىجىدە، دەۋىتىڭنى ئاڭلىتالايسەن. كاپىرلارنىڭ ساڭا قانداق تۆھمەتلەرنى توقۇيدىغانلىقىنى ۋە بىزنىڭ نامىدىن قانداق يالغان سۆزلەرنى توقۇپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. ئۇلارنىڭ جازاسىنى بىرىش بىزنىڭ ئىشىمىز. ئەمما سەن چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن دەۋەتنى داۋاملاشتۇرغىن.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتىشىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغانلىقى بارلىق مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەلىمات بولۇپ، مۇسۇلمانلار يامانلىقلاردىن ۋە يامانلىقلارغا چاقىرىدىغان ئازغۇن كۈچلەرنىڭ ئازدۇرۇشىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى ئاخىرغىچە ساغلام ساقلىيالايدۇ. مۇئمىن ئادەم قانداقلا بىر ئازدۇرغۇچى كۈچنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ھامان ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېلىنىپ ئۇنىڭ ھىمايىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئازغۇنلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبۡصِرُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا ئاللاھنى ئېسىگە ئالىدۇ-دە، شۇ ھامان ھەقىقەتنى كۆرۈۋالىدۇ (شۇنىڭ بىلەن گۇناھتىن يانىدۇ)﴾[1]. مانا بۇ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان چارە-تەدبىر بولۇپ، مۇسۇلمانلار مۇشۇ چارە-تەدبىر سايىسىدا گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇئا سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ئىشتا

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 201-ئايەت.

ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا سەۋەبلەرنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ.

2. كىشىلەردىن سادىر بولىدىغان يامان سۆز ۋە يامان قىلىقلارنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ۋە ئەڭ ئېسىل خىسلەت بىلەن توسۇش كېرەك. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

3. شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشتۇر.

## ◄ قىيامەتنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى

﴿حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَهُمُ ٱلۡمَوۡتُ قَالَ رَبِّ ٱرۡجِعُونِ ﴿٩٩﴾ لَعَلِّيٓ
أَعۡمَلُ صَٰلِحٗا فِيمَا تَرَكۡتُۚ كَلَّآۚ إِنَّهَا كَلِمَةٌ هُوَ قَآئِلُهَاۖ وَمِن
وَرَآئِهِم بَرۡزَخٌ إِلَىٰ يَوۡمِ يُبۡعَثُونَ ﴿١٠٠﴾ فَإِذَا نُفِخَ فِي ٱلصُّورِ فَلَآ
أَنسَابَ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَئِذٖ وَلَا يَتَسَآءَلُونَ ﴿١٠١﴾ فَمَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ
فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿١٠٢﴾ وَمَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ
ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فِي جَهَنَّمَ خَٰلِدُونَ ﴿١٠٣﴾ تَلۡفَحُ وُجُوهَهُمُ
ٱلنَّارُ وَهُمۡ فِيهَا كَٰلِحُونَ ﴿١٠٤﴾ أَلَمۡ تَكُنۡ ءَايَٰتِي تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ
فَكُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ ﴿١٠٥﴾ قَالُواْ رَبَّنَا غَلَبَتۡ عَلَيۡنَا شِقۡوَتُنَا وَكُنَّا
قَوۡمٗا ضَآلِّينَ ﴿١٠٦﴾ رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا مِنۡهَا فَإِنۡ عُدۡنَا فَإِنَّا ظَٰلِمُونَ
﴿١٠٧﴾ قَالَ ٱخۡسَـُٔواْ فِيهَا وَلَا تُكَلِّمُونِ ﴿١٠٨﴾ إِنَّهُۥ كَانَ فَرِيقٞ مِّنۡ
عِبَادِي يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَا وَأَنتَ خَيۡرُ
ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٠٩﴾ فَٱتَّخَذۡتُمُوهُمۡ سِخۡرِيًّا حَتَّىٰٓ أَنسَوۡكُمۡ ذِكۡرِي وَكُنتُم
مِّنۡهُمۡ تَضۡحَكُونَ ﴿١١٠﴾ إِنِّي جَزَيۡتُهُمُ ٱلۡيَوۡمَ بِمَا صَبَرُوٓاْ أَنَّهُمۡ هُمُ
ٱلۡفَآئِزُونَ ﴿١١١﴾ قَٰلَ كَمۡ لَبِثۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ عَدَدَ سِنِينَ ﴿١١٢﴾ قَالُواْ
لَبِثۡنَا يَوۡمًا أَوۡ بَعۡضَ يَوۡمٖ فَسۡـَٔلِ ٱلۡعَآدِّينَ ﴿١١٣﴾ قَٰلَ إِن لَّبِثۡتُمۡ إِلَّا

قَلِيلًاۖ لَّوۡ أَنَّكُمۡ كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿١١٤﴾ أَفَحَسِبۡتُمۡ أَنَّمَا خَلَقۡنَٰكُمۡ
عَبَثٗا وَأَنَّكُمۡ إِلَيۡنَا لَا تُرۡجَعُونَ ﴿١١٥﴾ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ ٱلۡمَلِكُ ٱلۡحَقُّۖ
لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡكَرِيمِ ﴿١١٦﴾ وَمَن يَدۡعُ مَعَ ٱللَّهِ
إِلَٰهًا ءَاخَرَ لَا بُرۡهَٰنَ لَهُۥ بِهِۦ فَإِنَّمَا حِسَابُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦٓۚ إِنَّهُۥ
لَا يُفۡلِحُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿١١٧﴾ وَقُل رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ وَأَنتَ خَيۡرُ
ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١١٨﴾

### ◄ تەرجىمىسى

99ـ كاپىرلارنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئۇ: «ئى رەببىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن،

100ـ مەن قويۇپ كەلگەنلىرىم بىلەن ياخشىلىق قىلىۋالسام» دەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توساق بولىدۇ.

101ـ سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق رىشتىسى قالمايدۇ، ئۇلار (بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ.

102ـ كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (تارازىدا) ئېغىر كەلسە، ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.

103ـ كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى (تارازىدا) يېنىك كەلسە، ئەنە شۇلار ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.

104ـ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي بولۇپ) قالىدۇ.

105ـ (ئۇلارغا) «سىلەرگە مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟» (دېيىلىدۇ).

106ـ ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئى رەببىمىز! بەتبەختلىكىمىز بىزگە غالىب كېلىپ، ئازغۇن قەۋم بولۇپ قالغان ئىكەنمىز.

107ـ ئى رەببىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن، ئەگەر بىز (كۇفرىغا) يەنە قايتساق، ئۇ چاغدا بىز راستتىنلا (ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز) ئۇۋال قىلغان بولىمىز».

108-ئاللاھ ئېيتىدۇ: «جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭلار».

109-شەكسىزكى بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر[1] : ‹ئى رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن› دەيتتى.

110-سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، ھەتتا بۇ ئىش سىلەرگە مېنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى، يەنە سىلەر ئۇلارنى (زاڭلىق قىلىپ) كۈلەتتىڭلار.

111-ئۇلار سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۈگۈن ئۇلارنى مۇكاپاتلىدىم. شەكسىزكى، ئۇلار مەقسىتىگە يەتكۈچىلەردۇر».

112-ئاللاھ (ئازابتىكىلەردىن): «سىلەر يەر يۈزىدە قانچىلىك تۇردۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ.

113-ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (بۇنى) ھېسابلاپ تۇرغۇچىلاردىن سورىغىن» دەيدۇ.

114-ئاللاھ: «ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار پەقەت ئازغىنە تۇردۇڭلار» دەيدۇ.

115-(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى بىزنىڭ پەقەتلا بىھۇدە (مەقسەتسىز) يارات-قانلىقىمىزنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدىغانلىقىڭلارنى ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟

116-ھەق پادىشاھ – ئاللاھ ئۈستۈندۇر، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

117-كىمكى ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق، ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، ئۇ رەببىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ. كاپىرلار ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ.

118-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى رەببىم ! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن» دېگىن.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ

[1] ئۇلار بىلال، خەبباب، سۇھەيبلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئەبۇ جەھىل قاتارلىق كاپىرلار مەسخىرە قىلاتتى.

بۇرچىنى ئادا قىلمىغان كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ، شۇنداقلا بارلىق گۇناھكارلارنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدىكى قىيىن ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەييارلانغان قاتتىق ئازابنى كۆرگەندىن كېيىنكى دەھشىتىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن يامان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دۇنيا ھاياتىغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىنى دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇشىنى، ئۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىشىنى تىلەيدۇ. ناۋادا ئۇلار دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇلسا، راستىتىنلا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ ۋەدىلەرنى بېرىدۇ.

بۇ مەنىدە كەلگەن ئايەتلەر كۆپتۇر. مەسىلەن: ﴿فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَآءَ فَيَشْفَعُواْ لَنَآ أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ ٱلَّذِى كُنَّا نَعْمَلُ﴾ يەنى ﴿ئەمدى بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى (بىزنىڭ گۇناھتىن قول ئۈزۈپ) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟﴾[1]، ﴿وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلْمُجْرِمُونَ نَاكِسُواْ رُءُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ رَبَّنَآ أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَٱرْجِعْنَا نَعْمَلْ صَٰلِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا: «ئى رەببىمىز! (بىز ھەقىقەتنى) كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، بىز ياخشى ئەمەللەرنى قىلايلى، بىز ھەقىقەتەن (ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە) قەتئىي ئىشەندۇق» دەپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ۋاقتىدىكى ھالىنى كۆرىدىغان بولساڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)﴾[2] ﴿وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُواْ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُواْ يَٰلَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلارنى دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىلغان، ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلغان بولساق ئىدۇق، رەببىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق» دەپ كېتىدىغان چاغدا كۆرگەن بولساڭ (دەھشەتلىك بىر ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)﴾ [3]. ﴿قَالُواْ رَبَّنَآ أَمَتَّنَا ٱثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا ٱثْنَتَيْنِ فَٱعْتَرَفْنَا بِذُنُوبِنَا فَهَلْ إِلَىٰ خُرُوجٍ مِّن سَبِيلٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «ئى رىببىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈردۇڭ، ئىككى قېتىم

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 53-ئايەت.

[2] سەجدە سۈرىسى: 12-ئايەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى: 27-ئايەت.

تىرىلدۈردۈڭ[1]. بىز گۇناھىمىزغا ئىقرار بولدۇق، ئەمدى (بىزگە دوزاختىن) چىقىش يولى بارمىدۇ؟» دەيدۇ﴾[2]، ﴿وَهُمْ يَصْطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخْرِجْنَا نَعْمَلْ صَٰلِحًا غَيْرَ ٱلَّذِى كُنَّا نَعْمَلُ ۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار دوزاختا: «رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋالساق» دەپ يالۋۇرۇپ تۈۋلايدۇ﴾[3]. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى كاپىرلارنىڭ، ئاسىي-گۇناھكارلارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى پۇشايمانلىرىنى، دۇنيا ھاياتىغا قايتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابى ناھايىتى ئېنىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ ﴿كَلَّآ ۚ﴾ يەنى «مۇمكىن ئەمەس!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سۆز بىراۋ ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كەسكىن سۆزدۇر. دۇنيا ھاياتىغا قايتساق دېگەن گەپ ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى قۇرۇق گەپتۇر. ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىنى ھېچكىم بۇزالمايدۇ.

ناۋادا، ئۇلار دۇنيا ھاياتىغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقى ھالىدىن ئۆزگەرمەيتتى، ئىمان ئېيتمايتتى ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلاتتى. ھەرقانداق بىر زالىم جان ئۈزۈش ئالدىدا قاتتىق قول، رەھىمسىز پەرىشتىنى كۆرۈپ ئەلۋەتتە قورقىدۇ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ ۋە ئۆلمەسلىكنى ئارمان قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇلارنى بەرزەخ ئالىمى كۈتىدۇ. ئۇلار بەرزەخ ئالىمىدە تا قىيامەتكە قەدەر ئازاب چېكىدۇ. قىيامەت قايىم بولۇپ بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنغان چاغدا بارلىق مەۋجۇدات ھالاك بولىدۇ، جىمى جانلىقلار ئۆلىدۇ، ھەتتا سۇر چالغان پەرىشتىمۇ ئۆلىدۇ. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە يوق بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا جىمى خالايىق قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىدۇ ۋە قانداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۈتۈپ ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تۇرىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىمايدۇ،

---

[1] ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈش-ئانىنىڭ قورسىقىدىكى جان كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھالەت بىلەن دۇنيادىكى ئۆلۈمنى، ئىككى قېتىم تىرىلدۈرۈش-ئانا قارنىدا جان كىرگۈزۈش بىلەن قىيامەت كۈنىدە تىرىلدۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.

[2] غافىر سۈرىسى: 11-ئايەت.

[3] فاتىر سۈرىسى: 37-ئايەت.

دوست دوستىنى، تۇغقان تۇغقاننى ئىزدىمەيدۇ. ھەركىم ئۆز ھالى ۋە ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ﴿يَوۡمَ تَرَوۡنَهَا تَذۡهَلُ كُلُّ مُرۡضِعَةٍ عَمَّآ أَرۡضَعَتۡ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمۡلٍ حَمۡلَهَا وَتَرَى ٱلنَّاسَ سُكَٰرَىٰ وَمَا هُم بِسُكَٰرَىٰ وَلَٰكِنَّ عَذَابَ ٱللَّهِ شَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۇنى كۆرگەن كۈندە، بالا ئېمىتىۋاتقان ھەر ئانا (قاتتىق قورقىنىدىن) ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست ھالىتىدە كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر (شۇڭا ئۇلار ئاشۇنداق بولۇپ قالىدۇ)﴾[1] .

شۇنىڭدىن كېيىن جىمى خالايىق ھېساب مەيدانىغا توپلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرى مەخسۇس تارازىلاردا تارتىلىشقا باشلايدۇ. ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا ئېغىر كېلىپ، يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر نىجات تاپىدۇ ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە ئېرىشكەنلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مانا بۇلار ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتكەن بەختلىك كىشىلەردۇر. ئەمما ياخشى ئەمەللىرى تارازىدا يېنىك كېلىپ قېلىپ، يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلار دوزاخقا ھەيدىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا ھىدايەتنى قويۇپ ئازغۇنلۇقنى تاللىۋالغان، ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېمەتلىرىنى دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە تېگىشكەن بەختسىزلەردۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخنىڭ ئوتى ۋە ئىس-تۈتەكلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دوزاختا قاتتىق ئازابلانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ، چىرايى كۆرۈمسىز بولۇپ قالىدۇ. ﴿لَوۡ يَعۡلَمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ حِينَ لَا يَكُفُّونَ عَن وُجُوهِهِمُ ٱلنَّارَ وَلَا عَن ظُهُورِهِمۡ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ﴾ يەنى ﴿بۇ كاپىرلار يۈزلىرىدىن، دۈمبىلىرىدىن ئازابنى توسۇپ قالالمايدىغان ۋە ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بىر ۋاقىتنىڭ (كېلىدىغانلىقىنى) بىلسە ئىدى (ھەرگىز ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى)﴾ [2] بۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى ئوچۇقلاپ دەيدۇكى: ﴿سىلەرگە مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟﴾ . بۇ ئۇلارغا كايىشنى ئىپادىلىگەن ئايەت بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

---

[1] ھەج سۈرىسى: 2-ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 39-ئايەت.

ئۇ كاپىرلار قاتتىق پۇشايمان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز! بىزنىڭ نەپسى خاھىشىمىز ئەقلىمىزدىن غالىب كېلىپ بىزنى بۇ بەختسىزلىككە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ، بىز بىر ئۆمۈر غاپىللىقتا ۋە ئازغۇنلۇقتا ياشىغان ئىكەنمىز، شۇڭا بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىز دوزاخ بولدى. مانا ئەمدى بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئى رەببىمىز! بىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسەڭ، بىزنى بۇ قىيىنچىلىقتىن چىقىرىپ دۇنيا ھاياتىغا قايتا ئەۋەتسەڭ، بىز چوقۇم ياخشىلاردىن بولۇپ كېلەتتۇق. ئى كەرەملىك رەببىمىز! بىزنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا ھاياتىغا قايتا ئەۋەتكىن، ئەگەر بىز چوقۇم ياخشىلاردىن بولمىساق، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلغان زالىملاردىن بولىمىز- دە، سېنىڭ قاتتىق ئازابىڭغا ھەقلىق بولىمىز. ئۇ چاغدا قانداق جازالىساڭ بىز ئۇنىڭغا رازىمىز. ئى رەببىمىز! بىزگە قايتا بىر پۇرسەت بەرگىن.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قاتتىق سۆز بىلەن رەددىيە بېرىپ، ﴿جەھەننەمدە خارلانغان ھالدا قېلىڭلار، (بۇ ھەقتە) ماڭا سۆز ئاچماڭلار﴾ دەيدۇ.

گوياكى بىراۋ سورايدۇ: ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قاتتىق ئازابقا قالدى؟ ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىلىدىكى، بەندىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر دۇنيادىكى ۋاقتىدا ماڭا دۇئا قىلىپ: ئى رەببىمىز! ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، پەيغەمبىرىڭگە ئەگەشتۇق. ئەمدى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم-شەپقەت قىلغىن، چۈنكى، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن، دەيتتى. ئەمما سىلەر ئى كاپىرلار! ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتىڭلار، زاڭلىق قىلىپ كۈلەتتىڭلار ۋە ئۇلارنى ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك ئازابلايتتىڭلار. سىلەر مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلارغا يامانلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مېنى ئېسىڭلارغىمۇ ئېلىپ قويمىدىڭلار، مېنى ياد ئېتىپ قويمىدىڭلار، بۇنداق يامان قىلمىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى ئويلاپمۇ قويمىدىڭلار. مانا مەن بۈگۈن ئىتائەتمەن مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتلىرىنى بېرىۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇلار قىيىن شارائىتلاردىمۇ ماڭا ئىتائەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، سىلەردىن كەلگەن يامانلىقلارغا سەۋر قىلدى، نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ئەگەشمىدى، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇردى، ئۇلار ھەمىشە رەببىنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەندى ۋە ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە

تىرىشتى. شۇڭا ئۇلار جەننەتكە كىرىشكە تېگىشلىك بولدى. ئۇلار ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتكەن كىشىلەردۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن بەختلىك كىشىلەردۇر.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ۋە ئاسىي-گۇناھكارلارنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇش تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ ۋە ئۇلاردىن دۇنيادا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار قىيامەتنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن كۈنىگە سېلىشتۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا پەقەت بىر كۈن ياكى بىر كۈنگىمۇ يەتمەيدىغان ئازلا ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئېنىق بىلىش ئۈچۈن كۈنلەرنى سانايدىغان مەخسۇس پەرىشتىلەردىن سوراشنى ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى ئازابقا نىسبەتەن دۇنيادا ئىنتايىن ئازلا ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، راھەتلىك كۈنلەر تېز ئۆتۈپ كېتىپ، خۇددى ئازدەك ھېس قىلىنىدۇ، ئەمما ئازابلىق كۈنلەر خۇددى يىللاردەك ئۇزۇن كۆرۈنۈپ كېتىدۇ.

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكارغا يارىتىلدۇق، بىزدىن ھېساب ئېلىنمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتۇ-رۇلمايمىز، دەپ گۇمان قىلدىڭلارمۇ؟ ﴿ھەق پادىشاھ ــ ئاللاھ ئۈستۈندۇر، ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ھېكمەتسىز يارىتىشتىن ئەلۋەتتە پاك ۋە ئۈستۈندۇر. ئۇ مەخلۇقاتنى بىكارغا ياراتمىغان ۋە ھېچقانداق نەرسىنى مەقسەتسىز ياراتمايدۇ. ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى سىناق ئۈچۈن ياراتقان. ئۇ ئىلاھلىقىدا ۋە جىمى سۈپەتلىرىدە يەككە-يېگانە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ جىمى كائىناتنىڭ رەببى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر.

كىمكى شۇنچە روشەن بايانلاردىن ۋە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن كېيىن، ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنۇشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق تۇرۇقلۇق، ساختا ئىلاھلارنى ئاللاھ تائالاغا قوشۇۋېلىپ، ئۇلارغا چوقۇنىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. شەكسىزكى، كاپىرلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆگىتىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ، ئۇنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ئى رەببىم!

مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىسەن.

مانا بۇ ھەرقانداق دەردكە شىپا بولىدىغان تەلىماتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىستىغپار ئېيتىش ۋە گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىش توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى ۋە ھالاكەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىشنىڭ قالقىنىدۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ياكى سەكراتقا چۈشكۈچە ئوچۇقتۇر. قىيامەتنىڭ كېلىشى ياكى سەكراتقا چۈشۈش بىلەن تەۋبىنىڭ ئىشىكى يېپىلغان بولىدۇ. شۇڭا سەكراتقا چۈشكەن ئادەمنىڭ ئېيتقان ئىمانى ۋە قىلغان تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ.

2. قىيامەت كۈنىدە ئەمەللەرنىڭ تارتىلىدىغانلىقى ۋە ئەمەللەرگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقى ھەقتۇر.

3. ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم سۇر چالغاندا بارچە مەخلۇقات ئۆلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم سۇر چالغاندا ئۇلار قايتىدىن تىرىلىدۇ.

4. ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلمىغانلىقىنى ياكى گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلغانلىقىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويغۇچىلار ئازغۇنلاردۇر.

5. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋەسىلە ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر.

6. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ شەنىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنۇش ئېغىر جىنايەتتۇر.

7. قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. ئەمما ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار ئۈچۈن ھېچقانداق قورقۇنچ ياكى قايغۇرۇش بولمايدۇ.

8. ئاللاھ تائالا ھېچبىر نەرسىنى مەقسەتسىز، بىكارغا ياراتقان ئەمەس. كائىناتتىكى ئەڭ ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغان نەرسىلەرمۇ مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن يارىتىلغاندۇر.

9. ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتقا ئىشەنچ قىلغانلار قىيامەت كۈنىدە قۇرۇق قول قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم قىلغۇچى ياكى ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى چىقمايدۇ.

# نۇر سۈرىسى

نۇر سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، 64 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىدە دىنىمىزنىڭ بەزى ئەھكاملىرى ۋە ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى قوغداش، جەمئىيەتنى گۇناھ-پاھىشىلەرنىڭ ئامىللىرىدىن، مۇناپىقلارنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ ھىيلە ۋە نەيرەڭلىرىدىن قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 35-ئايەتنىڭ ﴿ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ﴾ دېگەن قىسمىدا كەلگەن ﴿نُور﴾ دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## ◄ بۇ سۈرىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئەسكەرتىش

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سُورَةٌ أَنزَلۡنَٰهَا وَفَرَضۡنَٰهَا وَأَنزَلۡنَا فِيهَآ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖ لَّعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ ١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

1-(بۇ) بىز نازىل قىلغان ۋە (كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان بىر سۈرىدۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ﴿بىز نازىل قىلغان﴾ دەپ ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن باشلىغان. بۇ مۇشۇ سۈرىدە بايان قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان سۈرىلەر بولسىمۇ، بۇ سۈرىنىڭ ﴿بىز نازىل قىلغان﴾ دەپ تەكىتلەنگەنلىكىدە ئەلۋەتتە ھېكمەت بار. چۈنكى، بۇ سۈرە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك سۈرىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىسى بولغان ئائىلە، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى، ئائىلىنىڭ شەرىپىنى ۋە ئىپپىتىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. ئاندىن بوھتان ۋەقەسى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇناپىقلار تەرىپىدىن قارا چاپلانغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاقلىغان ۋە مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلغان ۋەقەلىك) بايان قىلىنىپ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھكاملار ئوچۇقلانغان، يەنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئىجازەت سوراپ كىرىش قاتارلىق ئەھكاملار بايان قىلىنغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ سۈرىدە ئائىلە ھاياتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى، ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە كۆپلىگەن ھۆكۈملەرنى ۋە مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق بايان قىلغان. مۇسۇلمان ئادەم بۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلسا، نەپسى شەيتاننىڭ ۋە ھەرقانداق بىر ئازدۇرغۇچى كۈچنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان سۈرىلەر بولسىمۇ، بۇ سۈرىنى ﴿بىز نازىل قىلغان﴾ دەپ ئالاھىدە تەكىتلەش سۈرىدە بايان قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋەز-نەسىھەت بار. ئەمما بۇ ۋەز-نەسىھەتلەردىن پەقەت قەلب كۆزلىرى ئوچۇق بولغانلارلا مەنپەئەت ئالىدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن روشەن ۋە ئېنىق بايانلاردۇر.

## ◄ زىنا ۋە ئۇنىڭ جازاسى

﴿ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِي فَٱجْلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٖ مِّنْهُمَا مِاْئَةَ جَلْدَةٖۖ وَلَا
تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٞ فِي دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ
ٱلْأٓخِرِۖ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٞ مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢﴾ ٱلزَّانِي لَا يَنكِحُ
إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةٗ وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٞۚ وَحُرِّمَ
ذَٰلِكَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

2ـ(ئۆيلەنمىگەن) زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەر بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدا (ھۆكۈم ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، ئۇلارنى جازالىغاندا مۇئمىنلەردىن بىر بۆلەك كىشى ھازىر بولسۇن.

3ـزىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى.

### ◄ تەپسىرى

زىنانىڭ گۇناھى ۋە زىيىنى ھەققەتەن چوڭدۇر. چۈنكى، زىنا ئىللىق ئائىلىنى پارچىلايدىغان، نارەسىدە بالىلارنى يېتىم قىلىدىغان، مۇھەببەتنى نەپرەتكە ئۆرۈيدىغان يامان قىلىق بولۇپ، زىنانى چەكلەش ئەقىل بىلەن دىنىنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. بۇ سۈرىدىكى بىرىنچى ھۆكۈم زىنانىڭ ھۆكمى بولۇپ، قالغانلىرى زىنادىن ساقلىنىش ۋە ئىپپەتنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملاردۇر.

زىنانىڭ خەتىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئۇنىڭ جازاسىنى بەلگىلەشتە ۋە ئىجرا قىلىشتا قەتئىيلىك تەلەپ قىلىنغان. زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قەتئىي چەكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار نۇرغۇن ئايەتلەردە كىشىلەرنى زىناغا يېقىنلىشىشتىن توسۇش ئىپادىسى بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ زىنانىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلىشقا يېتەرلىكتۇر. بەزى ئايەتلەردە زىنا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرگە ياندىشتۇرۇپ بايان قىلىنغان. ﴿وَٱلَّذِينَ لَا يَدۡعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقۡتُلُونَ ٱلنَّفۡسَ ٱلَّتِي حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلۡحَقِّ وَلَا يَزۡنُونَۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ يَلۡقَ أَثَامٗا ۝٦٨ يُضَٰعَفۡ لَهُ ٱلۡعَذَابُ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَيَخۡلُدۡ فِيهِۦ مُهَانًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاللاھقا باشقا بىر ئىلاھنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلاردىن بىرەرسى)نى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ خارلانغان ھالدا ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1] .

زىنانىڭ خەتىرى چوڭ بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ ئېغىر قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەرتلىرىنىمۇ ئېغىر قويغان. ئۇ بولسىمۇ، زىنا قىلغۇچىنىڭ ئىقرار قىلىشى ياكى زىنادىن ھامىلىدار بولۇپ قورسىقى يوغىناپ قالغان بولۇشى ۋەياكى راستچىل، ئادالەتلىك تۆت گۇۋاھچىنىڭ «كۆردۇق» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىدۇر. بۇ شەرت تولۇق بولمىسا، جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ.

زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. ياتلىق بولمىغان قىز بىلەن ئۆيلەنمىگەن يىگىت زىنا قىلىشقان بولسا، بۇلارنىڭ جازاسى يۈزگە ۋە جان يېرىگە ئۇرماسلىق شەرتى بىلەن يۈز قامچا ئۇرۇشتۇر. بۇ زىنانىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەمما زىنا قىلىپ تەۋبە قىلمىغان ياكى بۇ دۇنيادا جازالانمىغانلار جازاسىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، بۇ دۇنيادا جازالانغانلار ئاخىرەتتە جازالانمايدۇ.

ئەمما ئۆيلەنگەنلەردىن زىنا قىلغانلارنىڭ جازاسى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشتۇر.

زىنا قىلغۇچىلارغا بەلگىلەنگەن بۇ جازانى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن بۇنداق ئېغىر جازالارنىڭ پەقەت كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىدە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىراۋنى زىنا قىلدى دەپ جازالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا راستچىل، ئادالەتلىك تۆت گۇۋاھچىنىڭ «ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى ياكى زىنا قىلغۇچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى شەرتتۇر. بۇ شەرتلەر تېپىلمىسا

[1] فۇرقان سۈرىسى: 68-69-ئايەتلەر.

ھېچكىمنى جازالىغىلى بولمايدۇ.

زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى ئۇلارنى خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، رەسۋا قىلىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، بۇ مۆئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ . بۇ ئايەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر كەلگەن بولۇپ، مۇپەسسىرلەر توغرا دەپ قارىغانلىرى تۆۋەندىكى ئىككى رىۋايەتتۇر.

بىرىنچىسى: مەككىدە ئۆي-جايلىرىنى ۋە ئائىلىسىنى تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇھاجىرلارنى پېقىرلىق ۋە يوقسۇللۇق كۆپ ئازابلايتتى. ئۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە زىنا - پاھىشە قىلىدىغان باي ئاياللار بولۇپ، مۇھاجىرلارنىڭ بەزىسى بۇنداق ئاياللارغا ئۆيلەنسە، ھاياتلىقنىڭ قاتتىقچىلىقىغا قارشى ئۇلارنىڭ ياردەمچى بولۇپ قالار-مىكىن دېگەن خىياللاردا بولىدۇ ۋە بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالامدىن سورايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

ئىككىنچىسى: ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە بەيھەقى قاتارلىق مۇھەددىسلەر-نىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن، مەرسەد ئىسىملىك ساھابە بىر مۇسۇلمان ئەسىرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەككىگە يوشۇرۇن ھالدا بارغان بولۇپ، ئۇنى بىر پاھىشە ئايال تونۇپ قالىدۇ. مەزكۇر ساھابىنىڭ بۇ ئايال بىلەن ئىسلامدىن ئىلگىرى مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ ئايال ھېلىقى ساھابىدىن ئۆزى بىلەن زىنا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ساھابە بۇ ئايالنىڭ تەلىپىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پاھىشە ئايال ئەگەر سۆزىگە كىرمىسە، ئۇنى قۇرەيش كاتتىلىرىغا مەلۇم قىلىپ قويىدىغانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا تەھدىت سالىدۇ. ئاخىرىدا مەرسەد ھوشيارلىق قىلىپ پاھىشە ئايال بىلەن ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئىشەندۇرىدۇ ۋە ئەسىرنى قۇتقۇزۇپ سالامەت مەدىنىگە يېتىپ كېلىدۇ. مەرسەد مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق

[1] «تفسير الطبري» 19-توم، 96-بەت.

دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلىپ بەردىم ۋە ئۇنىڭدىن ›ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنسەم بولامدۇ؟‹ دەپ سورىدىم. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدى. پەقەت ئۇنىڭغا بۇ توغرىدا ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنلا ماڭا: ›ئەي مەرسەد! ئۇ ئايالغا ئۆيلەنمىگىن‹ دېدى»[1].

﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ، ئۇلار مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ زاھىرىدىن زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت مۇشرىك ياكى زىنا قىلغۇچى ئايالغىلا ئۆيلىنەلەيدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت مۇشرىك ياكى زىنا قىلغۇچى ئەرگىلا ياتلىق بولالايدۇ، دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈم بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن بېرى ئىتتىپاققا كەلگەن ھۆكۈمگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن تارتىپ جارى بولۇپ كەلگەن ھۆكۈم شۇكى، مۇسۇلمان ئادەم گەرچە ئۆزى زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مۇشرىك ئايال بىلەن ئۆيلەنمەيدۇ، مۇسۇلمان ئايالمۇ گەرچە ئۆزى زىنا قىلغان ئايال بولسىمۇ، ئۇ مۇشرىك ئەرگە ياتلىق بولمايدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ئايەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىشتا كۆپ ئىختىلاپلاشقان.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت مەرسەد دېگەن ساھابە ھەققىدە نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتنىڭ ھۆكمى شۇ ساھابىگىلا خاستۇر، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتكە «زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى زىنانىڭ ھاراملىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مۇشرىك ئايالنىلا ئېلىشقا رازى بولىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى زىنانىڭ ھاراملىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان مۇشرىك ئەرگىلا تېگىشكە رازى بولىدۇ، ئەمما ئىپپەتلىك ئەرلەر ۋە ئىپپەتلىك ئاياللار بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ» دەپ مەنە ئېيتقان[2].

---

[1] «سنن الترمذي» 5ـتوم، 182ـبەت، 3177ـھەدىس.

[2] «التفسير الميسر» 35ـ بەت.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَأَنكِحُواْ ٱلۡأَيَٰمَىٰ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰلِحِينَ مِنۡ عِبَادِكُمۡ وَإِمَآئِكُمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر ۋە ئاياللارنىڭ، ئۆيلىنىشكە لاياقەتلىك قۇل -چۆرىلىرىڭلارنىڭ بىشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان دەپ قارايدۇ. ئەمما زىنا قىلغۇچى مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ مۇشرىك ئاياللارغا ئۆيلىنىشى، زىنا قىلغۇچى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مۇشرىك ئەرلەرگە ياتلىق بولۇشى مۇنۇ ئايەت بىلەن ھارام قىلىنغان: ﴿وَلَا تَنكِحُواْ ٱلۡمُشۡرِكَٰتِ حَتَّىٰ يُؤۡمِنَّۚ وَلَأَمَةٞ مُّؤۡمِنَةٌ خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكَةٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡۗ وَلَا تُنكِحُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَتَّىٰ يُؤۡمِنُواْۚ وَلَعَبۡدٞ مُّؤۡمِنٌ خَيۡرٞ مِّن مُّشۡرِكٖ وَلَوۡ أَعۡجَبَكُمۡۗ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. مۇشرىك ئايال سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن دېدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە (مۇئمىن ئاياللارنى) ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر﴾ [2] .

بۇنىڭغا بىنائەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى زىنا قىلغان كىشىلەر بىلەن ئىپپەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا نىكاھ باغلىنىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن-گەرچە ئۇ مۇسۇلمانلار زىنا قىلغان بولسىمۇ-كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ باغلانمايدۇ.

بارلىق ئىسلام ئەھلى بىرلىككە كەلگەن مۇنداق بىر مەسىلە باركى، مۇسۇلمان ئەر – گەرچە ئۆزى زىناخور بولسىمۇ – مۇشرىك ئايال بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ، مۇسۇلمان ئايالمۇ – گەرچە ئۆزى زىناخور بولسىمۇ – مۇشرىك ئەرگە ياتلىق بولالمايدۇ. ئەمما زىنا قىلغۇچى مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئىپپەتلىك ئايالغا ئۆيلىنىشى ۋە زىنا قىلغۇچى مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىپپەتلىك ئەرگە ياتلىق بولۇشى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا جائىزدۇر، ئەمما بەزى ئۆلىمالار زىنادىن تەۋبە قىلىش شەرتى بىلەن جائىز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[3] .

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى ﴿لَا يَنكِحُ﴾ دېگەن سۆزگە «لايطأ» يەنى (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ) دەپ مەنە بېرىپ، ئايەتكە «زىنا

[1] نۇر سۈرىسى: 32-ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 221-ئايەت.
[3] «أيسر التفاسير» 3-توم، 547-بەت.

قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايال بىلەن ياكى مۇشرىك ئايال بىلەنلا زىنا قىلىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەر بىلەن ياكى مۇشرىك ئەر بىلەنلا زىنا قىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان تەپسىردۇر[1] . ﴿بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ يەنى زىنا قىلىش مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى، دېگەن ئايەت بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، قىز بىلەن يىگىت ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇلار زىنا قىلغانلىقىنىڭ گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغۇچە، ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇماسلىق ۋە تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىنلا ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇتۇش، بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا، ئۇلارغا زىنا -پاھىشەنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، گۇناھىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئاتا -ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. ياشلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇغۇچىلار ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلسە، ياكى ئارىسىدا ھارام-زىنا ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسا، ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ئۇلاردىن بۇ ئەھۋالنى ئېنىق سورىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار راستتىنلا شۇنداق ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، ئۇلار قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە سەمىمي تەۋبە قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇشى لازىم.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرگىلا تېگىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «زىنا قىلغۇچى»نى زىنانىڭ جازاسى يۈرگۈزۈلۈپ دەررە ئۇرۇلغان زىناخورغا خاس دەپ قاراپ، بىراۋ زىنا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىپپەتلىك ئايالغا ئۆيلىنىشىگە بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان كۆزقاراشتۇر. بۇ دەررە ئۇرۇلۇپ خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا «زىناخور» دەپ نامى چىقىپ قالغان ئادەمگە قىز بېرىشنىڭ جامائەت ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىدىغانلىقى سەۋەبتىن بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى «زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ئىپپەتلىك ئايالغا ئۆيلىنىشى، زىنا قىلغۇچى ئايالنىڭ ئىپپەتلىك ئەرگە ياتلىق

[1] «أيسر التفاسير» دا بۇ قاراش كۈچكە ئىگە قىلىنغان.

بولۇشى ھارامدۇر» دەپ تەپسىر قىلغان.

لېكىن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بەزىسى بۇنىڭغا قايىل ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى مۇنداق: ئايەت ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئەرنى زىناخور ئايالدىن، ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئايالنى زىناخور ئەردىن نەپرەتلەندۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبمۇ بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت مەدىنىدىكى يوقسۇل مۇھاجىرلار تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدا ئۆزلىرىگە ياردەمچى بولۇپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن پۇلدار پاھىشە ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشنى ئويلاپ، بۇ پىكىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى بۇرۇنقى بۇزۇق مۇھىتنىڭ يامان تەسىرىدىن قوغداش يۈزىسىدىن يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغان.

زىنا ـ پاھىشە قىلىدىغانلار بىلەن ئۆيلىنىش دىندا مەھكەم، ئەخلاقلىق مۇسۇلمان كىشىگە لايىق كەلمەيدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، زىناخورلار بىلەن بىللە بولۇش ۋە ئۇلارغا ئۆيلىنىش پەقەت زىناخورلارغىلا يارىشىدىغان ئىشتۇر. مەزكۇر ئايەت بۇ مەنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان. بۇ مەنىنى مۇنۇ ئايەتمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ﴾ يەنى ﴿پاسكىنا ئاياللار پاسكىنا ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاسكىنا ئەرلەر پاسكىنا ئاياللارغا لايىقتۇر، پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار باشقىلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار﴾ [1] .

﴿بۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر يەنە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزىسى «زىنا قىلىش مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، بەزىسى «ئىپپەتلىك ئەرنىڭ زىنا قىلغۇچى ئايالغا ئۆيلىنىشى ياكى ئىپپەتلىك ئايالنىڭ زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياتلىق قىلىنىشى ھارام قىلىندى» دەپ تەپسىر قىلغان. ئالدىنقىلار ئايەتتىكى ﴿ذَٰلِكَ﴾ (بۇ) نى «زىنا» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، كېيىنكىلەر ئۇنى «ئۆيلەش ۋە ياتلىق قىلىش» دەپ تەپسىر قىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر «ئىپپەتلىك ئەرنىڭ زىنا قىلغۇچى ئايالغا ئۆيلىنىشى ياكى ئىپپەتلىك

[1] نۇر سۈرىسى: 26 ـ ئايەت.

ئايالنىڭ زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياتلىق قىلىنىشى ھارام قىلىندى» دېيىلگەن تەپسىردىكى «ھارام قىلىندى» دېگەننىڭ مەنىسى مۇسۇلماننىڭ شەنىگە ياراشمايدۇ، دېگەنلىكتۇر، دەپ شەرھلىگەن. چۈنكى، زىنا قىلغۇچى گەرچە پاسىق بولسىمۇ، ئۇ بەربىر مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىپپەتلىك مۇسۇلمانغا ئۆيلىنىشى ياكى ياتلىق بولۇشى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ھارام ئەمەس. ئەمما مۇئمىن ئادەمنىڭ كاپىر ئايالنى ئېلىشى ياكى مۇئمىن ئايالنىڭ كاپىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى شەكسىز ھارامدۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر.

مۇھەممەد مۇختار ئەل شىنقىيتىي «أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ‹قۇرئان كەرىم›دىكى تەپسىر قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئايەتتىكى ﴿لَا يَنكِحُ﴾ دېگەن سۆزگە «لَا يَتَزَوَّجُ» يەنى (نىكاھلانمايدۇ) دەپ مەنە ئېيتقاندا، ئايەتنىڭ «مۇشرىك ئەر ۋە مۇشرىك ئايال» دېگەن قىسمىغا ماسلاشماي قالىدۇ، بۇ سۆزگە « لَا يَطَأُ» يەنى (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەيدۇ) دەپ مەنە ئېيتقاندا، بۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ. شۇڭا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە دېگەندەك ۋە تۆت مەزھەپنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەندەك، ﴿يَنكِحُ﴾ دېگەن سۆزگە ھەم نىكاھ ھەم جىنسىي مۇناسىۋەت دەپ ئىككى خىل مەنە ئېيتىشتىن باشقا چىقىش يولى يوقتۇر»[1].

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿يَنكِحُ﴾ دىن پەقەت نىكاھ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ياكى زىنا دەپ تەپسىر قىلىش خاتا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئايەتنىڭ بېشىدا ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال﴾ دېگەن سۆز ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر﴾ دېگەن سۆزدىن ئىلگىرى ۋە ئايەتنىڭ ئاخىرىدا تەرتىپ ئەكسىچە بولۇپ، ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر﴾ نىڭ ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال﴾ دىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك: زىنا كۆپىنچە ئايالنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاياللارنىڭ يېرىم-يالىڭاچ كىيىنىپ سىرتقا چىقىشى، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان شەكىلدە ياسىنىپ يۈرۈشى ۋە شۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىشى زىناغا يول ئاچىدۇ، مۇنداق ئاياللار كۆپ ھاللاردا جىم تۇرغان ئەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئايەتنىڭ بېشىدىكى تەرتىپتە

---

[1] «أضواء البيان في إيضاح القرآن بالقرآن للشنقطي» 5-توم، 417-بەت.

زىنا قىلغۇچى ئايال زىنا قىلغۇچى ئەردىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن.

بۇ دېگەنلىك زىنا قىلغان ئەرلەرنى گۇناھسىز دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئەرلەرمۇ ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھتىن تولۇق جاۋابكاردۇر، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ئايالنىڭ پىتنىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان زىنادا ئايالنىڭ گۇناھتىن ئالىدىغان نېسىۋىسى ئەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا نىكاھ ھەققىدە سۆز بولغانلىقتىن، «ئەر» دېگەن سۆز «ئايال» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، نىكاھتا ئايالنىڭ «تەگدىم» دېيىشى گەرچە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرسىمۇ، نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلىش ئادەتتە ئەر تەرەپتىن بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە «ئەر» ئايالدىن ئىلگىرى زىكىر قىلىنغان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زىنا چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، دىنغا، جەمئىيەتكە ۋە ئائىلىگە ئىنتايىن زىيانلىق قىلىقتۇر. ئىسلام جازا قانۇنىدا زىنا قىلغۇچىلار تېخى ئۆيلەنمىگەنلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاش، ئەگەر ئۇلار ئۆيلەنگەنلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ جازاسى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش دەپ بەلگىلەنگەن. زىنا قىلغۇچىلار گۇناھىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا چەككەن بولسا، ئاخىرەتتە چەكمەيدۇ. بۇ دۇنيادا جازاسىنى چەكمىگەنلەر تەۋبە قىلمىسا ئاخىرەتتە چېكىدۇ.

2. زىنا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

3. زىنا قىلغانلار پەقەت گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، زىنادىن قول ئۈزگەندىلا، ئاندىن پاك كىشىلەر بىلەن ئۆيلىنەلەيدۇ.

4. زىنا، ئوغرىلىق قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ جازاسى ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنىدىغان جايلاردا ۋە ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەنلا ئىجرا قىلىنىدۇ.

### ◄ زىنا بىلەن ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭ جازاسى

﴿وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ثُمَّ لَمۡ يَأۡتُواْ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجۡلِدُوهُمۡ ثَمَٰنِينَ جَلۡدَةٗ وَلَا تَقۡبَلُواْ لَهُمۡ شَهَٰدَةً أَبَدٗاۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ

﴿٤﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ وَأَصۡلَحُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٥﴾

### تەرجىمىسى

4-ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، ئاندىن (بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئادالەتلىك) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى سەكسەن دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماڭلار. ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر.

5-شۇنىڭدىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە قىلمىشلىرىنى تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر (ئۇلارنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ).

### تەپسىرى

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغانلار ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئادالەتتىكە ۋە راستچىللىققا ئىشەنگىلى بولىدىغان تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىسە، قارىلانغان ئاياللارمۇ ئۆزلىرىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇلار بۇ ئاياللارغا تۆھمەت چاپلىغان بولىدۇ. مۇنداق تۆھمەتچىلەرنىڭ جازاسى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئۇلارنى سەكسەن دەررە (قامچا) ئۇرۇش، يەنە بىرى، قانداقلا بىر مەسىلىدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈلۈك قوبۇل قىلماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، مۇنداقلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، شەرىئەتنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنىگەن، ھارام بىلەن ھالالنى ئىلغىمىغان، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ۋە پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشتىن قورقمىغان گۇناھكار ئادەملەردۇر.

بۇ بىراۋنى دەلىل-ئىسپاتسىز ھالدا زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىشنىڭ جازاسى بولۇپ، ئىپپەتلىك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر.

ئىپپەتلىك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق چوڭ گۇناھنى ۋە قەبىھ جىنايەتنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قىلمىشىغا تەۋبە قىلىپ، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇزغانلىرىنى تۈزەتكەن (يەنى تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، تۆھمەت قىلىنغان كىشىنى ئاقلىغان) ۋە ئەخلاقىنى تۈزەتكەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ. بۇنىڭدا

شەك يوق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى بەك مېھرىبان زات بولۇپ، تەۋبە قىلىپ، ھەق تەرەپكە قايتقۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ.

ئەمدى بۇنداق ئادەم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەخلاقىنى تۈزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنامدۇ ياكى قىلىنمامدۇ؟ بۇ توغرىدا فەقىھلەر ئىختىلاپلاشقان. بەزىلىرى تۆھمەتچى ئادەم ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، بوزغانلىرىنى ئوڭشىغان ۋە ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ دېسە، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى تەۋبە قىلغاندىن كېيىنمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىككى قاراشتىكىلەردىن ھەربىرىنىڭ يېتەرلىك دەلىل-پاكىتلىرى بار.

ئاللاھ تائالا سەمىمىي تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ. سەمىمىي تەۋبە –ئۆز خاتالىقلىرىنى ۋە گۇناھلىرىنى تونۇپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولسا قايتۇرۇپ بېرىش، بىراۋغا ئازار قىلغان ياكى ھەرقانداق بىر زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن بولسا، بۇزغانلىرىنى تۈزەپ ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ قىلغان بولسا، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، سەمىمىي تەۋبە قىلىش ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىدۇ. تەۋبىنىڭ ئىشىكى جان ھەلقۇمغا يەتكەنگە قەدەر ئوچۇقتۇر. بىراۋ سەكراتقا چۈشۈپ جان ھەلقۇمغا كەلگەندىلا ئۇنىڭ تەۋبە ئىشىكى يېپىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا قىلغان تەۋبىنىڭ ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىپپەتلىك كىشىلەرنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغۇچىلار بۇنىڭغا دەلىل ئىسپات كەلتۈرەلمىسە، تۆھمەتخورغا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇپ جازالىنىدۇ. ئىپپەتلىك كىشىلەرنى دەلىلسىز قارىلاشنىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئەمما تۆھمەتخورغا بەلگىلەنگەن سەكسەن دەررە جازا ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشى يېتەرلىك جازا سانىلىدۇ. چۈنكى، بىر قېتىم ئابرۇيى تۆكۈلگەن ئادەم ھۆرمەتتىن قالىدۇ ۋە ھېچقانداق ئىشتا گۇناھلىقى ئۆتمەيدۇ.

2. بەزى ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە، بىراۋغا تۆھمەت قىلىپ رەسۋا بولغان

كىشىنىڭ قانداقلا بىر ئىشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا سەممىي تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

### ◄ ئەرنىڭ ئايالىنى زىنا بىلەن قارىلىشى

﴿وَٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ أَزۡوَٰجَهُمۡ وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ
فَشَهَٰدَةُ أَحَدِهِمۡ أَرۡبَعُ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ٦
وَٱلۡخَٰمِسَةُ أَنَّ لَعۡنَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِ إِن كَانَ مِنَ ٱلۡكَٰذِبِينَ ٧
وَيَدۡرَؤُاْ عَنۡهَا ٱلۡعَذَابَ أَن تَشۡهَدَ أَرۡبَعَ شَهَٰدَٰتِۭ بِٱللَّهِ إِنَّهُۥ لَمِنَ
ٱلۡكَٰذِبِينَ ٨ وَٱلۡخَٰمِسَةَ أَنَّ غَضَبَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَآ إِن كَانَ مِنَ
ٱلصَّٰدِقِينَ ٩ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ
حَكِيمٌ ١٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

6-7-ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىلىرى بولمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرى (سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ۋە ئۆزىدىن تۆھمەتنىڭ جازاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن) ئۆزىنىڭ راستچىللاردىن ئىكەنلىكىگە تۆت قېتىم ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر مەن يالغانچىلاردىن بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

8-9- ئايال ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە تۆت قېتىم ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا، «ئەگەر ئەر راستچىللاردىن بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن» دەپ ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىشى (ئۇنىڭدىن زىنانىڭ) جازاسىنى توسۇپ قالىدۇ.

10-ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىغان بولسا، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى بولمىغان بولسا ئىدى (ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلاتتى، جازاغا تېگىشلىك بولغانلارنى ئۆز ۋاقتىدا جازالىغان بولاتتى).

### تەپسىرى

ئۆزىنىڭ ئايالىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىلىرى بولمىغان ئەرلەر بۇ قارىلاشتا ئۆزىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۆرۈپ تۆت قېتىم قەسەم قىلىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا ئەگەر بۇ قەسەمدە يالغان ئېيتقان بولسا، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراۋنى قارىلاپ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ھەرگىز ئوڭاي ئىش ئەمەس. چۈنكى، بىراۋنى قارىلىغان ئادەم ئۇنى دەلىللەپ ئىسپاتلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئىسپاتلىيالمىسا، بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلغان بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، خەلقى ئالەمنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. شەكسىزكى، بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىشنىڭ گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر.

ئايەتتە، قارىلاش ﴿يَرْمُونَ﴾ دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ سۆز «رَمْيٌ» يەنى (ئېتىش) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان. ئەرەبلەر بىر نەرسىنى ئاتقاننى، ئوق ئاتقاننى «رَمى» دەيدۇ. بىراۋنى قارىلاش ئوق ئاتقانغا ئوخشاش بولۇپ، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمىغاندەك، بىراۋنى قارىلىغان ئادەم «ياق، مەن سۆزۈمدىن يېنىۋالدىم» دەپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر دېگەنلىرى راست بولسا، قارىلانغان كىشى جازاسىنى تارتىدۇ، ئەگەر يالغان بولسا، قارىلىغان كىشى بۇ تۆھمەتنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. بىراۋنى قارىلاپ ئۇنى دەلىللەپ ئىسپاتلىيالمىغان ئادەم خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇش بىلەن جازالىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ يالغانچى ۋە تۆھمەتچى ئىكەنلىكىنى خەلقى ئالەمگە بىلدۈرۈپ ئۇنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك جازادۇر.

ئۆزىنىڭ ئايالىنى زىنا-پاھىشە ئۈستىدە تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشقا تۆت گۇۋاھچىنى چاقىرىپ ئۇلارنى گۇۋاھ قىلدۇرالىشى ئېھتىمالدىن يىراقتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئەر ئادالەتلىك تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ دەۋاسىنى كۈچكە ئىگە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇنى تۆت قېتىم قەسەم قىلىشقا ۋە بەشىنچى قېتىمدا ﴿ئەگەر يالغانچىلاردىن بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغسۇن!﴾ دەپ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئايال ئېرىنىڭ يالغاندىن ئۇنىڭغا قارا چاپلىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلسا، ئايالنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۆت قېتىم قەسەم قىلىشى ۋە بەشىنچى قېتىمدا، ﴿ئەگەر ئېرىمنىڭ

گېپىدە راست بولىدىغان بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن!﴿ دەپ قەسەم ئىچىپ بېرىشى لازىم. ئايال شۇنداق قىلىش ئارقىلىق جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئەر ئايالىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىسلام جازا مەھكىمىسىدە تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلىسە، ئايالغا زىنانىڭ جازاسى يۈرگۈزۈلىدۇ. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن ئەر-خوتۇن ئىككىسىگە يالغان سۆزلەپ بۇ دۇنيادا جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، جازانى يۈرگۈزۈشكە ئالدىراشقا بولمايدۇ. ئازراققىنە شۈبھە پاكى دەلىل پەيتەرسىزلىكى تېپىلغان ھامان جازا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما ئۆزى راستتىنلا جازاغا لايىق بولۇپ تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا جازادىن قۇتۇلۇپ قالغانلار بۇ جازانى ئاخىرەتتە تولۇق تارتىدۇ.

بۇ مەسىلە فىقھى ئاتالغۇسىدا «لەنەتلىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرنىڭ: ﴿ئەگەر مەن يالغانچى بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغسۇن!﴾ دەپ، ئايالنىڭ ﴿ئەگەر ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن!﴾ دەپ قەسەم قىلغىنىدىن ئېلىنغان ئاتالغۇدۇر.

ئېرى ئايالىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلاپ قەسەم قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايال ئېرىگە ھارام بولىدۇ. فەقىھلەرنىڭ بەزىسى بۇنداق ئايال ئېرىگە مەڭگۈلۈك ھارام بولۇپ كېتىدۇ، دېسە، يەنە بەزىسى ئايال ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەيدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە چوڭقۇر رەھىم-شەپقىتى بولمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا تەۋبىنى ناھايىتى بەك قوبۇل قىلغۇچى، ھېكمەت بىلەن ۋە دانالىق بىلەن ئىش قىلىدىغان بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى يالغاندىن قەسەم قىلغانلار ئاللىبۇرۇن جازالىنىپ بولغان بولاتتى، سىلەرمۇ ئەلۋەتتە رەسۋا بولاتتىڭلار ۋە ئۆزۈڭلار تاقەت قىلالمايدىغان زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولاتتىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا لەنەتلىشىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بەندىلىرىنى راستتىنلا زور قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزغان. مەسىلەن: بىراۋ ئايالىنى يات بىر ئەر بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قاتىل بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئەر ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر مەھكىمىگە ئەرز سۇنسا، ئۇنى ئىسپاتلاپ تۆت ئادالەتلىك گۇۋاھچىنى

كەلتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىگە تۆھمەت جازاسى يۈرگۈزۈلۈپ سەكسەن دەررە ئۇرۇلىدۇ. بۇ ئەر زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟

شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن، قەسەم قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇنداق قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئاللاھ تائالا ئاياللارنىمۇ قۇرۇق تۆھمەتلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا لەنەتلىشىش يولىنى ئېچىپ بەرگەن. چۈنكى، لەنەتلىشىش ئارقىلىق ئايال ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ۋە قارىلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. نەتىجىدە، جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئايال راستتىنلا زىنا قىلغان بولۇپ، يالغان قەسەم ۋە يالغان لەنەتلىشىش بىلەن جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئاخىرەتنىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. بەلكى ئاخىرەتنىڭ جازاسى بۇ دۇنيانىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىردۇر. ئەرمۇ يالغان قەسەم بىلەن ئايالىغا زىيان يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تولۇق تارتىدۇ.

بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت كەلگەن. ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئىسىملىك بىر كىشى ئايالىنى زىنا بىلەن قارىلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن يا بۇ دەۋايىڭنى ئىسپاتلايسەن ياكى تۆھمەتنىڭ جازاسىنى تارتىسەن» دەيدۇ. بۇ ئادەم: «يارەسۇلۇللاھ! بىراۋ ئايالىنى يات بىر ئادەم بىلەن يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالسىمۇ ئۇنىڭغا دەلىل كېرەكمۇ؟»دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: «سەن يا بۇ دەۋايىڭنى ئىسپاتلايسەن ياكى تۆھمەتنىڭ جازاسىنى تارتىسەن» دەيدۇ. بۇ ئادەم: «يارەسۇلۇللاھ! سىلىنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن راست سۆزلەۋاتىمەن، ئاللاھنىڭ مېنى تۆھمەت جازاسىدىن ساقلاپ قالىدىغان بىرەر ئايەت نازىل قىلىشىنى تىلەيمەن» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولىدۇ[1] .

يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندا، سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىسىملىك ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئايالىمنى يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالسام، ئۇنىڭغا تۆت گۇۋاھچىنىڭ

[1] «صحيح البخاري» 6-توم 100-بەت 4747 -ھەدىس.

گۇۋاھلىق بېرىشكە قاراپ تۇرامدىمەن؟ ياق! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئايالىمنى يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالسام، ئۇنى بېشىدىن ئايىغىچە چاناپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ مېنى قانداق جازالىسا مەيلى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ غۇرۇرىغا قايىل بولغانلىقتىن تەبەسسۇم قىلىپ: «أَتَعْجَبُونَ مِنْ غَيْرَةِ سَعْدٍ ، لَأَنَا أَغْيَرُ مِنْهُ ، وَاللَّهُ أَغْيَرُ مِنِّي» يەنى «سەئدنىڭ غۇرۇرىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ شەكسىزكى، مەن سەئدتىن غۇرۇرلۇقمەن، ئاللاھ مەندىنمۇ بەك غۇرۇرلۇقتۇر»[1] دېدى. بۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئايالىنى زىنا بىلەن ئەيىبلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.

شۇ ئىنىقكى، ئايەتلەردە كەلگەن ھۆكۈملەر ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ، نازىل بولۇش سەۋەبى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىراۋ ئۆزىنىڭ ئايالىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلاپ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئادالەتلىك تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىسە، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىدۇ، بەشىنچىسىدە، ﴿ئەگەر يالغانچىلاردىن بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغسۇن!﴾ دەپ قەسەمنى تەكىتلەيدۇ.

2. قارىلانغان ئايالمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ ئېرىنىڭ دەۋاسىغا رەددىيە بېرىدۇ. بەشىنچى قەسىمىدە ﴿ئەگەر ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغسۇن!﴾ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مەسىلىدە قەسەمنى يولغا قويغانلىقى بەندىلىرىگە كۆرسەتكەن چوڭ ئىلتىپاتىدۇر.

## تۆھمەت قىسسىسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ جَآءُو بِٱلْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِّنكُمْۚ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَّكُمۖ بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَّكُمْۚ لِكُلِّ ٱمْرِيٍٕ مِّنْهُم مَّا ٱكْتَسَبَ مِنَ ٱلْإِثْمِۚ وَٱلَّذِى تَوَلَّىٰ كِبْرَهُۥ مِنْهُمْ لَهُۥ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۝١١ لَّوْلَآ إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ

[1] «صحيح البخاري» 8- توم 173-بەت 6846 ـ ھەدىس.

ٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتُ بِأَنفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا۟ هَـٰذَآ إِفْكٌ مُّبِينٌ ﴿١٢﴾
لَّوْلَا جَآءُو عَلَيْهِ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَآءَ ۚ فَإِذْ لَمْ يَأْتُوا۟ بِٱلشُّهَدَآءِ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ
عِندَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْكَـٰذِبُونَ ﴿١٣﴾ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ فِى
ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ لَمَسَّكُمْ فِى مَآ أَفَضْتُمْ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿١٤﴾ إِذْ
تَلَقَّوْنَهُۥ بِأَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُونَ بِأَفْوَاهِكُم مَّا لَيْسَ لَكُم بِهِۦ
عِلْمٌ وَتَحْسَبُونَهُۥ هَيِّنًا وَهُوَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمٌ ﴿١٥﴾ وَلَوْلَآ إِذْ سَمِعْتُمُوهُ
قُلْتُم مَّا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّتَكَلَّمَ بِهَـٰذَا سُبْحَـٰنَكَ هَـٰذَا بُهْتَـٰنٌ عَظِيمٌ
﴿١٦﴾ يَعِظُكُمُ ٱللَّهُ أَن تَعُودُوا۟ لِمِثْلِهِۦٓ أَبَدًا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١٧﴾
وَيُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ۚ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٨﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحِبُّونَ
أَن تَشِيعَ ٱلْفَـٰحِشَةُ فِى ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِى ٱلدُّنْيَا
وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴿١٩﴾ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ
عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ وَأَنَّ ٱللَّهَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٠﴾ ۞ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ
ءَامَنُوا۟ لَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ وَمَن يَتَّبِعْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ
فَإِنَّهُۥ يَأْمُرُ بِٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۚ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ
وَرَحْمَتُهُۥ مَا زَكَىٰ مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ أَبَدًا وَلَـٰكِنَّ ٱللَّهَ يُزَكِّى مَن
يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢١﴾ وَلَا يَأْتَلِ أُو۟لُوا۟ ٱلْفَضْلِ مِنكُمْ
وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤْتُوٓا۟ أُو۟لِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينَ وَٱلْمُهَـٰجِرِينَ فِى سَبِيلِ
ٱللَّهِ ۖ وَلْيَعْفُوا۟ وَلْيَصْفَحُوٓا۟ ۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ
غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٢﴾

### تەرجىمىسى

**11ـشۈبھىسىزكى، (ئائىشەگە) [1] بۇ بوھتاننى چاپلىغانلار سىلەردىن بىر**

---

[1] ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشەگە بوھتان چاپلىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ

گۇرۇھتۇر. بۇنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق دەپ قارىماڭلار، بەلكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (باشلامچى بولۇپ) بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىغا مەسئۇل بولغان ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

12ـ بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان ۋاقتىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر بىر-بىرى ھەققىدە نېمىشقا ياخشى ئويلاردا بولۇپ، «بۇ ئېنىق بوھتاندۇر» دېمىدى؟

13ـ ئۇلار نېمىشقا تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈ- رەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلاردۇر.

14ـ سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەر تارقاتقان بۇ بوھتان ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

15ـ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بۇ بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيـ ـدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، سىلەر ئۇنى كىچىك ئىش دەپ قارىدىڭلار، ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر.

16ـ سىلەر نېمىشقا ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ!) سەن پاكتۇرسەنكى، «بۇ چوڭ بوھتاندۇر» دېمىدىڭلار؟

17ـ ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر (راستتىنلا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بولساڭلار، ھەرگىز قايتا بۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار.

18ـ ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

19ـ مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شەكسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر.

20ـ ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان بولمىغان بولسا ئىدى (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەلۋەتتە جازالىغان بولاتتى).

21ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ ئىشلارغا، يامان ئەمەللەرگە بۇيرۇيدۇ، ئاللاھنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم

---

ئايەتلەر ئارقىلىق ئائىشەنى ئاقلىغان.

مەڭگۈ پاك بولالمايتتى، لېكىن ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

22ـ ئاراڭلاردىكى مەرتىۋىلىك ۋە دۆلەتمەن بولغانلار يېقىن تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم غازاتقا چىقماقچى بولسا، ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا چەك تاشلايتتى، چەك قايسى ئايالغا چىقسا، شۇنى غازاتقا بىرگە ئېلىپ چىقاتتى. ھىجرىيەنىڭ 6ـ يىلى يۈز بەرگەن بەنى مۇستەلەق غازىتىغا چىققاندا، شۇ تەرىقىدە چەك تاشلاپ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بىرگە ئېلىپ چىققان ئىدى. غازاتتىن قايتىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قەۋمنىڭ مەھەللىسىگە چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇ ئەسنادا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىسلام قوشۇنىدىن يىراقراق بىر جايغا ھاجەت قىلغىلى كېتىپ قېلىپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە بويىندىكى مونچىقىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇ جايغا يەنە قايتا كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئارىدا ئىسلام قوشۇنى يولغا راۋان بولۇپ كېتىپ قالىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاجىۋىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغۇچىلار، كاجىۋىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يوقلۇقىنى بىلمەستىن قۇرۇق كاجىۋىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناھايىتى ئورۇق بىر قىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ھېس قىلىنمايتتى. بۇ سەۋەبتىن كاجىۋىنى كۆتۈرگەنلەر كاجىۋىدا ئۇنىڭ يوقلۇقىنى سەزمىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قايتىپ كەلگەندە ئىسلام قوشۇنى بۇ جايدىن قوزغىلىپ بولغان ۋە ھېچكىم قالمىغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوشۇندىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ كاجىۋىدا يوقلۇقىنى بىلىپ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ جەرياندا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ. قوشۇننىڭ ئادىتى بويىچە ھەر قېتىملىق سەپەردە بىرەر ئادەم كەينىدە قېلىپ قوشۇندىكىلەر ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەرنى يىغىپ ماڭاتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى ئىچىدىكىلەردىن سەفۋان

دېگەن كىشى كېتىۋېتىپ بىرىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ئاندىن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئويغىنىپ دەرھال يۈزىنى يۆگىۋالىدۇ، ئاندىن سەفۋان ئۇنى تۆگىگە مىندۈرىدۇ ۋە ئۆزى يېتىلەپ ئىسلام قوشۇنى چۈشكەن ئىككىنچى قوناق جايغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىككىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر ئىچىدە مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلمۇ بار ئىدى. بۇ مۇناپىق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرۈپلا ئىغۋا تارقىتىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەفۋان ئىككىسىگە تۆھمەت چاپلاشقا باشلايدۇ. بەزى مۆئمىنلەرمۇ بۇ مۇناپىقنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ كېتىدۇ.

سەفۋان ساھابىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن بولۇپ، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر قانچە قېتىم غازاتلارغا قاتناشقان، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىسىدا ھىجرىيەنىڭ 17-يىلى ئەرمەنلەر بىلەن بولغان غازاتتا شېھىت بولغان.

ئىسلام قوشۇنى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېسەل بولۇپ بىر ئايغىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. تۆھمەتخورلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمايدۇ. كېسەلدىن ئەمدى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەندە، مۇناپىقلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق تارقاتقان ئىغۋالىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە قاتتىق بىئارام بولۇپ يەنە يېتىپ قالىدۇ. بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقى قېتىمقى كېسەلدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ. ئۆيىگە بېرىپ تارقىلىۋاتقان ئىغۋا ھەققىدە ئانىسىدىن سورىغىنىدا، ئانىسى بۇ ئىغۋانىڭ راست تارقىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېچە بىلەن كۈندۈزىنى يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۆھمەت ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ، كېسەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ تۆھمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ قاتتىق ئېغىر كېلىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە مۇنبەرگە چىقىپ جامائەتكە: «بىر ئادەم مېنىڭ ئائىلەمگە تىل تەگكۈزۈش ئارقىلىق بىزگە ناھايىتى قاتتىق ئەزىيەت قىلدى. سىلەردىن كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟ مەن ئەھلى ئائىلەمنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنىمەن» دەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ

ئەنھانىڭ ناھايىتى ئېپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئەي ئائىشە! سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئىغۋالار بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر سىز پاك بولسىڭىز، ئاللاھ سىزنى چوقۇم ئاقلايدۇ، ئەگەر گۇناھ قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭ» دەيدۇ. بۇ چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتكەچ دادىسىغا قاراپ ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. دادىسى«نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن ئانىسىغا يالۋۇرىدۇ. ئانىسىمۇ دادىسىنىڭ ئېيتقان سۆزىنىڭ ئەينىسىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى ۋە تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن «بىلىۋاتىمەنكى، سىلەر بۇ ئىغۋانى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ توغرا ياكى يالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدىڭلار. مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىغۋانىڭ پەقەتلا بىر تۆھمەت ئىكەنلىكىنى ئېيتساممۇ سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە بەلكى ئىشەنمەيسىلەر. ئەمما ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ پاكلىقىمنىمۇ بىلىدۇ. مەن بۇ ھەقتە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن باشقىسىنى ئېيتالمايمەن، دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: ﴿فَصَبۡرٞ جَمِيلٞۖ وَٱللَّهُ ٱلۡمُسۡتَعَانُ عَلَىٰ مَا تَصِفُونَ﴾ يەنى ﴿مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ بۇ يالغانلىرىڭلارغا (سەۋر قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا) ئاللاھ مەدەتكاردۇر﴾ [1] . ئارقىدىنلا يەرگە يېقىلىپ قاتتىق يىغلاشقا باشلايدۇ. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئاللاھ مېنى چوقۇم ئاقلايدۇ» دەيدۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ، بىر كۈنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاقلىغان ئايەتلەر نازىل بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە «ئەي ئائىشە! سىزنى ئاللاھ ئۆزى ئاقلىدى، سىزنى تۆھمەتتىن ئاقلىدى، سىزگە مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئەي قىزىم! رەسۇلۇللاھقا ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ» دېگەندە، ئۇ «مەن ئۇنىڭغا ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، مەن ئاللاھتىن باشقىسىغا مىننەتدار ئەمەسمەن، چۈنكى، مېنى ئاللاھ ئۆزى ئاقلىدى» دەيدۇ[2].

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 18-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 3- توم 173-بەت 2661 -ھەدىس.

يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ «مېنى ئاللاھنىڭ ئاقلايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما مەن توغرۇلۇق مۇنداق ئايەت نازىل بولۇشى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن ئىدى»[1] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى، ئىپپەت ئابىدىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ، شۇنداقلا دۇرۇسلۇقنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىق قوزغىغان تۆھمەتتىن ئاقلىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسلام دىنىغا قىلىنغان سۇيىقەست بەربات بولىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

مېنىڭ ئىشەنچلىك پەيغەمبىرىم، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈلگىسى، سىلەرنىڭ يولباشچىڭلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، پاكلىق ئابىدىسى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشەگە بۇ قەبىھ تۆھمەتنى چاپلىغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز-چۆچەك تارقىتىپ يۈرگەنلەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بولغان بىر گۇرۇھ ئادەم بولۇپ، ئۇلار بۇ سۇيىقەستنى ئالدىن پىلانلاپ چىققان. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن سانالمىسىمۇ، كۆرۈنۈشتە سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەردىن ساناپ يۈرىدىغان مۇناپىقلار گۇرۇھىدۇر. مۇنداقلار ھەمىشە مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ ياتىدۇ. سىلەر بۇ تۆھمەت ۋەقەسىنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق دەپ ئويلاپ قالماڭلار، بەلكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. چۈنكى، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاقلانغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئالاھىدە ئايەت نازىل بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر. چۈنكى، ئۇ ھەزرىتى مەريەمگە ئوخشاش ئىپپەت ئابىدىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنىش مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا شەك قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنىڭغا شەك قىلغانلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايىتىگە شەك قىلغانلىق بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايىتىگە شەك كەلتۈرگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ.

ھەركىم گۇناھتىن قانچىلىك سادىر قىلغان بولسا، شۇنچىلىك جازاسىنى تارتىدۇ. ئەمما بۇ تۆھمەتكە باش بولغان ۋە ئۇنى بىرىنچى بولۇپ تارقاتقان ئادەم بۇ تۆھمەتنىڭ گۇناھىنىڭ ئەڭ چوڭىنى ۋە ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن

[1] «المعجم الكبير للطبراني» 23-توم، 56-بەت، 134-ھەدىس.

قاتتىق ئازاب بار. بۇ تۆھمەتنى ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋە تارقاتقان ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىق ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ بۇ تۆھمەت ئالدىدا جىم تۇرۇۋالغانلىقىغا كايىپ دەيدۇكى، ﴿سىلەر نېمىشقا ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللاھ!) سەن پاكتۇرسەنكى، «بۇ چوڭ بوھتاندۇر» دېمىدىڭلار؟﴾ . چۈنكى، ئادەتتىكى بىر مۇئمىن ئۈچۈن بۇنداق تۆھمەت راۋا كۆرۈلمىگەن يەردە، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپادار ئايالى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ھەزرىتى ئائىشەگە قانداقمۇ راۋا كۆرۈلسۇن؟!

ئايەتتىكى كايىشتىن مەلۇمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر كىشى تۆھمەتكە ئۇچرىسا، ئۇنى «ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپ ياخشى ئويدا بولۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىپ سۈكۈت قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پاكلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئارتىلغان گۇناھنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىنى دادىل ئوتتۇرىغا چىقىرىش لازىم. مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاشتۇر، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەقلىق رەۋىشتە بىر-بىرىنى قوغدىشى، مۇداپىئە قىلىشى ۋە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى پەرزدۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۆز ۋاقتىدىكى مۇئمىنلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرۇلۇق ياخشى ئويدا بولۇش بىلەنلا كۇپايە قىلماستىن، تۆھمەتنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنى تۆھمەتتىن ئاقلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئارتىلغانلارنىڭ قۇرۇق تۆھمەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كەمچىلىكىنى ئەيىبلىگەن.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى خاتالىقىڭلارنى تونۇپ دەرھال تەۋبە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىش ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشتىن ئىبارەت پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى ئاقلاپ، ئۇنىڭغا چاپلانغان تۆھمەتكە ۋاقتىدا رەددىيە بەرمەستىن جىم تۇرغىنىڭلار ۋە بەزىلىرىڭلار بۇ تۆھمەتنى ئېنىقلاپ كۆرمەستىن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىتىپ يۈرگىنىڭلار ئۈچۈن، قاتتىق ئازابقا قالغان بولاتتىڭلار. چۈنكى، سىلەر بۇ بوھتاننى ئاددىي ساندىڭلار. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كىچىك گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىنى قارىلىغانلىق قانداقمۇ كىچىك گۇناھ بولسۇن!؟ بۇنداق چوڭ بوھتاننى توقۇپ چىققان مۇناپىق ئىبنى سەلۇل بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەرنىڭ لەنىتىگە، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق

جازاسىغا تېگىشلىك بولدى.

ئەي مۇسۇلمانلار! سىلەر بۇ تۆھمەتنى ئاڭلىغاندا، سىلەرنىڭ «بۇنداق سۆزنى قىلىش بىزگە توغرا كەلمەيدۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ نومۇسىغا قارىتىلغان بۇنداق قۇرۇق تۆھمەتنى ئېغىزىمىزغا ئالمايمىز» دېيىشىڭلار كېرەك ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېمىدىڭلار، نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلدىڭلار؟ سىلەر نېمىشقا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: «سۇبھاناللاھ! بۇ ئوپئوچۇق تۆھمەتتۇر. ئى رەببىم! سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، سېنىڭ ئەڭ يېقىن بەندەڭ، پاكلىق ۋە دۇرۇسلۇق ئابىدىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە چاپلانغان بۇنداق بىر تۆھمەتنى قەتئىي ياقتۇرمايسەن، ئى رەببىم! بۇ ئوپئوچۇق بوھتاندۇر، سەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسىنى بۇ تۆھمەتتىن ئاقلىغىن» دېمىدىڭلار؟

ئۆز ۋاقتىدا بەزى ساھابىلەر بۇ تۆھمەتنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتقان ۋە يۇقىرىقىدەك دۇئانى قىلغان. ئايەتتىكى كايىش مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئېيتماي سۈكۈت قىلغانلارغا قارىتىلغان.

بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇئمىنلەرگە بېرىلگەن تەسەللى بولۇپ، مۇئمىنلەرگە تاپا-تەنە قىلىش ۋە ئاچچىقلاش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ۋە «ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولساڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خاتالىققا قايتا چۈشمەڭلار» دېيىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويماي سۈكۈت قىلىش، ناھەقچىلىككە قارشى چىقماسلىق ئىمانغا زىت كېلىدىغان قىلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئايەتلىرىنى شۇنداق ئېنىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئۇ بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ئۇلارنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ھەر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئېپپىتىگە تىل تەگكۈزۈشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ۋە كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىكەنلىكىنى يەنە باشقا بىر ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر بىراۋنىڭ ئېپپىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتا بۇ ئىشنى ئاددىي سانايدۇ. بىپەرۋالىقتىن ئېيتىلغان سۆزلەر بۇنچىلىك يامان ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ.

ئۇلار «تىل يارىسى قىلىچ يارىسىدىن يامان» دېگەننى بىلمەيدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى، پاك كىشىلەرگە قارا چاپلاشنى ئاددىي ئىشلار قاتارىدىن سانايدۇ. ئەكسىچە، بۇ ئەڭ ئېغىر ۋە تولىمۇ چوڭ جىنايەتلەردۇر.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا يولۇقىدۇ. ئادەتتە بىراۋ بىرەر يامان ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلىشنى، ئابرۇيىنى تۆكۈشنى پىلانلاش قەلبتىكى ئىللەتتىن كېلىپ چىقىدىغان مەنىۋى كېسەل بولغانلىقتىن، ئۇنى پىلانلاش ۋە بەل باغلاشنىڭ ئۆزىمۇ ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان خەۋەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرۇشنىڭ ئۆزى گۇناھ بولغان يەردە، ئۇنى تارقىتىشنىڭ گۇناھى قانچىلىك چوڭ بولار؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى قارىلىغان خەۋەرنى تارقاتقۇچىلار بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ نەپرىتى ۋە لەنىتى بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابى بىلەن جازالىنىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەزل-كەرەمى ۋە رەھمىتى بىلەن سىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ، سىلەرنى يامانلىقلاردىن ساقلىمىغان بولسا، سىلەرگە شۇنچىلىك بەك مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە تولىمۇ مېھرىبان بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى قاتتىق جازالىغان بولاتتى، سىلەر ئۇ چاغدا چوڭ ھالاكەتكە يولۇققان بولاتتىڭلار.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىقىقا ۋە شەيتانلارنى ئۆزلىرىگە دۈشمەن تۇتۇشقا، شۇنداقلا نەپسىنىڭ يامانلىقلارغا بۇيرۇشىغا ئەگەشمەسلىككە، نەپسىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق يامانلىق شەيتان بىلەن نەپسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇنىڭغا ئەگەشمەڭلار. ئېنىقكى، شەيتان سىلەرنى يامان ۋە قەبىھ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇ سىلەرنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا زىيانلىق ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر شەيتاننىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم پايدا تاپىسىلەر. ﴿ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ

ٱلْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِٱلْفَحْشَآءِ ۖ وَٱللَّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلًا ۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿شەيتان سىلەرگە پېقىرلىق بىلەن تەھدىت سالىدۇ، سىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە دەرگاھىدىن بىر مەغپىرەت ۋە پەزل-كەرەمنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ (نىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى) كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] .

ئىمانى ئاجىز، ئىرادىسى سۇس ئادەملەرنى شەيتان ئوبدانلا ئوۋلايدۇ، ئۇلارغا يامان، قەبىھ ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تېزلا ئالداپ كېتىدۇ.

### ◄ شەيتاننىڭ تەدرىجي ئازدۇرۇشى

شەيتان ئاۋۋال كىچىكرەك بىر گۇناھقا چاقىرىدۇ. ئۇنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق بىر گۇناھنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئۇنىمۇ ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر چوڭ گۇناھنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۈندەيدۇ، ئۇنىمۇ ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئادەمنى ھەر چوڭ گۇناھلارنى، قەبىھ جىنايەتلەرنى ئىككىلەنمەي قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ شەيتاننىڭ يەتمەكچى بولغان ئارزۇسىدۇر. مەلۇمكى، شەيتانلار ئىنسانلارنى يامان ئىشلارغا كۈشكۈرتۈشتە، يامانلىقنى ياخشىلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنى ئازغانلار بىلەن ئازدۇرغانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ دۈشمەنلىك چىقىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە مالامەت قىلىشىدۇ ۋە ﴿إِنَّكُمْ كُنتُمْ تَأْتُونَنَا عَنِ ٱلْيَمِينِ﴾ «سىلەر بىزگە بىز ياخشىلىق دەپ ئويلىغان تەرەپتىن كېلەتتىڭلار»[2].

تەبەرىي، قۇرتۇبىي ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە مۇنداق بىر قىسسە بايان قىلىنغان: «قەدىمقى زامانلاردا ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدە بەرسىسا ئىسىملىك بىر ئابىد بولۇپ، ئۇ يىل بويى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئىبادەت بىلەن بەند ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ مەھەللىدىن ئۈچ قېرىنداش جىھادقا چىقماقچى بولۇپ تەييارلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا چىقمىغان بىر سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار سىڭلىسىنى كىمگە تاپشۇرۇش ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىرى ئابىد بەرسىساغا ئامانەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. چۈنكى، ئابىد بەرسىسا

[1] بەقەرە سۈرىسى: 268-ئايەت.
[2] ساففات سۈرىسى: 27- ئايەت.

ناھايىتى تەقۋادار، ئىبادەت بىلەنلا بولىدىغان، تولىمۇ ئەخلاقلىق بىر كىشى ئىدى. ئۇلار ئابىد بەرسىسانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. لېكىن بەرسىسا قەتئىي ماقۇل كەلمەيدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن ئۇنىڭغا قانداق قارىيالايمەن، مەن ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئادەم. ياق، بولمايدۇ›. ئەمما ئۇلار: ‹بىز سەندىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلمايمىز، سىڭلىمىزنىڭ خانىسى سېنىڭ ئىبادەتخاناڭغا يېقىن. سەن ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تائام يەتكۈزۈپ بەرسەڭلا بولىدۇ ھەمدە كىشىلەر بۇ قىز يالغۇز ئەمەسكەن دەيدۇ› دەپ چىڭ تۇرىدۇ. بەرسىسا كۆپ ئويلىنىدۇ. ئاندىن ‹بۇ بىر ياخشى ئەمەل. مەن بۇ ئارقىلىق ساۋاب تاپىمەنغۇ› دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ -دە، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىڭلىسىنى ئابىد بەرسىساغا ئامانەت قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. قىز ئۇنىڭ ئىبادەت خانىسىنىڭ يېنىدا بىر ئۆيدە تۇرىدۇ.

ئابىد بەرسىسا ئۇ قىزغا ئاكىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھەر كۈنى تائام يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بىراق بەرسىسا قىزغا قاراپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، تائامنى ئىبادەتخانىدىن يىراقراق بىر جايغا چىقىرىپ قويىدۇ، قىز كېلىپ تائامنى ئالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ. بۇ ئارىدا شەيتان ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئۇ بىر كۈنى بەرسىسانىڭ يېنىغا كېلىپ: «سەن بۇ قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايۋاتىسەن. ئاكىلىرى ساڭا ئامانەت قويغان تۇرسا، ئۇ ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ، ھالىنى سوراپ تۇرمامسەن؟› دەيدۇ. ئابىد بەرسىسا بۇنداق قىلىشنى دەسلەپتە قەتئىي قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەمما ئاخىرى ‹راست، مەن پەقەتلا سالام قىلىپ تۇراي› دېگەن نىيەتكە كېلىپ، ھەر كۈنى قىزغا خانىسىنىڭ سىرتىدىن سالام قىلىدىغان بولىدۇ. يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەيتان ئۇنىڭغا: ‹سەن بۇنداق ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇ قىزغا گەپ قىلساڭ، يولدىن ئۆتكەنلەر سېنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن، ئەڭ ياخشىسى سەن قىزنىڭ خانىسىغا كىرىپ سالام قىلغىن› دەيدۇ. ئابىد بەرسىسا بۇ پىكىرنىمۇ توغرا تاپىدۇ. ئاندىن ئۇ قىزنىڭ خانىسىغا كىرىپ سالام بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارىمايلا چىقىپ كېتىپ ئىبادەتخانىسىغا قايتىدىغان بولىدۇ. شەيتان بەرسىسانى ئازدۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ‹بەلكى قىزنىڭ ئېھتىياجلىرى بولۇشى مۇمكىن. سەن ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باقمامسەن؟ ھاجەتلىرى بولسا راۋا قىلىپ بېرىسەن ئەمەسمۇ؟› دەيدۇ. ئابىد بەرسىسا بۇ پىكىرنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن قىزنىڭ خانىسىغا كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كىرىپ ئەھۋالىنى سورايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ.

ئاندىن شەيتان يەنە بىر باسقۇچ ئىلگىرىلەپ ئابىدقا: ‹قىزنىڭ سەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇمۇ يالغۇز، سەنمۇ يالغۇز. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرمەمسەن؟› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابىد بەرسىسا قىز بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بولىدۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ. ئاخىرى ئابىد بەرسىسا قىز بىلەن زىنا قىلىدۇ.

مانا بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «أَلاَ لاَ يَخْلُوَنَّ رَجُلٌ بِامْرَأَةٍ إِلاَّ كَانَ ثَالِثَهُمَا الشَّيْطَانُ» يەنى «ئاگاھ بولۇڭلاركى، يات ئەر بىلەن يات ئايال يالغۇز قالمىسۇن. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى چوقۇم شەيتان بولۇپ قالىدۇ»[1] دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئابىد بۇ چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ چىقىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ، غەمگە پاتىدۇ ۋە يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. كۈنلەر ئۆتىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بەرسىسا غەمگە پاتىدۇ. كۈنلەر ئۆتىدۇ، ئايلار ئۆتىدۇ. قىز بۇ قېتىم يەڭگىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئابىد بەرسىسا تېخىمۇ چوڭ غەمگە پاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ چارە ئىزدەشكە باشلايدۇ. دەل شۇ چاغدا شەيتاننىڭ يېڭى ئويۇنى باشلىنىدۇ. شەيتان بەرسىسانىڭ يېنىغا كېلىپ، ‹سەن ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ قىزنىڭ ئاكىلىرى كەلسە نېمە دەيسەن؟ خەلقى ئالەمگە نېمە دەيسەن؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇ بوۋاقنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن. شۇنداق قىلساڭ خاپىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلىسەن› دەپ يول كۆرسىتىدۇ. ئابىد بەرسىسا ئويلاپ باقسا، بۇ پىكىر ئىشقا يارىغۇدەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنىڭ خانىسىغا كىرىدۇ ۋە بوۋاقنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن بىر چۆلگە بېرىپ بوۋاقنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىدۇ. شەيتان يەنە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا: ‹ھەي بەرسىسا! سەن نېمە قىلدىڭ؟ بوۋاقنى ئۆلتۈردۈڭغۇ! ئەمدى قىز ئاكىلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتسا قانداق قىلىسەن؟ ئەڭ ياخشىسى قىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەت. شۇنىڭ بىلەن خاپىلىقتىن قۇتۇلىسەن› دەپ كايىيدۇ. بەرسىسا شۇنىڭ بىلەن قىزنىمۇ ئولتۇرىدۇ ۋە بوۋاقنى كۆمگەن يەرگە كۆمىدۇ. ئابىد بەرسىسا ئەمدى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇم دەپ ئولتۇرسا، قىزنىڭ ئاكىلىرى كېلىپ سىڭلىسىنى سورايدۇ. ئابىد بەرسىسا ئۇلارغا: ‹قىزغا ئېغىر كېسەل تەگكەن ئىدى. مەن كۆپ داۋالاپ باقتىم. ئەمما شىپا تاپالماي ۋاپات بولۇپ كەتتى› دەيدۇ. ئاكىلىرى قايغۇ - ھەسرەتكە پاتىدۇ،

---

[1] «سنن الترمذي» 4ـ توم 35ـبەت 2165 ـھەدىس.

ئابىدقا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. شەيتان يەنە جىم تۇرمايدۇ. قىزنىڭ ئاكىلىرىنىڭ چۈشىگە كىرىدۇ ۋە ئابىد بەرسىسانىڭ قىز بىلەن يامان قىلغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى بوۋىقى بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە پالانى چۆلگە كۆمگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈچ قېرىنداشنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش چۈش كۆرگەن بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشىدە كۆرگەن چۆلگە بارىدۇ ۋە شەيتان دەپ بەرگەن يەرنى كولاپ سىڭلىسى بىلەن بوۋاقنىڭ جەسىتىنى تاپىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى راست چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ قېرىنداش ئابىد بەرسىسانىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارىدۇ ۋە ئۇنى ئۇرۇپ، ئىبادەتخانىسىنى يىقىتىپ تاشلايدۇ. بۇ خەۋەرنى بارچە شەھەر خەلقى ئاڭلاپ ئۇ جايغا كېلىدۇ، ھەممىسى بەرسىساغا لەنەت ئوقۇيدۇ ۋە ئۇرۇپ خارلايدۇ. بەرسىسا بولسا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتىدۇ.

شەيتان ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئابىد بەرسىسانىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ‹ئى ئابىد! زىنا قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلدۇردۇم. سەن ھەقىقەتەن ماڭا ئىتائەت قىلدىڭ. ئەمدى مەن سېنى بۇ خاپىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويىمەن. سەن ماڭا بىرلا سەجدە قىلغىن. ئەگەر شۇنى قىلساڭ، سېنى ھېچكىم ئۆلتۈرەلمەيدۇ ۋە سېنى چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن› دەپ ۋەدە قىلىدۇ. بەرسىسا ‹ياق! مەن ساڭا سەجدە قىلمايمەن. بۇ قانداق بولىدۇ؟› دەپ رەت قىلىدۇ. شەيتان: ‹ئى بەرسىسا! سەن بىرلا سەجدە قىلسەن، ئاندىن يەنە تەۋبە قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسەن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن› دەپ چىڭ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەرسىسا شەيتانغا سەجدە قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ ۋە ئۇ سەجدە قىلىپ تۇرغان پېتى كىشىلەر كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە، بەرسىسا شەيتانغا سەجدە قىلغان ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ»[1].

ئۆلىمالار دەيدۇكى، بەرسىسا ھەقىقەتەن كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان ئابىد ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئىلمى ئىبادىتىدىن ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېزىپ كەتكەن. چۈنكى، ئىلىم كۈچتۈر. شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشتا بىر ئالىم مىڭ ئابىدتىن كۈچلۈكتۇر.

شەيتاننىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەدرىجىي ئىش ئېلىپ بېرىش

[1] «تفسير القرطبي» 9ـ توم، 27ـ28ـبەتلەر.

ئارقىلىق كىشىلەرنى قانداق يولدىن چىقىرىدىغانلىقى بۇ قىسسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. چۈنكى، شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. ئۇ نېمە قىلسا قىلىپ ئىنساندىن ئۆچ ئېلىشقا تىرىشىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچكىم گۇناھتىن پاكلانمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئىنسان نەپسى ھەۋەس بىلەن شەيتاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئازدۇرغۇچى كۈچنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ توغرا يولدا قانداق مۇستەھكەم تۇرالايدۇ؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن تۇرالايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن ئىنسانلارنى تۈرلۈك بەختسىزلىكلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى گۇناھلاردىن ساقلاپ قالىدۇ، تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ كۆڭۈللەردىكىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر.

﴿ئاراڭلاردىكى مەرتىۋىلىك ۋە دۆلەتمەن بولغانلار يېقىن تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن﴾ يەنى قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشىلىقنى ۋە خەير-ئېھسانىنى توختىتىشقا قەسەم قىلمىسۇن ۋە ئۇنداق خىيالدىمۇ بولمىسۇن. بۇ ئايەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مىستەھ ئىسىملىك بىر يوقسۇل ساھابىنىڭ بېشىنى سىلايتتى، ھەمىشە ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇناپىقلار تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا، مىستەھ بېيەرۋالىقتىن بۇ تۆھمەتنى تارقاتقان كىشىلەر قاتارىدىن بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مىستەھتىن رەنجىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قىلىپ كېلىۋاتقان ياردىمىنى توختىتىشقا قەسەم قىلغان، ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇنى بۇ قەسىمىدىن ۋاز كېچىشكە بۇيرۇغان. ھەرقانداق مۇسۇلمان شۇنداق بولۇشى لازىم. بىراۋدىن رەنجىپ قالغانلىق سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ياردىمىنى توختاتماسلىقى ۋە قىلغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە ئەجرىنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈپ، خەير-ئېھسانىنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. چۈنكى، ئىنسان بۇ دۇنيادا بىراۋلارغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى شۇ شەخسلەرنىڭ ئۆزىدىن كۈتىدىغان بولسا، ئۇ كۆپ كۈتۈپ كېتىدۇ ۋە كۆپ بىئارام بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا قىلغان ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى

پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا كۈتۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كۆڭۈلنى خاتىرجەم، ئازادە تۇتقىلى ۋە ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېچكىمنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى مۇكاپاتسىز قالدۇرمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ.

مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارغا كەڭ قورساق بولۇشى لازىم. چۈنكى، مۇسۇلماننىڭ شەنىگە يارىشىدىغىنى مۇشۇدۇر. ھەركىم ئۆزىگە ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى، رەھىم-شەپقەت قىلىشىنى كۈتىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇلارمۇ باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈشى ۋە ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىنى تىلىگەن ئادەم باشقىلارنى كەچۈرەلەيدىغان كەڭ قورساق بولۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ يَرْحَمُ لاَ يُرْحَمُ» يەنى «باشقىلارغا رەھىم قىلمىغان ئادەم ئاللاھنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە شەپقەتى كەڭ زاتتۇر. سىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن ئۆگىنىپ كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىدىغان، كەڭ قورساق بولۇڭلار!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَجَبًا لِأَمْرِ الْمُؤْمِنِ ، إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ ، وَلَيْسَ ذَاكَ لِأَحَدٍ إِلَّا لِلْمُؤْمِنِ ، إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ ، فَكَانَ خَيْرًا لَهُ ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ ، صَبَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ» يەنى «مۇئمىن ئادەمنىڭ ئىشى ئاجايىپكى، ئۇنىڭ ھەممىسى خەيرلىكتۇر. بۇ پەقەت مۇئمىن ئادەمگىلا خاس خىسلەتتۇر. ئۇنىڭغا بىرەر ياخشىلىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا خەيرلىك بولىدۇ. بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا خەيرلىك بولىدۇ»[2] .

2. بىراۋغا قارا چاپلاش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر.

3. ئىسلام قانۇنىدا ھەرقانداق بىر جازا جىنايەتكە قاراپ بولىدۇ.

---

[1] «صحيح البخاري» 8-توم 7- بەت 5997-ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم 2295- بەت 2999 -ھەدىس.

4. مۇسۇلمان ئادەم بىراۋنى قارىلايدىغان سۆزلەرنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى لازىم. ئاللاھ تائالا ھۇجۇرات سۈرىسىدە: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَا فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەستىن) بىرەر قەۋمگە يامانلىق قىلىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾ [1] دەپ تەلىم بەرگەن.

5. ئۆزى بىلمىگەن ماۋزۇلاردا باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش زىيانلىق ھەم خاتادۇر.

6. زىنا-پاھىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىنى ئېبرەتلىك قىلىپ بېكىتكەن ۋە ئاخىرەتتە ئوت بىلەن ئازابلايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئاللاھ تائالا زىنادىن ساقلىنىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن.

7. شەيتان ئىنسانلارغا يامان ئىشلارنى ياخشى، قەبىھ گۇناھلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدايدۇ. گۇناھ قىلغانلار، ھەتتا جىنايەت سادىر قىلغانلار ئۆزلىرىنى ھەقلىق قىلىپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ دەل شەيتاننىڭ يامان ئىشنى يوللۇق كۆرسىتەلىگەنلىكىدۇر. شەيتان ئىنسانلارنى شۇنداق قايىل قىلدۇرۇش ئارقىلىق يامانلىقلارغا ئىتتىرىدۇ.

8. شەيتانغا ۋە ئۆز نەپسىنىڭ يولسىز ئىستەكلىرىگە بويسۇنىدىغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان ئادەمگە، شەيتانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

9. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغان ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان بۇ ئىلتىپاتىنى ئۇنتۇماسلىقى ۋە ئۆزىنى پەرىشتە چاغلاپ كۆرەڭلىمەسلىكى لازىم. چۈنكى، خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق، ئىنسانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ.

10. بىراۋ بىرەر ئىشنى قىلماسلىققا ياكى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلىپ، كېيىنچە ئۇنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ياكى باشقىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلسا، ئۇنىڭ كاپارەت بېرىپ قەسىمىنى بۇزۇشى ۋە

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 6-ئايەت.

ئۆزى ياخشى دەپ بىلگەن ئىشنى قىلىشى لازىم.

**11.** سادىر قىلغان يامانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، خاتالىقنى تۈزەتكەنلەرنى ئەپۇ قىلىش ئالىيجانابلىقتۇر.

## قىسسىنىڭ تۈگەنچىسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَرۡمُونَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡغَٰفِلَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ لُعِنُواْ فِي
ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ٢٣ يَوۡمَ تَشۡهَدُ عَلَيۡهِمۡ أَلۡسِنَتُهُمۡ
وَأَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٢٤ يَوۡمَئِذٖ يُوَفِّيهِمُ ٱللَّهُ دِينَهُمُ
ٱلۡحَقَّ وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ ٢٥ ٱلۡخَبِيثَٰتُ لِلۡخَبِيثِينَ
وَٱلۡخَبِيثُونَ لِلۡخَبِيثَٰتِۖ وَٱلطَّيِّبَٰتُ لِلطَّيِّبِينَ وَٱلطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَٰتِۚ
أُوْلَٰٓئِكَ مُبَرَّءُونَ مِمَّا يَقُولُونَۖ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٢٦﴾

## تەرجىمىسى

23ـ شەكسىزكى، (ياماندىن ئىشلاردىن) بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا چوڭ ئازاب بار.

24ـ (قىيامەت) كۈنىدە ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

25ـ شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەقلىقىنى (ۋە ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى) بىلىپ قالىدۇ.

26ـ پاسىقنا ئاياللار پاسىقنا ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاسىقنا ئەرلەر پاسىقنا ئاياللارغا لايىقتۇر، پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە لايىقتۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار باشقىلارنىڭ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

## تەپسىرى

يامان ئىش قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمايدىغان، زىنا-پاھىشە دېگەنلەر

ئەقلىغىمۇ كەلمەيدىغان، ئىپپەتلىك، ھايالىق، پاك مۆئمىن ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىدىغانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت ياغىدۇ. مۇنداقلارغا ئاخىرەتتە ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان چوڭ ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار. چۈنكى، ئىپپەتلىك قىز-ئاياللارغا قارا چاپلاش ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن بىلەن تەڭ.

مەلۇمكى، ئاياللار ئىپپىتى، نومۇسى ۋە ھاياسى بىلەنلا ھاياتتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىپپىتى ئاياق ئاستى قىلىنغان، ھاياسى يوقالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ تۈگەشكەن بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن: ««ھايا» دېگەن سۆز ‹ھايات› دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ھاياسى يوق ئادەم بۇ دۇنيادا ئۆلۈكتۇر، ئاخىرەتتە بەختسىزدۇر»[1]. ھايالىق ئادەمنىڭ ھاياسى ئۇنىڭ ئىچكى ھايات قايىنمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ھايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، ھاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە ھايانى قوزغايدىغان ھېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم-ھايانىڭ يوقۇلۇشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

يامان ئىشلاردىن بىخەۋەر، ئىپپەتلىك، پاك ئاياللارنى دەلىل-پاكىتسىز ھالدا زىنا بىلەن قارىلاشنىڭ گۇناھى ناھايىتى چوڭ، جازاسى بەكمۇ قاتتىقتۇر. مۇنداق تۆھمەتخورلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنى ئۇشىيلا قارىلايدىغان خاھىش ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەسىلە بولغانلىقتىن، دىنىمىزدا ئۇنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن تۆھمەتنىڭ جازاسى ئېغىر قىلىپ بېكىتىلگەن. ناۋادا تۆھمەتچى دەۋاسىنىڭ راستلىقىغا دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمىسە، ئۇ خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنىپ، 80 دەررە ئۇرۇش بىلەن جازالىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسى، خالاس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ. تۆھمەتچىنى خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ

[1] «الداء والدواء» 96- بەت.

سەكسەن دەررە ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيى چۈشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قانداقلا بىر ئىشقا بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، سۆزىگە ئىشەنچ قىلىنمايدۇ. ئۇ ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان، ھۆرمەتلىمەيدىغان ۋە كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، تۆھمەتخورنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىمۇ ھەرگىز يېنىك ئەمەس.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلىغان مۇناپىقلارغا تا قىيامەتكىچە ئاللاھ تائالانىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر پاك، ئىپپەتلىك ئايالغا زىنا بىلەن قارا چاپلىغانلارمۇ شۇنداق لەنەتكە لايىق بولىدۇ.

ئىپپەتلىك ۋە ھايالىق بىر ئايال زىنا قىلدى دەپ قارىلانغاندا، ئۇ ئايالنىڭ ھاياتى دوزاخقا ئايلىنىدۇ، ئائىلىلىك ئايال بولسا، ئائىلىسى بۇزۇلىدۇ، باللىرى يېتىم بولىدۇ، ئاتا-ئانىسى پەرىشان بولىدۇ، قوشنىلىرىنىڭ ۋە ئەل جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر تېخى ياتلىق بولمىغان قىز بولسا، ئۇنىڭ كېلەچىكى تۇگەشكەن بولىدۇ. چۈنكى، گەرچە زىنا قىلمىغان بولسىمۇ، شۇنداق قىلدى دەپ خەلقنىڭ تىلىغا چىقىپ قالغان قىزغا ئۇۋايلىقچە بىرسى ئۆيلىنىش تەكلىپى قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ۋە ئاتا-ئانىسىغا ئاھانەت ۋە دىل ئازارلار كېلىپ تۇرىدۇ. بىر يالغان سۆز سەۋەبلىك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ۋەيرانچىلىقلار ۋە كۆتۈرەلىگۈسىز ئازابلار مەيدانغا كېلىدۇ.

تۆھمەتخورلارغا بېرىلىدىغان جازا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلىغانلارغىلا خاس بولماستىن، تا قىيامەتكىچە پاك ئاياللارغا قارا چاپلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەلكى بۇنداق قەبىھ جىنايەتنى سادىر قىلغان تۆھمەتخور قىيامەت كۈنىدە ئۆز قىلمىشىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ تىلىنى، قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جىنايىتى ئۈستىدە ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ قەبىھ جىنايەتلىرىنىڭ جازاسىنى تولۇق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ھېچقانداق بىر گۇناھكار جازادىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

﴿وَيَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلۡحَقُّ ٱلۡمُبِينُ﴾ يەنى قىيامەت كۈنى بۇ گۇناھكارلار ۋە شۇ قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ ئوپئوچۇق ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ۋە بەرگەن خەۋەر-لىرىنىڭ ھەق

ۋە راست ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، گۇناھكارلارنى ئازابلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

بۇ ئەدەپسىز تۆھمەتخورلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارا چاپلاشقا قانداقمۇ پېتىنالىدى؟ ئۇلار ﴿پاسكىنا ئاياللار پاسكىنا ئەرلەرگە، پاسكىنا ئەرلەر پاسكىنا ئاياللارغا، پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىقتۇر﴾ دېگەن ھەقىقەتنى ۋە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش پاك ئاياللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك پاك ئەرلەرگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ تائالا ھەركىمگە ئۆزىگە لايىق بولغاننى بېرىدۇ. بۇ مۇنۇ ئايەتكە مۇۋاپىقلىشىدۇ: ﴿ٱلزَّانِي لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَٱلزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَآ إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌۚ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾[1].

ئايەتتە بايان قىلىنغان پاك ئەرلەر بىلەن پاك ئاياللار نىيىتى بۇزۇق ناپاك ئەرلەر بىلەن ناپاك ئاياللار چاپلىغان تۆھمەتلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە ئېسىل رىزقىغا لايىقتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار: «الشِّرْكُ بِاللَّهِ ، وَالسِّحْرُ ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالحَقِّ ، وَأَكْلُ الرِّبَا ، وَأَكْلُ مَالِ اليَتِيمِ ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ ، وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الغَافِلاَتِ» يەنى «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش»[2] .

2. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئېلىش ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ۋە ئەزالىرىنى سۆزلىتىش بىلەن بولىدۇ.

---

[1] نۇر سۈرىسى: 3-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 4-توم، 10- بەت، 2766 -ھەدىس.

3. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇناپىقلار پىلانلىغان تۆھمەتتىن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن مەخسۇس ئايەت بىلەن ئاقلانغانلىقى بارلىق مۇئمىن ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نەقەدەر يۇقىرى ھۆرمەتكە ۋە قەدىر-قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

## ◄ رۇخسەت سوراشنىڭ ئەدەپلىرى

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ بُيُوتِكُمۡ حَتَّىٰ
تَسۡتَأۡنِسُواْ وَتُسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَهۡلِهَاۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ
﴿٢٧﴾ فَإِن لَّمۡ تَجِدُواْ فِيهَآ أَحَدٗا فَلَا تَدۡخُلُوهَا حَتَّىٰ يُؤۡذَنَ لَكُمۡۖ وَإِن
قِيلَ لَكُمُ ٱرۡجِعُواْ فَٱرۡجِعُواْۖ هُوَ أَزۡكَىٰ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ عَلِيمٞ
﴿٢٨﴾ لَّيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ أَن تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ مَسۡكُونَةٖ فِيهَا
مَتَٰعٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا تَكۡتُمُونَ ﴿٢٩﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

27-ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۈمىدكى، سىلەر (بۇنىڭدىن) نەسىھەت ئالغايسىلەر.

28-ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچقانداق ئادەم تاپالمىساڭلار، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە ئۇ ئۆيلەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، شۇ هامان قايتىپ كېتىڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

29-(دۇكان ۋە كىتابخانىغا ئوخشاش) تۇرالغۇ بولمىغان، ئىچىدە سىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىشلار بار ئۆيلەرگە (ئىجازەت سورىماي) كىرىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى قەلبىدە ئىمان ئورۇن ئالغان، مۇئمىنلىك بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەر! بىلىڭلاركى، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەڭ پەزىلەتلىك ئىشلارغا ۋە

ئەك ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ، سىلەرگە توغرا ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ. دىققەت قىلىڭلاركى، سىلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەكچى بولساڭلار، ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سورىماي ۋە ئۆيدىكىلەرگە سالام بەرمەي كىرمەڭلار. گەرچە ئۆز ئۆيۈڭلارغا كىرمەكچى بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭغا سالام قىلماي كىرمەڭلار، ئىجارىگە بەرگەن ياكى مېھمانلىرىڭلارنى قوندۇرغان ئۆيلىرىڭلارغىمۇ چوقۇم ئۆي ئەھلىدىن ئىجازەت سوراپ ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ ئاندىن كىرىشىڭلار لازىم.

كىرىشكە ئىجازەت سوراش ئىشىكنى يۇمشاق قېقىش بىلەن ياكى ئۆيدىكىلەرنى چاقىرىش بىلەن ياكى «كىرسەم بولامدۇ؟» دەپ ئۈچۈق ئىجازەت سوراش بىلەن ۋەياكى گالنى قىرىپ ئىشارەت بېرىش بىلەن بولىدۇ. ئىشىكنى قاققاندا ياكى ئىشىك قوڭغىرىقىنى باسقاندا، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇش ۋە كۆزىنى ئىشىكتىن قاچۇرۇپ تۇرۇش لازىم. ھازىرقى بىنا ئۆيلەردە ئاساسەن ئىشىكنى قېقىشنىڭ ئورنىدا ئىشىك قوڭغىرىقى بېسىلىدۇ. قوڭغۇراقنى باسقاندا ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋېتىدىغان شەكىلدە قاتتىق باسماي ياكى قوڭغۇراقتىن قولنى تارتماي ئۇزۇن بېسىپ تۇرۇۋېلىپ ئۆي ئىگىسىنى بىزار قىلماي، ئاڭلىق ئىش كۆرۈش ئەقىللىق مۇسۇلمانغا خاس ئەخلاقتۇر.

ئۆيگە ئىجازەت سوراپ كىرىش ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەركىم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھىي بەلگىلىمىدۇر. مەيلى ئۆيدە ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بولسۇن، ياكى نامەھرەملەر بولسۇن، چوقۇم ئۇلاردىن ئىجازەت سوراپ، ھېچ بولمىغاندا شەپە قىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇپ كىرىش لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ھالەتلىرى بولىدۇ. ھەتتا ئاتا- ئانا بىلەن بالىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە بۇ ھەقتە ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، بىر ئادەم ئۇنىڭدىن «يارەسۇلۇللاھ! ئانامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورايمەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ھەئە، ئەلۋەتتە ئىجازەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئانامنىڭ مەندىن باشقا خىزمەتچىسى يوق تۇرسىمۇ، ھەربىر كىرىشتە ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورامدىمەن؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرامسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئادەم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئۇنداقتا، ئىجازەت سوراپ

كىرگىن»[1] دەيدۇ.

ئايەتتىكى تەرتىپ بويىچە، ئۆيگە كىرىشتە ئاۋۋال ئىجازەت سورىلىدۇ، ئاندىن ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار بۇنىڭ ئەكسىنى سۆزلەيدۇ، يەنى ئاۋۋال سالام بېرىدۇ، ئاندىن ئىجازەت سورايدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئۆيدە بىرەر ئادەمنىڭ شەپىسىنى كۆرسە، ئاۋۋال سالام بېرىدۇ، ئاندىن كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ. ئەگەر كۆرمىسە، ئاۋۋال ئىجازەت سورايدۇ، ئاندىن سالام بېرىدۇ.

مۇنداق قىلىش، يەنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سوراپ، ئۇلارغا سالام بېرىپ كىرىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە تولىمۇ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىشتا نامەھرەمگە قاراشتىن، كىشىلەرنىڭ كۆرمەسلىككە تېگىشلىك يەرلىرىنى ۋە نەرسىلىرىنى كۆرۈپ قېلىشتىن، ئۆي ئەھلىنى بىئارام قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئىجازەت سوراشنى خورلۇق ياكى ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرگەنلىك دەپ چۈشىنىش ئىنتايىن خاتادۇر. ئەكسىچە، بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ۋە ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە كىشىلەرنىڭ نومۇسىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتۇر. ھەتتا ئىش ئورۇنلىرىدىمۇ بىراۋنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەكچى بولغان ئادەم ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىشى لازىم. بۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقتۇر.

بىراۋ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئۆي ئىگىسى ئۆيدە بولمىسا، تاكى ئىگىسى كېلىپ ئىجازەت بەرمىگۈچە كىرمەسلىكى لازىم. بۇ ئىنتايىن ھېكمەتلىك ئىشتۇر. ھەتتا ئۆي ئىگىسى ئۆيدە بولسىمۇ، مېھمان قوبۇل قىلىشقا كۆڭلىنىڭ تاۋى يوق بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆيگە ئۇشۇپ كىرگەندە، ئۆي ئىگىسىنى ئىنتايىن يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىنىڭ سىرتىدا، كىرگۈچىمۇ ئوڭايسىزلىنىدۇ. شۇڭا بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئىجازەت سورىماي كىرمەسلىك لازىم.

ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئالدىراشچىلىقى ياكى بىرەر مەشغۇلىيىتى بارلىقى ۋەياكى مىجەزى يوقلۇقى سەۋەبلىك مېھمان قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «قايتىپ كېتىڭ» دېسە، دەرھال قايتىپ كېتىش لازىم. چۈنكى، مېھماننى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ، مېھماننى ئۆيگە باشلاش ياكى قايتۇرۇۋېتىش

[1] «السنن الكبرى للبيهقي» 7-توم 157- بەت 13558 -ھەدىس.

ئۇنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما ۋەدىلىشىپ قويغان مېھماننى قايتۇرۇۋېتىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ھەم ئەدەپسىزلىك ھەم ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. مۇئەييەن سائەتتە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان مېھماننىڭمۇ ئۆيگە ئىجازەت سورىماي ۋە سالام بەرمەي ئۇسۇپ كىرىشىگە بولمايدۇ. بۇ چوڭ ئەدەپسىزلىكتۇر.

بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۆيگە ئىجازەت سورىمايلا كىرىش زۆرۈرىيىتى تېپىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئوت ئۆچۈرۈش، ئېقىپ كەتكەن سۇنى توختىتىش ياكى قانداقلا بىر خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سورىمايلا كىرىشكە بولىدۇ، بەلكى زۆرۈردۇر. بۇنداق قىلىشتا گۇناھ بولمايدۇ، بەلكى ياخشى نىيەتكە قاراپ ساۋاب بولىدۇ.

ئەمما دۇكان، كىتابخانا ۋە ئىشخانىغا ئوخشىغان بىرەر شەخسكە خاس تۇرالغۇ بولمىغان، ئومۇم ئۈچۈن ئوچۇق جايلارغا ئىجازەت سورىمايلا كىرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، چايخانا، سودا سارىي، ماگىزىن قاتارلىق جايلارغا كىرىشكە ئىجازەت سوراش ھاجەتسىز.

ئەمدى مۇنداق بىر سوئال كېلىدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىمۇ ئۆيىدىكىلەردىن ئىجازەت سوراشقا مەجبۇرمۇ ياكى سالام بېرىپ كىرىشى كۇپايە قىلامدۇ؟

ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، سالام بېرىپ كىرىشى كۇپايە قىلىدۇ. ئىجازەت سوراشقا ھاجەت يوق.

ئومۇمغا ئوچۇق جايلار، دۇكان، ئىشخانا قاتارلىقلارغا ئىجازەت سورىماي كىرىشكە يول قويۇلغانلىقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ يامان غەرەزلەردە بولغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە پۈككەنلىرىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئورۇندا ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەت كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، دىنىنىڭ رۇخسەتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

سىز بىراۋنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كەلگىنىڭىزدە، ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرسىڭىزمۇ ئۆيگە ئۇسۇپ كىرمەڭ. ئۆيدىكى سىز كۆرمەسلىككە تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن توختاپ تۇرۇپ، كەلگىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ ئىشارەت بېرىڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىچىنى تاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «لَوْ عَلِمْتُ أَنَّكَ تَنْظُرُ، لَطَعَنْتُ بِهَا فِي عَيْنِكَ، إِنَّمَا جُعِلَ الإِذْنُ مِنْ قِبَلِ الأَبْصَارِ» يەنى «سېنىڭ قارىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، (بۇ تارغاقنى) كۆزۈڭگە سانجىۋەتكەن بولاتتىم. چۈنكى، ئاللاھ ئىجازەت سوراشنى پەقەت كۆزنى ساقلاش ئۈچۈن بۇيرۇغان» دېگەن[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

2. ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيلەرگە ياكى ئۆزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى بار جايلارغا ئىجازەتسىز كىرىشكە بولىدۇ.

3. ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت سوراش ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئىشىكنى يېنىك قېقىش بىلەن بولىدۇ.

4. مۇسۇلمان ئادەم ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

## ◄ ھىجاب ئايىتى

﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّواْ مِنْ أَبْصَٰرِهِمْ وَيَحْفَظُواْ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا يَصْنَعُونَ ٣٠ وَقُل لِّلْمُؤْمِنَٰتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَٰرِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ۖ وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ ۖ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ ءَابَآئِهِنَّ أَوْ ءَابَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَآئِهِنَّ أَوْ أَبْنَآءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ إِخْوَٰنِهِنَّ أَوْ بَنِىٓ أَخَوَٰتِهِنَّ أَوْ نِسَآئِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَٰنُهُنَّ أَوِ ٱلتَّٰبِعِينَ غَيْرِ أُوْلِى ٱلْإِرْبَةِ مِنَ ٱلرِّجَالِ أَوِ ٱلطِّفْلِ ٱلَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُواْ عَلَىٰ عَوْرَٰتِ ٱلنِّسَآءِ ۖ وَلَا يَضْرِبْنَ

[1] «صحيح البخاري» 7-توم 164-بەت 5924-ھەدىس.

بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنَّ وَتُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٣١﴾

### تەرجىمىسى

30-(ئى پەيغەمبەر!) مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پاكلىقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

31-مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىنئا-تىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىن-داشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتكارلاردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (نارەسىدە) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆر-سەتمىسۇن، يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغ-لىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئەگەشكەن ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ماڭغان مۆئمىن بەندىلەرگە ئېيتقىنكى، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىگە بولسۇن، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسىي ئەزالىرىنى ھارام-زىنا ئىشلاردىن ساقلىسۇن. بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى-يامان بارلىق ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.

ئايەتتىكى ﴿ئېيتقىنكى﴾ دېگەن ئەمر پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېيىلگەندەك، ھەرقانداق ئىمام، يولباشچى، دەۋەتچى، يېتەكچى ۋە تەربىيەچىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېيىلگەن بۇيرۇقتۇر. ئايەتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مۆئمىنلەرنى زىنا-ھارام ئىشلاردىن توسۇش بولسىمۇ، ئالدى بىلەن زىنانىڭ ھاراملىقى بايان قىلىنماستىن،

نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشنىڭ هارامىلىقىنىڭ بايان قىلىنغانلىقى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشنىڭ زىنانىڭ مۇقەددىمىسى ۋە شەھۋەتنى قوزغاشنىڭ ئاملى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئايەتتە سۆزنى ﴿مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى﴾ دەپ باشلاشتىكى ھېكمەت مۇئمىنلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئورۇنداش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ۋە ئىماننىڭ بۇنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر.

ئى ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشىڭلارنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەرنى ۋە ئەمەلىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرۇپ يامان ئىش قىلىشتىن ئەيمىنىڭلار. شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ يوشۇرۇنچە قىلغان خىيانەتلىرىنى ۋە ئىنسانلار دىللىرىدا يوشۇرغان سىرلارنىمۇ تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەمەلىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى سىلەرنىڭ گۇناھتىن توسۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دىكى ھەرقانداق ئەمر-پەرمان مۇئمىن ئەرلەرگە قارىتىلغاندەك، مۇئمىن ئاياللارغىمۇ قارىتىلغان. ئەمما كېيىنكى ئايەتتە مۇئمىن ئاياللارغا قىلىنغان تەۋسىيەلەردە ئۇلارغا خاس ئەھكاملار بايان قىلىنغان.

ئەي تەربىيەچى! ئەي مۇئەللىم! ئەي ئاتا-ئانا! ئەي ئىمام! ئەي ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچى! ئەي ئەر! مۇئمىن ئاياللارغا شۇنداق بۇيرۇغىنكى، ئۇلار كۆزلىرىنى نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىسۇن. يۈگەپ يۇرۇشكە تېگىشلىك ئەزالىرىنى يۈگەپ يۇرسۇن، نامەھرەملەر بار يەردە بۇ ئەزالىرىنى ھەرگىز ئاچمىسۇن، ئادەتتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەت جايلىرىنىمۇ يېپىپ يۇرسۇن.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَلَا يُبۡدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنۡهَاۖ﴾ يەنى ﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿مَا ظَهَرَ مِنۡهَاۖ﴾ يەنى ﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق كۆپ ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى تاشقى كىيىم ياكى جىلباب (يەنى كىيىمنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان كىيىم) دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى، دەپ تەپسىر قىلغان. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري مۇپەسسىرلەرنىڭ ئايەتتىكى «يۈز بىلەن

ئىككى ئالقان»، «كىيىم»، «پەرەنجە»، «ئۈزۈك بىلەن كىيىم»، «يۈز بىلەن كىيىم»، «ئۈزۈك، خىنە، بىلەزۈك»، «ئۈزۈك بىلەن يېپىنچا»، «سۈرمە، ئۈزۈك، بىلەزۈك» دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل مەنىلەرنى ئېيتقانلىقنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى مەنىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ توغرىسى يۈز بىلەن ئىككى ئالقان دېگىنىدۇر، بۇنىڭغا ئايالنىڭ سۈرمىسى، ئۈزۈكى، بىلەزۈكلىرى ۋە خېنىسىمۇ كىرىدۇ»[1]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئەئمەش سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن، سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئايەتتىكى ﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىم﴾ نى ئايالنىڭ يۈزى، قولى، ئۈزۈكى، دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئۆمەر، ئەتائ، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ شەئسا، زەھھاك، ئىبراھىم نەخەئىي قاتارلىق ئۆلىمالارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر كۈنى ئەسما (ئائىشەنىڭ ھەدىسى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە نېپىز كىيىم كىيگەن ھالدا كىرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن يۈزىنى چۆرۈپ تۇرۇپ: ‹ئى ئەسما! قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئوچۇق قويماسلىقى كېرەك› دەپ يۈزى بىلەن ئىككى قولىنى كۆرسەتتى» [3] دېگەن.

«مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئايالنىڭ يۈزى، ئىككى ئالقىنى ئەۋرەت ئەمەس، دەپ قارايدۇ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئايالالرنىڭ تاپىنىمۇ ئەۋرەت ئەمەس دەپ قارايدۇ»[4].

بۇنىڭغا بىنائەن، ﴿كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئايالالر يۈزى ۋە ئىككى قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى يات ئەرلەرگە ئاشكارا قىلمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

قاراش دېگەن بىر خىل بولمايدۇ. ئايەتتە مەنئى قىلىنغىنى ھەرقانداق بىر قاراش ئەمەس، بەلكى تىكىلىپ قاراشتۇر. چۈنكى، يات ئەر بىلەن يات ئايالنىڭ بىر-بىرىگە تىكىلىپ قارىشى شەھۋەتنىڭ ئەلچىسىدۇر،

[1] «تفسير الطبري» 19- توم، 353- بەت.

[2] «تفسير ابن كثير»، 3- توم، 284- بەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. (ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس).

[4] «التفسير المنير» 18-توم، 217-بەت.

شەھۋەت بولسا، ھارام-زىنانىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەزل ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «لَكَ الْأُولَى وَلَيْسَتْ لَكَ الْآخِرَةُ» يەنى «بىر قېتىم قاراپ سالساڭ بولىدۇ، ئەمما ئىككىنچى قېتىم قاراش ھەققىڭ يوق»[1] دېگەن. مەلۇمكى، ئايەتتە مەنئى قىلىنغان قاراش ئىككىنچى قېتىملىق قاراش بولۇپ، بۇ تىكىلىپ قاراشتۇر.

مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەردىن كۆزلىرىنى ساقلىسۇن، ئۇلارغا تىكىلىپ قارىمىسۇن، جىنسى ئەزالىرىنى ھارامدىن ساقلىسۇن، ئەۋرەت ئەزالىرىنى يۆگەپ يۇرسۇن، يۈز ۋە قوللارغا ئوخشاش ئادەتتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىمدىن باشقا زىننەت ئەزالىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن.

ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «﴿حفظ الفرج﴾ دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ سۆزدىن زىنادىن ساقلىنىش كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، پەقەت ﴿وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ...﴾ دېگەن ئايەتتىلا ئەۋرەت ئەزالارنى، نامەھرەملەردىن يۆگەش دېگەن مەنىدە كەلگەن». بۇنىڭغا بىنائەن، ﴿وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇئمىن ئاياللار ئەۋرەت ئەزالىرىنى يوشۇرسۇن، ھېچكىمگە كۆرسەتمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار مەيدىلىرىنى ۋە كۆكرەكلىرىنى ئېچىپ يۇرەتتى. ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەسىردە بۇ ئادەت قايتىدىن ئومۇملاشقان. شۇڭا بەزى ئۆلىمالار بۇ ئەھۋالنى «ھازىرقى زاماننىڭ جاھىلىيىتى» دەپ ئاتايدۇ. گەرچە ﴿جىنسىي ئەزالىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن﴾ دېگەن ئەمر بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ يامان ئادەتنىڭ خەتىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

## ◄ ئايالنىڭ ئەۋرەت جايلىرىنىڭ چەك-چېگراسى

ئايالنىڭ ئەۋرىتى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئايالنىڭ يات ئەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئەزالىرى، ئىككىنچىسى، ئايالنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرى ئۈچىنچىسى، ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىدۇر.

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 38-توم 74-بەت 22974 -ھەدىس.

### ◄ ئايالنىڭ يات ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانىلىدىغان ئورگانلىرى

ئايالنىڭ يات ئەرلەر، مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى دىيانەت ۋە ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئاياللار ئالدىدا يۈزى، ئىككى ئالقىنى ۋە ئىككى پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەتتۇر.

چۈنكى، يات ئەرنىڭ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغان جايلىرىنى كۆرۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا، بەزى ئەخلاقسىز ئاياللار ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرەت ئورگانلىرىنى ئەرلەرگە سۈپەتلەپ بېرىشى ياكى هازىرقى پەن-تېخنىكا ئەسرىدە ئۇنىڭ يات ئەرلەر ئۈچۈن ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنى رەسىمگە تارتىۋېلىپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە تارقىتىش ئېهتىمالى بار. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ ئىپپەت، نومۇسىنى قوغداش يۈزىسىدىن مۇنداق ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئەۋرەت ئورگانلىرىنى قەتئىي ئاچماسلىقى لازىم.

ئەمما ئايالنىڭ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ياكى دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن بەزى ئورگانلىرىنى ئېچىشى رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام قانۇنىدا: «زۆرۈرىيەت مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا يول قويىدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ بار.

### ◄ ئايالنىڭ مەهرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى

«ئايالنىڭ ئۆز ئېرىدىن باشقا مەهرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ۋە يۆگەپ يۇرۇشى پەرز بولغان ئەزالىرى: ئۇنىڭ كۆكسى، قورسىقى، دۈمبىسى، كىندىكىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولغان جايلار بولۇپ، بۇ ئەزالارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاچسا بولمايدۇ. ئەمما بۇلاردىن باشقا ئەزالىرى ئەۋرەت سانالمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىلەكلىرىنى، پۇتلىرىنى، بويىنىنى ۋە چېچىنى ئېچىپ يۈرسە گۇناھ بولمايدۇ»[1]. ئەمما ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ ئالدىدا ئېچىشى چەكلەنگەن هېچبىر يېرى يوقتۇر.

---

[1] سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ 21428 ـ نومۇرلۇق پەتىۋاسى ۋە دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (هازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرىدىن.

## ◄ ئايالنىڭ دىنداش ئايال جىنسلىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى

ئايالنىڭ مۇسۇلمان يات ئاياللار ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئورگانلىرىنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئىسلامىي ئادەت مۇشۇ بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا ۋە ئۆي ئىچىدە بېشى، بويۇنلىرى، پۇت ۋە قوللىرى قاتارلىق ئادەتتە ساقلىنىپ بولالمايدىغان جايلىرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشى جائىزدۇر[1] .

## ◄ مەھرەم ۋە نامەھرەم ئۇقۇملىرى

مەھرەم – مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى دېمەكتۇر. نا- مەھرەم– بۇلارنىڭ ئەكسى، يەنى يات كىشىلەردۇر.

ئايالنىڭ مەھرەملىرى – ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئەر تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلار: شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، قېيىن ئاتىسى، ئۆگەي دادىسى، قىزلىرىنىڭ ئەرلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار قاتارلىقلاردۇر.

ئەرنىڭ مەھرەملىرى – ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلان- مايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدۇر[2] .

يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن، ئايال تۆۋەندىكىلەرگە كۆكسىدىن، قورسىقىدىن، دۈمبىسىدىن ۋە كىندىكىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولغان جايلاردىن باشقا ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرسە بولىدۇ:

1. ئايالنىڭ ئاتىسى. ئايالنىڭ چوڭ دادىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ
2. ئايالنىڭ قېيىن ئاتىسى.
3. ئايالنىڭ ئوغۇللىرى.
4. ئايالنىڭ ئەرلىرىنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان ئوغۇللىرى.
5. ئايالنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى.

---

[1] «اسلام ويب» 115965ـ نومۇرلۇق پەتىۋادىن.

[2] پېقىرنىڭ «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» ناملىق ئەسىرى، 44ـ51ـ بەتلەر.

6. ئايالنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى.

7. ئايالنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى.

8. دىنداش ئاياللار. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈن نامەھرەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان خانىم-قىزلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرۈشى جائىز ئەمەس.

9. ئايالنىڭ قول ئاستىدىكى چۆرىلىرى.

10. قېرىلىقتىن ياكى دەلدۈشلۈكتىن ئاياللارغا شەھۋىتى يوق خىزمەتكارلار.

11. ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان نارەسىدە باللار قاتارلىقلاردۇر.

ئەمما ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قاراشتا چەكلىمە يوقتۇر.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئاياللارغا ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن زىننەتلىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ يوشۇرۇن زىننەتلىرى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا سالىدىغان كولدۇرمىلىق خەلخالنى كۆرسىتىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى، خۇسۇسەن، ياشلارنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىدىغان شەكىلدە كېيىنىشى ياكى بەزى ئەۋرەت ئەزالىرىنى ئېچىپ يۈرۈشى شەھۋەتنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، تۈرلۈك يامانلىقلارغا يول ئاچىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئاياللارغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنى ئاياللارنى پەقەت ئۆيىنىڭ ئىچىدىلا ھايات كەچۈرسۇن دېمەيدۇ. بەلكى ئاياللارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش، خىزمەت قىلىش، ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، ئاتا-ئانىسىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق ئېھتىياجلار ئۈچۈن ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىپ سىرتقا چىقىشىغا قارشى ئەمەس. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى چەكلىگەن شەكىلدە كىيىنىپ، ئەۋرەت ئەزالىرىنى تولۇق يۆگىمەي نامەھرەملەر بار جايلارغا بېرىشى چەكلىنىدۇ.

ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھىڭلار ۋە ھەرقانداق بىر خاتالىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراش هارامدۇر.

2. ئاياللارنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرىنى يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۆگەپ، ئىسلامىي قىياپەتتە يۇرۇشى پەرزدۇر.

3. ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ زىننەتلىرىنى ياكى ئەۋرەت سانالغان ئەزالىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن جەلپ قىلارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىشى توغرا ئەمەس.

4. چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلار ۋە خاتالىقلار ئۈچۈن تەۋبىنى يېڭىلاپ تۇرغانلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ.

5. ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان شەكىلدە كىيىنىپ يۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس.

### ◄ بويتاقلارنى ئۆيلەندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

﴿وَأَنكِحُواْ ٱلۡأَيَـٰمَىٰ مِنكُمۡ وَٱلصَّـٰلِحِينَ مِنۡ عِبَادِكُمۡ وَإِمَآئِكُمۡۚ
إِن يَكُونُواْ فُقَرَآءَ يُغۡنِهِمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ٣٢
وَلۡيَسۡتَعۡفِفِ ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّىٰ يُغۡنِيَهُمُ ٱللَّهُ مِن
فَضۡلِهِۦۗ وَٱلَّذِينَ يَبۡتَغُونَ ٱلۡكِتَـٰبَ مِمَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَـٰنُكُمۡ فَكَاتِبُوهُمۡ
إِنۡ عَلِمۡتُمۡ فِيهِمۡ خَيۡرٗاۖ وَءَاتُوهُم مِّن مَّالِ ٱللَّهِ ٱلَّذِيٓ ءَاتَىٰكُمۡۚ وَلَا
تُكۡرِهُواْ فَتَيَـٰتِكُمۡ عَلَى ٱلۡبِغَآءِ إِنۡ أَرَدۡنَ تَحَصُّنٗا لِّتَبۡتَغُواْ عَرَضَ
ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَمَن يُكۡرِههُّنَّ فَإِنَّ ٱللَّهَ مِنۢ بَعۡدِ إِكۡرَٰهِهِنَّ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ٣٣ وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكُمۡ ءَايَـٰتٖ مُّبَيِّنَـٰتٖ وَمَثَلٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ
خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِكُمۡ وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ٣٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32-ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر ۋە ئاياللارنىڭ، ئۆيلىنىشكە لاياقەتلىك قۇل -

چۆرىلىرىڭلارنىڭ بىشىنى ئۇڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

33ـ ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن (ۋە چۆرىلىرىڭلاردىن ئۆزىنىڭ ئازادلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن) توختام تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلاردا ياخشىلىقنى (يەنى مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە ۋە ئىشلەشكە قادىر ئىكەنلىكىنى) بايقىساڭلار، ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكتىن ئۇلارغا بېرىڭلار. دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ چۆرىلىرىڭلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار، ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خا-لايدىغان تۇرسا (سىلەر قانداقلارچە ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايسىلەر؟!). كىمكى ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن شەكسىزكى، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (زىنانىڭ گۇناھى مەجبۇرلىغانلارغا بولىدۇ).

34ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىز ھەقىقەتەن سىلەرگە (ھەقىقەتنى) روشەن با-يان قىلغۇچى ئايەتلەرنى، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن مىساللار-نى ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا زىنانىڭ جازاسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان، كېيىنكى ئايەتلەردە بىراۋنى زىنا بىلەن قارىلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمىگەنلەرنىڭ تۆھمەت چاپلىغۇچى دېگەن ئەيىب بىلەن جازالىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا چاپلانغان تۆھمەت قىسسىسى بايان قىلىنغان، ئاندىن بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئىجازەتسىز كىرمەسلىك مەسىلىسى، ئاندىن نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق مەسىلىسى قاتارلىق شەرىئەت ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان زىنادىن ساقلىنىش ئۈچۈن قالقان ئورنىدا تۇرىدۇ. تۆۋەندە تەپسىرى بېرىلىدىغان ئايەتلەردە ئۆيلىنىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش چارىلىرى تەۋسىيە قىلىنغان.

مەلۇمكى، ئىنساندىكى جىنسىي ھەۋەس تەبىئىي ئېھتىياجلاردىن بولۇپ، ئۇنى قاندۇرۇشنىڭ ئەڭ توغرا چارىسى ئۆيلىنىشتۇر. ئۆيلىنىش

ئارقىلىق زىنا-پاھىشەلەردىن ۋە نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئەي ئاتا-ئانىلار! ئەي خوجايىنلار! ئەي مۇسۇلمان جامائەتلەر! پەرزەنتلىرىڭلار، قول ئاستىڭلاردىكىلەر ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار ئارىسىدا ئۆيلىنەلمەي قالغان كىشىلەرنى ئۆيلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار.

ئۆلىمالار بۇ يەردىكى ﴿بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار﴾ دېگەن ئەمىر پەرزنى ئىپادىلەمدۇ ياكى مۇباھنىمۇ (ئىختىيارنىمۇ) دېگەن ماۋزۇدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئايەتنىڭ كۆرۈنۈشىدىن بۇ ئەمىرنىڭ پەرزنى ئەمەس، مۇباھنى ئىپادىلەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھېچبىر ئۆلىما خوجايىننىڭ قۇل، چۆرىلىرىنى ئۆيلەپ قويۇشىنى پەرز دېگەن ئەمەس. ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى ئەمىر ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغان قۇل، چۆرىلەرنى ئۆيلەپ قويسا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمدى ﴿ئۆيلىنىشكە لاياقەتلىك قۇل-چۆرىلىرىڭلار﴾ دېگەن ئايەتتىن مەقسەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، خوجايىنىغا ساداقەتمەن قۇل-چۆرىلەرنى ئىپادىلىگەننىڭ سىرتىدا، توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ۋە شارائىتى تولۇپ يېتىلگەن ئوغۇل-قىزلارنى ئىپادىلەيدۇ.

توينىڭ چىقىملىرى ۋە قىزلارنىڭ مەھرى ھەققى ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بۇ زامانلاردا بەزى ياشلاردا ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇللۇقىنى، توي چىقىملىرىغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆيلىنىشكە ئالدىرىماسلىق ياكى ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىش دېگەندەك ئەھۋاللار كۆرۈنمەكتە. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇنداق خاتا قارىشىغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾. باي قىلىش بىلەن يوقسۇل قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ.

ساددا ئەقىل بىلەن ئويلىغاندىمۇ، ئۆيلىنىش يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئازراق ئىشلىسىمۇ تۇرمۇشى قامدىلىدۇ. ئەمما ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇ بىر ئائىلىنىڭ - ئۆزىنىڭ، ئايالىنىڭ ۋە باللى-

رىنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆنۈپ قالغان كونا ئادىتى بويىچە ئىشلەشكە قىزىقمىسا، ئايالى ئۇنى ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجى ئۇنى رىزىق ئىشىكىنى ئەمگەك ئاچقۇچى بىلەن ئېچىشقا زورلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەر بىر ئائىلىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتتىق بېرىلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپ ئۇ يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلىدۇ. رىئاللىقمۇ بۇنى كۈچلەندۈرمەكتە.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسى بولۇپ، ئۇ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق بىلىدۇ، شۇڭا كىمگە قانداق ۋە قانچىلىك بېرىشنى ھېكمەت بىلەن بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بويتاق ئادەمنى باي، ئۆيلەنگەن ئادەمنى يوقسۇل قىلىشقا ۋە ئەكسىچە قىلىشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۆيلىنىش باي بولۇشقا كېپىللىك قىلالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، خالاس. بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ يوقسۇللۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بەزى ئادەملەرنىڭ بويتاق تۇرۇپ باي بولۇۋاتقانلىقى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

﴿ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾ يەنى ئۆيلىنىشكە ماددىي جەھەتتىن قۇربى يەتمەيدىغانلار جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۆزلىرىنى بۇزمىسۇن، نەپسىنى ئۆز كونترولى ئاستىدا تۇتسۇن، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، شەھۋەتنى قوزغايدىغان ئامىللاردىن يىراق تۇرسۇن، تەقۋالىق بىلەن ئىش كۆرسۇن.

مەلۇمكى، ئىپپەت مەنىۋىيەتنى كۈچەيتىش، تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. نەپسىنىڭ يولسىز ئىستەكلىرىنى ۋە شەيتاننى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلىغان ئادەم «ئىپپەتلىك» ئادەمدۇر. نەپلە (ئىختىيارىي) روزىلارنى كۆپ تۇتۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئاللاھ تائالاغا زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش، ئەھلى ئىلىم، تەقۋادار كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بولۇش، ئىلمىي سورۇنلارغا، ئىلمىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە كۆپ ئىشتىراك قىلىش، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىش ۋە رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئىپپەتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تەنھەرىكەت ۋە جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق بەدەننى جىسمانىي تەرەپتىن چارچىتىش بىلەنمۇ جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۈچىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلام كۆرسەتمىسىگە زىت كەلمەسلىكى شەرتى بىلەن ئۆزى

قىزىقىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقمۇ جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنسىي ھەۋەسنى يېڭىشنىڭ چارىسىنى ئىخچام ھالدا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يَا مَعْشَرَ الشَّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ البَاءَةَ فَلْيَتَزَوَّجْ ، وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصَّوْمِ فَإِنَّهُ لَهُ وِجَاءٌ» يەنى «ئەي ياشلار جامائەسى! ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغىنىڭلار دەرھال ئۆيلىنىڭلار، ئۇنىڭ چىقىمىغا كۈچى يەتمەيدىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى، روزا شەھۋەتنى پەسەيتىدۇ»[1] . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردە تەۋسىيە قىلغىنى نەپلە روزىدۇر. زادى رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇش ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. مەلۇمكى، روزا تۇتۇش مەنىۋى ۋە جىسمانىي تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان دەردلەرگە شىپادۇر. مەنىۋىيەتنىڭ كۈچلىنىشى ۋە بەدەننىڭ بوشىشى بىلەن جىنسىي ھەۋەس پەسىيىدۇ. بەدەننى چارچىتىش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋەسنىڭ كۈچىنى ئوبدان يەڭگىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى قۇللۇققا قارشى بولسىمۇ، ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشنى بىر دەمدىلا يوق قىلىش ئاسانغا توختىمايتتى. شۇڭا دىنىمىز كۆپلىگەن گۇناھلارنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشنى شەرت قىلىش، قۇل ئازاد قىلسا بېرىلىدىغان كاتتا ساۋابلارنى بايان قىلىش ۋە قۇللارنىڭ خوجايىنلىرىغا مەلۇم مىقداردا ھەق تۆلەپ قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشىغا يول ئېچىش قاتارلىق چارىلەر بىلەن قۇللۇققا خاتىمە بېرىش تەدبىرىنى قوللانغان. ھەتتا قۇللارنى خوجايىنلىرىغا پۇل بېرىپ قۇللۇقتىن ئۆزىنى ئازاد قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى زاكات بېرىلىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزگەن. ﴿إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلۡغَٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۖ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ﴾ يەنى ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [2] .

---

[1] «صحيح البخاري» 7- توم 3- بەت 5065-ھەدىس.

[2] تەۋبە سۈرىسى: 60-ئايەت.

ئايەتتە قۇللارنىڭ خوجايىنلىرىغا مەلۇم مىقداردا ھەق تۆلەش ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىشىشكە يول قويۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان. شۇڭا پۇل-مال ئىگىلىرىنى قول ئاستىدىكى قۇل-چۆرىلەرنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا چاقىرىپ: ﴿سىلەرگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكتىن ئۇلارغا بېرىڭلار﴾ دېگەن، بۇ ئارقىلىق خوجايىنلارنى بېخىللىق قىلماسلىققا ئۈندىگەن. مال-دۇنيانىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ۋە بايلارنىڭ قولىدىكى مال-دۇنيانىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئەسلىتىشنىڭ ئۆزى ئۇلارنى مەردلىك قىلىشقا ۋە سېخىيلىققا ئۈندەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» جاھىلىيەت ئەرەبلىرىدە كەڭ تارقالغان يەنە بىر يامان ئادەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بەزى بايلارنىڭ ئۆز چۆرىلىرىنى مەجبۇري ھالدا زىنا-پاھىشىگە سېلىشى ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ پۇل تاپاتتى. «قۇرئان كەرىم» بۇ ئادەتنى يوق قىلىشتا، ئۇلارغا گۇناھىنىڭ قاتتىقلىقىغا مۇناسىپ كېلىدىغان قاتتىق ئىبارە بىلەن رەددىيە بېرىپ، ﴿مال-دۇنيانى كۆزلەپ چۆرىلىرىڭلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار، ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالايدىغان تۇرسا (سىلەر قانداقلارچە ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلايسىلەر؟!)﴾ دېگەن. كىشىلەرنى زىنا-پاھىشىگە مەجبۇرلاش ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇلارنىڭ زىنا قىلىشىغا يول قويۇشمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئەمما زورلاش ئۇنىڭغا يول قويۇشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئۇلارنى زىنا-پاھىشىگە سېلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

ئۆزلىرى خالىمىسىمۇ زىناغا زورلانغان بۇ بىچارە چۆرىلەرنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ، ئۇلارغا رەھىم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يامان ئىشقا زورلانغان چارىسىزلاردۇر. ئەمما ئۇلارنى زورلاپ زىنا-پاھىشە ئىشلارغا سالغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ياماندۇر. ئۇلار دوزاخقا بارىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، چۆرىلەرنى مەجبۇرلاپ زىنا قىلدۇرغانلىقنىڭ گۇناھى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئايەتتە چۆرىلەرنى ﴿فَتَيَاتِكُمْ﴾ يەنى ﴿قىزلىرىڭلار﴾ دەپ ئاتاش ئۆزىنىڭ چۆرىلىرىنى زىنا-پاھىشىگە سېلىشتىن ئىبارەت بۇ قەبىھ گۇناھنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن زور تەسىرگە ئىگىدۇر. چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى شۇنداق زىنا-پاھىشە ئىشقا سېلىشنى راۋا كۆرمىگەن ئادەم قول ئاستىدىكى

خىزمەتكارلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمەسلىكى لازىم.

جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ قىزلارنى پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىش ئادىتى ھازىرقى ئەسىردە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر خىل شەكىللەردە قايتىدىن باش كۆتۈرمەكتە. خۇسۇسەن، ساياھەت شىركەتلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلدۇرۇش ۋە شىركەتكە خېرىدارلارنى جەلب قىلىش ئۈچۈن ياش قىزلارنى يالىلاپ مۇلازىمەت قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماگىزىنلاردا، ئېلانلاردا ۋە كۆپلىگەن ئورۇنلاردا كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىزلارنى مۇلازىمەتكە سالىدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئى مۇسۇلمانلار! بىز سىلەرگە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي ئىلمىگە ۋە چەكسىز قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان، پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان دەلىللەرنى ۋە سىلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلاردا زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، ئىلگىرىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئىبرەت ۋە ساۋاقلارنى بېرىدىغان، مۆئمىنلەرگە ۋەز-نەسىھەت بولىدىغان روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. جەمئىيەتتىكى يوقسۇل ياشلارنىڭ ئۆيلىنىش ئىشلىرىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش كاتتا ساۋابلىق ئەمەللەردىن سانىلىدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن ئۇلارغا خەير-ئېھسان قىلغانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلىغانلىقتۇر.

2. ئۆيلىنىشكە ماددىي جەھەتتىن كۈچى يەتمەيدىغان ياشلار پۇرسەت يېتىپ كەلگۈچىلىك روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھايات كەچۈرۈش نىيىتى بىلەن ئائىلە قۇرغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن چوقۇم بېيىتىدۇ.

4. باشقىلارنى زىناغا مەجبۇرلاش زىنا قىلغانغا ئوخشاشلا ھارامدۇر.

5. نۇر سۈرىسى شەرئىي ئەھكاملىرى ئەڭ كۆپ بايان قىلىنغان سۈرىدۇر.

### ◄ ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر

﴿ ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشۡكَوٰةٖ فِيهَا

مِصۡبَاحٌۖ ٱلۡمِصۡبَاحُ فِي زُجَاجَةٍۖ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوۡكَبٞ دُرِّيّٞ يُوقَدُ
مِن شَجَرَةٖ مُّبَٰرَكَةٖ زَيۡتُونَةٖ لَّا شَرۡقِيَّةٖ وَلَا غَرۡبِيَّةٖ يَكَادُ زَيۡتُهَا
يُضِيٓءُ وَلَوۡ لَمۡ تَمۡسَسۡهُ نَارٞۚ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٖۚ يَهۡدِي ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن
يَشَآءُۚ وَيَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَٰلَ لِلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ ﴿٣٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

35ـ ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ بولۇپ، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر. ئۇ چىراغ شەرقىمۇ، غەربىمۇ تەۋە بولمىغان مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىدىن (چىقىرىلغان ياغ بىلەن) يورۇتۇلغان، ئۇنىڭ يېغى (سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) ئىنسانلارغا (مانا مۇشۇنداق) مىساللارنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

## ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ئوقۇغان، بايانلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغان ئادەم ياخشى بىلىدۇكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسان ھاياتىنى يورۇتىدىغان روشەن نۇر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغان ئادەم توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ ۋە ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ، سىراتۇل مۇستەقىمدا (تۈپتوغرا يولدا) ئىزچىل ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى پارلاپ يولىنى يورۇتۇپ تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئېزىپ كەتسۇن؟! شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نۇرنىڭ ئىگىسى ۋە مەنبەسىدۇر.

ھىدايەت بىلەن نۇر ئىككىسى ئىنساننىڭ يولىنى يورۇتىدىغان مەنىۋى چىراغ بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى ۋە قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ ھىدايەت بىلەن نۇردىن ئالغان نېسىۋىسىگە قاراپ بولىدۇ.

﴿ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يورۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نۇرنىڭ ئىگىسى ھەم مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كائىناتتىكى شەيئىلەر-قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، زېمىن قاتارلىق سەييارىلەر، شۇنداقلا جىمى مەخلۇقات ئۈستىدە تەرەپسىز ھالدا ئەركىن تەپەككۇر قىلغان ئادەم چوقۇم ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، چەكسىز قۇدرىتىگە، مول ئىلمىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر، شۇنداقلا ئىسلام دىنى روشەنلىكتە، تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە چىراغقا ئوخشايدۇكى، چىراغ شىشىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، پارلاق يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇر روشەنلىكتە ۋە پارلاقلىقتا زەيتۇن يېغىدا ياندۇرۇلغان، شەرق ياكى غەرب تەرەپكە مەنسۇپ بولمىغان، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان چىراغقا ئوخشايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ تەسۋىرى ئىلاھىي نۇرنىڭ ئاپئاق قەلبلەرگە بېرىدىغان تەسىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ قاراڭغۇ-لۇقلارنى يورۇتۇپ ھەقىقەتنى نامايان قىلىدىغان ھالىتى ئەكس ئەتتۇ-رۇلگەن. ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئىماننىڭ نۇرى قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر، ئەلۋەتتە.

ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىنىڭ نۇرى شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، قەلبلەرگە بۆسۈپ كىرىدىغان كەسكىنلىكتە تۇرسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ نۇر كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەممە ئادەم مۇسۇلمان بولمايدۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ: ﴿ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ (ھىدايەت) نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾ دەيدۇ. ھىدايەت نۇرىنىڭ ھەممە قەلبلەرگە كىرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. بىراق قەلبلەر خۇددى تېرىم يەرلەرگە ئوخشاش ھەر خىل بولۇپ، بەزى قەلبلەر خۇددى سۇنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق مول ھوسۇل بېرىدىغان مۇنبەت يەرگە ئوخشاش ھىدايەت نۇرىنى قوبۇل قىلسا، بەزى قەلبلەر خۇددى سۇنى قوبۇل قىلمايدىغان قاتتىق يەرگە ئوخشاش ھىدايەت نۇرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا بۇنداق قەلبلەر ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھىدايەت نۇرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار قەلبلەرگە ھىدايەت نېسىپ قىلغىنىدەك، ھىدايەتكە ئېچىلمىغان، قارىيىپ كەتكەن قەلبلەرنى ھىدا-

يەت قىلمايدۇ. چۈنكى، ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغان مەسىلىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ۋە پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھىدايەتنىڭ، ھەققانىيلىقنىڭ ۋە ھەربىر ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر.

2. مىساللار ئوي-پىكىرنى ۋە ھەرقانداق بىر مۇددىئانى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئەپلىك يولىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى مىساللاردا شۇ مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغان.

3. مۇئمىن ئادەمنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ تۇرىدۇ.

## ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار

﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ ٱللَّهُ أَن تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا ٱسْمُهُۥ يُسَبِّحُ لَهُۥ فِيهَا
بِٱلْغُدُوِّ وَٱلْآصَالِ ﴿٣٦﴾ رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَٰرَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ
ٱللَّهِ وَإِقَامِ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءِ ٱلزَّكَوٰةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ ٱلْقُلُوبُ
وَٱلْأَبْصَٰرُ ﴿٣٧﴾ لِيَجْزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحْسَنَ مَا عَمِلُوا۟ وَيَزِيدَهُم مِّن
فَضْلِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ يَرْزُقُ مَن يَشَآءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ ﴿٣٨﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

36-ئاللاھ، ئۇلۇغلىنىشىغا ۋە ئىچىدە ئۆز ئىسمىنىڭ زىكرى قىلىنىشىغا ئىزنى بەرگەن ئۆيلەردە مەسجىدلەردە ئەتىگەن- ئاخشامدا مۇئمىنلەر ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

37-ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، نە تىجارەت، نە سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن ۋە زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار

(قورقۇنچتىن) دىللار پاراكەندە ۋە كۆزلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن قورقىدۇ.

38ـ ئالڵاھنىڭ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى بويىچە مۇكاپات بېرىشى ۋە ئۆز پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن (ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ). ئالڵاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

مۇئمىنلەر ھەر ۋاقىت ئالڵاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ۋە تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇغاندا، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا، ئالڵاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى، گۈزەل سەنئەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان چاغلىرىدا، ئەتىگەن-ئاخشامدا، خۇسۇسەن، مەسجىدلەردە ئالڵاھ تائالانى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، نە تىجارەت، نە سودا-سېتىق ئىشلىرى ئۇلارنى ئالڵاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن، ئۇلۇغلاشتىن، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداشتىن ۋە ئىبادەتتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ماددىغا چوقۇ-نىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى دەپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئالڵاھ تائالانى لايىقىدا ئۇلۇغلايدىغان، نامازلىرىنى مۇكەممەل ئوقۇيدىغان، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان، دەھشىتىدىن دىللار پاراكەندە بولۇپ كېتىدىغان، نامە-ئەمەلىم قايسى تەرىپىمدىن بېرىلىدىكىن، دەپ كۆزلەر ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقىدىغان، بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق شۇ كۈندە ئالڵاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇشنى ۋە تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەمەل -ئىبادەتنى مۇكەممەل قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ئالڵاھ تائالا خالىغان بەندىسىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پەزل-كەرەمى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئالڵاھ تائالانىڭ ئۆيلىرى بولغان مەسجىدلەرنى رېمونت قىلىش، تازىلاپ پاكىز تۇتۇش، ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالڵاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. سودا-سېتىق، تىجارەت ۋە دۇنيالىق ئىشلار قانچىلىك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن شارائىتلاردىمۇ ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى، خۇسۇسەن، ناماز بىلەن

زاكاتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغانلار مەڭگۈ كاساتت بولمايدىغان ئاخىرەت تىجارىتىدە پايدا تاپقۇچىلاردۇر. ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى ماختىغان.

### ◄ ئاللاھ تائالانىڭ نۇرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلار

﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً
حَتَّىٰ إِذَا جَاءَهُ لَمْ يَجِدْهُ شَيْئًا وَوَجَدَ اللَّهَ عِنْدَهُ فَوَفَّاهُ حِسَابَهُ
وَاللَّهُ سَرِيعُ الْحِسَابِ ﴿٣٩﴾ أَوْ كَظُلُمَاتٍ فِي بَحْرٍ لُجِّيٍّ يَغْشَاهُ مَوْجٌ
مِنْ فَوْقِهِ مَوْجٌ مِنْ فَوْقِهِ سَحَابٌ ظُلُمَاتٌ بَعْضُهَا فَوْقَ بَعْضٍ إِذَا
أَخْرَجَ يَدَهُ لَمْ يَكَدْ يَرَاهَا وَمَنْ لَمْ يَجْعَلِ اللَّهُ لَهُ نُورًا فَمَا لَهُ
مِنْ نُورٍ ﴿٤٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

39-كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل، دەپ قىلغان) ئەمەللىرى خۇددى تەشنا ئادەم (يىراقتىن) سۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ، يېنىغا كەلسە (سۇدىن) ھېچبىر ئەسەر تاپالمايدىغان باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشاشتۇر. (قىيامەت كۈنى) ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆرىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەلىگە تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

40-ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ. مانا بۇ قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر. (بۇ قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئادەم) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ كىمگە نۇر ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ نۇردىن (يەنى ھىدايەتتىن ئەسلا) نېسىۋىسى بولمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئورۇق-تۇغقانلارغا ياردەم قىلىش، ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئەسىر-لەرنى ئازاد قىلىش دېگەندەك ئەمەللىرى ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈشنىڭ شەرتى ئىماندۇر.

شۇڭا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمانى بولمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. كاپىرلارنىڭ ياخشى ئەمەل ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ دەپ قىلغان ئەمەللىرى سەراپقا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى دەشتى - چۆلدە قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتىن سەراپنى سۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلغان بولسىمۇ، يېنىغا بارسا سۇدىن ھېچبىر ئەسەر تاپالمىغانلىقتىن كۈتكەنلىرى بىكارغا كەتكەن ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. خۇددى سەراپنى سۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ مىڭبىر جاپادا يېنىغا بارسا سۇدىن ھېچبىر ئەسەر تاپالمىغان ئادەمدەك، ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتمىغان ۋە خاتا يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەللىرى پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كېتىدۇ. كاپىر ئادەم ئاخىرەتتە ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسىگە خۇددى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئادەم سۇغا تەشنا بولغاندەك موھتاج بولغان ۋاقىتتا، ئەمەللىرى ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئاللىبۇرۇن بىكار بولۇپ كەتكەن. شۇ چاغدا، كاپىر ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى، ياخشىلىقتىن ھېچبىر نېسىۋىسى يوقلۇقىنى كۆرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە كاپىرلارنىڭ ھىدايەت نۇرىدىن يىراق ئىكەنلىكى ۋە ياخشى ئەمەل دەپ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئازغۇنلۇق، گاڭگىراش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قىلىنغان پايدىسىز ئەمەللەر ئىكەنلىكىگە بىر مىسال كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قاتمۇقات دولقۇنلار قاپلىغان چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشاتقان. قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ئىچىدە قالغان ئادەم ئۆزىنى قۇتقۇزالمىغاندەك، ئەمەللىرىنى ئازغۇنلۇق ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قىلغان ئادەممۇ ئاخىرەتتە ئۇ ئەمەلنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئوخشىتىشنى كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالىغا قارىتىلغان ئوخشىتىش دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ، كاپىرلار دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايەت نۇرىدىن مەھرۇم ھالدا ھىدايەتسىز بىر ھاياتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ ھالى چوڭقۇر دېڭىزلارنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقلارغا ئوخشىتىلغان.

ئازغۇنلۇقنى ۋە ھىدايەتسىزلىكنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن كاپىر ئادەم گويا ئۆزىنى قاتمۇقات دولقۇنلۇق چوڭقۇر دېڭىزغا ئاتقان ئەخمەق ئادەمگە ئوخشىتىلغان. بۇنداق قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئادەم قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بىراۋغا ھىدايەت ئاتا قىلمىسا، ئۇنىڭ ھىدايەتتىن نېسىۋە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھىدايەتنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بېرەلمەيدۇ.

بۇ ئايەتلەردىكى بايانلار ئومۇمەن يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاخىرەتكە ئىشەنمىدىغان كاپىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى قوبۇل بولمىغان ئىكەن، گەرچە ئۇلار ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى قەتئىي كۆرەلمەيدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىست كاپىرلاردىمۇ ئىمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقاندارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق ياخشى ئىشلىرى ئاخىرەتتە ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار بۇ ياخشى ئىشلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىدۇ.

بۇ ئايەتلەر يەنە شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىگەن قانۇن-پىرىنسىپلىرى روشەنلىكتە، پايدىسىنىڭ ئومۇمىيلىقىدا، ھەققانىيلىقىدا خۇددى كائىناتنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەمەل قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتمايدۇ، ئەكسىچە پايدا تاپىدۇ، روھىي بوشلۇقتا ياشىمايدۇ، قايمۇقۇپ قالمايدۇ. ئەمما ئىسلام دىنىغا زىت كېلىدىغان يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەر خۇددى سەراپقا ئوخشاش پارقىراپ تۇرسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدۇ.

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئەقىل ئىشلىتىدىغانلار بارمۇ؟!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلار ناۋادا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەمەل-ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىمان شەرتتۇر.

2. كاپىرلارنىڭ ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرى شەيتان پەردازلاپ كۆرسەتكەن پايدىسىز ئىشلار بولۇپ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ.

3. كاپىرلار بۇ دۇنيادا جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ياشايدىغان مەخلۇقلاردۇر.

**4.** ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمىغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ.

## ◄ كائىناتنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدىغانلىقى

﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَن فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَٱلطَّيْرُ
صَٰٓفَّٰتٍ ۖ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُۥ وَتَسْبِيحَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ
﴿٤١﴾ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِلَى ٱللَّهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿٤٢﴾ أَلَمْ تَرَ أَنَّ
ٱللَّهَ يُزْجِى سَحَابًا ثُمَّ يُؤَلِّفُ بَيْنَهُۥ ثُمَّ يَجْعَلُهُۥ رُكَامًا فَتَرَى ٱلْوَدْقَ
يَخْرُجُ مِنْ خِلَٰلِهِۦ وَيُنَزِّلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِن جِبَالٍ فِيهَا مِنۢ بَرَدٍ
فَيُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ وَيَصْرِفُهُۥ عَن مَّن يَشَآءُ ۖ يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِۦ
يَذْهَبُ بِٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٣﴾ يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيْلَ وَٱلنَّهَارَ ۚ إِنَّ فِى ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً
لِّأُو۟لِى ٱلْأَبْصَٰرِ ﴿٤٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**41**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كېرگەن (ھالدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھەربىرى ئۆزىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

**42**ـئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر، قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

**43**ـكۆرمەمسەنكى، ئاللاھ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلانغان ھالغا كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاللاھ ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭدىن ساقلايدۇ، (بۇلۇتتىكى) چاقماقنىڭ يورۇقى كۆزلەرنى نابۇت قىلىۋەتكىلى تاس قالىدۇ.

**44**ـئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا پاراسەت ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ، شۇنداقلا كائىناتنىڭ نۇرى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ۋە ھەممىنى ئىماننىڭ ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا دەۋەت قىلغان زاتتۇر. ئىنسانلاردىن بۇ دەۋەتكە قۇلاق سېلىپ توغرا يولنى تاللىغانلىرى بولغىنىدەك، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئازغۇنلۇقنى تاللىۋالغانلىرىمۇ بار. ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغانلار قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قالغان، ھەتتا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئەزاسى بولغان قولىنى چىقارسىمۇ قاراڭغۇلۇقتىن ئۇنى كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە زۇلمەتكە مەھكۇم بولغان. بۇ ئىمانسىزلارنىڭ نەقەدەر ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىگە كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر، ئەلۋەتتە.

ئى پەيغەمبەر! ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنسان، پەرىشتە ۋە ئۇچارقانات قاتارلىق بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ بارچە نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟!

گەرچە بۇ خىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بارچە ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنساندىن سورالغان سوئالدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كائىناتتىكى مەۋجۇداتنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ تىلى ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭ بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. ﴿تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورٗا﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاھنى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، ئاللاھنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ (ئېيتقان) تەسبىھىنى چۈشەنمەيسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زاتتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ [1] .

ئايەتتە قۇشلارنىڭ ھاۋادا قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى زىكىر قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، قۇشلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا قاناتلىرىنى كېرىگەن ھالدا ئۇچۇشى، ھەتتا ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۇشى ۋە چۈشىدىغان چاغدا قاناتلىرىنى يىغىۋېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي قۇد-

---

[1] ئىسرا سۈرىسى 44-ئايەت.

رەتنىڭ چەكسىزلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ﴿أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ إِلَى ٱلطَّيۡرِ فَوۡقَهُمۡ صَٰٓفَّٰتٖ وَيَقۡبِضۡنَۚ مَا يُمۡسِكُهُنَّ إِلَّا ٱلرَّحۡمَٰنُۚ إِنَّهُۥ بِكُلِّ شَيۡءِۭ بَصِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان هالدا ئۇزلىرىنىڭ ئۈستىدە (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ قۇشلارنى (هاۋادا) پەقەت رەھمان ئاللاھ تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [1] .

﴿كُلّٞ قَدۡ عَلِمَ صَلَاتَهُۥ وَتَسۡبِيحَهُۥۗ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەريي ئۈچ خىل تەپسىرنى بايان قىلغان بولۇپ، بىرىنچىسى، «ئاللاھ ھەربىرىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ» دېيىش. ئىككىنچىسى، ﴿ھەربىرى ئۆزىنىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ﴾ دېيىش. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خۇددى مۇئمىنلەرگە فاتىھە سۈرىسىدە ئۆزىگە قانداق ھەمدۇسانا ئېيتىشنى ۋە قانداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەندەك، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتقا ئۆزىگە قانداق تەسبىھ ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا قانداق تەسبىھ ئېيتىشنى ۋە قانداق مۇناجات قىلىشنى بىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، «ھەربىرى ئاللاھ بۇيرۇغان دۇئا ۋە تەسبىھنى بىلىدۇ» دېيىشتۇر. ئەللامە تەبەريي بۇ ئۈچ خىل تەپسىرنىڭ ئاۋۋالقىسىنى كۈچلەندۈرگەن[2]. تەپسىرى مۇيەسسەردە مۇنداق مەنە ئېيتقان: «ئاللاھ ھەربىر مەخلۇقنى قانداق دۇئا قىلىش ۋە قانداق تەسبىھ ئېيتىشقا يېتەكلىگەن»[3].

ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر. بارلىق خالايىق ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى دېڭىز، ئوكيانلاردىن ئۆرلەپ چىققان پارنىڭ ئاسماندا چوڭ بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىشى ۋە شاماللارنىڭ ھەيدىشى بىلەن بۇ بۇلۇتلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان جايلارغا يامغۇر ياغدۇرۇشىدۇر. ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولغان بۇلۇتلار بىر-بىرى بىلەن بىرىكىپ خۇددى تاغلاردەك چوڭىيىدۇ. ئەمما بۇ بۇلۇتلاردىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى تامچىلاپ چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ پېتى چۈشىدىغان بولسا، يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب

[1] مۇلك سۈرىسى: 19-ئايەت.
[2] «تفسير الطبري» 19- توم، 200- بەت.
[3] «تفسير الميسر» 355- بەت.

بولىدىغان پالاكەتلەرگە يول ئاچقان بولاتتى. بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىغا ۋە بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

يامغۇر يېغىش ئالدىدا چاقىدىغان چاقماق ئۇنىڭغا قارىغان كۆزلەرنى نۇردىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ، كۆزلەرنى نابۇت قىلىۋەتكىلى ئاز قالىدۇ. بۇلۇتلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بىرىكىشى، ئاندىن يامغۇر ياكى قار ۋەياكى مۆلدۈر بولۇپ چۈشۈشى غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ئەسلىتىدۇ. سۇ بىلەن تولغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدا چاقماقتىن ئىبارەت بىر ئوتنىڭ چىقىشى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئايرىم ئالامەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ كەلتۈرۈشىدىمۇ ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار. يەنە كېچە-كۈندۈزنىڭ سوغۇق ۋە ئىسسىق بولۇش جەھەتتە بىر-بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇشىمۇ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كامالىتىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. بۇ ئالامەتلەردىن ئىبرەت ئالىدىغانلار بارمۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە مول ئىلىم-ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان كائىنات دەلىللىرى ئىماننى ۋە تەقۋالىقنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە زىرائەتلەرنى قاتتىق سوغۇقتا ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قېلىشى ئۇنىڭ چەكسىز مېھىر-شەپقىتىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرىدۇر.

4. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ كېلىشىدە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىگە ۋە ئىلىم-ھېكمىتىگە ئوپئوچۇق دەلىل بار.

### ◄ ھەقىقەت ئوپئوچۇق تۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرمەيدىغانلار بار

﴿وَٱللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَآبَّةٍ مِّن مَّآءٍۖ فَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ بَطۡنِهِۦ

وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰ رِجۡلَيۡنِ وَمِنۡهُم مَّن يَمۡشِي عَلَىٰٓ أَرۡبَعٖۚ يَخۡلُقُ
ٱللَّهُ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٤٥﴾ لَّقَدۡ أَنزَلۡنَآ ءَايَٰتٖ
مُّبَيِّنَٰتٖۚ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٤٦﴾ وَيَقُولُونَ
ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعۡنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ
وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٧﴾ وَإِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ
بَيۡنَهُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِن يَكُن لَّهُمُ ٱلۡحَقُّ يَأۡتُوٓاْ
إِلَيۡهِ مُذۡعِنِينَ ﴿٤٩﴾ أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ٱرۡتَابُوٓاْ أَمۡ يَخَافُونَ أَن
يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَرَسُولُهُۥۚ بَلۡ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٥٠﴾

### تەرجىمىسى

45ـ ئاللاھ بارلىق جانلىقنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

46ـ شۈبھىسىزكى، (بىز سىلەرگە ھەقىقەتنى) ئېنىق بايان قىلغان ئا-يەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئاللاھ خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

47ـ (مۇناپىقلار) «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ شۇ (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلار (ئەمەلىيەتتە) مۇئمىن ئەمەس.

48ـ (پەيغەمبەرنىڭ) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە چاقىرىلسا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى شۇ ھامان باش تارتىدۇ.

49ـ ئەگەر ھەقىقەت ئۇلار تەرىپىدە بولۇپ قالغاندا، ئۇلار پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان قىياپەتتە (يۈگۈرۈپ) كېلىشىدۇ.

50ـ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىللەت بارمۇ؟ يا ئۇلا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە) شەك قىلامدۇ؟ ياكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ، دەپ قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇ-چىلاردۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچارقانات، ھاشارەت قاتارلىق جىمى جانلىقلارنى سۇدىن ياراتقان.

﴿وَٱللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَآبَّةٍ مِّن مَّآءٍۖ فَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَىٰ بَطْنِهِۦ وَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَىٰ رِجْلَيْنِ وَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَىٰٓ أَرْبَعٍۚ يَخْلُقُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىشتا مۇنۇ ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿يُسْقَىٰ بِمَآءٍ وَٰحِدٍ وَنُفَضِّلُ بَعْضَهَا عَلَىٰ بَعْضٍ فِي ٱلْأُكُلِ﴾ يەنى ﴿(ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئەمما ئۇلارنىڭ) بەزىسىنى بەزىسىدىن تەملىك قىلىمىز﴾[1] يەنى ئاللاھ تائالا مېۋە، كۆكتات ۋە جىمى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل سۇدىن ياراتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۈرىنى، رەڭگىنى، تەمىنى، پۇرىقىنى ۋە ھەجمىنى بىر خىل قىلمىدى. مانا بۇ، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ چەكسىزلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل سۇدىن پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۈرلىرىنى بىر خىل قىلمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆمىلەپ ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە يارىتىدۇ. شەكسىزكى، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كامالىي قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان بولۇپ، بۇ ئورۇندا بايان قىلىنغانلىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ ئايەتلەر ھەقىقەت بىلەن ھىدايەتنى كىشىلەرگە ناھايىتى ئېنىق، روشەن بايان قىلىپ بەرگەن. ئەمما بۇ ئايەتلەردىن پەقەت ھىدايەتتىن نېسىۋىسى بولغانلار مەنپەئەت ئالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ھىدايەتكە نېسىپ قىلىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە «ھىدايەتتىن نېسىۋىسى بولمىغانلار»نىڭ نېمە گۇناھى بار ئىدى؟ دېگەن بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمىز: ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، توغرا يولغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىش مەنىسىدىكى ھىدايەتتۇر. بۇنىڭغا ھەممە ئىنسانلار چاقىرىلغان ھەمدە بۇ تۈردىكى ھىدايەت ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋە ھەربىر دەۋەتچىنىڭ قولىدىن

---

[1] رەئد سۈرىسى: 4ـ ئايەت.

كېلىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى ھىدايەت مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت بولۇپ، بىرىنچى تۈردىكى ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغانلار ئىككىنچى تۈردىكى بۇ ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. شۇڭا چاقىرىقنى قوبۇل قىلمىغانلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىغا دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەردىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىماننىڭ مەھكەم ئورۇن ئېلىشىغا ۋە ھەرقانداق بىر شەكنىڭ يوقۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان بەزى مىساللارنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، كائىنات ئالامەتلىرى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى شۇنچە ئوچۇق ۋە ئېنىق نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى بولمىسا ھىدايەت تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.

﴿(مۇناپىقلار) «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ (شۇ گەپلەرنى دېگەندىن) كېيىن گەپلىرىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇلار (ئەمەلىيەتتە) مۇئمىن ئەمەس﴾ بۇ ئايەتلەردە بەزى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىمان ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئورۇن ئالمىغانلىقتىن، ئۇلار ئېغىزلىرىدىلا مۇسۇلمان بولغان، ئەمما قەلبلىرى ئىماندىن پۈتۈنلەي خالىي ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىگە رازى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى تاپقان ۋە بىلگەن بولسىمۇ، ھىدايەتتىن نېسىۋىلىرى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان ئازغۇنلار ئىدى.

مۇناپىقلار دىلىدا ئىشەنمىسىمۇ، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ قويىدۇ. مۇنداقلار ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە تېپىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەرگىز مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى كاپىرلارنىڭكىدىنمۇ ئېغىر ۋە قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خەتىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان زىيىنى كاپىرلارنىڭكىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر.

مۇناپىقلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇنىڭ نازىل قىلغان قانۇنلىرىغا قايىل بولمايدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئۆزلىرىگە زىيان بولىدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ

روھى بويىچە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا قايىل بولماسلىقىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن رەزىل قىلمىشلىرى ئىچىدىكى بىر قىلمىشتۇر.

چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا قايىل بولغان مۇسۇلمان ئادەم ئۇنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ ئىماندىن بىر پارچە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ. مۇناپىقلار تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار قانداقلا بىر دەۋا ئىشىدا ھەق ئۆزلىرى تەرەپتە بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولىدۇ، ھەتتا بۇنىڭغا ئالدىرايدۇ. ئەمما ھەق قارشى تەرەپتە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلگىنىدە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن يالتىيىۋالىدۇ.

﴿أَفِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ٱرۡتَابُوٓاْ أَمۡ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَرَسُولُهُۥۚ بَلۡ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ﴾ بۇ ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قايىل بولمايدىغاندۇ؟ يا ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇناپىقلىق ئىللىتى بارمۇ؟ ياكى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىگە شەك قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە ھۆكۈم چىقارغاندا ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىنىدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟

بۇ پەرەزلەرنىڭ بەزىسى ئۇلاردا بار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇناپىقلىق ئىللىتى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا شەكمۇ بار. ئەمما ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە ھۆكۈم قىلىنغاندا، ئۆزلىرىگە زۇلۇم ياكى يولسىزلىق قىلىنىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. بەلكى ئۆزلىرىگە زىيان بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز تىكىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ، خالاس.

ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلدۇرغاندا ناھەقچىلىك بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەق ئۆزلىرى تەرەپتە بولغان دەۋا ئىشلىرىدا ھېچ ئىككىلەنمەستىن، قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ. ئەمما ئۆزلىرى ھەقلىق بولمىغان دەۋا ئىشلىرىدا بۇنداق قىلىشتىن قاچىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بارلىق جانلىقلار سۈدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەربىر

جانلىقنىڭ ئىشلىرىنى، ھەتتا يەر يۈزىدە مېڭىشىنىمۇ ھەر خىل شەكىلدە قىلىپ بەلگىلىۋەتكەن.

**2.** ھەرقانداق بىر دەۋانى، نىكاھ، مىراس تەقسىماتى قاتارلىق ھەرقانداق بىر مەسىلىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، بارلىق ھايات ساھەلىرىدە بۇ ئىككى مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

**3.** قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھەقىقىي مەنىدىكى مۇناپىقلاردۇر.

**4.** ئىسلام ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلگەن دۆلەتلەردە، مەھكىمىلەرنىڭ ئىسلام قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈشى پەرزدۇر. بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ياكى توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس.

### ◄ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتى

﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ
بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَاۚ وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٥١﴾ وَمَن
يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخْشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٥٢﴾
۞ وَأَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ لَئِنْ أَمَرْتَهُمْ لَيَخْرُجُنَّۖ قُل لَّا
تُقْسِمُواْۖ طَاعَةٌ مَّعْرُوفَةٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿٥٣﴾ قُلْ أَطِيعُواْ
ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۖ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا عَلَيْهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيْكُم مَّا
حُمِّلْتُمْۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهْتَدُواْۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَـٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٥٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

51ـ(پەيغەمبەرنىڭ) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى پەقەت: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئەنە شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر.

52ـكىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، ئاللاھتىن قورقسا ۋە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلسا، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۇتۇق قازانغۇ-

چىلاردۇر.

53ـ(مۇناپىقلار ساڭا) «ئەگەر سەن بىزنى (جىهادقا) چىقىشقا بۇيرۇساڭ، بىز چوقۇم چىقىمىز» دەپ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «(يالغاندىن) قەسەم قىلماڭلار، سىلەرنىڭ ئىتائەتىڭلار چاغلىقتۇر. ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەقىقەتەن خەۋەرداردۇر».

54ـئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر باش تارتساڭلار، پەيغەمبەر (دىننى يەتكۈزۈش) ۋەزىپىسىدىن جاۋابكاردۇر، سىلەر (ئىتائەت قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش) ۋەزىپەڭلاردىن جاۋابكارسىلەر. ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر».

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئۆزگىرىشچانلىقى، ھۆكۈم ئۇلارنىڭ پايدىسىغا بولسا قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئەگەر ھۆكۈم ئۇلارنىڭ زىيىنىغا بولسا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئەكسىچە بارلىق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىغان ساداقەتمەنلىكى بايان قىلىنغان.

## ◄ تەپسىرى

مۇئمىنلەرنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن چىققان چىن سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا چاقىرىلسا، گەرچە ئۇ ھۆكۈم ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار چىن دىلىدىن «باش ئۈستىگە» دەپ رازىمەنلىك بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ چىن سۆزىدۇر.

ئومۇمىي پرىنسىپ شۇكى، كىمكى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىدىكەن، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىدىن قورقىدىكەن، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى

بىلەن ئىش كۆرىدىكەن، مۇنداق كىشى چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ، چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

ئەمما مۇناپىقلار مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە ئۇنىڭەن شۇمبۇيىلار بولۇپ، ئۇلار ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا تېپىلىدۇ، ئۇلار ھەمىشە يالغانچىلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان ساداقىتىنى ئىسپاتلاش يولىدا كۈچلۈك قەسەملەرنى قىلىدۇ. ھەتتا جىھادقا بۇيرۇلسا چوقۇم چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلىدۇ. ئەمما جىھاد قىلىشنىڭ ۋاقتى كېلىپ، ئۇلار جىھادقا چاقىرىلغاندا بولسا ھەر خىل يالغان ئۆزرىلەرنى توقۇپ چىقىپ جىھادقا چىقىشتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلار ئەنە شۇنداق قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلارغا مۇنداق رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: ئەي مۇناپىقلار گۇرۇھى! سىلەر بىكارغا قەسەم قىلماڭلار، زادى سىلەرنىڭ ئىتائىتىڭلار تايىنلىق. سىلەر ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش پۇل-مال كەتمەيدىغان ئاسان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويغىنىڭلار بىلەن، جىھاد، زاكات، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشاش بەدەل تۆلىنىدىغان ئىبادەتلەردە سىلەر ھەرگىز بىز بىلەن بىللە ئەمەس. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئىتائەتتىن باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۈستىگە يۈكلەنگەن دىننى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتۇر. ئەمما سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگەنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتۇر. سىلەر پەيغەمبەر تەلەپ قىلغاننى ئورۇندىمىساڭلار، گۇناھنى ئۈستۈڭلارغا يۈكلىۋالغان بولىسىلەر. ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپقان ۋە توغرا يولدا يۈرگەن بولىسىلەر. پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى دىننى ئوچۇق-ئاشكارا يەتكۈزۈشتۇر، ئەمما ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر.

﴿فَذَكِّرۡ إِنَّمَآ أَنتَ مُذَكِّرٞ ٢١ لَّسۡتَ عَلَيۡهِم بِمُصَيۡطِرٍ ٢٢ إِلَّا مَن تَوَلَّىٰ وَكَفَرَ ٢٣
فَيُعَذِّبُهُ ٱللَّهُ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَكۡبَرَ ٢٤ إِنَّ إِلَيۡنَآ إِيَابَهُمۡ ٢٥ ثُمَّ إِنَّ عَلَيۡنَا حِسَابَهُم﴾

يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن (ئۇلارغا) ۋەز-نەسىھەت قىلغىن. سەن پەقەت ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى (ئىمانغا) زورلىغۇچى ئەمەسسەن. لېكىن، كىمكى ۋەز-نەسىھەتتىن باش تارتىپ (ھەقىقەتنى) ئىنكار

قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئەڭ چوڭ ئازاب بىلەن جازالايدۇ. ئۇلارنىڭ قايتىدىغان يېرى پەقەتلا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پەقەت بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر﴾[1].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ئاخىرەتتە نىجاتلىنىقا ئېرىشىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

2. قەسەم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەنلا قىلىنىدۇ. مەخلۇقاتتىن بىرەرسىنىڭ نامىنى ئاتاپ قىلىنغان قەسەم قەسەم ھېسابلانمايدۇ. ئاتالمىش ئەۋلىيالارنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلىش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك قاتارىدىن سانىلىدۇ.

3. مۇناپىقلارنىڭ ھەرقانداق ۋەدىسىگە ۋە قەسەملىرىگە ئىشەنمەسلىك لازىم.

4. پەيغەمبەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ھىدايەتكە، ئۇنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈش زالالەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

### ◄ غەلىبە ۋە ئۇتۇقنىڭ شەرتلىرى

﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسۡتَخۡلِفَنَّهُمۡ
فِي ٱلۡأَرۡضِ كَمَا ٱسۡتَخۡلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمۡ دِينَهُمُ
ٱلَّذِي ٱرۡتَضَىٰ لَهُمۡ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعۡدِ خَوۡفِهِمۡ أَمۡنٗاۚ يَعۡبُدُونَنِي لَا
يُشۡرِكُونَ بِي شَيۡـٔٗاۚ وَمَن كَفَرَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ ٥٥
وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ
٥٦ لَا تَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مُعۡجِزِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَمَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُۖ
وَلَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ٥٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

55ـ ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا،

---

[1] غاشىيە سۈرىسى: 21ـ26ـ ئايەتلەر.

ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چو-قۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، چۈنكى ئۇلار ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

56ـ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئو-قۇڭلار، زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.

57ـ (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلىشنى، ئەزىز قىلىشنى ۋەدە قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇ ۋەدىنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەلۇم شەرتلەرنى قويغان بولۇپ، بۇ شەرتلەر مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەشتىن ئىبارەتتۇر. مۇسۇلمانلاردا بۇ ئىككى شەرت تېپىلغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارغا بۇ ۋەدىسىنىڭ ئېپادىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇلارنى ئۈچ قىتئەنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە، شان-شەۋكەتكە ۋە دۇنياۋى ئابرۇيغا ئىگە قىلغان ئىدى. تارىخ بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمانلار قاچانىكى، ئاللاھ تائالا قويغان شەرتلەرگە توشىدىكەن، ياردەم، نۇسرەت، ئىززەت ۋە شان-شەۋكەت ئۇلارنى قورشايدۇ. مۇسۇلمانلار ئىماندا راستچىل بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرىنى چىن ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىدىغان، ئادالەتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ ئىش كۆرىدىغان، شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان سەۋىيەگە يەتكەن ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنلا خورلۇقتىن ئەزىز-لىككە، نامراتلىقتىن بايلىققا، بېقىندىلىقتىن مۇستەقىللىققا،

ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە ئېرىشىپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قانداق بولۇپ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بولۇپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان ئىززەت، كۈچ-قۇۋۋەت، نۇسرەت ۋە ھاكىمىيەت ئۇلار ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىدىن كېلىدۇ. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنى بىلەن پەخىرلىنىشى، بۇنداق ئۇلۇغ بىر دىنغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن شەرتكە چۈشىدىغان، ھەقىقىي مۆئمىنلەر ھەرقانداق بىر دەۋردە ئاز تېپىلىدۇ. گەرچە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن ساناپ، مۇسۇلمانچە يۈرىدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، ھەقىقىي مۆئمىنلىك شەرتىگە چۈشىدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى دۇنيادا سەلتەنەتلىك ۋە ئەزىز قىلىشنى، ئۇلارنىڭ دىنىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى، قورقۇنچلىرىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ھەقىقىي مۆئمىنلەر دىن ۋە دۇنيالىق بارچە ئىشلىرىدا دۇرۇسلۇقنى، توغرىلىقنى ۋە ھەققانىيلىقنى ئۆلچەم قىلىپ ئىش كۆرىدۇ، ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەتتە ھېچ نەرسىنى ۋە ھېچكىمنى شېرىك قىلىپ قوشمايدۇ.

مۇشۇنداق روشەن بايانلاردىن كېيىن، كىمكى يەنىلا ئىنكار يولىنى تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار راستتىنلا ھەددىدىن ئاشقان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان، دىن ۋە ئەقلىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ كەتكەن گۇناھكارلاردۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسۡتَخۡلِفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ كَمَا ٱسۡتَخۡلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمۡ دِينَهُمُ ٱلَّذِي ٱرۡتَضَىٰ لَهُمۡ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعۡدِ خَوۡفِهِمۡ أَمۡنٗاۚ يَعۡبُدُونَنِي لَا يُشۡرِكُونَ بِي شَيۡـٔٗاۚ وَمَن كَفَرَ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَٰسِقُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ﴿يَعۡبُدُونَنِي لَا يُشۡرِكُونَ بِي شَيۡـٔٗاۚ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسە، ئاللاھ يۇقىرىقى ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى دەپ تەپسىر قىلىپ: «ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ۋەدىسىگە سازاۋەر بولغان مۆئمىنلەر ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن.

نامـاز ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئىماننىڭ نامايەندىسىدۇر. ھەقىقىي نامـاز كىشىلەرنى پەزىلەتلەرگە باشلايدۇ ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئەمما زامانىمىزدىكى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلاردا نامازنىڭ تەسىرىنىڭ كۆرۈلمەيۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ نامازنى خۇددى كۈندىلىك رەسمىيەت ياكى ۋەزىپىگە ئوخشاشلا ئورۇنداپ قويغانلىقى سەۋەبتىن بولىدۇ.

نامـاز ئالدى بىلەن شەخسلەرنى تەربىيەلەش، ئاندىن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش رولىغا ئىگە ئىبادەت بولسا، زاكات ئالدى بىلەن جەمئىيەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن كۈچەيتىش، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى يېتىلدۈرۈش خاسىيەتلىرىگە ئىگە ئىبادەتتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە نامازنىڭ ھەمىشە زاكات بىلەن بىرگە ياندىشتۇرۇپ بايان قىلىنىپ كەلگەنلىكى بۇنى تەكىتلەيدۇ.

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، ئەمر قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق دىننى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارنى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ، دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ، زالىملارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىگە ۋە ئۇلارنىڭ قورال پەن-تېخنىكا كۈچىگە قاراپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ، دەپ گۇمان قىلماڭلار. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. دوزاخ ھەقىقەتەن يامان جايدۇر. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

خۇلاسە كالام، مۇئمىنلەرنىڭ سەلتەنىتى، ئىززىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، ھەر ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەگىشىش، ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خالىس قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەقىقىي تەۋھىد ئەقىدىسىدىن يىراقلىشىپ، ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالاغا قىلماي، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا قىلىشقا، مەسجىدلەردىن يۈز ئۆرۈپ خانىقالارنى ماكان تۇتۇشقا، ياخشى ئەمەللەرگە رىياكارلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىخلاسنىڭ ئورنىغا ساختىلىق قىلىشقا باشلىشى بىلەن سەلتەنەت، كۈچ-قۇۋۋەت، ئىززەت-ئابرۇي ھەممىسى بىراقلا قولىدىن كېتىپ قالدى. نەتىجىدە، ئۇلار

خارلىق-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى يەر يۈزىدە سەلتەنەتلىك قىلىدۇ.

2. ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلۈك بولغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئاملىرىنىڭ ھەممىسى شۈكرى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىغا تۇزكورلۇق قىلغۇچىلار قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە قالىدۇ.

4. كاپىرلار قانچىلىك كۈچلىنىپ كەتكەن ۋە مۇسۇلمانلارنى تەھدىت ئاستىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئاجىزلىتالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## ئۆي ئىچىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِيَسۡتَـٔۡذِنكُمُ ٱلَّذِينَ مَلَكَتۡ أَيۡمَـٰنُكُمۡ
وَٱلَّذِينَ لَمۡ يَبۡلُغُواْ ٱلۡحُلُمَ مِنكُمۡ ثَلَـٰثَ مَرَّٰتٍۚ مِّن قَبۡلِ صَلَوٰةِ
ٱلۡفَجۡرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ ٱلظَّهِيرَةِ وَمِنۢ بَعۡدِ صَلَوٰةِ
ٱلۡعِشَآءِۚ ثَلَـٰثُ عَوۡرَٰتٍ لَّكُمۡۚ لَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ وَلَا عَلَيۡهِمۡ جُنَاحُۢ
بَعۡدَهُنَّۚ طَوَّٰفُونَ عَلَيۡكُم بَعۡضُكُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٍۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ
لَكُمُ ٱلۡأٓيَـٰتِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٥٨ وَإِذَا بَلَغَ ٱلۡأَطۡفَـٰلُ مِنكُمُ
ٱلۡحُلُمَ فَلۡيَسۡتَـٔۡذِنُواْ كَمَا ٱسۡتَـٔۡذَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ
ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَـٰتِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٥٩ وَٱلۡقَوَٰعِدُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ
ٱلَّـٰتِي لَا يَرۡجُونَ نِكَاحٗا فَلَيۡسَ عَلَيۡهِنَّ جُنَاحٌ أَن يَضَعۡنَ
ثِيَابَهُنَّ غَيۡرَ مُتَبَرِّجَٰتِۭ بِزِينَةٖۖ وَأَن يَسۡتَعۡفِفۡنَ خَيۡرٞ لَّهُنَّۗ وَٱللَّهُ
سَمِيعٌ عَلِيمٞ ٦٠﴾

### تەرجىمىسى

58ـئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇ) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرمەكچى بولسا) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەر ئۈچۈن ئەۋرەتتۇر (يەنى ئەۋرىتىڭلار ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئىجازەت سورىماي كىرسە) سىلەر-گىمۇ، ئۇلار-غىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (ئادەتتە) سىلەر بىر-بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كىرىپ-چىقىپ تۇرىسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

59ـكىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلارمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار ئۆيگە كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ھەر ۋاقىت ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

60ـياتلىق بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، (سېلىۋەتمەي) ئېپپەتلىك يۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### تەپسىرى

بۇ چوڭ بىر ئائىلىدە بىرگە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىسلامىي قائىدە-يوسۇنلار بولۇپ، ئۆي ئىچى دېگەندە ھەربىر ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان مەخسۇس ھالەتلىرى بولىدۇ. ئەر-خوتۇنلاردىن باشقا ھەر قانچە يېقىن تۇغقىنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسى ياكى بالىلىرى بولسىمۇ، ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ خاس ھالىتىنى كۆرۈپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان مۇقەددەس دەستۇر بولغانلىقتىن، ئۇلار دۇچ كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە قانۇن-تۈزۈم بەلگىلىگەن ۋە ئەڭ ئىلغار تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ دەيدۇكى، ئى ئىمان ئېيتقانلار! قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلىرىڭلار ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىڭلار

سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ ۋاقىتتا ئىجازەت سوراپ كىرسۇن. نارەسىدە بالىلارنىڭمۇ ئىجازەت سوراپ كىرىشى پەقەت ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مُرُوٓا۟ أَبْنَاءَكُمْ بِالصَّلَاةِ لِسَبْعِ سِنِينَ ، وَاضْرِبُوهُمْ عَلَيْهَا لِعَشْرِ سِنِينَ» يەنى «بالىلىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ناماز ئۈچۈن (يېنىك) ئۇرۇڭلار»[1] دېگەن تەلىماتىغا ئوخشاش بالىلارنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇلغان چارىدۇر.

بۇ ئۈچ ۋاقىت قايسى؟

ئىجازەت سوراپ كىرىش تەلەپ قىلىنغان ئۈچ ۋاقىت: بامداتتىن ئىلگىرىكى، خۇپتەندىن كېيىنكى ۋە پېشىندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردۇر.

بامدات ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ئۇيىدىكىلەر نورمالدا كېچىلىك كىيىمى بىلەن بولىدۇ ياكى كىيىم ئالماشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئىجازەتسىز بىراۋنىڭ ياتىقىغا كىرىش ياخشى بولمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئۆي ئىگىسى ۋە كىرگۈچى ھەر ئىككىلىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

خۇپتەندىن كېيىن نورمالدا ئۇيىدىكىلەر ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىپ كىيىمنى ئالماشتۇرىدۇ ياكى ئەر-ئايال مۇھەببەتلىشىپ ئولتۇرىدۇ ۋەياكى ئۇلار ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىشنى خالاپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ياتىقىغا ئىجازەتسىز كىرىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق قىلىش كىرگۈچى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇيىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەس.

پېشىن ۋاقتىدىن كېيىن بەزى كىشىلەر ئازراق ئۇخلاپ دەم ئېلىۋېلىشنى خالايدۇ. بۇ «قەيلۇلە» دېيىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بەزىلەر ئادەتتىكى كىيىمى بىلەن ئۇخلىسا، بەزىلەر كېچىلىك كىيىمنى كىيىپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىشقىلىپ يۇقىرىقى ئۈچ ۋاقىت كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ۋاقتى بولۇپ، بۇنداق مەخسۇس ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ياكى مەخسۇس ياتىقىغا ئىشىكنى قېقىپ ياكى شەپە قىلىپ ئىجازەت سورىماي، ئۇسۇپ كىرىش ئەدەپسىزلىكتۇر.

بۇ ئۈچ ۋاقىت باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياقتۇرۇلمايدىغان ئەزالار ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتلاردۇر. ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا، بالىلارنىڭ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجازەت سورىماستىن كىرىشىگە بولىدۇ. بۇ ئۆي

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 11-توم 368-بەت 6756-ھەدىس.

ئىچىدىكىلەر ئۈچۈن شۇنداق. ئەمما باشقىلارنىڭ بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئىجازەت سوراپ كىرىشى ھەر ۋاقىت تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بىر ئائىلىدە ياشايدىغانلارمۇ بىر-بىرىنىڭ يېپىقلىق ياتىقىغا كىرىشتە ھەر ۋاقىت ئىجازەت سوراپ كىرىشى لازىم.

بالىلار بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىماستىن ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمەستىن كىرمەڭلار﴾ [1] دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە، خۇددى چوڭلار ئىجازەت سوراپ كىرگەندەك ئۇلارمۇ ئىجازەت سوراپ كىرىشى لازىم. بۇ ئايەت بالىلارنى كىچىكىدىن ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىلىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، «كىچىك بالىلار بەربىر چوڭلارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىغا قاراشنى بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن ئۇلارنى كىچىكىدىن تەربىيەلىمەستىن، ياخشى ئادەتلەرگە كۆندۈرمەستىن تاشلىۋېتىش ئۇلارنىڭ ئەدەپسىز چوڭ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ياشنىپ قالغانلىقتىن ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان، ئادەتتە ئەرلەرمۇ تەمە قىلىپ كەتمەيدىغان ھالەتتىكى ئاياللار رىدا، ئاپايە ۋە نىمچەگە ئوخشىغان تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسىمۇ، ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن يۈرسىمۇ، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ يوقتۇر. ئەمما ئۇلارنى سېلىۋەتمەستىن ئېپپەتلىك يۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر. چۈنكى، مۇنداق قىلىش تەقۋالىققا يېقىندۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

جانابى ئاللاھ تائالادىن ھەممىمىزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ روھى بىلەن ئىش كۆرۈشكە نېسىپ قىلىشىنى ۋە ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىشىنى تىلەيمىز.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئايەتتە بايان قىلىنغان ئۈچ ۋاقىتتا بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يېنىغا ئىجازەت سوراپ كىرىشى، قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ياتىقىغا ئىشىك يېپىقلىق چاغدا چوقۇم ئىجازەت سوراپ كىرىشى ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئىجازەت سوراش كۆپىنچە ئىشىكنى قېقىش ياكى شەپە قىلىش بىلەن

[1] نۇر سۈرىسى: 27-ئايەت.

بولىدۇ.

2. بالىلارغا كىچىكىدىن ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلارنى تولۇق ئۆگىتىش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

3. ياشىنىپ قالغان ئاياللارنىڭ يات ئەرلەر بار يەرلەردە، باشلىرىنى ۋە ئەۋرەت جايلىرىنى يۆگەش شەرتى بىلەن ئادەتتە ئۆي ئىچىدە ياكى ئايال جىنسلىرى ئالدىدا كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن يۈرۈشىدە گۇناھ يوقتۇر. چۈنكى، ياشانغان ئاياللار ئادەتتە ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولۇشتىن يىراقتۇر.

### ◄ ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلار

﴿لَّيْسَ عَلَى ٱلْأَعْمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْأَعْرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلْمَرِيضِ
حَرَجٌ وَلَا عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ أَن تَأْكُلُوا۟ مِنۢ بُيُوتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
ءَابَآئِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أُمَّهَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ إِخْوَٰنِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
أَخَوَٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ أَعْمَٰمِكُمْ أَوْ بُيُوتِ عَمَّٰتِكُمْ أَوْ بُيُوتِ
أَخْوَٰلِكُمْ أَوْ بُيُوتِ خَٰلَٰتِكُمْ أَوْ مَا مَلَكْتُم مَّفَاتِحَهُۥٓ أَوْ صَدِيقِكُمْ ۚ
لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَأْكُلُوا۟ جَمِيعًا أَوْ أَشْتَاتًا ۚ فَإِذَا دَخَلْتُم
بُيُوتًا فَسَلِّمُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُبَٰرَكَةً طَيِّبَةً ۚ
كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٦١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

61-(جىھادقا ئوخشاش كۆز، پۇت - قول ۋە بەدەن ساق بولمىسا قىلغىلى بولمايدىغان پەرز ئەمەللەرنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك قىلالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (شۇنداقلا بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، ئاتىلىرىڭلار-نىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلى-رىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆي-لىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىن-داشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا

سىلەرگە ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نەرسە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، توپلىشىپ ياكى ئايرىم-ئايرىم يېسەڭلارمۇ سىلەرگە گۇناھ يوقتۇر، سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا، ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانلىق ۋە بەرىكەت تىلىكى بىلەن ئۆزۈڭلارغا (ۋە ئائىلەڭلاردىكىلەرگە) سالام بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ﴿لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٞ...﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى سەئدى، تەپسىرى مۇيەسسەر ۋە مۇختەسەر قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەتكە فەتھ سۈرىسىدىكى ﴿لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٞ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٞ﴾ يەنى ﴿(جىھادقا چىقمىغان) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش مەنە ئېيتىلىپ، ئەما، توكۇر ۋە كېسەل كىشىلەر ئۆزرىسى سەۋەبلىك جىھادقا چىقمىسا، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ، دەپ تەپسىر قىلىنغان. تەپسىرى تەبەرىي، قۇرتۇبىي، بەغەۋىي، شەئراۋىي، ھىجازىي، ۋە جەزائىرىي قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەتكە ئەما، توكۇر ۋە كېسەل كىشىلەر ساق كىشىلەر بىلەن بىللە غىزالىنىشتىن سىقىلمىسۇن، دەپ مەنە ئېيتىلغان. بۇلار ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنۇ رىۋايەتنى كەلتۈرگەن: ۋاھىدىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «نىسا سۈرىسىنىڭ ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَكُم بَيۡنَكُم بِٱلۡبَٰطِلِ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر - بىرىڭلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى ھارام يول بىلەن يەۋالماڭلار﴾ [2] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن[3]، مۇسۇلمانلار ئەما، توكۇر ۋە كېسەل كىشىلەر بىلەن بىرگە تاماق يېيىشتىن بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئەما ئادەم كۆزى كۆرمىگەنلىكتىن

---

[1] فەتھ سۈرىسى: 17- ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى: 29-ئايەت.

[3] بۇ ئايەت ئوغرىلىق، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئالدامچىلىق، خىيانەت، بۇلاڭچىلىق، جازانخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق ئاللاھ ھارام قىلغان باتىل يوللار بىلەن كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى قاقتى-سوقتى قىلىشتىن مەنئى قىلغان بولۇپ، بەزى كىشىلەر بۇ ئايەت يۇقىرىقى ھالەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالغان.

تاماقنىڭ ياخشىسىنى يېيىشتىن، توكۇر ئادەم ئاجىزلىقىدىن تاماقنىڭ بەزى ۋاقىتلاردىكى قىستىلاڭغۇلۇقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشتىن، كېسەل ئادەم خالىغانچە تاماق يېيىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن تاماق يېگەندە ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەپ قويۇشتىن قورقاتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزرىلىك كىشىلەرنى كۆڭلى سىقىلىشتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن: ﴿لَّيۡسَ عَلَى ٱلۡأَعۡمَىٰ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلۡأَعۡرَجِ حَرَجٌ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرِيضِ حَرَجٌ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان»[1].

ئالدىنقى تەپسىرگە ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: جىھادقا ئوخشىغان تېنى ساق بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغان پەرزلەرنى ئۆزرىسى سەۋەبلىك ئادا قىلالمىغان ئەما، توكۇر، كېسەل ۋە ئاجىز كىشىلەر بۇ پەرزلەرنى تەرك ئەتسە، ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ.

كېيىنكى تەپسىرگە ئاساسەن، ئايەتنىڭ تەپسىرى مۇنداق بولىدۇ: ئەما، توكۇر، كېسەل كىشىلەر ساق كىشىلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتىن سىقىلمىسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنى راھەت تۇتسۇن، ماڭا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئۆزىنى بىئارام قىلمىسۇن.

ئىسلام دىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىلغار دىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىنسانلار ھاياتلىقتا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە قائىدە-يوسۇنلارنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەت قاتارلىق مۇھىم ماۋزۇلاردىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئولتۇرۇپ-قوپۇش، يۈرۈش-تۇرۇش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىشلىرىدىمۇ مۇئەييەن قانۇن-تۈزۈملەر بەلگىلەنگەن.

ئادەتتە ئەما ئادەم كۆزى ساق ئادەملەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تائاملىنىشتىن سىقىلىدۇ، ئازادىلىك ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ تائامنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىلمەستىن، تائامنىڭ ياخشىسىنى ئېلىپ ناچارلىرىنى تەرك ئەتكەنگە ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئالغانغا ئوخشاش ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدۇ.

توكۇر ئادەم ئۆزىگە خاس شەكىلدە ئولتۇرۇپ راھەت ھالدا تائام يېيىشنى خالايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ باشقىلار بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە

---

[1] «التّفْسِيرُ البَسِيْط للواحدي» 16ـ توم 371ـبەت.

ئۆلتۈرۈپ تائام يېگەندە، ئۇزنى راھەت ھېس قىلمايدۇ، سىقىلىدۇ.

كېسەل ئادەم ساق كىشىلەر بىلەن تائاملانغاندا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن سىقىلىدۇ، بىچارىلىك ھېس قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقىلارنىڭ ئەمالىقى، ئاقساقلىقى ۋە كېسەللىكى سەۋەبلىك ئۇزلىرىنى كەمسىتمەسلىكىنى، باشقىلاردىن يىراق تۇرۇۋالماسلىقىنى، باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىشتىن سىقىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى جىسمانىي كەمتۈكلۈكنىڭ يەكلىنىشكە ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن كۆرۈلۈشكە سەۋەب بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

بۇ ئايەتتە ئون بىر ئورۇندا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماستىن تائام يېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان. ئەمما ئايەتتە بايان قىلىنغان يېقىنلاردىن ياكى تۇغقانلاردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ يوق ۋاقتىدا سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىدىن بىر نەرسە يېگىنىڭىزدىن ئاغرىنىدىغان ياكى راھەتسىزلىنىدىغان ئەلپازدا بولسا، ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن بىر نەرسە يېمىگىنىڭىز ياخشى. ئايەتتىكى ئون بىر ئورۇن تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆز ئۆيىمىزدە. مۇپەسسىرلەر ﴿ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا﴾ دېگەن ئايەتنى «بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە» دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، بالىلارنىڭ ئۆيى ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرىگە ئوخشاشتۇر.

2. ئاتىمىزنىڭ ئۆيىدە.

3. ئانىمىزنىڭ ئۆيىدە.

4. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە.

5. ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە.

6. ئاتىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە.

7. ئاتىمىزنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە.

8. ئانىمىزنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە.

9. ئانىمىزنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە.

10. ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى بىزگە بېرىپ قويغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە.

11. دوستلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئۇلار يوق ۋاقىتىدا، ئۇلارنىڭ ئىجازىتىنى ئالماستىن بىر نەرسە يېيىشنىڭ شەرتى ئۇلارنىڭ مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى ۋە خاپا بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىشتۇر. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ بۇ ئىشقا رازى بولمايدىغانلىقى ياكى بىئارام بولىدىغانلىقى بايقالسا، مۇنداقلارنىڭ ئۆيىدىن سورىماستىن بىر نەرسە يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىگىسى رازى بولمايدىغان نەرسىنى يېيىش ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَا يَحِلُّ مَالُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ إِلَّا بِطِيبِ نَفْسٍ مِنْهُ» يەنى «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ھالال بولمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

تائامنى بىرلىكتە ياكى ئايرىم-ئايرىم يېيىشتە چەكلىمە يوقتۇر. بەلكى قانداق شەكىلدە يېسە بولۇۋېرىدۇ.

تۇغقانلارنىڭ، دوستلارنىڭ ئۆيلىرىگە، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىمۇ ئۆي ئىچىدىكىلەرگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئىسلامىي يوسۇندا سالام بېرىپ كىرىشكە، ناۋادا ئۆيدە ھېچكىم بولمىسا، «بىزگە ۋە بارلىق سالىھ مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن» دەپ، ئۆزىمىزگە سالام بېرىپ كىرىشكە بۇيرۇلغانمىز. بۇ ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەخلاق، ئالىي پەزىلەت ۋە توغرا نەسىھەتلەرنى كىشىلەرگە بايان قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قەلبىمىزنى رەھمەت، تۇرمۇشىمىزنى تەرتىپ-ئىنتىزام بىلەن بېيىتىدىغان ھېكمەتلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ساق كىشىلەرنىڭ مېيىپ كىشىلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن ئوڭايسىزلانماسلىقى ۋە مېيىپلارنىڭمۇ ساق كىشىلەر بىلەن بىللە تاماق يېيىشتىن ئوڭايسىزلانماسلىقى، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

2. قانداقلا بىر ئۆيگە كىرگەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىش ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتۇر.

---

[1] «شعب الإيمان للبيهقي» 7- توم 346-بەت، 5105 -ھەدىس.

### ◄ جامائەتچىلىكنىڭ ئەدەپلىرى

﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَإِذَا كَانُواْ مَعَهُۥ
عَلَىٰٓ أَمۡرٖ جَامِعٖ لَّمۡ يَذۡهَبُواْ حَتَّىٰ يَسۡتَـٔۡذِنُوهُۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَـٔۡذِنُونَكَ
أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۚ فَإِذَا ٱسۡتَـٔۡذَنُوكَ لِبَعۡضِ
شَأۡنِهِمۡ فَأۡذَن لِّمَن شِئۡتَ مِنۡهُمۡ وَٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمُ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ
رَّحِيمٞ ٦٢ لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم
بَعۡضٗاۚ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ
ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ
أَلِيمٌ ٦٣ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قَدۡ يَعۡلَمُ مَآ أَنتُمۡ
عَلَيۡهِ وَيَوۡمَ يُرۡجَعُونَ إِلَيۡهِ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُواْۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ
عَلِيمُۢ ٦٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**62**ـ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن كىشىلەر (ھەقىقىي) مۆئمىنلەردۇر، ئۇلار (مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك) بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىمىغۇچە ھەرگىز كېتىپ قالمايدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) سەندىن ئىجازەت سورايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بەزى شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، سەن ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

**63**ـ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر پەيغەمبەرنى ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار چوڭ بىر بالاغا يولۇقۇشتىن ياكى قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

64ـ بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئىنـ ـسانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدىغان (قىيامەت) كۈندە، ئاللاھ ئۇلارغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

## ◄ سۈرىنىڭ تۈگەنجىسى

بۇ سۈرە باشتىن ئاخىر ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنى، ئائىلە نىزامىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى بايان قىلغان. بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ھۆرمەت قىلىش لازىملىقى ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسىدە قانداق بولۇشى ۋە نېمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقان.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان كىشىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى كامىل مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار قانداقلا بىر مۇھىم ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توپلىنىپ، بىرەر ئىشنى مەسلىھەت قىلىش ياكى پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي تۇرۇپ، سۆھبەتتىن ئايرىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ۋاقىتتا مەجلىستىن چىقىپ كېتىش چىقىپ كەتكەن شەخس ئۈچۈن ۋە جامائەت ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. چۈنكى، بۇنداق بىر ئىلمىي مەجلىستىن قۇرۇق قالغان ئادەم كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاندىن كېلىپ ئۇ شەخسنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلار ئېلىنغان، زۆرۈر مەسىلىلەر سۆزلەنگەن بۇنداق بىر مۇھىم سورۇندىن غايىپ بولۇشى كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ھەسسىسىدىن ۋە ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سورۇنغا بىكارغا توپلىمايتتى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كامىل مۇئمىننىڭ سۈپىتىنى مۇنۇ ئۈچ خىسلەتكە قىسقارتىپ بايان قىلغان: بىرىنچىسى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا

چىن ئىشەنمىگەنلىكى، ئىككىلەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىقىغا چىن ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە سۆھبەتتىن ئۇنىڭ ئىجازەتسىز چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرى، يولباشچىلىرى ۋە ئىش باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتلىرىدە رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت سورىماستىنلا، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن غىپپىدە چىقىپ كېتىدىغانلار ئومۇمەن مۇناپىقلار ئىدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەرمۇ بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ سۆھبىتىڭدىن ئىجازەت سورىماي چىقىپ كەتمەيدىغان ئاشۇ كىشىلەر راستتىنلا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشەنگەن ھەقىقىي مۆئمىن كىشىلەردۇر. ئۇلار مۇھىم ئىشى چىقىپ قالمىسىلا، سەندىن ئىجازەت سورىمايدۇ ۋە سېنىڭ سۆھبىتىڭدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزى شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سەن خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا رەببىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىجازەت سوراش ھەرقانداق ئىشلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مۇھىم ۋە جىددىي ئىش ئۈچۈنلا بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىجازەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر. خالىسا ئىجازەت بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ.

بۇ ئورۇندىكى ﴿سەن ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن﴾ دېگەن ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر مۇھىم ئىش ئۈچۈن توپلانغان مەجلىستىن ئىجازەت سوراپ كېتىپ قېلىش-گەرچە ئىجازەت جىددىي ئىش سەۋەبلىك سورالغان بولسىمۇ-ئىستىغپار ۋە تەۋبىنى تەقەززا قىلىدىغان ھالەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم بَعۡضٗاۚ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەت مۆئمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەتدۇئاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنىسى: ‹ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر پەيغەمبەرنى

رەنجىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەتدۇئاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەرقانداق دۇئاسى ئىجابەتتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن. بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلىنىپ، بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرغاندا، ئادەتتىكى كىشىلەرنى چاقىرغاندەك ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ چاقىرماي، ئۇنى كامالى ئېھتىرام بىلەن ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!›، ‹يارەسۇلۇللاھ!› دەپ چاقىرىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن. يۇقىرىقى ئىككى خىل تەپسىرنىڭ ئىچىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يۇقىرىقى تەپسىرىنى كۈچلۈك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە توپلىنىپ ئولتۇرغان سورۇندىن ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىشتىن توسقان بولۇپ، ئايەتنىڭ داۋامىدا رۇخسەتسىز كېتىپ قالغۇچىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بەتدۇئاسىغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپىدىن ئاگاھلاندۇرغان»[1].

يۇقىرىقى ئىككىنچى خىل تەپسىرگە ئاساسلانغاندا، ئايەتتىكى ﴿دُعَآءِ﴾ دېگەن سۆز «چاقىرىش»، «نىدا قىلىش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا كىشىلەرنى چاقىرغاندەك ئىسمى بىلەن چاقىرىشنى مەنئى قىلغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا بەزى ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىرىشىغا كايىغان ۋە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُنَادُونَكَ مِن وَرَآءِ ٱلْحُجُرَٰتِ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر﴾ [2] .

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىشىمىز توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىز بىلەن باغلاپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدۇر. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالا

[1] «تفسير الطبري» 19ـتوم، 230ـبەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى: 4ـئايەت.

ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرىپ باققان ئەمەس، ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ‹ئى مۇھەممەد!› دەپ چاقىرمىغان، بەلكى ئۇنى ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ﴾ [1] ۋە ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ﴾ [2] يەنى ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ دەپ چاقىرغان. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باشقا پەيغەمبەرلەرنى چاقىرغىنىغا ئوخشاش ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرمىغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنى باشقا ئىنسانلارنى چاقىرغاندەك ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىمىز؟ شەكسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ‹ئى پەيغەمبەر!› ۋە ‹ئى رەسۇلۇللاھ!› دەپ چاقىرىش ئۇنىڭغا تولىمۇ لايىقتۇر»[3] .

توغرا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل مەرتىۋىسى ۋە ئۇنۋانى بىلەن چاقىرىپ ﴿ئى پەيغەمبەر!﴾ دېگەن تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى «ئى مۇھەممەد!» دەيمىز؟ ھالبۇكى بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە كاپىرلىرىنىڭ چاقىرىشى ئەمەسمۇ؟! چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنى «ئى مۇھەممەد!» دەپ چاقىراتتى، ئەمما ساھابىلەر ئۇنى «يارەسۇلۇللاھ!» (ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!) دەپ چاقىراتتى. بىز قايسىسىغا ئەگىشىشىمىز كېرەك؟ ئەلۋەتتە ساھابىلەرگە ئەگىشىشىمىز كېرەك.

يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەتنى «پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چاقىرىغا ئوخشاش ئاددىي كۆرمەڭلار، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا دەرھال ھازىر بولۇڭلار، يەنى پەيغەمبەر سىلەرنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن چاقىرغان چاغدا، سىلەر بۇ چاقىرىقنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار. پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىنى ھەرگىز ئۆزئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارنى چاقىرىدىغان ئادەتتىكى چاقىرىقلارغا ئوخشاش كۆرمەڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان[4].

﴿قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ يەنى ئى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۆھبىتىدىن رۇخسەت سورىمايلا غىپپىدە چىقىپ كەتكۈچىلەر! سىلەرنىڭ

[1] مائىدە سۈرىسى: 67-ئايەت.
[2] تەھرىم سۈرىسى: 1-ئايەت.
[3] «تفسير الشعراوي» 17- توم: 10344: بەت.
[4] «التفسير الواضح» 2- توم، 704- بەت.

«ھېچكىم كۆرمىدىغۇ» دەپ، غېيىپتە چىقىپ كەتكىنىڭلارنى پەيغەمبەر بىلمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئىش مەخپىي قالمايدۇ. بۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالادىن قورقسۇن، پەيغەمبەرنىڭ رۇخسىتىسىز سورۇندىن چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بۇ قىلمىشى سەۋەبلىك بىرەر پىتنىگە يولۇقۇشتىن ياكى قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن!. چۈنكى، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق بولغاندەك، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر خىل خۇراپاتلارغا ئىشىنىش، نەپسى ئاۋارىگەرچىلىككە بېرىلىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن قانچىلىك چوڭ بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ سۈرىدە ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ جىمى سۈرىلىرىدە كەلگەن بايانلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلكىدە بولغان، ھەممىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان يېگانە ئىلاھ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار ئەڭ ئىنتىزامچان بولۇشقا تېگىشلىك. چۈنكى، مۇسۇلمانلاردىكى ناماز ئۇلارنى ئىنتىزامچانلىققا كۆندۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. ئۇلار قانداقلا بىر ئۆزرە سەۋەبلىك ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىرىدا ئىش باشقۇرغۇچىلىرىدىن ئىجازەت سوراشقا بۇيرۇلغان. ئىش باشقۇرغۇچى ئەھۋالغا قاراپ ئىجازەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئىختىيارىغا ئىگىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. مۇ-ھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاياتلىقىدا ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھۆرمەتلەش ئىمانىنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر. مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا لايىق بولىدۇ.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش پەرز، ئۇنىڭ بۇيرۇ-غانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئاسىيلىقتۇر.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر.